شېرىپ نىياز خۇشتار

# شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-228-07736-9
K·1079(民文)定价:19.70元

ISBN 7-228-07736-9

شېرىپ نىياز خۇشتار

# شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
新疆近代历史人物/西利甫·尼雅孜·呼西塔尔著．—乌鲁木齐:新疆人民出版社，2002.12
ISBN 7—228—07736—9
Ⅰ．新… Ⅱ．西… Ⅲ．历史人物—列传—新疆—近代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ．K820.845
中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第099970号

责任编辑:买买提依明·西帕
责任校对:艾洁尔古丽·吐尔逊
封面设计:阿克拜尔·萨里

**新疆近代历史人物** (维吾尔文)

西利甫·尼雅孜·呼西塔 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号，邮编830001)
新疆农科院印刷厂印刷
新疆新华书店发行
850×1168毫米 32开本 12.5印张 17插页
2003年1月第1版 2003年1月第1次印刷
印数:1—5060册

ISBN 7—228—07736—9/K·1070 定价:19.70元



ياڭ زەنشۇ



مەنخەنۋاڭ



لۈكچۈن ۋاڭلىرى



1871 - يىلدىن 1881- يىلغىچە ئىلىنى ئىشغال قىلغان چار روسىيە قوشۇنى ۋە ئىلىدىكى مانجۇ ، شىۋە ، سولۇن ، داغۇر ، خەنزۇئەمەلدارلار ، ئىلى ۋاڭلىرى ھەم ئىلىدىكى بىر قىسىم مۆتىۋەرلەر



كۇچار ۋاڭ ئوردىسى

ئالدىنقى رەتتىكى شىلەپىلىك كىشى مەھپۇزۋاڭ





كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ

ئابدۇقادىر ھاجى تۇەنجاڭ



شاكىر قازاق



ھاپىز لۇيجاڭ



ئەزەمخان تۆرە



زاكىر قازاق



سىيىت هاجى




هاشىم هاجى



ھەمزابايوف نۇراجى



ئابدۇقادىر هاجى



موللا باقى بوتى هاجىيوف



نۇربەگ (خودىڭباك)



نەبجان




ئوبۇلقاسىم ياقۇپ



قۇربان نىياز شاھىدى




قۇربان سەئىدى



ئۆمەر داموللا



ئابدۇراخمان ئەپەندى



قۇربان قوداي




قالىبەگ



«چىڭگىزخان» داموللا



زەمىر تۆەنجاڭ



1949ـ يىلى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش
يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى
(ئالدىنقى رەت ئوڭدا تۆجى، سولدا ئالىمجان ھاكىمبايوف)





ئەخمەت ۋاجىدى

شومۇتۆن



ئوبۇلخەيرى تۆرە



نۇسۇپقان كۇنباي



غېنى باتۇر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە



فادىي ئىۋانوۋىچ لىسكىن



ئالدىنقى رەت ئوڭدا ئونانباي باتۇر،
ئوتتۇردا ئەخمەتجان قاسىمى،
سولدا سېيىت باتۇر



شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل



مەرغۇپ ئىسھاقوف



ئەنۋەر خانبابا



ئوراز بەگ



داشجاپ



سدىق مۇسايوف



ئابدۇرېھىم ئۆمەر



ئابدۇرېھىم لېتىپ



مۇھەممەت ئىسمايىل




ياسىن ھاجى خۇدابەردى




مالياڭجۇن



ئابدۇغوپۇر داموللا



پولات قادىر



مۇسا ئەپەندى




سەلەي چاققان



ئۇستا خەتتات پاشا غوجا




تېيىپ هاجى سابىتوف



ئوشۇر شەنجاڭ



ئابدۇقەييۇم مۇسابايوف



ئىسھاقجان مەھمۇدى



ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى



ئىنايىتۇللا ھەلمى

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ (1)
قۇمۇل ۋاڭلىرى ................................ (1)
تۇرپان ۋاڭلىرى ................................ (11)
كۇچار ۋاڭلىرى ................................ (38)
قارىقاشتىكى گۇڭ ـ غوجىلار ..................... (48)
باي ناھىيىسىدىكى گۇڭ ـ غوجام ئوردىسى ......... (50)
ئەلەن ۋاڭ ........................................ (51)
خادىۋاڭ ........................................ (55)
مەنخەنۋاڭ ........................................ (57)
ئىككىنچى باب ........................................ (59)
1864 ـ يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بارلىققا
كېلىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى .......................... (59)
ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى ياڭ زەنشۇ ... (68)
قادىرھاجى تۇڭلۇڭ ................................ (70)
مۆيدىن خەلپەت ................................ (73)
قاراغوجىلىق ئەمەت ................................ (77)
ئۈچىنچى باب ........................................ (83)
شوپۇللۇق سالى دورغا ................................ (83)
ئابدۇنىياز مىراب ................................ (87)
نوملۇق سالى دورغا ................................ (89)
تۇركۆللۈك باقىنىياز دورغا ......................... (91)
نىياز دېھقان ................................ (93)
قاسىم پالۋان ................................ (98)
يۇنۇس موللام ................................ (101)

«12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى قوزغىغان [illegible]
ئەزىمەت ........................................ (104)
1930 - يىللاردا قەشقەردە تەپرىقىچىلىق قىلغان چەت ئەللىك
ئاتامانلار ........................................ (106)
ئابدۇنىياز كامال (سىجاڭ) ........................ (109)
سېتىۋالدىجان ........................................ (111)
مۆيدىن تۇەنجاڭ ........................................ (114)
توختى ئېلى لۈيجاڭ ........................................ (116)
ھاپىز لۈيجاڭ ........................................ (118)
ھامۇتخان لۈيجاڭ ........................................ (118)
ئەزەمخان تۆرە ........................................ (120)
زاكىر قازاق ۋە شاكىر قازاق ........................ (121)
سادىق ھاجى ........................................ (123)
يۇسۇپجان قۇربېشى ........................................ (124)
قوشقار باي ........................................ (126)
كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ ........................................ (128)
ئوراز بەگ ........................................ (131)
ئابدۇقادىر ھاجى ........................................ (131)
غوپۇر تۇەنجاڭ ........................................ (133)
مەھمۇت مۇھىتى ۋە 6 - دىۋىزىيە ........................ (134)
نۇر بەگ ........................................ (136)
ياقۇپ ئامبال ........................................ (139)
ھاشىم ھاجى ........................................ (141)
مەنسۇر ئەپەندى ........................................ (143)
پاسار بەگ ........................................ (145)
نۇر بەگ (خۇدىنگباڭ) ........................ (147)
سېيىت ھاجى ........................................ (148)
ئابدۇقادىر ھاجى ........................................ (149)

ھەمزابايوف نۇراجى ...................... (151)
ئوبۇلقاسىم ياقۇپ ...................... (152)
نەبىجان ...................... (153)
قۇربان نىياز شاھىدى ...................... (154)
قۇربان سەئىدى ...................... (155)
ئابدۇرېھىم ئىمىنوف ...................... (156)
ئابدۇللا تۇەنجاڭ ...................... (158)
مۇختەر ...................... (161)
موللا باقى بوتى ھاجىيوف ...................... (162)
ئۆمەر داموللا ...................... (163)
گېنېرال لېيتنانت جاۋجيەنفېڭ ...................... (164)
ئابدۇراخمان ئەپەندى ...................... (167)
شى يەنفۇ ...................... (169)
قۇربان قوداي ...................... (170)
قالىبەگ ...................... (171)
زەمىر تۇەنجاڭ ...................... (171)
سوفىبەگ ھاجى ...................... (174)
مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم ...................... (178)
**تۆتىنچى باب** ...................... (181)
چېن تيەنچيۇ ...................... (181)
دېڭ فا ...................... (182)
ماۋزېمىن ...................... (183)
يۈي شيۇسۇڭ ...................... (183)
لىن جىلۇ ...................... (187)
لو بىن ...................... (187)
يېزا ئىگىلىك ئالىمى تۇجى ...................... (188)
ئەخمەت ۋاجىدى ...................... (195)
**بەشىنچى باب** ...................... (197)

غېنى باتۇر ................................ (197)
ئەكبەر باتۇر ................................ (201)
مۇھەممەتجان مەخسۇم ................................ (203)
شومۇتۇن ................................ (204)
ئەنۋەر مۇسابايوف ................................ (205)
ئوبۇلخەيرى تۆرە ................................ (206)
نۇسۇپقان كۈنباي ................................ (207)
ئالىمجان ھاكىمبايوف ................................ (211)
سوپاخۇن ................................ (212)
1946 - يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى... (215)
سېيىت باتۇر ................................ (218)
ئونانباي باتۇر ................................ (218)
دۆلەتخان باتۇر ................................ (219)
مەرغۇپ ئىسھاقوف ................................ (219)
فادىي ئىۋانوۋىچ لىسكىن ................................ (220)
مۇگونىتوف ................................ (220)
ۋارشانوف مىخايلوۋىچ مازاروف ................................ (221)
فالىنوف ................................ (221)
ئوسمان ناسىروف ................................ (222)
غېنى كېرىموف ................................ (222)
ئابدۇرېشىت ئىمىنوف ................................ (223)
رىزۋانگۈل ................................ (223)
قەشقەردىكى بەش ئەزىمەت ................................ (225)
ھاشىم خۇيجاڭ ................................ (228)
ئەنجانباي ................................ (229)
ھەسەنبەگ ................................ (231)
تۇردى قارىي بەگ ................................ (235)
ئەنۋەر خانبابا ................................ (237)

سىدىق مۇسايوف ......................... (238)
داشجاپ ............................... (238)
ئابدۇرېھىم ئۆمەر.......................... (239)
ئابدۇرېھىم لېتىپ ......................... (241)
نۇسرەت شەھىدى ........................ (241)
مۇھەممەت ئىسمايىل ...................... (243)
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان ھەربىي
كۇرس ۋە مەكتەپلەر ...................... (244)
**ئالتىنچى باب** ................................ (253)
ئابدۇمۇتالى خەلىپەم ..................... (253)
زىرىق قارىي ھاجى ......................... (254)
ئابدۇغوپۇر داموللا ......................... (255)
ھاشىم ئاخۇن داموللا ..................... (258)
مالىياڭجۇن ............................... (259)
ئابلىز ھوشۇر - «چىڭگىزخان» داموللا ... (262)
سىدىقجان خوجا ........................... (264)
ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجىم ................ (266)
ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ................. (268)
مەخمۇت ئاخۇن داموللا .................... (269)
ئوسمان قارىي ھاجىم ...................... (269)
شېرىپجان داموللا ھاجى ................... (270)
**يەتتىنچى باب** ................................ (272)
سەلەي چاققان ............................. (272)
قىزىقچى موللا زەيدىن...................... (277)
موللا مۇسا سايرامى........................ (278)
يۈسۈپ تەيجى ............................. (280)
ئابدۇلئەزىز مەخسۇم......................... (281)

مۇھەممەت فەيزى .......................... (282)
شائىر، تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائى ............... (284)
يازغۇچى، دراماتورگ زۇنۇن قادىر ............... (289)
نىم شېھىت ئەرمىيە ئېلى سايرامى ............... (292)
ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ............... (296)
ئۇستا خەتتات پاشا غوجا ............... (300)
مۇھەممەتئىمىن سوپىزادە ............... (303)
تۇرغۇنجان رەھىمى (تولۇئى) ............... (303)
تاڭجارىق جولدى ئوغلى ............... (305)
شۈكۈر يالقىن ............... (306)
ياسىن ھاجى خۇدابەردى ............... (307)
خېۋىر تۆمۈر ............... (310)
پولات قادىر ............... (311)
شائىر ئەرشىدىن تاتلىق ............... (312)
مەھمۇتجان ئىلھامجانوف ............... (313)
ئىبراھىم مۇتىئى ............... (317)
توختى باقى ئارتىشى ............... (318)
ئىمىن تۇرسۇن ............... (320)
ئۇيغۇر سايرانى ............... (322)
تېيىپجان ھادى ............... (325)
نىغمەت مىڭجان ............... (327)
مامۇت سابىت ............... (328)
سەلىمجان ئەززەم ............... (330)
**سەككىزىنچى باب** ............... (332)
ئاتاقلىق مائارىپچى ھەيدەر سايرانى ............... (332)
تېيىپ ھاجى سابىتوف ............... (337)

سابىت ئەپەندىم .................................. (339)
ئابدرېھىم ئەيسا .................................. (341)
توختى ھاجىم .................................. (343)
**توققۇزىنچى باب** .................................. (344)
مەشھۇر تېۋىپ ۋە شائىر قۇتبىدىنشاھ .......... (344)
باي ئېزىزى .................................. (345)
مۇسا ئەپەندى .................................. (346)
تېگىنچى سامساق ئۇستام .................................. (347)
تېۋىپ مۇتىئۇللا قارىي ھاجى .................................. (349)
ئىنايىتۇللا ھەلىمى .................................. (350)
تېۋىپ ئابلىمىت يۇسۇپھاجى .................................. (352)
ئىسھاقجان مەھمۇدى .................................. (356)
ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى .................................. (357)
مۇھىددىن مەخدۇم ھاجى .................................. (359)
نامان ئەپەندى .................................. (359)
**ئونىنچى باب** .................................. (362)
خۇسەيىن چانشوف .................................. (362)
ياسىن ئارىز ھاجى .................................. (365)
قابىل كارخانچى مىجىت مۇسابايوف .............. (368)
ھېيىت ھاجىم .................................. (370)
ئابدۇللا ئاخۇن .................................. (373)
ئابدۇقەييۇم مۇسابايوف .................................. (374)
ئوشۇر شەنجاڭ .................................. (376)
مۇھەممەتخان پالتا .................................. (379)
مۇھەممەتخان ھاجى .................................. (381)
ماھىر سىلىسار ئابدۇقادىر ئۇستا .............. (383)
ئوسمان ھاجىم پىلانچى .................................. (387)

# بىرىنچى باب

## قۇمۇل ۋاڭلىرى

قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ ئۇزاق ئەجدادى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا باغلىنىدۇ. تارىخ 17 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندا ئاقسۆڭەكلىرى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، 1644 ـ يىلى پۈتكۈل جۇڭگونى ئۆزلىرىگە قارىتىدۇ. مانجۇ ئىستىبداتلىرى خەنزۇ مىللىتىدىكى ھۆكۈمرانلار بىلەن بىرلىشىپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزىدۇ. بۇ دەل شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارىيەدە تۇبۇتلەر كونتروللىقىدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى خانىدانلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭدا سەئىدىيە سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. سەئىدىيە خانلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدىن باشلاپ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق ئىسيانلىرىغا تاقابىل تۇرۇپ خەلقىنى ئەمىن قىلىدۇ. 1605 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 4 ـ سۇلتانى مۇھەممەتخان (خاقانى ئەزىم) خان نەسەبىدىن بولغان مۇھەممەت شاھبەگنى قۇمۇلغا ۋالىي قىلىپ بەلگىلەيدۇ. بۇ يىللاردا جۇڭغارلار قۇمۇلغا پات ـ پاتلا ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. مۇھەممەت شاھبەگ جۇڭغارلارنىڭ بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئۇرۇشتا نۇسرەت قازىنىدۇ، لېكىن مۇھەممەت شاھبەگ بۇ ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ سول قولىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈچۈن مۇھەممەت شاھبەگ مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگ ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. مۇھەممەت

شاھ غازىبەگ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ تارخانبەگلىك ئورنى ئوغلى ئەبەيدۇللاغا قالىدۇ. دېمەك ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ئاتىسى مۇھەممەت شاھ غازىبەگ ئورنىغا تۇنجى بولۇپ قۇمۇلغا تارخانبەگ بولىدۇ.

## ئەبەيدۇللا تارخانبەگ

بىرىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئەبەيدۇللا 1696- يىلى جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىڭ سۇلالىسىگە قارايدۇ. 1897- يىلى ئەبەيدۇللا چوڭ ئوغلى چوڭ گۇپا (ۋاپا) بەگنى باركۆلگە ئەۋەتىپ، جۇڭغارلارنىڭ قۇمۇلدىكى ۋەكىلى غالداننىڭ ئوغلى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى تۇتۇپ بېيجىڭغا يالالاپ ئاپىرىدۇ. شۇ يىلى 10 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى موڭغۇللارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى بويىچە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنى قىزىل تۇغلۇق ئۇيغۇر قوشۇنى قىلىپ ئايرىيدۇ. ئەبەيدۇللانى 1 - دەرىجىلىك جاساق قىلىپ تەيىنلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ تارخانبەگلىك نامىنى ساقلاپ قىلىپ، جاساق مۆھۈرىنى بېرىدۇ، جىيەكلىك قىزىل تۇغ تەقدىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى گۇپا بەگنى 2 - دەرىجىلىك بەگلىككە تەيىنلەيدۇ. ئۇ 200 دەك ئادىمى بىلەن (جىيۇچۈەندە) تۇرىدۇ. كاڭشى خان 1706 - يىلى ئەبەيدۇللانى بېيجىڭغا چاقىرتىدۇ. ئەبەيدۇللا سەككىز ئۇيغۇرنى باشلاپ خان ئالدىغا نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن بارىدۇ. شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم قۇمۇل قوغۇنى خانغا سوۋغا قىلىنىدۇ. خان بۇ توققۇز ئۇيغۇرنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى ماختاپ ئۇلارغا نۇرغۇن ئىنئاملار بېرىدۇ. خاننىڭ پەرمانى بىلەن قۇمۇلنىڭ ئۇششاق تال دېگەن يېرىدە بۇ توققۇز ئۇيغۇرنىڭ ھەيكىلىنى ياسايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ بۇ كىشىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆتۈشى بىر تۈزۈم بولۇپ قالىدۇ.

ئەبەيدۇللا بەگ شۇ قېتىم بېيجىڭدىن قايتقۇچە خەنزۇ

ھۈنەرۋەنلەرنى تەكلىپ قىلىپ، قومۇلدىكى جاساق ئوردىسى (كونا شەھەر ئىچىدىكى تۆۋەن ئوردا) نى سالدۇردى. ئەبەيدۇللا بېيجىڭدىن قايتقاندىن كېيىن، كاڭشى خان قومۇلدا شەھەر ئەتراپىغا سېپىل سوقۇپ، مۇكەممەل بىر شەھەر بىنا قىلىشقا پەرمان بېردى. يەنە ئەبەيدۇللانىڭ تەلىپى بويىچە، ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئادەم سانىنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىشكە رۇخسەت قىلىندى. نەتىجىدە توقسۇن، پىچاندىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى قارادۆۋە، لاپچۇقتا، ئاقسۇ، كۇچاردىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى توغۇچى، جىگدە تەرەپلەرگە؛ قەشقەر، خوتەن، يەركەنلەردىن كۆچۈرۈلگەنلەرنى ئاستانە، سۇمقاغىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. يەنە خان ئەبەيدۇللا بەگنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قاتناش يولى ھەققىدىكى تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئىچكىرىدىن چاقىلىقتا ئۆتىدىغان يېپەك يولىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قومۇل ئارقىلىق ئۆتىدىغان بۇرۇنقى چوڭ يولنى ئەسلىگە كەلتۈردى، قومۇل سودىگەرلىرىنىڭ گەنسۇ بىلەن سودا ئالاقىسى قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. ئەبەيدۇللا بەگ كاڭشىنىڭ 48 - يىلى (1709 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئىمىن ۋاڭ

ئىككىنچى ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى گوپا بەگ 1709 - يىلى 4- ئايدا 1 - دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگلىككە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىككى يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، 1711 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۈچىنچى ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى ئىمىن 1711 - يىلى دادىسى گوپا بەگنىڭ 1 - دەرىجىلىك جاساق تارخانبەگلىكىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ قومۇلشەھەر ئىچى ئوردا خانى مەھەللىسى (تۆۋەن ئوردا) دە ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزدى. ئىمىن ۋاڭ ھەربىي

ماھارەتتە پىشقان بولۇپ، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ ئوقيا ئېتىپ مەشىق قىلىش مەيدانى شەھەرنىڭ سىرتىدا ئون موغا يېقىن جايىنى ئىگىلىگەنىدى. 1715 - يىلى جوڭغار ئاقسوڭەكلىرىدىن سەۋاڭ ئارابىدان قومۇلغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا 2000 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ئىمىن ۋاڭ ۋاڭ ئوردىسىنىڭ قوشۇننى باشلاپ، چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قومۇلدىكى مۇداپىئە قوشۇنىدىن 200 كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇرۇشتا ئىمىن ۋاڭ ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە جوڭغار قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە 20 چاقىرىم چېكىنىدۇ ۋە كېيىن قېچىپ كېتىدۇ. كاڭشى خان بۇ ئۇرۇشتىن كېيىن ئىمىن ۋاڭ ۋە باشقىلارنى 15 مىڭ سەرتەڭگە بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. يۇقىرىلارغا ئاشلىق، قوي، كالا، تۈرلۈك كىيىم - كېچەكلىك رەخت ئىنئام قىلىدۇ. 1718 - يىلى ئىمىن ۋاڭ قومۇلدىكى بىر تۈركۈم دېھقانلارنى تاشۋىلىققا (تالناچىنغا)، 1722 - يىلى 400 كىشىنى تۇرپانغا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. ئىمىن ۋاڭ چيەنلۇڭنىڭ 4 - يىلى (1740 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋاپات بولىدۇ.

## يۈسۈپ ۋاڭ

تۆتىنچى ئەۋلاد قومۇل ۋاڭى يۈسۈپ چيەنلۇڭنىڭ 5 - يىلى (1740 — يىلى) دادىسىنىڭ ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلىپ، قومۇلنىڭ باسقاق بېگى بولىدۇ.

1756 - يىلى تۇرپاندا جوڭغارلار بىلەن بىرلىشىپ كۆتۈرۈلگەن ئىسيانىنى باستۇرۇشتا يۈسۈپ ۋاڭ خىزمەت كۆرسىتىپ خان تەرىپىدىن تارتۇقلىنىدۇ. 1758 - يىلى يەنە يۈسۈپ ۋاڭ ئۆز قوشۇننى باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان جازا يۈرۈشكە قاتنىشىپ،

جەڭدە ماھارەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن گاۋزۇڭ خان تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەمەل ئىنئام بىلەن مۇكاپاتلىنىپ، قەشقەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىنىدۇ.

1760 - يىلى گاۋزۇڭ خان يۇسۇپ ۋاڭنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 40 بەگنى باشلاپ پايتەختكە بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. خان ئۇلارنى نۇرانە سارايدا قوبۇل قىلىپ خاس تون، تەڭگىلەر بىلەن تارتۇقلايدۇ. راھەتباغدا بىر قانچە قېتىم زىياپەت بېرىدۇ. يەنە خان يۇسۇپ ۋاڭنىڭ قۇمۇلغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىر يىل دەل ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ. يۇسۇپ ۋاڭنىڭ ئىنىسى ئابدۇللانى ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ.

1766 —يىلى 500 ئائىلىلىك دېھقان قۇمۇلدىن ئىلىغا دېھقانچىلىق قىلىشقا كۆچۈرۈلىدۇ. 1767- يىلى 12- ئايدا يۇسۇپ ۋاڭ ئوغلى ئىبراھىم بىلەن بېيجىڭغا خاننى زىيارەت قىلىشقا ماڭىدۇ. شەنشىنىڭ لىڭشى ناھىيىسىگە بارغاندا يۇسۇپ ۋاڭ چېچەك چىقىپ ۋاپات بولىدۇ. ئىبراھىم دادىسىنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ كېلىۋېتىپ گەنسۇنىڭ پىڭلياڭ ناھىيىسىگە كەلگەندە چېچەكنى يۇقتۇرۇۋېلىپ ئۇمۇ قازا قىلىدۇ.

بېيجىڭ زىڭگۇاڭگى سارىيىدىكى 50 تۆھپىكارنىڭ سۈرىتى ئىچىدە يۇسۇپ ۋاڭنىڭمۇ سۈرىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق مەدھىيە ئوقۇلغان: «يۇرتىنىڭ سەركەردىسى، قۇمۇلنىڭ ئىنانچخان دەرىجىلىك بېيلىسى يۇسۇپ ئۆز جەمەتى ئارىسىدىكى ئابرۇيلۇق زات. ھەربىي ئىشلاردا بىزگە ياخشى مەسلىھەتلەرنى بەرگەن. ئالتە شەھەرنى بويسۇندۇرغان. ئۇچتۇرپاندا تىنچلىق ئورناتقان».

يۇسۇپ ۋاڭ ھايات ۋاقتىدا قۇمۇل شەھەر سېپىلىنىڭ شىمالىغا يانداش يۈزچى ئېگىزلىكتە، توققۇز دەرۋازىلىق چوڭ ئوردىنى سالدۇرىدۇ، قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى «ئابات باغ» نى ئارىستام، باغداش باغلىرىنى بىنا قىلدۇرىدۇ. ھېيتگاھ

مەسچىتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى سالدۇردى.

## ئىسھاق ۋاڭ

چيەنلۇڭنىڭ 32 ـ يىلى (1767 ـ يىلى) يۈسۈپ ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بەشىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئىسھاق ئىنانچخان دەرىجىلىك دورۇبېيلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 1771ـ يىلى بېيجىڭگە بېرىپ خاننى زىيارەت قىلدى. خان 1773ـ يىلى ئىسھاقنى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىلىغا، ئىلى جاڭجۈنى شۇخۇدېنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. 1776 ـ يىلى قۇمۇلغا قايتىپ كېلىپ ۋاڭلىقنى داۋاملاشتۇردى. 1780 ـ يىلى ئىسھاق ۋاڭغا چېچەك چىقىپ ۋاپات بولدى. ئىسھاق ۋاڭ دەۋرىدە ئارىتام، باغداش باغلىرىنىڭ ئوردا قورۇلۇشلىرى، باغ قورۇلۇشلىرى پۈتتى. تۇرلۇك كۆچەتلەر تىكتۈرىلدى. شەھەر ئىچىدە تۇغلۇق مازار (سۇلتان سېيىت ئەخمەت بەلخى) نامدىكى مەسچىت سېلىندى.

## ئەردىشىر ۋاڭ

ئالتىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى ئەردىشىر چيەنلۇڭنىڭ 45 ـ يىلى (1780 ـ يىلى 11 ـ ئايدا) ئىنانچخان دەرىجىلىك دورۇبېيلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئەردىشىر 1790 ـ يىلدىن 1809 ــ يىللىغىچە تۆت قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ خاننى زىيارەت قىلدى. ئەردىشىر ۋاڭ قۇمۇل ئالتۇنلۇقتىكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئاخىرقى قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈردى. جاڭفۇ ۋە چوقايتۇردىكى باغچىلارنى ئۆز نامىغا سالدۇردى.

ئەردىشىر ۋاڭ جياڭ چىڭنىڭ 18 ـ يىلى (1813ـ يىلى) 2 ـ ئايدا ۋاپات بولدى.

# بېشىر ۋاڭ

1813 — يىلى ئەردىشىرنىڭ چوڭ ئوغلى بېشىر دادىسى ئەردىشىرنىڭ ئىنانچىخان، دوروبىللىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ خانلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نىسبەتەن يېقىن بولغاچقا، خان ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ چىڭۋاڭ قىلىدۇ. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ ئەگەر قوللىرىنى يېنىغا سىلىپ ئۆرە تۇرسا ئىككى قولىنىڭ ئۇچى ئىككى تىزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان، ساددا كەلگەن كىشى ئىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا، سودا - سېتىق ئىشلىرىگە، ئۆي، ئىمارەت، باغ، مەدرىسە قۇرۇلۇشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇڭا، قۇمۇل خەلقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغانىدى. بېشىرۋاڭ 1815 - يىلى، 1819 — يىلى رىخىغا (ھازىرقى خېبېيىم بېرىپ خانغا كۆرۈنۈپ قايتىدۇ. 1823- يىلى، 1833- يىلى ئىككى قېتىم بېيجىڭگە بېرىپ خاننى زىيارەت قىلىدۇ. خان ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يەنە ئۆستۈرۈپ، خان ئالدىدا ئازادە مېڭىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىدۇ. بېشىرۋاڭ دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ تېرىقچىلىق يەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوردىغا قارايدىغان، مال - چارۋىلارمۇ ئوردىغا قارايدىغان بولىدۇ. تارىخچى موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە» دە: «بېشىر ۋاڭنىڭ يىلقىسىنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىكەن. تاغدىكى قويلىرى 270 قوتان بولۇپ، ھەر قوتاندىكى قوينىڭ سانى 700 دىن كام ئەمەس، 1200 دىن زىيادە ئەمەس ئىكەن» دەپ يازىدۇ. بېشىر ۋاڭ قۇمۇلدا مەكتەپ، مەدرىسەلەرنى، بىنا قىلىپ، تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئىلىم، تېبابەتچىلىككە مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ ھەقتە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخى ئەمىنىيە» سىدە: «بېشىر ۋاڭ ئىلىم - بىلىم ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ، مەدرىسەلەر بىنا قىلىپ، ئىلىم، تېبابەتچىلىككە كۆڭۈل

بولۇپ، مىللىي تېبابەتچىلىكنى يولغا قويغان. داۋالاش جەھەتتە ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ چىقارغان. قۇمۇل خەلقى ئىچىدە ئالىملار، موللىلار، ساۋاتلىقلار كۆپ، ساۋاتسىزلار كەمدىن كەم ئىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن. بېشىر ۋاڭ دەۋرىدە ئوردىنىڭ مەخسۇس نوپۇس دەپتىرى بار بولۇپ، تۇغۇلغان بالىلار نوپۇس دەپتىرىگە خاتىرىلىنىپ، يەتتە ياشقا توشقاندا مەكتەپكە كىرگەن - كىرمىگەنلىكى سۈرۈشتۈرۈلۈپ مەكتەپكە بارمىغانلىرىنى مەكتەپكە بېرىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. بېشىر ۋاڭ دەۋرىدە ئالتۇنلۇقتىكى ھېيتگاھنىڭ چىنە گۈمبىزى تۇرغۇزۇلىدۇ. شەھەر ئىچىدىكى كونا مەدرىسە بىنا قىلىنىدۇ. راھەتباغ، ئۈزۈملۈك باغلار ياسىلىدۇ.

1866 - يىلى سۈپۈرگە باشچىلىقىدا بىر قىسىم كىشىلەر ۋاڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، سۈپۈرگە خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بېشىر ۋاڭنى تۇتۇپ بېرىدۇ. 1967- يىلى 1 - ئايدا بېشىر ۋاڭ خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## مېھرىبانۇ ۋاڭ

بېشىر ۋاڭ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت تۇڭجىنىڭ 6 - يىلى (1867 - يىلى) 7 - ئايدا چىڭۋاڭلىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ. (مۇھەممەت ۋاڭ تۇغما پالەچ بولۇپ، ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرالمىغاچقا) ئانىسى مېھرىبانۇ ئوردىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتىدۇ. خان 1889 - يىلى مېھرىبانۇغا چىڭۋاڭ فۇجۇڭلۇق مەرتىۋىسىنى بېرىدۇ.

1873 - يىلى شەنشىدىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بەي يەنخۇ قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدىكى يۈسۈپ بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلاپ، شەھەر ئىچىنى ئىشغال قىلىدۇ. بەي يەنخۇ مېھرىبانۇنى 2000 دىن ئارتۇق دېھقان بىللە چىقتىمغا ئېلىپ كېتىدۇ. 1877 — يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەر چىقىرىپ بەي يەنخۇنى

مەغلۇپ قىلىدۇ. 1878 - يىلى 1 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى دېھقانلار بىلەن مېھرىبانۇنى قۇمۇلغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مېھرىبانۇ قۇمۇلنى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئاق قالغان يەرلەرنى خەلققە بۆلۈپ بېرىپ، خەلقنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىگە ياردەم بېرىدۇ. ئالۋان- سېلىقنى ئېلىپ تاشلايدۇ. سۇ ئىنشائات ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئوردىدا گادايلار ئامبىرى سالدۇرىدۇ. كۈندە نەچچە مىڭ نان ياقتۇرۇپ نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىدۇ. مۇشۇ تەرتىپ بىلەن بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن خەلقنىڭ ھالى ياخشىلىنىپ قالىدۇ. ئۇياق - بۇياقتا قېچىپ، سەرسان بولۇپ يۈرگەنلەر قايتىپ كېلىدۇ.

مېھرىبانۇ ۋاڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن سۇپۇرگە ۋە بەي يەنخۇغا سېتىلغان يۇسۇپلەرنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىپ قىساس ئالىدۇ.

1882 - يىلى مۇھەممەت ۋاڭ ۋاپات بولىدۇ. مېھرىبانۇ ۋاڭ ياشىنىپ قالىدۇ. 1882 - يىلى 7 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى شامەخسۇتنىڭ جاساق خوشۇت چىڭۋاڭلىق مەرتىۋىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىنى تەستىقلايدۇ. مېھرىبانۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ۋاڭلىق ھوقۇقىنى شامەخسۇتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

## شاھ مەخسۇت ۋاڭ

توققۇزىنچى ئەۋلاد قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت (1930 - 1882) قۇمۇلدا 48 يىل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدۇ. مېھرىبانۇ ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا سەرسان بولۇپ، قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندە، بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىزنى ئۇرۇش ۋەھىمىسىدە تاغدا قويچى بولۇپ يۈرگەن تاجىدىن تەيجىنىڭ ئوغلى شاھمەخسۇتقا ياتلىق قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي مېھرىبانۇ ۋاڭ

شاھ مەخسۇتنى ئۇردا بەگلىكىگە تەيىنلەپ، ئوردىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قويىدۇ. 1882 - يىلى خانلىقتىن شاھ مەخسۇتنى جاساق خوشۇت چىڭۋاڭلىققا تەيىنلەش پەرمانى كېلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ قۇمۇلنىڭ ۋاڭى سۈپىتىدە تەختكە چىقىدۇ. ئۇ تەختكە چىقىپلا ھاشا كۈننى ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگە كېيىنچە يەتتە كۈنگە كۆپەيتىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئوردىنىڭ بايلىقىنى خېلى كۆپەيتىۋالىدۇ. باج - سېلىق يىغىش، ئالۋانغا ھەيدەش، ھاشا قىلىش، تۆمۈر ھېساب بويىچە چارۋىلارنىڭ ھېسابىنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلار قۇمۇل خەلقىنى جېنىدىن جاق تويغۇزىدۇ. نەتىجىدە 1907 - يىلى «تۇرپاقلار قوزغىلىڭى»، 1912 - يىلى «تۆمۈر خەلىپە» قوزغىلاڭلىرى كۆتىرىلىدۇ.

شاھ مەخسۇت ۋاڭ 1930 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ بېيجىڭدىكى «قۇمۇل سارىيى»

بېيجىڭدىكى «قۇمۇل سارىيى» 1879 - يىلى سېلىنغان بولۇپ، ئورنى بېيجىڭ شۈەنۋۇمىن ئىچىدىكى تەيپىڭخۇ شىخۇما كوچىسىدا ئىدى. بۇ ساراي ئون مو يەرنى ئىگىلەيتتى. بۇ ئۆيلەر خىشتىن ياسالغان بولۇپ، جوڭگونىڭ قەدىمكى قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىنى ئالغانىدى. بۇ ساراي ئالدى - كەينى ئىككى ھويلىغا ئايرىلىپ تۇراتتى. ئالدىنقى ھويلىدىكى ئۆيلەر ئىشخانىلار بولۇپ شىمال تەرەپتە ئالتە ئېغىز، شەرقتە تۆت ئېغىز ئۆي بار ئىدى. ئارقا ھويلىدا ئىككى كورپۇس ئۆي بولۇپ، ياتاق قىلىناتتى. ھەر بىر كورپۇس ئۈچ ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، شەرق - غەرب بولۇپ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى تۇراتتى.

قۇمۇل ۋاڭىنىڭ يەنە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھىرىنىڭ ھۆسۈيۈن بازىرىدا بىر قانچە ئېغىز ئۆيى بولۇپ، ھەج

تاۋاب قىلىشقا شۇ جايغا بارغان ھاجىلار تۇراتتى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار

«قۇمۇل ناھىيە تەزكىرىسى» 14 ـ قىسىم 586 ـ 602 ـ بەتلەرگىچە.

ئابلا ئەھمىدى، «ئوسمان تۆمۈر ـ مەن ئەسىرا»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» قاتارلىقلار.

«قۇمۇل» ئايشەم ئەخمەت، 1993 ـ يىل، نەشرى.

## تۇرپان ۋاڭلىرى

### ئىمىن خوجىنىڭ ۋاڭ بولۇش جەريانى

تۇرپان ۋادىسى ئىسلامىيەتكە كىرگەندىن كېيىن، ئەلپەتتا غوجام بارا ـ بارا مەشھۇر بولۇپ، قاراغوجا ئەلپەتتا ئەۋلادلىرىنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ جايدا سوپى، ئىشانلىق ئېقىمى بارلىققا كېلىپ، نىياز خوجا يەرلىكتىكى چوڭ دىنىي ھۆكۈمران بولۇپ قالىدۇ ـ دە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەزھەپ پەيدا قىلىپ، سوپىزمنى تەشۋىق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان مۇرىت توپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم مۇسۇلمانلار نىياز خوجىنىڭ ئىتائەتمەنلىرى بولۇپ قالىدۇ. نىياز خوجا 1694 ـ يىللىرى پەرزەنت كۆرىدۇ، ئوغلىغا ئىمىنّ دەپ ئات قويىدۇ. ئىمىن ئاتىسى نىياز خوجىنىڭ تەربىيىسىدە سوپىزم تەلىماتىنى خېلى پىششىق ئۆگىنىدۇ. كېيىن ئۇ مۇسۇلمان ياشلار ئارىسىدا سوپىزم تەشۋىقاتى يۈرگۈزۈپ، ئۆزىگە مۇرىت توپلايدۇ. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تۇرپان، قاراغوجا، ئاستانە، تۇيوق، لۈكچۈن، سىڭگىم قاتارلىق جايلاردا كۆپىيىدۇ.

شۇ دەۋرلەردە چاغاتاي نەسەبىدىن بولغان ئابدۇل ئەھمەت ھاجى بەگنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئاق سۇلتان بەگ تۇرپانغا، ئەخمەت باقى بەگ

(يەرلىك خەلقلەر كېپىش بەگ دەپ ئاتاشقان) لۇكچۇڭگە بەگ ئىدى. تەخمىنەن 1718 ـ، 1719 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەخمەت باقى بەگ ئىمىن خوجىنىڭ مۇرىت توپلاپ يۇرگىنىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئىمىن خوجىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش قارارىغا كېلىدۇ. بۇ قارارنى ئەخمەت باقى بەگنىڭ ئۇچىنچى خوتۇنى ئاڭلاپ قالىدۇ. ئەخمەت باقى بەگ ئىمىن خوجىنى ئوردىغا چاقىرتىپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇنى ئۇجۇقتۇرماق بولىدۇ. ئەخمەت باقى بەگنىڭ ئۇچىنچى خوتۇنى ئىمىن خوجا بىلەن بىر نەۋرە تۇغقان بولغاچقا ئەخمەت باقى بەگنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى ئىمىن خوجىغا ئېيتىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجا بىر بانا تېپىپ ئوردىدىن قېچىپ كېتىدۇ ـ دە، جاڭگاللاردا پاناھلىنىپ يۇرىدۇ. ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئەخمەت باقى بەگ ئوۋغا چىقىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇرىتلىرىنى باشلاپ بېرىپ ئۇنىڭ ئوردىسىنى ئىگىلىۋالىدۇ. ئەخمەت باقى بەگ قايتىپ كېلىپ ھەر قانداق ئامال قىلىپمۇ ئوردىنى قايتۇرۇۋالالمايدۇ، بەلكى يېڭىلىپ قېچىپ، سىر كېيىنكى قەدىمىي بۇددا مۇنارىغا چىقىۋېلىپ قارشىلىق قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىمىن خوجىنىڭ مۇرىتلىرى ئەخمەت باقى بەگنى تۇتۇپ قەتل قىلىدۇ. ئىمىن خوجا ئەخمەت باقى بەگنىڭ ئۇچىنچى خوتۇنىنى ئەمرىگە ئېلىپ، تۇرپان ئاستانىدىن لۇكچۇن بەگلىك ئوردىسىغا كۆچۈپ كېلىپ، بەگلىكنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتتا ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارلارنى يوقىتىش كۆرەشلىرىگە يېقىندىن ياردەم بېرىدۇ. ئىمىن خوجىنىڭ سەممىي ساداقىتى چىڭ ئوردىسىغا يېتىپ، چىڭ خانلىقى ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ. 1755 ـ يىلى ئىمىن خوجا 300 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ، چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇڭغارلارغا جازا يۇرۇشى قىلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىشىدا خىزمەت كۆرسىتىدۇ ۋە چىڭ سۇلالىسى خاندانلىقىنىڭ سادىق

ۋاڭلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجا ئەۋلادىدىن ئالتە ئەۋلاد، 13 كىشى 1758 - يىلىدىن 1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابىغىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ لۈكچۈن ۋاڭلىقىدا 153 يىل دەۋران سۈرىدۇ.

## ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرى

ئىمىن خوجا سەلتەنەت سۈرگەن ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىمىن سوپى، ئىمىن ھېكىمبەگ، ئىمىن ۋاڭ، ئىمىن تۆرە قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. ئىمىن خوجىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى تۇرپان ئاستانە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى نىياز خوجا، بوۋىسى سوفى خوجىلار ئاپپاق خوجا دەۋرىدىكى خوجىلار نەسەبىدىن ئىدى.

ئىمىن خوجا لۈكچۈن ۋاڭلىقىغا ئولتۇرۇپ، 15 يىلدىن كېيىن يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ سالامەتلىكى ناچارلىشىدۇ، شۇڭا ۋاڭلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئوغلى سۇلايماننى ۋەلىئەھدى قىلىدۇ. ئىمىن خوجا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان شەپقىتىنىڭ خاتىرىسى ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە تۇرپانغا بىر مۇنار، ئۇنىڭغا يانداش قىلىپ بىر مەدرىسە سالدۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ، بۇ ئىشنى ئوغلى سۇلايمانغا تاپشۇرىدۇ. ئىمىن خوجا 1777 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئىمىن خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن سۇلايمان ۋاڭ (1777 - يىلىدىن 1779 - يىلغىچە)، ئىسكەندەر ۋاڭ (1779 - يىلىدىن 1811 - يىلغىچە)، يۇنۇس ۋاڭ (1811- يىلىدىن 1814 - يىلىغىچە)، پەرىدۇن ۋاڭ (1814 - يىلىدىن 1815 — يىلغىچە)، مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ (1815 - يىلىدىن 1827 - يىلىغىچە)، ئەفرىدۇن ۋاڭ (1827 - يىلىدىن 1873- يىلىغىچە)، سۇلتان مامۇت ۋاڭ (1873 - يىلىدىن 1900 -

يىلىغىچە)، ئىمىن ۋاڭ (1900 - يىلىدىن 1933 - يىلىغىچە) سەلتەنەت سۈردى. 1911 - يىلى شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن 1933 - يىلىغىچە ۋاڭ جەمەتى ئاتاقتىلا مەۋجۇت بولىدۇ، ئەمەلىي هوقۇقى بولمايدۇ.

1933 - يىلى 2 - ئايدا تۆرپان - قۇمۇل دېهقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ تەختى بولغان لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسى (ئېگىز ئوردا) شىڭ شىسەي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋلادى ئىمىن ۋاڭمۇ (ساراڭ ۋاڭمۇ دېيىلىدۇ) ئوردىدا كۆيۈپ ئۆلىدۇ. 1933 - يىلىدىن 1949 — يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغۇچە ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى مۇهەممەت سىيىت (مەتسايىت ۋاڭ دېيىلىدۇ) ئەمەلىي هوقۇقى بولمىغان ئاتاق ۋاڭ بولۇپ ئۆتىدۇ.

ئىمىن خوجىنىڭ نۇرمەهەممەت خوجا، سۇلايمان خوجا، مۇسا خوجا، غۇلام خوجا، ئىسرائىل خوجا، ئىسكەندەر خوجا، پەرىدۇن خوجا، بەهرام خوجا قاتارلىق سەككىز ئوغلى بولۇپ، ئىمىن خوجىنىڭ بۇ ئوغۇللىرى چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمرانلىق قىلغان هەر قايسى دەۋرلەردە لۈكچۈن ۋاڭلىقىدا ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە هاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ. ئىمىن خوجىنىڭ يۇقىرىقى ئوغۇللىرىدىن بولغان نەۋرىلىرىدىن يۇنۇس ۋاڭ، ئەفرىدۇن ۋاڭ، زو هۇرىدىن هېكىمبەگ، سۇلتان مامۇت ۋاڭ ۋە ئىمىن خوجىنىڭ ئەۋرە - چەۋرىلىرىدىن ئىمىن ۋاڭ، مەتسايىت ۋاڭ قاتارلىقلارمۇ لۈكچۈن ۋە شىنجاڭ تارىخىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان شەخسلەردۇر.

ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ قىسقىچە ئەهۋالى تۆۋەندىكىچە:

## نۇرمۇهەممەت خوجا

نۇرمۇهەممەت خوجا ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ،

تۇغما كېسەلچان، مېيىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەل تۇتمايدۇ. ئۇ ئۆمرىدە زوھورىدىنبەگ، ناسىربەگ ئىسىملىك ئىككى پەرزەنت كۆرىدۇ، زوھورىدىنبەگ كېيىنكى دەۋرلەردە قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ، قەشقەر، يەرلىدىن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. نۇر مۇھەممەت خوجا 1761 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## سۇلايمان ۋاڭ

ئىمىن خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولغان سۇلايمان خوجا كىچىكلىكىدە ئاتىسى بىلەن بىرلىكتە گۇاجوغا بېرىپ، شۇ يەردە چوڭ بولىدۇ. گۇاجۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سۇلايمان خوجا ئاتىسى ئىمىن خوجا بىلەن بىرلىكتە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە مۇئەييەن تۆھپىلەرنى قوشىدۇ، بولۇپمۇ جۇڭغارلارنىڭ ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى توپىلاڭلىرىنى باستۇرۇشتا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا پائال ماسلىشىپ، جەڭ قىلىدۇ. ئىنىسى غولامغا ياردەملىشىپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سەپ تەمىناتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دېھقانلارغا ئىلىدا بوز يەر ئاچقۇزىدۇ، ئاشلىق تېرىتىدۇ.

1777 - يىلى ئىمىن خوجا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، سۇلايمان ئىمىن خوجىنىڭ جۇنۋاڭلىق (ئىناچخانلىق) مەنسىپىگە ئولتۇرۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. سۇلايمان خوجا جۇنۋاڭ بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، تۇرپان مۇنارى قۇرۇلۇشىنى جىددىي ئېلىپ بېرىپ، 1778 - يىلى 5 - ئايدا تۇرپان مۇنارى، مۇنارغا يانداش پەشتاق ۋە چوڭ جامەنى سېلىپ پۈتكۈزىدۇ

( تۇرپان مۇنارى تارىختا «سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى» ، بەزىدە «ئىمىن ۋاڭ مۇنارى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە ) .

سۇلايمان خوجا ۋاڭلىققا ئولتۇرغاندىن كېيىن بارغانسېرى چىرىكلىشىشكە باشلايدۇ. ئۆزىگە قاراشلىق جايلاردىكى پۇقرالار ئارىسىدىن ئۆزىگە خوتۇن تاللاپ، خەلقنى قاقشىتىدۇ. خەلقنىڭ مال- مۈلكىنى، يەر - سۇلىرىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. ئوردىدىكى چاكارلارنى ئاقتا قىلىش نەتىجىسىدە بىر نەپەر چاكارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى پۈتكەندىن كېيىن، قۇمۇلدىكى يۈسۈپ خوجىمۇ قومۇلغا شۇ خىلدىكى مۇنار سالدۇرماقچى بولۇپ، سۇلايمان ۋاڭدىن مۇنار سالغۇچى ئۇستىنى قۇمۇلغا ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ. سۇلايمان ۋاڭ مۇنداق خاتىرە مۇنارنىڭ تۇرپاندىن باشقا جايدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن، مۇنار سالغۇچى ئۇستىنى قەتل قىلىپ كۆزدىن يوق قىلىدۇ.

لۈكچۈندىكى خەلق ئاممىسى سۇلايماننىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرى، بولۇپمۇ چاكارنى ئاختا قىلىپ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى، مۇنار سالغۇچى ئۇستىنى قەتل قىلغانلىقى ئۈچۈن خۇن دەۋاسى قىلىپ، سۇلايمان ۋاڭ ئۇستىدىن پادىشاھ چيەنلۇڭغا ئەرز سۇنىدۇ. چيەنلۇڭ ئەرزنامىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ ئەرزىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، سۇلايماننى بېيجىڭغا يالاپ كېلىشنى بۇيرۇيدۇ ۋە 1779 - يىلى 1 - ئايدا سۇلايمان چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرى تەرىپىدىن بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قانۇن ۋەزىرى سۇلايماننى سوراق قىلىپ، چاكىرىنى ئاختا قىلىپ، ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغانلىقى ۋە مۇنار سالغان ئۇستىنى قەتل قىلغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. چيەنلۇڭ ئىمىن خوجىنىڭ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى تۆھپىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغلى سۇلايمانغا يېنىكلىتىپ جازا بېرىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭغا قاراشلىق 14 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر، چارۋىلىرىنى مۇسادىر

قىلىدۇ، ئۇنى بېيجىڭدا ئولتۇراقلىشىشقا ھۆكۈم قىلىپ، نەزەربەند ئاستىغا ئالىدۇ، سۇلايمان ۋاڭنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى بېيجىڭدا ئۆتىدۇ.

## مۇسا خوجا

ئىمىن خوجىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بولغان مۇسا خوجىمۇ دادىسى ئىمىن خوجا بىلەن بىرلىكتەگۇاجوغا بېرىپ، شۇ يەردە چوڭ بولىدۇ، ياشلىق دەۋرىدە ئاتىسى ئىمىن خوجا ۋە ئاكىسى سۇلايمان خوجىلارغا ئەگىشىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە چوڭ ـ كىچىك غوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىدۇ.

ئىمىن خوجا قەشقەر، يەركەنگە ھاكىمبەگ بولغان مەزگىلدە مۇسا خوجىمۇ قەشقەردە ئاتىسىنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ ۋە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا تۆھپىسى بار دەپ قارىلىپ، 1759 ـ يىلى فۇگوگوڭ مەنسىپى بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇساگوڭ دەپ ئاتىلىدۇ ۋە ئىلىغا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ. 1766 ـ يىلى 8 ـ ئايدا مۇساگوڭ ئىلىدىن لۇكچۇنگە كېلىپ، نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن بېيجىڭغا چيەنلۇڭ خاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىدۇ. مۇساگوڭ يەتتە قۇدۇققا بارغاندا جىددىي كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. مۇساگوڭنىڭ جەسىتى لۈكچۈنگە ئېلىپ كېلىنىپ، نامىزى چۈشۈرۈلۈپ نۇرغۇنلىغان ئەمەلدار، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ھەمراھلىقىدا ھەشەمەتلىك ئۇزىتىلىپ، تۇرپان ئاستانىگە ئېلىپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنىدۇ.

## غولام خوجا (ئەۋرەڭزىپ)

غولام خوجا ئىمىن خوجىنىڭ 4 ـ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى ئىمىن

خوجا، ئاكىلىرى سۇلايمان خوجا، مۇسا خوجىلار چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە يۈرگەن مەزگىللەردە غولام خوجا لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى ۋە ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغانىدى، ئۇ بۇ مەزگىلدە لۈكچۈننىڭ دېھقانچىلىق، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سەپ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، لۈكچۈن ۋاڭلىقىنى تىنچ ـ ئامان باشقۇرۇپ، ئاھالىسىنى ئۇنۇملۇك كونترول قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنى 2 ـ دەرىجىلىك توز پېيى قادالغان مەرتىۋە قالپىقى بىلەن مۇكاپاتلاپ، ياردەمچى تەيجىلىككە تەيىنلەيدۇ. 1766ـ يىلى مۇساگۇڭ كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غولام خوجىنى ئىلىغا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلەيدۇ. غولام خوجا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غولام بەگ دەپ ئاتىلىدۇ، ئىلىغا بېرىپ بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق تېرىش، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئاشلىق سېلىقى تاپشۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەردە تۆھپە يارىتىدۇ. ئىلىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا كېپىللىك قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە غولامنىڭ ئوغلى مەلىكىزاتمۇ ئاتىسىغا يارامىلىق ياردەمچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ يارلىقى بىلەن غولامغا بىرىنچى دەرىجىلىك تەيجى مەنسىپى، ئوغلى مەلىكىزاتقا 5 ـ دەرىجىلىك مەنسەپ قالپىقى بېرىلىدۇ.

1768 ـــ يىلى غولام خوجا بەگلىكنى ئوغلى مەلىكىزاتقا ئۆتكۈزىدۇ. مىلىكىزات ئىلىغا 23 يىل بەگ بولۇپ، 1791 ـ يىلى ھوقۇقنى ئوغلى خۇشنىزاتقا ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ ئىلىغا 25 يىل بەگ بولۇپ، 1817 ـ يىلى ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىنى ئوغلى خالزاتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. خالزات تاكى 1860 ـ يىلىغىچە 43 يىل ئىلىغا ھاكىمبەگ بولىدۇ ۋە ئىلىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا بەگلىك ھوقۇقىنى ئوغلى مەزەمزاتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. 1867 ـ يىلى ئىلى

سۇلتانلىقى قۇرۇلغاندا، مەزەمزات سۇلتان بولىدۇ. كېيىن قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە ئىچكى نىزا پەيدا بولۇپ، مەزەمزات سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمىن خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلىدىكى ھاكىمبەگلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىدۇ.

## ئىسرائىل خوجا

ئىسرائىل خوجا ئىمىن خوجىنىڭ 5 - ئوغلى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غولام خوجىنى ئىلىغا ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىگەندىن كېيىن، 1771 - يىلى غولام خوجىنىڭ لۈكچۈن ۋاقتلىقىدىكى بوش قالغان ياردەمچى ھاكىمبەگلىك ئورنىغا ئىسرائىل خوجىنى تەيىنلەيدۇ. 1788 - يىلىغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى مەركىزى ھۆكۈمىتى مەخلىك خانغا تەۋە بولغان تۇرپان، توقسۇندىكى زېمىنلارنى ئىسرائىل خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسرائىل خوجا تۇرپان، توقسۇنلارغا بەگ بولىدۇ.

## ئىسكەندەر خوجا

ئىسكەندەر خوجا ئىمىن خوجىنىڭ 6 - ئوغلى بولۇپ، 1779- يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئاكىسى سۇلايماننىڭ ۋاقتلىق مەنسىپى ئېلىپ تاشلىنىپ، جازاغا تارتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ جۇنۋاڭلىق (ئىناچخانلىق) مەنسىرىنىڭ ھاكىمبىگى ئوسمان بەگ كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغاندا ئىسكەندەر خوجا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1794 - يىلى قەشقەردە چېگرا تەكشۈرگۈچى يەرلىك ئەمەلدارلار ئەنجانلىق سودىگەرلەرنىڭ پارا بېرىشى بىلەن نۇرغۇن

چىگرا بىجىنىڭ ئوغرىلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئىسكەندەر بەگ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ، پارىخورلارنى قاتتىق بىر بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بېيجىڭغا بېرىپ، چيەنلۇڭ خاننى تاۋاپ قىلىدۇ. چيەنلۇڭ خان ئىسكەندەر خوجىنى مۇكاپاتلايدۇ. 1805 - يىلى ئىسكەندەر بەگ يەنە بىر قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ خاننى تاۋاپ قىلىدۇ.

ئىسكەندەر بەگ 1811 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىسكەندەر بەگنىڭ دەپنە خىراجىتى ئۈچۈن 300 سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىدۇ.

## پەرىدۇن خوجا

بەھرام خوجا ئىمىن خوجىنىڭ 8 - ئوغلى بولۇپ، لۈكچۈن ۋاڭلىق تارىخىدا ئەمەل تۇتمىغان. 1814 - يىلى قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى يۇنۇس بەگ ئىلى جاڭجۇنى سۇڭ يۈەن تەرىپىدىن جىنايىتى بار، دەپ قارىلىپ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئوردا ئەمىرلىرى ئوتتۇرىسىدا يۇنۇسبەگنىڭ ئورنىغا كىمنى جۇنۋاڭ قىلىش مەسىلىسىدە تالاش - تارتىش بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئىمىن خوجىنىڭ 7- ئوغلى پەرىدۇن ئەسلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيجىلىك مەنسىپى بېرىلىپ، تۇرپاندا ئولتۇراقلاشقانىدى. تالاش- تارتىش نەتىجىسىدە پەرىدۇن خوجا جۇنۋاڭلىققا تاللىنىپ، قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى بولىدۇ. ۋە بىر يىلغا يېقىن تەختتە ئولتۇرۇپ 1815- يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## يۇنۇس ۋاڭ

ئىمىن خوجا (ئىمىن ۋاڭ) نىڭ نەۋرىسى. يۇنۇس بەگ 1811-

يىلى دادىسى ئىسكەندەر ۋاڭ كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ ئىنانچخان (جۇنۋاڭ) لىق مەنسىپىگە ئۇزاق ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۇنۇس چۇنۋاڭنى قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيدۇ. يۇنۇس بەگ قەشقەرگە ھاكىم بەگ بولغاندىن كېيىن، ئاتا - بوۋىسىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنى ھىمايە قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، چوڭ خوجىلارنى تازىلاشتا زور تۆھپە قوشىدۇ. ئۇ خوجىلار بىلەن بىرلىشىپ توپىلاڭ قىلماق بولغان يەرلىكلەرنىمۇ رەھىمسىزلەرچە قىرىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسى پادىشاھ جىياچىڭنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىدۇ.

يۇنۇس بەگ خوجىلارنىڭ ھەرىكەتچان كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتقاندىن كېيىن قوقەنتكە قېچىپ كەتكەن خوجا ئەۋلادلىرىنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا قوقەنت خانلىقى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. 1814- يىلى قوقەنت خانى يۇنۇس بەگ قەشقەر ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان خوجا ئەۋلادلىرى، ۋە قوقەنت سودىگەرلىرىنىڭ قەشقەرگە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى، دەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەرز قىلىدۇ. بۇ ئەرزنى ئىشلىگەن ئىلى جاڭجۈنى سۇڭ يۈن «يۇنۇس بەگ ئارتۇقچە ئىشلارغا ئارىلاشتى» دەپ ئۇنى قولغا ئېلىپ، قىيىن - قىستاق بىلەن ئىقرارنامە يازدۇرۇپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىش توغرىسىدا خانغا نامە يازىدۇ. خان ئىمىن ۋاڭنىڭ تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، يۇنۇس بەگنى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلىپ، ئىلىغا سۈرگۈن قىلىپ، ئۆمۈرلۈك قاماققا ھۆكۈم قىلىدۇ. 1820 - يىلى جاھانگىر خوجا قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى داۋگۇاڭ ئۆز ۋاقتىدا يۇنۇس بەگنىڭ خوجىلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئەسلەپ، ئۇنى قەشقەر ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىشكە يارلىق چۈشۈرىدۇ. بۇ چاغدا يۇنۇس بەگنىڭ تۈرمىدە ياتقىنىغا توققۇز يىلدىن ئاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ

ئـايـالى ناھەق ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانىدى. خانغا سادىق يۇنۇس بەگ ھەممىدىن مەھرۇم بولغان بولسىمۇ، قەشقەرگە كېلىپ جاھانگىر خـوجىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ ۋە 1826 - يىلى قەشقەرنى قـوغداش جېڭىدە ئۆلىدۇ. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسى ھـۆكـۈمىتى ئۇنىڭغا 3 - دەرىجىلىك تەيجى نامىنى بېرىپ، 1 - دەرىجىلىك تەيجى قاتارىدا نەپىقە بېرىدۇ.

## مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ

مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ پەرىدۇن ۋاڭنىڭ ئوغلى بولۇپ، 1816- يىـلـى جـۇنـۋاڭلىق مەنسىپىگە ئولتۇرىدۇ. 1819 - يىلى چىڭ سـۇلالـىـسـى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقى بىلەن قەشقەرگە ھاكىمبەگلىككە تەيىنلىنىدۇ. قەشقەرگە ۋاڭ بولغان مەزگىللەردە قەشقەر ۋەزىيىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغاچقا ۋە چىڭ سۇلالىسى پەيدىنپەي زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقتىن شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشمۇ كـۈنـسـايـىـن بـوشـىـشىپ كەتكەن، يەرلىك تەپرىقى ئەمەلدارلار چـىـرىـكـلـىـشـىـپ، ھەر خىل قارشىلىق كۈچلىرى ئۇزلۇكسىز ئـۇلغايغانىدى. 1819 - يىلى قەشقەردە مەسلىھەتچى ئامبال بىن جىننىڭ قوقان سودىگىرى سالجاننىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلىش دېلوسى يۈز بېرىدۇ. قوقەنتكە قېچىپ بېرىۋالغان سامساق خوجىنىڭ ئوغلى جاھانگىر خوجا بىن جىن دېلوسىنى پۇرسەت بىلىپ، قەشقەر چـىـگراسىغا بېسىپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. خوجىلار ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىدۇ. 1826 - يىلى 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ قەشقەر بەگ ئوردىسىدا توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## ئەفرىدۇن ۋاڭ

ئەفرىدۇن خوجا مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ،

1821 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلىدۇ. 1826 - يىلى يازدا جاھانگىر خوجا قەشقەردىكى خوجىلار بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەرنى پاراكەندە قىلىشقا باشلىغاندا، مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ھەر ئېھتىمالغا قارشى بەش ياشلىق ئوغلى ئەفرىدۇننى ئانىسى خوشنارە خېنىم بىلەن كىشىلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا خوتەن - چاقىلىق يولى ئارقىلىق لۈكچۈنگە يولغا سالىدۇ. بۇ قېتىمقى توپىلاڭدا مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ئۆلىدۇ. توپىلاڭدىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ چىڭ سۇلالىسىگە سادىق بولۇپ، توپىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى ئەفرىدۇنغا جۇنۋاڭلىق مەنسىپى بېرىپ يارلىق چۈشۈرىدۇ.

1865 - يىلى 1 - ئايدا قوقەنتلىك ياقۇپبەگ ئېلىمىز چېگراسى ئىچىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، قەشقەر، يەركەنلەرنى ئىشغال قىلىپ، «بەدۆلەت» نامى بىلەن شىنجاڭدىكى تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ. 1870 - يىلى 3 - ئايدا ياقۇپبەگ داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلىپ، تۇرپان، لۈكچۈنلەرنى ئىشغال قىلىپ، خەلقنى قانلىق قىرغىن قىلىدۇ. ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئوردىسىنى تالان — تاراج قىلىپ، ئۇنىڭ بېيجىڭغا خانغا ئەۋەتىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويغان بارلىق سوۋغا - سالاملىرى ۋە ئوردا خەزىنىسىدىكى مال - دۇنيالىرىنى تارتىۋالىدۇ، ئۆزىنى ھەپسىگە ئېلىپ، قەشقەرگە ئېلىپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن دىلى قاتتىق ئازار يېگەن ئەفرىدۇن ۋاڭ قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئەقلىدىن ئېزىپ، ساراڭ بولۇپ قالىدۇ ۋە 1872 - يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەتل قىلىنىدۇ.

ئەفرىدۇن ۋاڭ 1827 - يىلدىن 1873 - يىلغىچە 46 يىل جۇنۋاڭ بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا لۈكچۈندىكى كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىپ ياسىتىپ، شەھەرنى كېڭەيتىپ سېپىل سالدۇرىدۇ ھەمدە تۇرپان كونا شەھەر قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشىدۇ.

# زوھورىدىن ھېكىمبەگ

زوھورىدىن ھېكىمبەگ نۇرمۇھەممەت بەگنىڭ چوڭ ئوغلى، يەنى ئىمىن خوجىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ ئاتىسى كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىنىسى ناسىر بىلەن كىچىكىدىنلا ئوردىدا ئىمىن خوجىنىڭ ئالدىدا چوڭ بولىدۇ. زېرەك، ئەقىللىق بالا بولۇپ، ئوردا ئىچىدىكى موللىدا دىنىي تەلىم ئالغاندىن كېيىن لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇپ، پارس، ئەرەب تىل - يېزىقلىرىنى ئۆگىنىدۇ. شۇ جەرياندا پارس، ئەرەب مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، نۇرغۇن كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇيدۇ. 1819 — يىلى زوھورىدىن ھېكىمبەگنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەت سېيىت ۋاڭ بۇيرۇق بىلەن قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. ئۇ نەۋرە ئىنىسى زوھورىدىنىمۇ قەشقەرگە بىللە ئېلىپ كېتىدۇ. 1826 - يىلى 9 ئاينىڭ 26 - كۈنى جاھانگىر خوجا قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ. قەشقەردە توپىلاڭ بولۇۋاتقان كۈنلەردە زوھورىدىن بەگ ئات باققۇچى چاكارلار قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، يېقىن ئىككى سودىگەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتۈپ، بۇخارا، تاشكەنت، سەمەرقەنتلەردە ئوقۇيدۇ. كېيىن چۆچەككە قايتىپ كېلىدۇ. چۆچەك ئامبىلى زوھورىدىن بەگنىڭ ۋاڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئېلى جاڭجۈنىگە مەلۇم قىلىدۇ. ئېلى جاڭجۈنى 1830 - يىلى زوھورىدىن ھېكىمبەگنى قەشقەرگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

زوھورىدىن بەگ قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن شۇ زاماندىكى ئالىم - ئۆلىمالار، شائىرلار ۋە بىلىملىك يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى تاللاپ ئىشقا قويىدۇ. يۇرت سوراشتا ئۇلار بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئوردىدا مەخسۇس دىۋان (كاتىپخانە) تەسىس قىلىپ، قەشقەردىكى ئاتاقلىق ئالىم، ئۆلىمالاردىن شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى، نۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان

تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم، ئوپالنىڭ قۇرۇلىبېگى زەيدىن بەگ، قەشقەردىكى ئۇقۇمۇشلۇق ئەرباب، تېبابەت ھۆكۈماسى موللا خوجىلاق، قەشقەرنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم قاتارلىق مەشھۇر زاتلارنى ئوردا دىۋانغا تەكلىپ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنى دىۋان بېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ، دىۋاندىكى ئەربابلارغا قەشقەر خەلقىگە ئىلىم - مەرىپەت ئۆگىتىش، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىلمى، بەدئىي تارىخى كىتابلارنى يېزىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. زوھۇرىدىن ھېكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەھمۇت قەشقىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، فارابى، نەۋائى قاتارلىق ئالىملارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى قەشقەر بەگلىك ئوردىسىدا قايتا كۆچۈرۈلىدۇ، رەتلىنىدۇ، تەرجىمە قىلىنىدۇ. قەشقەرنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ئۆزى ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن «مەسنىۋى شېرىپ» دېگەن كىتابنى كۆچۈرگۈزۈپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنىڭ مازىرىغا تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ۋەخپە قىلدۇرىدۇ. زوھورىدىن ھېكىمبەگ يەنە ئوردا دىۋاندىكى مەشھۇر زاتلاردىن تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم بىلەن موللا خوجىلاقنى قەشقەردە مىلادىيە 850 - يىللاردىن 1137 - يىللارغىچە 280 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن، تارىختا مەشھۇر قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخىنى رەتلەش، يېزىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

1839 — يىلى زوھورىدىن ھېكىمبەگ قەشقەر شەھرىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ قۇرۇلۇشنى باشلايدۇ. قەشقەر شەھرىنىڭ ئەسلىدىكى سېپىلىنىڭ سىرتىغا يەنە بىر قات سېپىل سوقتۇرۇپ، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى كوچىلارنى ۋە ھېيتگاھ جامەسىنى شەھەر سېپىلى ئىچىگە كىرگۈزىدۇ. قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلدۇرىدۇ. يەنە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقىرىنىڭ قەدىم جايى بولغان قەشقەر ئوپالغا چوڭ بىر مەدرىسە سالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەر، سۇ، مال - مۈلۈك ۋەخپە

قىلدۇردۇ.

زوھورىدىن ھېكىمبەگ قەشقەردە ئىلىم- مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىش بىلەن بىللە خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تۇمەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېتىزلىقلارغا باشلايدىغان، بىر قانچە نۇقتىلىق ئېرىق - ئۆستەڭ چاپتۇرىدۇ، بوز يەر ئاچقۇزىدۇ، نەتىجىدە قەشقەرنىڭ تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلىپ، سودا - سېتىق راۋاج تاپىدۇ. خەلق خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ يەنە قەشقەردە مەخسۇس خەتتاتلار مەكتىپى قۇرۇپ، نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈتۈپ، مەدرىسەلەرگە ۋەخپە قىلىدۇ. قەشقەردىكى مەدرىسە، مەسچىتلەرنى رېمونت قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر نەققاشچىلىقىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن مۇقەددەس جايلارنىڭ ئىشىك — دېرىزە، تورۇس، تۈۋرۈكلىرىگە نەپىس ئۇيغۇر نەقىشلىرىنى ئويدۇردۇ. گەجدىن ئۇيغۇر نەقىشلىرىنى ئىشلەش، قولىيازمىلارنىڭ بەتلىرىگە ۋە كىتاب مۇقاۋىلىرىغا نەقىشلىك خەت يېزىشنى يولغا قويىدۇ، شېئىرغا ھەۋەس قىلىدىغان زوھورىدىن ھېكىمبەگ شۇ يىللاردا يەنە ئۆزىنىڭ غەزەل ۋە لىرىك شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان «دىۋان زوھورى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈرىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى مۇنداق يازىدۇ:

«كى بىر مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بەش تارىخى پەيغەمبەر،
بىنا قىلدۇردى شەھەرنى شاھ زوھۇرىدىن بەلەن ئەختەر،
خەلقىنىڭ رايىغا رەھىم ئەيلەپ ھا ۋادىسىدىن،
قىلىپ قەلئەنى مەھكەم كى گويا سەئىدى ئىسكەندەر».

زوھورىدىن ھېكىمبەگ قەشقەردە ھاكىمبەگ بولۇپ تۇرىۋاتقان مەزگىللەردە لۇكچۇن ۋاڭى زوھورىدىن ھېكىمبەگنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ ئوغلى ئەفرىدۇن ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام بىلەن ئەلچىلەر ئارقىلىق مەكتۇپ يوللاپ: «بەگ ئاكا، قەشقەردە ھاكىمبەگ بولدىڭىز، ئىشلىرىڭىزنىڭ رەتكە چۈشۈپ، خەلقنىڭ ئەمىن تاپقانلىقىدىن ۋاقىپ بولدۇق. بۇرۇنقى مالىمان يىللاردا ئاتام دۈشمەنلەر تەرىپىدىن قەتل قىلىندى. بۇ ھەقتە ئەھۋاللارنى تولۇق بايان قىلىپ، لۇكچۇن بەگلىكىنىڭ نەسەبىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن دىۋان بەگلىرى ئىچىدىن ئابدۇرېھىم نىزارى دېگەن ئالىم كىشىنى لۇكچۇن ئوردىدا بىر مەزگىل تۇرۇشقا ئەۋەتىپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن» دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ. زوھورىدىن ھېكىمبەگ ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن دىۋان بېگى ئابدۇرېھىم نىزارىنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام ۋە خىزمەتكارلىرى بىلەن 1835 ـ يىلى لۇكچۇنگە يولغا سالىدۇ. ئەفرىدۇن ۋاڭ شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇنى لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە لۇكچۇندىكى ئۆلىمالار، شائىرلار بىلەن خەلققە تونۇشتۇرىدۇ. شائىر لۇكچۇندە لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسى، خانلىق مەدرىسە، تۇيۇق ئەسھابۇل كەھف مازىرى، دۆلەتباغ، چاھار باغ قاتارلىق مەشھۇر جايلارنى زىيارەت قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان لۇكچۇن شەھىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تەپسىلىي تونۇشىدۇ ھەمدە ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ تەلىپى بويىچە ئاتىسى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭنىڭ قەشقەردە قەتل قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسىرى «مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ ھەققىدە قىسسە» بىلەن «لۇكچۇن ۋاڭ ئەفرىدۇننىڭ قەشقەر ھاكىمبېگى زوھۇرىدىنغا يوللىغان سالىمى»، «ئەسھابۇل كەھف ھەققىدە قىسسە»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «ۋامۇق ـ ئۇزارا»، «مەسئۇت دىلئارا»

قاتارلىق يىرىك داستانلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ ھەجىملىك «خەمسە» سىنى يېزىپ چىققىدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىدا يېزىپ تاماملىغان بۇ يىرىك داستاننىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك يالدامىسى ۋە نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن، بىر نەچچە نۇسخا كۆچۈرۈپ، بىر نۇسخىنى لۇكچۇن ۋاڭى ئەفرىدۇنغا تەقدىم قىلىدۇ (ئەپسۇسكى، 1933 - يىلى لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇلغاندا بۇ ئەسەرنىڭ لۇكچۇندە ساقلانغان نۇسخىسى باشقا تارىخى ئەسەرلەر قاتارىدا كۆيۈپ كەتتى. شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆزى قەشقەرگە بىللە ئېلىپ كەتكەن نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە ساقلىنىپ قالدى).

شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىدا تۇرغان مەزگىلىدە ئۇلۇغ شائىر ۋە ئالىم ئەخمەد خوجامنىياز ئوغلى (فىسسورى) نىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. فىسسورىنىڭ خانلىق مەدرىسە ھەققىدىكى شېئىرى، تۇيۇق ئەسھابول كەھفكە، دۆلەتباغ ئوردىسىغا ئاتاپ يازغان مۇخەممەسلىرى، ۋاڭلارغا قىلغان نەسىھەتلىك شېئىرلىرى، يىرىك داستانى «رەۋازەتۇل زۆھرە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدۇ، بۇ ئەسەرلەرگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ. فىسسورىنىڭ ئوغلى ئەۋەيت ئەلەم ئاخۇنۇم بىلەن ئالاھىدە قېرىنداشلارچە دوستلۇق ئورنىتىدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى لۇكچۇن ۋاڭ ئوردىسىدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ، كىتابنى يېزىپ تاماملاپ، قەشقەرگە قايتىشقا ئىجازەت سورىغاندا ئەفرىدۇن ۋاڭ شائىرغا تون كىيگۈزۈپ، ئوردىدا ھەشەمەتلىك ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. شائىرغا ئاتاپ مەخسۇس ياخشى ئات، سوۋغا سالام، مۇلازىملارنى تەييارلاپ، 1836 - يىلى كۈزدە قەشقەرگە يولغا سالىدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن يەنە داۋاملىق قەشقەر خانلىق

ئوردىسىدا دىۋان بېگى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

زوھورىدىن ھېكىمبەگ 1830 ـ يىلى قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولۇپ، 20 يىلغا يېقىن ئىشلەپ، 1849 ـ يىلى ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە سالامەتلىكىنىڭ يار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن ھېكىمبەگ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئانا يۇرتى لۈكچۈنگە قايتىدۇ. 1852 ـ يىلى لۈكچۈننىڭ دېھقانسۇ دېگەن يېرىدە كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## سۇلتان مامۇت ۋاڭ

1877 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى تەرەپتىن قورشاپ كەلگەن قوشۇنى تۇرپاننى ياقۇپبەگدىن قايتۇرۇۋالىدۇ. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۇرپان دىيارىنى ئىختىيارىغا كىرگۈزۋالغاندىن كېيىن لۈكچۈن ۋاڭلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارارىغا كېلىدۇ. بۇ يىللاردا تۇرپان، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىمىن ۋاڭ جەمەتىدىن ئەرلەر قالمىغانىدى. پەقەت ئىلى سۇلتانلىقى تەرىپىدە ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان ۋاڭ جەمەتىدىن مەزەمزاتلا قالغان بولۇپ، ئۇ تېخى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ئىدى. ئۇنى ۋاڭلىققا ۋەلىئەھدى قىلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ، باشقىلارنى ۋاڭ قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. بۇ چاغدا ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ئانىسى خوشنارە خېنىم ئۇرۇمچى خان ئامبىلى ليۇجىنتاڭغا «ئوغلۇم ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ ھايات ۋاقتىدا باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىشىچە، 1864 ـ يىلى كۇزدە قەشقەردىن يەركەنگە بارغان مەزگىلدە يەركەن بەگلىرىنىڭ دالالىتى بىلەن بىر قىزنى ئەمرىگە ئالغانلىقى مەلۇم، خۇدايىم بەرگەن بولسا بىرەر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇپ قالغان بولسا ئەجەپ ئەمەس، مەن بېرىپ سۈرۈشتە قىلىمەن. خانلىقنىڭ ۋاڭ جەمەتىدىن ھەقىقىي ۋارىس چىقمىغۇچە باشقا كىشىلەرنى ۋارىس قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ ئىلتىماس قىلىدۇ ۋە يەركەنگە

بىرىپ سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئەفرىدۇن ۋاڭنىڭ يەركەنلىك خوتۇنىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنتى بارلىقىنى ئېنىقلايدۇ.

بۇ بالىنىڭ ئىسمى مامۇت ئىدى. بالا تۇغۇلغان مەزگىلدە يەركەن ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) نىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغاچقا، ئۇنى يوشۇرۇپ قويمىغاندا ياقۇپبەگنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرايتتى. شۇڭا، ئانىسى مامۇتنى يەركەننىڭ چەت بىر يېزىسىدىكى تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ يوشۇرۇن باققاندى. مامۇت ئون ياشلارغا كىرگەندە تۇغقىنىنىڭ ئۆيىدە پادا بېقىپ يۈرەتتى. خوشنارە خېنىم نەۋرىسى مامۇتنى تاپقاندىن كېيىن لۈكچۈنگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە ئۇنى ۋاڭلىق تەخت ۋارىسى قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئۆلىما بەلگىلەپ، ۋاڭلىق ئوردىسىدا ئالاھىدە تەربىيىلەيدۇ. ليۇجىنتاڭ 1880- يىلى مامۇتنى لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا خانغا مەلۇمات سۇنىدۇ. 1881 - يىلى خاندىن يارلىق چۈشۈپ، مامۇت لۈكچۈن ۋاڭلىق تەختىگە چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمى سۇلتان مامۇت دەپ ئاتىلىدۇ. 1884- يىلى 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى ئۆلكە قىلىپ بېكىتىدۇ. ليۇجىنتاڭ ئۆلكىگە باش مۇپەتتىش بولىدۇ. ئۆلكە قۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭدا ساقچى تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى چەكلىنىدۇ. لۈكچۈندە ۋاڭلىق جاساقلىق تۈزۈمى ساقلىنىپ قالىدۇ.

سۇلتان مامۇت لۈكچۈندە ۋاڭلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن خەلقنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە ئوردىدا ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپالىق تۇرمۇشتا ياشايدۇ، 30 ياشقا كىرگۈچە تۆت خوتۇن ئالىدۇ. باشقىلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ۋاڭ جەمەتىدىن بولغان مەلىك بەگ، چاپزات بەگ، ئابدۇللا بەگ دەيدىغان ئۈچ تەيجىسى بولۇپ، ئۇ كەيپ - ساپا بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدىن ۋاڭلىق ئىشلىرىنى شۇ تەيجىلەر باشقۇرىدۇ. سۇلتان مامۇت ئۆزىگە 50 دەك قوغدىغۇچى ياشلارنى يىغىۋېلىپ،

زورلۇق- زومبۇلۇق قىلىپ يۈرىدۇ. سۇلتان مامۇتنىڭ زۇلمى ھەددىن ئاشقانلىقتىن 1887 - يىلى 5 - ئايدا تۇيۇق ۋە ياڭخىدىكى لىگالار جەمەتىدىن بولغان جىلىل لىگانىڭ باشچىلىقىدا خەلق ئاممىسى ۋاڭلىققا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ لېكىن ۋاڭلىقنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدۇ. سۇلتان مامۇت ۋاڭ زالىملىقتا يەنىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، 1899 - يىلى پىچانىنىڭ مۆرەن مەھەللىسىدىكى بىر تۆمۈرچىنىڭ قىزى ئالانۇرخانىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالماقچى بولىدۇ. ئالانۇرخانىنىڭ جىلىل ئىسىملىك بىر يىگىتى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشكەنىدى، شۇڭا ئالانۇرخان سۇلتان مامۇت ۋاڭغا تېگىشنى رەت قىلىدۇ. سۇلتان مامۇت ۋاڭنىڭ ئادەملىرى ئالانۇرخانىنى زورلاپ لۇكچۇنگە ئېلىپ مېڭىش ۋاقتىدا ئالانۇرخان ۋاڭنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي بىر دانە ئۇستۇرىنى يوشۇرۇن ساقلايدۇ. سۇلتان مامۇت ھەشەمەتلىك توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، ئالانۇرخانىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالىدۇ، ئەمما توي تۈگەپ ھۇجرىغا كىرگەندە ئالانۇرخان تەييارلاپ قويغان ئۇستىرىنى سۇلتان مامۇت ۋاڭنىڭ قورساق، يوتىلىرىغا ئۇرۇپ ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇرۇپ، ئۆزىنى ئېگىز ئوردىنىڭ پەنجىرىسىدىن تاشلاپ ئۆلىۋالىدۇ. ئوردا بەگلىرى سۇلتان مامۇتنىڭ بۇ سەتچىلىكىنى خەلقتىن يوشۇرۇپ، «ۋاڭغا جاراھەت چىقىپ قالدى، ئۆرتەڭگە ئېلىپ بېرىپ ئارشاڭغا چۈشۈرىمىز» دەپ ئۆرتەڭ غولىغا ئېلىپ ماڭىدۇ. سۇلتان مامۇت ۋاڭ قانسىراپ كەتكەنلىكتىن 1900 - يىلى 4 - ئايدا 35 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ۋاڭلىقى ئاخىرلىشىدۇ.

## ئىمىن ۋاڭ

سۇلتان مامۇت ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىمىن بەگ لۇكچۇننىڭ ۋاڭلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ.

ئىمىن ۋاڭ دەۋرىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تاشقى جەھەتتە جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى تالان - تاراج قىلىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەن، ئىچكى جەھەتتە بولسا، خەلقنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ھېسابىغا تەۋرەپ قالغان خانلىقنى ساقلاپ قالماقچى بولغانىدى.

1902 - يىلى پىچان رەسمىي ناھىيە بولۇپ قۇرۇلىدۇ. بۇ مەزگىلدە لۈكچۈن ۋاڭلىقى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئوتتۇغات قىلىپ بېرىلگەن بىر قۇرۇق ئۇنۋانغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ۋاڭغا قاراشلىق يەرگە ئىشلەيدىغان دېھقانلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئوتاقچى دېھقانلارغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئىمىن ۋاڭ باشلىق لۈكچۈن ۋاڭ ئەۋلادلىرى يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ھىمايىسىدا، يەر ئىجارىسى، سۇ ھەققىنى ئاشۇرۇپ ۋە سۇ، كارىز، يەر سېتىۋېلىپ بايلىق توپلاشقا كىرىشىدۇ.

ئىمىن ۋاڭ تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، يەنى 1904- يىلى قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ قىزى فۇجۇڭ خېنىمغا ئۆيلىنىدۇ. بۇ توي خەلقنىڭ قان - تەرى بەدىلى بىلەن ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بۇ قېتىملىق توي ئۈچۈن ئىمىن خوجا (ۋاڭ) شاھ مەخسۇتقا تۆۋەندىكىدەك تويلۇق بېرىدۇ:

100 تۆگە، 100 ئات، 100 كالا، 1000 قوي، 200 تاغار بۇغداي، 100 تاغار كۈنجۈت، 100 تاغار زاراڭزا، 100 تاغار كەندىر، 1000 جىڭ قوغۇن قېقى، ئۆرۈك قېقى، 1000 سەر كۈمۈش، 500 سەر تىيىزا (قەغەز پۇل)، بىر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر پەسىلنى 90 كۈنگە ئايرىپ، ھەر كۈنگە بىر ياقىدىن كىيىم ياكى بىر كىيىملىك رەخت، بۇنىڭ ئىچىدە قىشلىق 90 كۈنگە ھەر خىل تۈلكە، بۆرە، سۇلەيسۈن، سۆسەر تېرىلىرى، قاما قاتارلىقلاردىن ئۇزۇن - قىسقا جۇۋا، كەنجازا، تۇماق، قالغان ئەتىيازلىق، يازلىق، كۈزلۈك كىيىملەرمۇ ھەر خىل بولۇپ، ھەر

خىل مەشۇتلاردىن يالاڭ ۋە ئەستەرلىك كىيىملەر، ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن خىلمۇ خىل چاچما تىكىلگەن، ئىلمە توقۇلغان، زەر باسقان كۆڭلەكلەر، خىلمۇ خىل يىپەك ياغلىقلار، ئۇنىڭدىن سىرت 100 شىرەلىك ھەر خىل مىۋە، تاتلىق-تۈرۈملار.

شاھ مەخسۇت توپلۇقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، توي توختىمى تۈزۈلۈپ توي مۇددىتى 40 كېچە-كۈندۈز بولىدۇ، تويىنىڭ لۈكچۈندىن يەتتە قۇدۇقچە بولغان بارلىق قاتناش ئىشلىرى لۈكچۈن ۋاڭ تەرىپىدىن، قۇمۇلدىن يەتتە قۇدۇقچە بولغان قاتناش ئىشلىرى قۇمۇل ۋاڭ تەرىپىدىن بولىدۇ، دېيىلىدۇ. توي كۈنى توختام قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت قۇمۇلنىڭ بارلىق دورغا، ئاقساقاللىرىغا يارلىق چۈشۈرۈپ، پۈتۈن قۇمۇل خەلقىنى قىزىنىڭ تويىغا قاتنىشىشنى ئۇقتۇرىدۇ. نەتىجىدە چارۋىچىلارنىڭ ھەر بىرى بىر جۈپتىن ئات، 30 قوي، ئات-كالىسى يوقلار 15 تىن 50 كىچە قوي، شەھەر خەلقى بىر كىيىملىكتىن ئېسىل رەخت، دېھقانلار تاغارلاپ ئاشلىق، ماي، قاق، توخۇ، ئۆردەك، ھەتتا تۇخۇمغىچە تاپشۇرىدۇ، ھەر كۈنى نەچچە يۈزلەپ ئات، كالا، قوي، تۆگە، قويلار سويۇلۇپ، تويغا كەلگەن خەلققە ئاش تارتىلىدۇ. 40 كۈنگىچە قۇمۇلنىڭ نەچچە يېرىگە ناغرا سورۇنى تەييارلىنىپ، ناغرا-سۇناي چېلىنىدۇ. سورۇن-سورۇنلاردا مەشرەپ بېرىلىدۇ. بۇ 40 كۈن جەريانىدا لۈكچۈن ۋاڭ ئەلچىلىرى ھەر كۈنى توققۇز قېتىم شاھ مەخسۇت ۋاڭغا تازىمغا بارىدۇ. 41-كۈنى قىزىنى ئالتۇندىن بېزەلگەن تەختىراۋانغا سېلىپ، سەككىز ئايال كۆتۈرۈپ كۆچۈرىدۇ. تەختىراۋاننىڭ ئالدىدا توققۇز ئاخۇن قۇرئان تۇتۇپ، توققۇز قارىي قۇرئان ئوقۇپ، 40 ئىشان ھاپىزلىرى بىلەن مۇناجات ئېيتىپ ماڭىدۇ. خانلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن توققۇز قېتىم زەمبىرەك ئېتىلىدۇ. قىز ئولتۇرغان تەختىراۋان لۈكچۈن ۋاڭ جەمەتلىرى ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان قۇمۇل ئوردىغا يېتىپ بارغۇچە توققۇز يەرگە

ئارچا دەرخىدىن ئىسرىق سېلىنىدۇ ۋە ئۇستىگە ئەتىر چېچىپ، ھەر بىر ئۆت يېنىدا ئۈچ تۆگە، ئۈچ كالا، ئۈچ ئات، 90 قوي بوغۇزلىنىدۇ قىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئوردىدىن 100 سەر ئالتۇن، 1000 سەر كۈمۈش، 100 تۆگە، 100 ئات، 100 كالا، 100 قوي، 100 تاغار بۇغداي، 100 تاغار گۈرۈچ، 100 تاغار قوناق، 100 تاغار تېرىق سەدىقە بېرىلىدۇ.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن فۇجۇڭ خېنىم لۈكچۈنگە كۆچۈرۈلىدۇ. قىز كۆچۈرگۈچى تۆت ئات قوشۇلغان، كاتتا بېزەلگەن مەپىلەر ئۇزۇن سەپ بولۇپ شەھەر قوۋۇقىدىن چىققاندا، قۇمۇل شەھەر ياشلىرى كونا قائىدە ـ يوسۇن بويىچە قوۋۇقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئارغامچا تۇتۇپ قىز كۆچۈرگۈچىلەرنى توسىدۇ. لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىن خوجا توينى ئىززەتلەپ، توسقۇچى ياشلارغا توققۇز غېرىچلىق توققۇز دانە قوي، توققۇز تۆگە، توققۇز تاغار بۇغداي، توققۇز كوزا ھاراق بېرىدۇ. ئىمىن ۋاڭنىڭ لۈكچۈندىكى توي مەرىكىسىمۇ ھەشەمەتلىك بولىدۇ.

كېيىنچە شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ نەۋرىسى بېشىر ۋاڭمۇ لۈكچۈن ۋاڭى ئىمىنگە كۈيئوغۇل بولۇپ، ئىمىن ۋاڭنىڭ كىچىك قىزى ئاغىچا خېنىمغا ئۆيلىنىپ، ھەشەمەتلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، بېشىر ۋاڭ تۇيۇق سۇ بېشىدىكى ئاستانىلىك مەۋسۇل باينىڭ ئىككى كارىزلىق سۈيىنى مىراسلىق سېتىۋېلىپ، بىر مەزگىل لۈكچۈندە تۇرىدۇ ۋە لۈكچۈندىكى تەسىر دائىرىسىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىپ، يەر، كارىز سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارغا ئايلىنىدۇ .

ئىمىن ۋاڭلىق مەنسىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، كەيپ ـ ساپالىق، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىدۇ. كېيىنچە ئەپيۇن چېكىشنى ئۆگىنىپ، ۋاڭلىقنىڭ نۇرغۇن بايلىقى ۋە مال ـ مۈلۈكىنى كۈلگە ئايلاندۇرىۋېتىدۇ .

خورلۇق، ئېزىلىشكە چىدىمىغان تۇيۇق، ياڭخې خەلقلىرى

1909 - يىلى ياڭخېلىق ئامىر دورغا باشچىلىقىدا ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، لۇكچۈن ۋاڭلىق ئوردىسىغا يەنە بىر قېتىم باستۇرۇپ كىرىدۇ. تۇرپاندىكى چېرىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قوزغىلاڭ باستۇرۇلىدۇ. بۇ قوزغىلاڭ لۇكچۈن تارىخىدا «ئامىر يېغىلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ.

1931 — يىلى 3 - ئايدا يەنە بىر قېتىم قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. تۇرپان، پىچان، توقسۇنلارغىچە كېڭىيىدۇ. ئاستانىلىك مەخسۇت مۇھىتى 1932 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇرپان، پىچان، لۇكچۈن، توقسۇنلاردىكى خەلقنى تەشكىللەپ قورالـلـىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ماسلىشىدۇ. بۇ چاغدا ئىمىن ۋاڭنىڭ ئوغلى مەتسايىت ۋاڭ قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى تەرەپتە تۇرىدۇ. 1933 - يىلى 2 - ئايدا جىن شۇرېن ئۆلكە قىسىملىرى ۋە پىتىراپ يۇرگەن قاچقۇن رۇس ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەپ، لۇكچۈندە تۇرۇۋاتقان قۇمۇل - تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا، جىن شۇرېن قوشۇنلىرى ۋە ئاق رۇس ئەسكەرلىرى لۇكچۈن خەلقىنى قانلىق قىرغىن قىلىدۇ، ئاممىنى بۇلاپ تالايدۇ، لۇكچۈن ۋاڭ ئوردىسىغا ئوت قويۇۋېتىدۇ. ئىمىن ۋاڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بىلەن ئوردىدا كۆيۈپ ئۆلىدۇ.

## مەتسايىت ۋاڭ

مەتسايىت ۋاڭنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەت سەئىد ۋاڭ، ئۇ ئىمىن ۋاڭنىڭ چوڭ ئوغلى. لۇكچۈن تىل شىۋىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇھەممەت سەئىدنىڭ نامى مەتسايىت دەپ ئاتالغان. 1933- يىلى 2 - ئايدىكى چوڭ يېغىلىقتا ئىمىن ۋاڭ كۆيۈپ ئۆلگەندىن كېيىن، مەتسايىت ۋاڭ «پاشا غوجا» نامى بىلەن ۋاڭلىقنىڭ بارلىق مال - مۈلۈكىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. 1911 - يىلىدىكى شىنخەي

ئىنقىلابىدىن كېيىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋاڭ ئەۋلادلىرىغا قانۇنلۇق ھالدا ۋاڭلىق مەنسىپى بەرمىگەنىدى، مەتسايىت ۋاڭلىقىنىڭ قالدۇق مىراس - مۈلۈكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا خەلق ئۇنى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە مەتسايىت ۋاڭ، بەزىدە «ساچىڭۋاڭ» دەپ ئاتايدۇ.

مەتسايىت ۋاڭ بالىلىق چاغلىرىنى ۋاڭلىق ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈپ، مەخسۇس تەلىم ئالىدۇ. لۈكچۈن خانلىق مەدرىسەدە ئۈچ يىل ئوقۇپ، مەلۇم بىلىم - سەۋىيىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك خەنزۇچە - رۇسچە مەكتەپتە ئۈچ يىل ئوقۇيدۇ. مەتسايىت ۋاڭ 1934 - ، 1937 - يىللىرى ئۆلكىلىك 2 - ، 3 - نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ، 1948 - يىلى نەنجىڭدا ئېچىلغان گومىنداڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدۇ.

بىراق، ئازادلىقتىن كېيىن مەتسايىت ۋاڭ پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەش كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ ماسلاشماي ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېلىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش قاتارلىق ئىنقىلابىي كۈرەشلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇڭا، 1951 - يىلى 8 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ج خ تارماقلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم قىلىشى بىلەن 1951 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. 1984 - يىلى پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىدىكى ھۆكۈمگە قايتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق، مەتسايىت ۋاڭغا پارتىيىمىزنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتى بويىچە ئاز سانلىق مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى بېكىتىپ، ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

مەتسايىت ۋاڭنىڭ ئىسكەندەر خوجا ناملىق ئىنىسى بولۇپ،

ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ۋاخلىقنىڭ مىراس مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئىسكەندەر خوجىمۇ ئوقۇغان كىشى بولۇپ، 1931 - يىلىدىكى قۇمۇل - تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە كىشلىك قارىشىنى ئۆزگەرتىپ سىياسىي سەھنىگە چىقىدۇ. 1934 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە پىچانغا بىر يىلدىن ئارتۇق ھاكىم بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە كېسەل بولۇپ قېلىپ داۋالىنىش ئۈچۈن تاشكەنتكە بارىدۇ. كېسىلى ساقايغاندىن كېيىن، تاشكەنتتە ئوقۇپ، 1937 - يىلى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. 1938 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1944 - يىلىغىچە تۈرمىدە ياتىدۇ. ئۇ قاماقتىن چىققاندىن كېيىن، 1945 - يىلى ئۈرۈمچىدە «ئۈچ مەسلەك كومىتېتى» غا كومىتېت باشلىقى، 1946 - يىلى 11 بىتىمنىڭ ناھىيە ھاكىملىرىنى ئۆزگەرتىپ سايلاش توغرىسىدىكى تەلىپى بويىچە ئىككىنچى قېتىم پىچان ناھىيىسىگە ھاكىم بولىدۇ. 1949 - يىلى 6 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن رۇخسەت سوراپ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدۇ.

ئۇ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ بارلىقى، ھاكىم بولغان مەزگىلدىكى خاتالىقلىرى تۈپەيلىدىن 1951 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16- كۈنى پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدۇ. 1984 - يىلى پىچان ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىسكەندەر خوجىنىڭ مەسىلىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ، ھەقىقەتكە قايتقان خادىم ھېسابلاپ، ئەسلىي ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار


1. «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996- يىل نەشرى.
2. تۇرپان تارىخي ماتېرىياللىرى 1 - قىسىم، 1998 - نەشرى.
3. موللا مۇسا سايرامى، «تارىخى ئەمىنىيە»، ئەسلىي نۇسخىسى.

4. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - قىسىم (2) پىكىر ئېلىش نۇسخىسى، ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى، 1978 - يىل 10 - ئاي نەشرى.

5. «تۇرپان ۋاڭلىرى»، «تۇرپان گېزىتى» 1997 - يىل نەشرى.

6. «پىچان تارىخي ماتېرىياللىرى» مەخسۇس توپلام 16 - قىسىم، ئابدۇرېشىت ئەخمەت.

## كۇچار ۋاڭلىرى

مەرھۇم مەمتىمىن بايىز ئەپەندى يېزىپ قالدۇرغان «كۇچار ۋاڭلىرىنىڭ نەسەبنامىسى» سەرلەۋھىلىك يازمىدا، 1750 - يىلىدىن 1950 — يىلىغىچە بولغان 200 يىل جەريانىدا كۇچار دىيارىدا مىرزاھودى بەگدىن داۋۇت ۋاڭغىچە 12 ئەۋلاد ۋاڭ ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنغان. كىتابىمىزنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن مەمتىمىن بايىز ئەپەندى پايدىلانغان مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى كۆرۈش، يازمىشلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مەمتىمىن بايىز ئەپەندىنىڭ يازمىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا كۇچاردا ئۆتكەن 12 ۋاڭ توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك قىسقارتىلما بېرىلدى.

## مىرزاھودى بەگ

ئىشان خوجا ھىدايىتۇللا ئاپاقنىڭ نەۋرىسى ئەھمەت ئاي پاشا خوجا غالدان سەرەڭ تەرىپىدىن ئېلىدا نەزەر بەند قىلىنغانىدى، ئەھمەت ئاي پاشا ئۆلگەندىن كېيىن ئوغۇللىرى بۇرھانىدىن خوجا، خوجا جاھانلار جۇڭغارلارغا بېقىنىپ يەر تېرىپ، كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرەتتى. 1755 - يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغارلارنى باستۇرۇشقا كەلگەندە خوجا بورھانىدىن ۋە خوجا جاھانلار چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا قوشۇلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ

جاڭجۇنى بەندى بۇ ئاكا ـ ئۇكا خوجىلارنى ئۇيغۇرلارغا نەسىھەت قىلىپ خانغا ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. بىراق، بۇرھانىدىن خوجا ئىلىدا ئامورسانا ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن ئامورساناغا ياردەم بېرىپ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى تۇردۇ. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى يېتىپ كەلگەندە خوجا جاھان ئادەملىرىنى باشلاپ قەشقەر، يەركەن تەرەپلەرگە قېچىپ بېرىپ، ئۇ جايلارنى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى بازا قىلىدۇ. بۇرھانىدىن خوجىمۇ ئىسيان كۆتۈرۈپ، 2 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر توپلاپ ئۆزىنى «خان خوجام» دەپ ئاتايدۇ. مەنچىڭ قوشۇنلىرى ئامورسانا ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۇچارغا 2 مىڭ چېرىك ئەۋەتىدۇ. «خان خوجا» تۇيۇقسىز 2 مىڭ لەشكەر ئەۋەتىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى يېڭىدۇ. «بۇ چاغدا كۇچار، ئاقسۇ، بايدىن ئىبارەت ئۈچ شەھەرنىڭ باش ھاكىمى مىرزا ھودى بەگ بۇرھانىدىن خانغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ ئىلى تەرەپكە چىقىپ كەتتى. بۇرھانىدىن خان خوجا مىرزا ھودى بەگنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 397 ـ 398 ـ بەت).

مىرزا ھودى بەگ بۇرھانىدىن ۋە خوجا جاھانلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بېرىپ، چيەنلۇڭدىن ياردەم سورايدۇ. چيەنلۇڭ ئۇلارنى ياخشى كۈتىدۇ. 1758 ـ يىلىنىڭ بېشىدا چيەنلۇڭ خان يارخاشەننى جاڭجۇن، تۇرپانلىق ئىمىن خوجا خانىڭئانى مەسلىچەتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەپ، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. مىرزا ھودى بەگ باشلىق 14 ئۇيغۇر 10 مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ ماڭىدۇ. ئۇلار يول بويى «مانجۇلارنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش» لازىملىقى توغرىسىدا تەشۋىقات يۈرگۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرپان، كۇچار ئاھالىسى جۇڭغارلارنىڭ كاتتىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا

ياردەم بېرىدۇ. چىلىك سۇلالىسى قوشۇنلىرى كۆچارنى مۇھاسىرە قىلىدۇ. خوجا جاھان قېچىپ كېتىدۇ. يار خاشەن مىرزا ھودى بەگنىڭ خوجا جاھاننىڭ قېچىش يولىنى توسۇش تەكلىپىگە ئېتىبار قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، چيەنلۇڭ خان يار خاشەننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جاۋخۇينى ئورنىغا قويىدۇ. خوجا جاھان كۇچاردىن ئاقسۇغا قېچىپ بارغاندا ئاقسۇ خەلقى شەھەرگە كىرگۈزمەيدۇ.

ئاقسۇنىڭ باشلىقى موللا ھوشۇر چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا خەت يېزىپ ئەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىر پاي ئوق ئاتماي ئاقسۇ شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ، ئاندىن قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ. بۇرھانىدىن خوجا كۆپ قېتىم توساپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، كۆچى يەتمەي چېكىنىدۇ. جاۋ خۇي يەركەنگە ھۇجۇم قىلغاندا مىرزا ھودى بەگنى خوتەنگە ئەۋەتىدۇ، خوتەن خەلقى مىرزا ھودى بەگنى قارشى ئالىدۇ. خوتەنگە تەۋە قاراقاش، يۇرۇڭقاش، چىرىيە، كېرىيە قاتارلىق شەھەرنىڭ بەگلىرى ئارقىمۇ ئارقا چىن سۇلالىسىگە ئەل بولىدۇ.

بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئىسيانى بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن تۆھپىسىبار 14 ئۇيغۇرنى چيەنلۇڭ خان بېيجىڭغا چاقىرتىپ، تۆھپىسىگە لايىق خىزمەت بېرىدۇ. مىرزا ھودى بەگكە چىڭۋاڭلىق ئۇنۋان بېرىلىدۇ ھەم ئالتە شەھەرنىڭ مەركىزى يەركەنگە باش ھۆكۈمران قىلىپ بەلگىلىنىدۇ.

## مىرزا ئوسمان بەيسى بەگ

مىرزا ئوسمان بەگ مىرزا ھودى بەگنىڭ 2 ـ ئوغلى بولۇپ، ئاساسەن قەشقەردە ھۆكۈمران بولۇپ ئۆتكەن دىيانەتلىك ئىسلام ئەھكاملىرىغا كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغان، خەلقپەرۋەر كىشى ئىدى. مەۋلانە مۇھەممەت سادىق كاشغەرى «يەركەننىڭ ھۆكۈمدارى مىرزا ھودى بەگنىڭ كۆز نۇرى بولغان ئوغلى ئوسمان بەگ قەشقەرگە

ھاكىم ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە قەشقەر ئاۋات، پاراۋان بولۇپ، خەلققە زىيانداشلىق قىلىدىغان زالىملارغا جازا بېرىپ تۇزىتىلىپ، ئىنساپسىز قاراقچىلار تۈگىتىلگەن، ئالىملار، بىلىملىكلەر ھۆرمەتلەنگەن. ئادالەتپەرۋەر كىشىلەر زالىملاردىن ئۈستۈن تۇرغان. خەلق ھەشەمەتلىك تۇرمۇش بىلەن ئۆتكەن. ئىسلامىي شەرىئەت ئىجرا قىلىنغان. خەلق ھاكىم ئوسمان بەگكە بېغىشلاپ دۇئا قىلىشاتتى» («تارىخى خوجىگان» دىن) دەپ يازىدۇ.

## رىزاشاھ سېتىۋالدى بەيسى ھېكىم

مىرزا ھودى بەگ ۋاپاتىدىن كېيىن رىزاشاھ سېتىۋالدى بەيسى ھېكىم بەگ يەركەنگە ھۆكۈمران بولىدۇ. قانچە ئۇزۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرە يوق، ئەمما زالىم ھۆكۈمران، پارىخور ئەمەلدارلارنى يوقىتىپ، ئىشنى ئادالەت بىلەن يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئادىللىقتا نامى چىققان.

## ھەزرىتى ئاپپاق بەيسى ھېكىم

ئاپپاق بەگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە يەركەن گۈللەپ، ئاۋات بولغان. ئۇنىڭ ھەققىدە «بۇ ھاكىم دەۋرىدە چۆل ـ باياۋاننى كۆكەرتىپ لەڭگەر ياسىغان، مەسچىت، مەدرىسەلەرنى بىنا قىلغان، شەھەر ـــ يېزىلارنى باغۇ ـ بوستانلىقلارغا ئايلاندۇرغان، سۇ چىقىمىغان دەشت ـ باياۋانلارغا ئۆستەڭ چېپىپ، ئاۋات يۇرتقا ئايلاندۇرغان، بۇنىڭ بىلەن خەلقلەر كۆڭۈل ئازادىلىقىغا ئېرىشكەن. بۇ زاماندا قويغا بۆرە چاپماي، ھەممە ئامان يۈرگەن...» دېگەن باھالار بېرىلگەن. بۇ كىشىنىڭ نامىغا كۆپلىگەن مەدھىيە ئوقۇلغان ۋە شېئىرلار يېزىلغان.

## سۇلتان مىرزا ھۇسەيىن بەيسى

سۇلتان مىرزا ھۇسەيىن بەگ سېخى، مەرد، قولى ئوچۇق ئادەم ئىدى. كەمبەغەللەرگە پاناھ، يوقسۇل دېھقانلارغا ئۆي، كالا، ئۇلاق بېرىپ، خەلقپەرۋەرلىك بىلەن ئۆتكەن. ئۇنىڭغا باھا بېرىپ يېزىلغان شېئىرلاردىن ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

## مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگ بەيسى

بۇنىڭ دەۋرىدە زامان تارلاشتى. ناشايان ئىشلار كۆپىيىپ، خەلق نامراتلاشتى. ئۆزى قەرزگە بوغۇلدى. ئالۋان ـ ياساقنى كۆچەيتتى. كەشمىر، تىبەت، ھىندى... دىن ياخشى بولارمەن، دەپ ئەمەلدارلارنى پۇلغا تويغۇزالماي چارىسىز قىلىپ، مەدرىسەلەرنى تىزىملاپ سېتىشقا بۇيرۇق چىقاردى. ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش قاتارلىقلار بىلەن پاسىق ئۆتتى. بۇ بەگ قىلغان يامان ئىشلىرى ئۈچۈن دۇنيادا يامان نام قالدۇرۇپ كەتتى. تارىخچى، شائىرلار ئۇنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى تارىخ سەھىپىسىگە يېزىپ قالدۇردى.

## مىرزا ئىسھاق (ئىززاق) ۋاڭ

مىرزا ئىسھاق ۋاڭ كۇچار، قەشقەرلەردە ۋاڭ بولغان 1859ـ يىلى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار تىنچىتىلغان بولسىمۇ، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ ئوغلى سامساق خوجا ئىسيانغا تەييارلىنىدۇ. سامساق خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى يۇسۇپ خوجىنىڭ جاھانگىر خوجا، باھاۋىدىن خوجا دېگەن ئىككى ئىنىسى 1820 ـ يىلىدىن 1828 ـ يىلىغىچە بەش قېتىم ئىسيان قىلىدۇ. قوقەنت خانى مەدىلى خاننىڭ

ياردىمىدە ئىسيانچىلار قىرغىز خەلقىنى بۇلاپ تالايدۇ. كۇچارلىق مىرزا ئوسمان ۋاڭنىڭ 2 - ئوغلى جۇنۋاڭ مىرزا ئىسھاق (ئىززاق) بەگ ئۇ ئىشلارنى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى زالۇڭاغا مەلۇم قىلىسمۇ، ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. جاھانگىر خوجا 1820 - يىلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندىن باشلاپ، ھەر قايسى ئۇرۇشتا يېڭىلىسىمۇ ئۇزۇلدۇرمەي بەش قېتىم چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قىلىپ ئاخىرقى ھۇجۇمىدا قەشقەردىن قېچىپ، مۇجى، ئالاي، لاخشا، دەرۋاس قاتارلىق جايلاردا يۈرۈپ، 1828 - يىلى چاغان ۋاقتىدا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ قېتىم ئاتۇش خەلقى ئەگەشمەيدۇ. جاھانگىر خوجا ئىلاجسىز قېچىپ كېتىدۇ. («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن). 6000 كىشىلىك چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى قوغلايدۇ. جاھانگىر خوجا قارا تاغقا بېرىۋالىدۇ، لېكىن ئۇ قورشاۋدا قالىدۇ. جاھانگىر خوجا نائىلاج «ئىسھاق ۋاڭ سىز كېلىپ مېنى باغلاڭ، خانغا ئاپىرىپ ئىنئام ئېلىڭ!» دەيدۇ. ئىسھاق ۋاڭ «تەقسىر، جانابلىرىنى قانداقباغلىغىلى بولسۇن» دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ. جاھانگىر خوجا بېلىدىكى رومىلىنى ئېلىپ ئىككى قولىنى ئۆزى باغلاپ «مەندىن ئىجازەت، باغلانغان ياغلىقنىڭ ئۇچىدىن يېتىلەپ بېرىڭ» دەيدۇ. ئىسھاق ۋاڭ «خوش» دەپ يېتىلەپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ قوماندانى ياڭ فاڭنىڭ يېنىغا بارىدۇ. 1928- يىلى 6- ئايدا جاھانگىر خوجا بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىلىپ شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلىدۇ. («تارىخىي ھەمىدىيە» دىن ئېلىندى).

## مىرزا ئەھمەت ۋاڭ

كۇچار، ئاقسۇ، يەركەن قاتارلىق جايلاردا ۋاڭ بولغان مىرزا ئەھمەت ۋاڭ روھلۇق، ئىرادىلىك ئالىم، ئۆلىما، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا سادىق كىشى بولۇپ، بۇخارالىق موللا كېرەم

داموللانىڭ «ئاقايىن» (غقايىن) دېگەن كىتابىدا مىرزا ئەھمەت ۋاڭنىڭ مەسچىت، مەدرىسە، خانىقا بىنا قىلغانلىقى، يېتىم - يېسىرلارغا رەھىمدىل، قولى ئوچۇق ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. مىرزا ئەھمەت ۋاڭ 1862 - يىلى يەركەننىڭ ھاكىملىقىدىن قالدۇرۇلۇپ كۇچاردا يارلىق ساقلاپ تۇرغان مەزگىلدە كۇچاردا، كۇچارلىق ئۇيغۇر ئاللاياربەگ، خۇيزۇ ماشىزا ئاخۇنلار باشچىلىقىدا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ غەلىبە قىلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار مىرزا ئەھمەت ۋاڭغا «سىلىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى يۇرت سوراپ كەلگەن، ھازىرمۇ بىزگە ئاتىدارچىلىق قىلىپ، بىزگە باش بولۇپ بەرسىلە، بىز ھۆكۈملىرىگە بويسۇنىمىز» دەيدۇ. مىرزا ئەھمەت ۋاڭ «ئەي خالايىق، خىتاي خەلقى ناھايىتى جىق، بىز مۇسۇلمانلار ئاتىنىڭ قاشقىسى بولساق، ئۇلار ئاتىنىڭ تۈكىدىنمۇ تولا، تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. مەن ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كەلگەن. ئۇلار دىنىسىز بولسىمۇ، تۇزىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماق لازىم. مەن خاندىن يۈز ئۆرىمەيمەن. كىمنى خالىساڭلار شۇنى باشلىق قىلىڭلار، 70 ياشقا كىردىم. باشقا ئارزۇيۇم يوق» دەيدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭ سۆزىگە غەزەپلىنىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ھىجرىيە 1281 - يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 2 - جۈمە كۈنى ئىدى. جەسىتى كۇچار كۆككۈمبەزلىكتىكى ۋاڭلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. («تارىخىي ھەمىدىيە» دىن ئېلىندى).

## مىرزا ھامۇت ۋاڭ

1878 — يىلى ياقۇپ بەگنىڭ 14 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى شىنجاڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مىرزا ئەھمەت ۋاڭنىڭ ئوغلى مىرزا ھامۇت ۋاڭنى ئىزدەپ تېپىپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىدا چىنۋاڭلىق ئۇنۋانى

بېرىپ، ئارىلىقتا قېلىپ قالغان نەچچە يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن يامبۇ، كۈمۈشلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. مىرزا ھامۇت ۋاڭ ئاقسۇ، خوتەن ۋىلايەتلىرىنى سوراپ 11 يىل ۋاڭلىق قىلىدۇ. («تارىخىي ھەمىدىيە» دىن ئېلىندى).

## مىرزا مامۇت ۋاڭ

مىرزا مامۇت ۋاڭ ھامۇت ۋاڭنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ كۇچارنى 10 يىل چىنۋاڭ نامى بىلەن سورىغان.

## مەمتىمىن شىتەي ۋاڭ

مىرزا مامۇت ۋاڭنىڭ ئوغلى مەمتىمىن شىتەي ۋاڭ 1898 - يىلى تۇغۇلۇپ، 23 يىل چىنۋاڭ نامى بىلەن يۇرت سورايدۇ، قوشۇمچە ئۈچتۇرپاندا چېگرا ساقلىغۇچى ھەربىي (شىتەيلىك مەنسىپىدە) ئەمەلدار بولۇپ قوش تامغا تۇتىدۇ. ئۇ ئۈچتۇرپاندا شىتەي بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە چەت ئەلدىن كىرگەن شاپدان باتۇرنى تۇتۇپ مۇكاپاتلىنىدۇ. كېيىن ياڭ زېڭشىنىڭ مەخپىي بۇيرۇقى بىلەن قەشقەرگە ئەسكەر ئېلىپ بېرىپ، ماشاۋۇ (مادوتەي) بىلەن بىرلىشىپ، مىلىتارىست مافۇشىڭ (ماتىتەي) نى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرىدۇ. ئۇ ئۈچتۇرپاندا 1923 — يىلى ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى كۇچارغا ئېلىپ بېرىلىپ، كۆككۈمبەزلىكتىكى ئەجداتلىرى يېنىغا قويۇلىدۇ.

## مەھپۇز چىنۋاڭ

ئەسلىدە مەمتىمىن شىتەي ۋاڭنىڭ ئوغلى يوق ئىدى، تۇت ئوغلى بار ئىنىسى مەخسۇت خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى مەھپۇز خوجىنى

كىچىكىدىن ئوغۇل قىلىپ بېقىۋالدۇق. چوڭ بولغاندا، قىزى مەرەم خېنىمنى بېرىپ كۈيئوغۇل قىلىش بىلەن بىرگە يۇقىرىغا يوللاپ، تەيجىلىك ئورنىغا ئىگە قىلىپ، ئىز باسار ۋاڭ قىلىپ يېتىشتۈردۇ.

1923 - يىلى مەمتىمىن شىتەي ۋاڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى ئاپپاق خوجا «گوەندى» دېگەن ھەربىي ئەمەلگە، مەھپۇز خوجا كۇچاردا چىنۋاڭلىق مەنسىپگە ئولتۇردۇ. مەھپۇزۋاڭنىڭ ئىمتىيازى ئاساسەن دىنىي ئىشلار، خەلق ئىشلىرى بولۇپ، مەسچىت، مەدرىسەلەرنى باشقۇرۇش، ئاخۇنلارنى يۆتكەش، ۋەخپە كىرىملىرىنى باشقۇرۇش، ھېيت - ئايەم، سەيلە - ساياھەت كۈنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

مەھپۇز ۋاڭ مانجۇچە ئۇزۇن - قىسقا چاپان، قېلىن ئاق چەملىك خەي، بېشىغا شىلەپە كىيىپ، بىر غۇلاچ غاڭزىنى ئېلىپ يۈرۈيدىغان، ھېيت نامازلىرىغا بارىدىغان، ئاددىي - ساددا، كەمتەر كىشى بولۇپ، بەزىدە قول ئاستىدىكىلەر بىللە قوناق ئۇزۇش، سوقۇش قاتارلىق ئىشلارنى بىللە قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باشقا ۋاڭلاردەك ئىسراپخورلۇق، شەھۋانىلىقدەك يامان ئىشلارغا بېرىلمىگەن. ئۇنىڭ سەككىز دەك مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، بەزىدە ئۇلارنى ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدە بىللە ئېلىپ يۈرگەن.

1933 - يىلى تۆمۈر ئېلى سىجاڭ كۇچارنى ئىشغال قىلغاندا مەھپۇز ۋاڭ مانجۇچە كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، قارا مەخمەلدىن ھەربىي كىيىم، ھەربىي ئۆتۈك، شەپكە كىيىدۇ ۋە 3 مىڭدەك ئەسكەر ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا سىجاڭ ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا قوماندان مەمتىمىن شاڭزۇڭ، مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئابلىزخان، كاتىپ موللا ئۆمەر، مەسلىھەتچى شەمشىم دېگەنلەر بىرگە بولىدۇ.

مەھپۇز ۋاڭ تۆمۈر ئېلى قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە كورلا، قارا شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ. ماجۇڭيىڭ

خوجىنىياز ھاجىنى قوغلاپ كۇچارغا كەلگەندە، مەھپۇز ۋاڭ قىسىملىرىنى رەتلەپ، ماجۇڭيىڭ قىسمىنى توساپ جەڭ قىلىدۇ ۋە شايارنى ساقلاپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا شىڭ شىسەي مەھپۇز ۋاڭنى شايارغا ھاكىم قىلىپ بەلگىلەيدۇ. 1937 - يىلى بېكتىبايوف باشچىلىقىدىكى رۇس قوشۇنى زەمبىرەك - توپلار بىلەن ماجۇڭيىڭ قىسمىنى تازىلايدۇ. 1937 - يىلى 6 - ئايلاردا شىڭ شىسەينىڭ يالانما قوشۇنى بولغان رۇس ئارمىيىسى مەھمۇت مۇھىتى ۋە ماخۇسەن قىسىملىرىنى يوقاتقاندا، مەھپۇز ۋاڭ ماخۇسەن قىسىملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ماخۇسەن قىسىملىرى مەھپۇز ۋاڭنى خوتەنگە ئېلىپ ماڭغاندا مەھپۇز ۋاڭ قېچىپ تارىم جاڭگاللىقىدا پاناھلىنىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شىڭ شىسەي قىسمى ئىز بېسىپ قوغلاپ، ئۇنى تۇتۇپ قامايدۇ. مەھپۇز ۋاڭ شىڭ شىسەينىڭ 1938 - يىلىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقىدا ئۇرۇمچى 2 - تۈرمىدە سىرتماق بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## داۋۇت چىنۋاڭ

1942 - يىلى كۇچارلىق ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن مۇھەممەت سېيىت خوجا، گەندەي خوجىنىڭ ئوغلى توختى خوجىلار شىڭ شىسەيگە ۋاڭ، گۇڭ، ئاخۇن، لامالارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى مەڭگۈ ساقلاش سىياسىتى بويىچە، ۋاڭلىق بىزگە بېرىلسە، دەپ ئەرز يازىدۇ. شىڭ شىسەي شۇ چاغدىكى كۇچارنىڭ ھاكىمىغا كۇچاردىكى ۋاڭ ئەۋلادلىرىدىن مۇۋاپىقراق بىرىنى ۋاڭ قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرىدۇ. ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن، كۇچار خانىقادا يىغىن ئېچىلىدۇ، يىغىندا «مەھپۇز ۋاڭنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئوغلى يوق ئىدى. ئۇ 3 - ئىنىسى مۇھەممەت ھاشىم خوجىنىڭ داۋۇت خوجا دېگەن ئوغلىنى بالا قىلىپ بېقىۋالغان، شۇنى ۋاڭ قىلساق» دېگەن پىكىر كۆپ سانلىق ئىگىلەيدۇ. شىڭ شىسەيگە مەلۇم قىلىغاندىن

كېيىن شۇ يىلى 6 ـ ئايدا تەستىق كېلىپ، داۋۇت ۋاڭ كوچارغا چىنۋاڭ بولىدۇ ۋە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىلىپ 1945ـ يىلىغىچە ئوقۇيدۇ. قايتىپ كېلىپ ناھىيىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كېيىن كوچار، توقسۇن، شاياردىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە گومىنداڭ فىرقىسىنىڭ تەپتىشى، گومىنداڭنىڭ ئاقسۇدىكى دۇبىزيىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن خانىقتام رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە كوچار لىن جىلۇ خاتىرە سارىيى قاتارلىق ئورۇنلاردا تەرجىمان، كوچار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

(بۇ نەسەبنامە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمى كىتابلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ئىشخانىسى 1986ـ يىلى نەشر قىلغان 1 ـ سانىدىن ئېلىندى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كوچار ۋاڭلىقى نەسەبنامىسىنى تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.)

## قارىقاشتىكى گوك ـ غوجىلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى دەسلەپكى يىللىرى (1780ـ يىللار) يەركەندە تۇرغان خان ئامبال خوتەن ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، خوتەندىن بىر كىشىنى يەركەنگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىشنى بۇيرۇيدۇ. خوتەن، قارىقاش تىۋەت يېزىسىنىڭ چاقار كەنتىدىكى ھېزىم ئاخۇن دېگەن كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

ھېزىم ئاخۇن يەركەندىكى خان ئامبالغا خوتەن خەلقىنىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ، يېقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن «ھەمشا قىز» دېگەن مەنسەپكە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھېزىم ئاخۇن خان ئۈچۈن ساداقەت كۆرسىتىپ ۋە مەنسىپى بارا ـ بارا ئۆسۈپ، «ئىشقى بەگ» دەپ نام ئالىدۇ. كېيىن خوتەنگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ ۋە ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ھېزىمشاھ، ھېكىمبەگ دەپ ئاتىلىدۇ.

ھېزىم ھېكىمبەگنىڭ 1780 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان 169 يىل ئىچىدە ئالتە ئەۋلادى ئۆتىدۇ. ئۇلار: ھېزىم شاھ ھېكىم ئوغلى خۇش كېپەك، خۇش كېپەك ئوغلى مۇبارەك شاھ ھېكىم، مۇبارەك شاھ ھېكىمنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىلى گۇڭ، مۇھەممەت ئىلى گۇڭنىڭ ئوغلى مۇسا گۇڭ، مۇسا گۇڭنىڭ ئوغلى ناسىر گۇڭ، ئەپرۇز گۇڭ، زايىت گۇڭ، ئىمىن ئەلەم، مۇھەممەتخان گۇڭ قاتارلىق بىر قانچە چوڭ ـ كىچىك ئوغۇل ـ قىز «گۇڭ» لاردىن ئىبارەت بولۇپ، ھېزىم شاھ ھېكىمنىڭ مەنسەپ ۋارىسلىرى مۇھەممەت ئىلى گۇڭ زامانىدىن باشلاپ «گۇڭ غوجىلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

گۇڭلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە كۆپلىگەن بوز يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىشتىن سىرت، قاراقاش دائىرىسىدە «ئاق مەدرىسە»، «چوڭ مەدرىسە»، «قوخ كۆل مەسچىت»، «چاقار مەدرىسە»، «سىرلىق مەسچىت» قاتارلىق تۆت جايدا مەدرىسە، تۆت جايغا مەسچىت سالدۇرىدۇ. 2000 مودىن ئارتۇق يەرلەرنى مەدرىسە، مەسچىتلەرگە ۋەخپە قىلىپ ئايرىپ بېرىدۇ.

كېيىن خان يارلىق چۈشۈرۈپ، قارا قاشتىن 50 ئۆيلۈك يوقسۇل دېھقاننى گۇڭلارنىڭ خىزمىتىگە قويىدۇ. ئۇلار يىل بويى گۇڭلارنىڭ بوز يەر ئېچىش، تېرىلغۇ يېرىگە ئىشلەش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش قاتارلىق ئېغىر ئەمگەكلەرنى قىلىدۇ. كېيىن زۇلۇمغا چىدىماي، ئامبالغا ئەرز شىكايەت قىلىدۇ. ئامبال بىلىك دارىن بېيجىڭدىكى خانغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، خان 50 ئۆيلۈك دېھقانلارنى گۇڭلارنىڭ خىزمىتىدىن بوشىتىۋېتىدۇ. گۇڭلارنىڭ تۈرلۈك خىراجەت چىقىملىرىنى قاراقاش تەۋەسىدىكى تۇياق بېجى ئارقىلىق قامداش بەلگىلىنىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئايلىق مائاش بېرىش يولغا قويۇلىدۇ.

گۇڭلار ئۆزلىرىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز دەرگاھىدا 16 قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇپ،

ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولىدۇ. بىراق، بەدۆلەت جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 14 يىل ئىچىدە، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بەدۆلەت ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندا، گۆڭلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى قايتا تىكلىنىپ، ھۆكۈمرانلىقىلىش دائىرىسىمۇ كېڭىيىدۇ ۋە سىيىت گۆڭ يېڭىسار ناھىيىسىگە گۆڭ، ناسىر گۆڭ ئامبال، زايىت گۆڭ ھەربىي باشلىق قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. كېيىن زايىت گۆڭ غۇلجا، ئاقسۇ، كۇچار، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ۋالىي، بانكا باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

كېيىنكى تەخت ۋارىسلىرىدىن ئەپرۇز بەگ قاراقاشتا مىڭ بېگى (ئىككى مىڭ كىشىگە) بولىدۇ، مەھەممەتخان غوجا قارا قاشنىڭ بېگى، ماخوسەن دەۋرىدە ئامبال، گومىنداڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولىدۇ. ئۇ 1948 - يىلى ۋاپات بولىدۇ.

ئىمىن ئەلەم 1933 - يىلى يەركەننىڭ ۋالىيسى، ماخوسەن دەۋرىدە قاراقاشنىڭ ئامبىلى بولىدۇ. كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن بۇ گۆڭ - غوجىلار ئىچىدىن ئالتىسى قاراقاشنىڭ تىۋەت يېزا چاقار مەدرىسە ئالدىدىن ئۆزىگە مەغپىرە تىكلەيدۇ.

## باي ناھىيىسىدىكى گۆڭ - غوجام ئوردىسى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى باي ناھىيىسىنىڭ بازىرىدىكى يار كوچىسىنىڭ شەرق تەرىپىدە (ھازىرقى ناھىيىلىك خىش زاۋۇتى ئائىلىكلەر بىناسى ئورنىدا) «گۆڭ غوجام ئوردىسى» دېيىلىدىغان كۆلىمى ئون كۋادىرات مېتىر ئورۇننى ئىگىلىگەن، ياغاچ ۋە كېسەكدىن قوپۇرۇلغان بىر قورۇلۇش بولغان. قورۇلۇش ئاددى بولسىمۇ ئالاھىدىلىكى، ئورنىنىڭ كەڭلىكى بىلەن كۆزگە

چىلىقىدىكەن، بۇ قورۇلۇش ـ «ئوردا» 1884 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ ئاخىرىدا سېلىنغانىكەن.

1865 ـ يىل ئەتراپىدا ياقۇپبەگ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى ھاكىم بېگى ئابدۇرېھىم بەگ، يېڭىسارنىڭ بېگى سوپۇرگە ئاخۇن، پەيزىۋات بېگى ئەھمەت قۇربان (ئەسلى موزدۇز) لار بېيجىڭغا يوشۇرۇن قېچىپ بېرىپ، ياقۇپبەگنىڭ قىلمىشىنى خانغا مەلۇم قىلىدۇ. 1875 ـيىللىرى زوزۇڭتاڭ ئەسكەر باشلاپ چىقىپ ياقۇپبەگ (بەدۆلەت) تىن شىنجاڭنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە قىلىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنى قايتۇرۇپ ئېلىشتاخىزمەت كۆرسەتكەن بىر بۆلۇم كىشىلەرگە ئەمەل ـ مەنسەپ بېرىلىدۇ. ياقۇپبەگ دەۋرىدە بېيجىڭغا ئەرز ئېيتىپ بېرىپ شىنجاڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات بەرگەنلەرنىڭ دېرىكى قىلىنىدۇ ۋە ئەمەت ئاخۇن بايغا گوڭ قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئۇ باي ناھىيىسىگە «گوڭ غوجام ئوردىسى» نى سالدۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇنى «ئەمەت گوڭ» دەپ ئاتايدۇ. ئەمەت گوڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سىدىق گوڭلۇقتا ۋارىسلىق قىلىپ، سىدىق گوڭ دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا، گوڭلۇقتا سىدىقنىڭ ئوغلى سۇلتان غوجا ۋارىسلىق قىلىدۇ.

جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن ۋاڭلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. گومىنداڭ دەۋرىدە ۋاڭلىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ۋاڭ، گوڭلاردا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بولمايدۇ. سۇلتان غوجا 1950 ـ يىللاردا ۋاپات بولىدۇ.

## ئەلەن ۋاڭ

ئەلەن ۋاڭ توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن ئاۋۋال ئەلەن ۋاڭنىڭ ئاتىسى جېڭىسقاندىن بوۋىلىرى كۆگىدايغىچە بولغان تۆت بوۋىسى توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھات بېرىمىز.

ئەلەن ۋاڭنىڭ تۆتىنچى بوۋىسى كۆگىداي (كۆكتىكى ئاي) 1770 - يىلى تۇغۇلغان، ئۇ 1785 - يىلى ئاباق كېرەيگە تۆرە بولىدۇ. 1790 - يىلدىن 1824 - يىلغىچە جىڭگۇ گۇڭ مەنسىپى بىلەن 39 يىل ئاباق كېرەيگە هۆكۇمران بولۇپ، 1823 - يىلى قەستە بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. (كۆگىداي 1823 - يىلى ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەمىلى 1824 - يىلغىچە ساقلىنىپ تۇرغان.)

كۆگىداي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ 1807 - يىلى تۇغۇلغان ئىككىنچى ئوغلى ئاجى(جانغازى) 17 يېشىدا گۇڭلۇق مەنسىپىگە ئولتۇرۇپ، 44 يىل ئاباق كېرەيگە هۆكۇمران بولۇپ، 1876 - يىلى 61 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

ئاجىنىڭ سېيىلقان، قاسىمقان ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بولغان (سېيىلقان ياش ۋاقتىدا ۋاپات بولىدۇ)، قاسىمقان 1843 - يىلى تۇغۇلىدۇ. ئۇ 1868 - يىلدىن باشلاپ، گۇڭلۇقتا 22 يىل ۋارىسلىق قىلىپ، 1890 - يىلى 56 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

قاسىمقاننىڭ ئوغلى جېڭىسقان 1860 - يىلى تۇغۇلىدۇ، ئۇ 1890 - يىلى 27 يېشىدا دادىسىنىڭ گۇڭلۇق مەنسىپىگە ئولتۇرۇپ، 22 يىل ئاباق كېرەيگە هۆكۇمران بولۇپ، 1912 - يىلى 49 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. جېڭىسقاننىڭ چوڭ خوتۇنى قالمان خانىمدىن، سەئۇدى (سەئىدى ۋاققاز)، ئەلەن(ئەل مۇھەممەت)، كىچىك خوتۇنى مەتىكە خانىمدىن شارىپقان، شاھمەردان (شاھسۇلتان) ئىسىملىك باللىرى بولغان. جىڭىسقان هايات ۋاقتىدا 1889- يىلى تۇغۇلغان ئوغلى ئەلەننىڭ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. جۇملىدىن ئەلەن 1912 - يىلى گۇڭلۇق مەنسىپىگە ئولتۇرىدۇ. جۇڭخۇا مىنگو هۆكۇمىتى 1913 - يىلى ئەلەنگە جۇنۋاڭلىق ئەمىلى بېرىدۇ.

ئەلەن بالا ۋاقتىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت ساۋاتىنى چىقىرىدۇ. كېيىن ئۇ دادىسى جېڭىسقانغا كاتىپ بولىدۇ جۇنۋاڭ

بولغاندىن كېيىن ئالتە ئاي سار چوقىدا 12 قاناتلىق كىگىز ئۆي قۇرۇپ، كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ، سار چوقىنى ئەلەن ۋاڭ چوققىسى دەپ ئاتايدۇ. ئەلەننىڭ ۋاڭ بولغان ۋاقتىدا شىنجاڭدا موڭغۇلىيەنىڭ قۇبدىغا كىرىشى، رۇسلارنىڭ بۇرچۇنگە 1300 ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئاباق كېرەينى روسىيىگە قاراشقا مەجبۇرلىشى قاتارلىق ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بۇ چاغدا ئەلەن ۋاڭ باشلىق كىشىلەر روسىيەنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ئالتاي ۋىلايىتى تەسىس قىلىنىدۇ. ۋىلايەتنىڭ ئامبىلى داۋيىڭ دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇ يىللاردا چارروسىيەدىن 100 نەچچە قازاق ئائىلە (ئورتا يۈز، نايمانلاردىن) ئالتايغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، 1919 - يىلغا كەلگەندە روسىيىگە قايتىپ كېتىدۇ. 1921 - يىلى 5 - ئايدا چارروسىيىنىڭ قاچاق گېنېرالى بەكىش 700 ئادىمى بىلەن تارباغاتاينى بۇلاپ، ئالتايغا كېلىپ بۇرچۇن، سارسۇمبىلەرنى بېسىۋالىدۇ. بۇ ئىشتىن قورققان ئالتاي داۋيىڭى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ، ئەسكەرلىرى ئۈرۈمچىگە قاچىدۇ. بەكىشنىڭ ئەسكەرلىرى يەرلىك سودىگەرلەرنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋالىدۇ. بۇ چاغدا ئەلەن ۋاڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، بەكىشكە لازىملىق نەرسىلەرنى بېرىدىغان بولۇپ، 7 - ئايدىن بۇرۇن موڭغۇلىيىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ئالتاينى تىنچلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياڭ زېڭشىن ئەسكەرلىرى بەخىرامان ئالتايغا كىرىدۇ. قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاقلارنى قوغلاپ كەلگەن ئەسكەرلىرى بىر قىسىم ئولجا ئېلىپ قايتىپ كېتىدۇ. شۇ يىلى 9- ئايدا ۋى جىڭگۇ قوماندانلىقىدا ياڭ زېڭشىننىڭ بىر دىۋىزىيە ئەسكىرى ئالتايغا ئورۇنلىشىدۇ. ئەلەن ۋاڭ ۋاڭ بولغان 1912 - يىلىدىن 1922 - يىلىغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە ئالتايغا بىر قانچە ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلار كەلگەن بولسىمۇ، ئەلەن ۋاڭنىڭ پىكرىسىز ئىش قىلالمايدۇ. 1922 - يىل ياڭ زېڭشىن ئەلەن ۋاڭ بىلەن قاناپىيە بەيسىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ، يەر ۋە خەلقنى قوغدىغان خىزمىتى ئۈچۈن تۆڭلىڭ

(ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدار) ئەمىلى بېرىپ، ئايلىق مۇئاشىنى 80 سەر كۈمۈشكە ئۆستۈردى. ئەلەن ۋاڭغا مۇز تاغدىن (ئالتايدىن) ھازىرقى دوستلۇق چوققىسىغىچە قوغداش ھوقۇقى بېرىپ، 300 ئەسكەر تۇتۇشنى بەلگىلەپ، لىيۇ فامىلىلىك كىشىنى مەسلىھەتچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئەلەن ۋاڭ ئالتايدىن نەزەربەگ نەبىجاننى مەسلىھەتچى قىلىپ، 1930 - يىلىغىچە ۋاڭلىق مەنسىپىنى داۋاملاشتۇردى. 1933 - ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئالتايغا كىرگەندە ئەلەن ۋاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شېرىپقان قىسىملىرى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى ئالتايدىن قوغلىۋېتىدۇ.

ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، شېڭ شىسەي چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدىن قالغان ۋاڭلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، بەگلىك تۈزۈمى ئورنىتىدۇ. شېرىپقان ۋالىي ۋە گارنىزون قوماندانى بولىدۇ. شېرىپقان ۋالىي بولغاندىن كېيىن خەلقنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىدۇ، خەلقنىڭ مال بېجى، ئۆشرە زاكاتلىرىنى يىغىپ مەكتەپ سېلىش، كۆلۈب سېلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدۇ. ئەلەن ۋاڭ 1934- يىلدىن باشلاپ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، مەدرىسەلەرنى مەكتەپ قىلىدۇ. ئالتە سىنىپلىق «نۇرلان» نامىدا مەكتەپ سالىدۇ ۋە مەكتەپنى ئۆزى باشقۇرىدۇ. جىمىنەيدە ماگىزىن ئېچىپ، سوۋېت بىلەن سودا قىلىدۇ. 1939 - يىلى ئەلەن ۋاڭ ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ، 1941- يىلغىچە نازارەت ئاستىدا تۇرىدۇ. 1942- يىلىدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە ئايالى ۋە بالىلىرى بىلەن بىللە نازارەت ئاستىدا ياشايدۇ. ئەلەن ۋاڭ نەزەربەندتىن بوشىتىلغاندا گومىنداڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك تەشۋىقات ئىدارىسىدىن خىزمەت بېرىپ، ئالتاي پارتىزانلىرىنى كۆندۈرۈشكە ئالتايغا ئەۋەتىدۇ. 1944 - يىلى ئالتايغا كېلىپ ۋالىي بولىدۇ. كېيىن گومىنداڭ ئەلەن ۋاڭ، نۇرقوجاي، جانىمقاننى ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەلەن ۋاڭ تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا،

ئادىل، خىزمەتنى ئىغىر - بېسىقلىق بىلەن باشقۇرىدىغان، سىپايە، ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك، يۈزىدە ئاز - پاز دېغى بار كىشى ئىكەن، ئۇ ئۆمرىدە بىرلا قېتىم خادىۋاڭ خانىمغا ئۆيلەنگەن. ئەلەن ۋاڭ 1961 - يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## خادىۋاڭ

1895 - يىلى تولى ناھىيىسىدە تۇغۇلغان خادىۋاڭ (خەدىچە) كۆگىدايىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئادىل غازىنىڭ نەۋرىسى، مامۇر بەگ تۆرىنىڭ قىزى، ئەلەن ۋاڭ بىلەن 1910 - يىلى توي قىلىدۇ. خەدىچە ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، پېشانىسى كەڭ، بۆرەك يۈز، قارا كۆز چىرايلىق ئايال. ئانىسى قىزايىنىڭ ساما تۆرىسى، دادىسى كېرەيىنىڭ كۆگدەي تۆرىسى، خادىۋاڭنىڭ نەسەبى تۆرە بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدۇ، خادىۋاڭ ئوردا ئىشىغا ئارىلاشمىغان بىلەن ئوردا چارۋىسىنى باشقۇرىدۇ. كۆگداي بىلەن جېڭىسقان گۇڭغىچە ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئالىدىغان چارۋا سېلىقى يىلىغا 1000 قوي بولۇپ، ئىلگىرى ئۇلارنى يەپ - ئىچىپ تۈگەتكەن. خادىۋاڭ كېلىن بولغاندىن كېيىن، ئوردا قائىدىسىنى ئۆزگەرتىپ، دادىسى بەرگەن 500 قوينى گۇڭ ئوردىسىنىڭ 1500 قويىغا قوشۇپ بېقىپ بېيىش يولىغا ماڭىدۇ. 20 يىل ئىچىدە قوينى 35 مىڭغا، يىلقىنى 5 مىڭغا، تۆگىنى 600 غا يەتكۈزىدۇ. مېلى كۆپەيگەندىن كېيىن، يايلاقتىن قىسىلىپ سودا قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ 1930 - يىلغا كەلگەندە ياۋروپا - ئاسىيا شىركىتىدە خىزمەت ئىشلىگەن ئارغىن تۆلەغازى دېگەن ئادەمنى سودا باشقۇرۇشقا قويۇپ، يۇڭ - تېرە، ئۈچەي، تىرىك چارۋا - ماللارنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ ئۇ يەردىن سانائەت مېلى ئېلىپ كېلىپ سودا قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە ۋاڭ ئوردىسىغا، شىرىپخان تۆرەگە بىردىن كىچىك ماشىنا سېتىۋېلىپ، كۆكتوقاي، چىڭگىلغا قەدەر سانائەت مېلى ئاپىرىپ

سىتىپ سودا قىلىدۇ.

ئالتايدا قازاقلاردىن ئەڭ دەسلەپ ماشىنىدا ئولتۇرغان، سودا قىلغان، بولۇپمۇ چەت ئەل بىلەن سودا قىلغان كىشى خادىۋاڭ خانىمدۇر. ئۇ يايلىقى سار چوقىغا تاختايلىق ئۆي سالىدۇ، توستى، ئايرىسۇ، جىمىنەيگە پىششىق كېسەكتىن قورۇجاي، مەدرىسە ـ مەسچىت سالدۇرىدۇ. توستىدا بوز يەر ئېچىپ، ئاشلىق، بېدە تېرىدۇ. سوۋېتتىن نەسىللىك مال ئېلىپ كېلىپ، چارۋىلارنى نەسىللەندۈرىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇنىڭ سودىسى تەرەققىي قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزگەن سانائەت ماللىرىنى تارباغاتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئاپىرىپ سودا قىلىدۇ. ئۇ شۇ جەرياندا ئۇيغۇر، خەنزۇ، رۇس، ئۆزبېك، تاتار سودىگەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، سودا دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ. دەل شۇ چاغدا، يەنى 1938 ـ يىلى سودا باشقۇرغۇچىسى ئارغىن تۆلە غازى قولغا ئېلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سودىسى توختايدۇ. 1942ـ يىلى گومىنداڭ مەخسۇس ماشىنا بىلەن خادىۋاڭنى بالىلىرى مىللەتقان، باتۇقان، قىزى زادە، مەسخۇدە، كىچىك بالىسى چۆكتايلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ ئېرى ئەلەن ۋاڭغا قوشۇپ نەزەر بەند قىلىدۇ. ئوغلى زەكىقاننى مال ـ مۈلكىنى باشقۇرۇشقا قويۇپ قويىدۇ. 1944 ـ يىلى ئەتىيازدا ئەلەن ۋاڭ، خادىۋاڭ ۋە بالا ـ چاقىلىرى نەزەر بەندتىن بوشىتىلىدۇ، ئەلەن ۋاڭنى ئالتايغا مۇئاۋىن ۋالىي، بىر ئايدىن كېيىن، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئەلەن ۋاڭ كېسەللىكىنى سەۋەب قىلىپ خىزمەتكە بارمايدۇ، شۇ چاغدا بەيتىك ئەتراپىدىكى 200 ئائىلىلىك قازاق چارۋىچى چونجىغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ خادىۋاڭنى پۇقرالارغا تەشۋىق قىلىش ئۈمەك باشلىقى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. خادىۋاڭ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چونجىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان قازاق ئائىلىسىگە ماددىي ياردەم بېرىشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. 1945 ـ يىلى گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى يېشىن

يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنى ئۆزگەرتىپ قۇرغاندا خادىۋاڭنى دەسلەپ شىركەت ھەيئىتى، كېيىن مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

1946 — يىلى 4 - ئايدا گومىنداڭ خادىۋاڭنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى قىلىپ بەلگىلەيدۇ، گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك ئىككىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ھەيئەت ۋە دائىمىي ھەيئەت بولۇپ سايلىنىپ، گومىنداڭ پىرقە باشلىقلىرى قاتارىدا ئورۇن ئالىدۇ. 1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىڭ شىسەي دەۋرىدە مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى ئىنىقلاش ھەيئىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولۇپ سايلىنىدۇ.

خادىۋاڭ 1946 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچى ۋالىيسى ھەم سىلىڭبۇنىڭ سىلىڭى، 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ نازارەتچىسى بولىدۇ، 1946 - يىلى 6 - ئايدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت نەنجىڭدە ئېچىلغان گومىن داخۇيغا قاتنىششقا ئۆلكىدىن بىر كىشىنى تاللاشنى قارار قىلىپ خادىۋاڭنى تاللايدۇ. خادىۋاڭ گومىن داخۇيغا قاتناشقان مەزگىلدە جاڭ جېشى قاتارلىقلار قوبۇل قىلىدۇ. ئۇ سۇڭ مېيلىڭ باشقۇرغان يىغىندا شىنجاڭ ئاياللىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىدۇ. خادىۋاڭ 1962 - يىلى ۋاپات بولىدۇ. (ئەلەن ۋاڭ بىلەن خادىۋاڭ ھەققىدىكى ماتېرىياللار قازاقچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر» ژۇرنىلى 2000 - يىلى 4 - سانىدىن ئېلىندى).

## مەنخەنۋاڭ

مەنخەنۋاڭ (خەن - خاقان، ۋاڭ پادىشاھ دېگەن مەنىدە)، يەنى مانجوكجاپ 1915 - يىلى تۇغۇلىدۇ. موڭغۇللارنىڭ كونا تورغۇت جەنۇبىي تۆرت خوشۇنىنىڭ خەنۋاڭى بولغان دادىسى بويۇن مۆڭگو 1917 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۆلگەندىن كېيىن مانجوكجاپ

جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقى بىلەن شۇ يىلى 5 - ئايدا ئىككى ياش ۋاقتىدا دادىسىنىڭ ئورنىغا خەنۋاڭ بولىدۇ ۋە مەنخەنۋاڭ دەپ ئاتىلىدۇ. مانجوكجاپ كىچىك بولغاچقا خەنۋاڭلىق ھوقۇقىنى ئەمەلىيەتتە ئانىسى يۈرگۈزىدۇ.

بويون مۆڭگونىڭ دادا بىر، ئانا باشقا ئىنىسى دروبدونسىرىن چۆمبىل بويۇن مۆڭگونىڭ ئۆيىدە چوڭ بولىدۇ ۋە 1922 - يىلى مانجوكجاپنىڭ ئانىسىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، شۇ يىلى جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ يارلىقى بىلەن خەنۋاڭلىق تامغىسىنى باشقۇرىدىغان بولىدۇ.

مەنخەنۋاڭ قاراشەھەر ئەتراپى بىلەن يولتۇز ۋادىسىدىكى موڭغۇللارنىڭ تورغۇت قەبىلىسىنى باشقۇرىدۇ. ئۇ 1930 - يىلى، يەنى 15 ياش ۋاقتىدا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خارجىن بارۇن خوشۇنىنىڭ چىڭۋاڭى گوڭساڭ نورۇپىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ، 1937 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى شىلىڭ توسۇلاچ (توسۇلاچ ئەمەل نامى، باش باشقۇرغۇچى دېگەن مەنىدە) نىڭ قىزىنى توقاللىققا ئالىدۇ. شۇ يىلى شىڭ شىسەي مەنخەنۋاڭنى زىياپەتكە چاقىرىدۇ، ۋەزىياپەت ئۈستىدە «چوڭ سۇيىقەستچى» دېگەن «گۇناھ» بىلەن قولغا ئالىدۇ. ئۇ تۈرمىدە روھىي كېسەل بولۇپ قالغاچقا 1944 - يىلى قويۇپ بېرىلىدۇ. مەنخەنۋاڭ شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكى موڭغۇل، چىڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ داۋالىنىدۇ. 1967 - يىلى 52 يېشىدا ئۆلىدۇ.

# ئىككىنچى باب

## 1864 - يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى

تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى پارتلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭلار ئارقا - ئارقىدىن پارتلايدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتى ئېغىر سىياسىي، ئىقتىسادىي كرىزىسكە دۇچ كېلىدۇ. ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئىقتىسادىي سېلىقنى ھەسسىلەپ ئۆستۈرىدۇ. ئېلىدىكى جاڭجۈن مەھكىمىسى ئىلگىرىكى ھەر بىر تۇتۇننىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە يىلىغا تاپشۇرىدىغان تۆت خو (256 كىلوگرام) بۇغداي غەللە - پاراقنى 1863 — يىلىغا كەلگەندە 32 خوغا ئۆستۈرىدۇ. ھەددىن زىيادە ئىقتىسادىي زۇلۇمغا دۇچ كەلگەن ئىلى دېھقانلىرى ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. دەسلەپتە 1863 - يىلى 3 - ئايدا ياڭ سەنشىڭ، مائېرلەنلەر باشچىلىقىدا باياندايدىكى خۇيزۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ، بۇ قوزغىلاڭ قاتتىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇيزۇلار غۇلجا شەھىرىگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئابدۇرۇسۇل بەگ باش قوماندان بولۇش شەرتى بىلەن بۇ تەكلىپكە قوشۇلىدۇ.

ئابدۇرۇسۇل بەگ مەخپىي تەييارلىقلاردىن كېيىن، 1864 - يىلى 10 — ئاينىڭ 13 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە قوزغىلاڭ

كۆتۈرگەنلىكىنى جاكارلايدۇ. قوزغىلاڭچىلار شۇ كۈنى غۇلجا شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئەتىسى مۇھىم ھەربىي قورغان چىلپەنزىنى ئىشغال قىلىپ، زور تۈركۈمدىكى قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە ماددىي ئەشيالارنى غەنىيمەت ئالىدۇ ھەمدە بايانداي قورغىنىغا يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ چاغدا تەڭلا ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانلارمۇ قوزغىلىپ، ئۇ يەردىكى چىڭ قوشۇنلىرىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئادەم سانى 30 مىڭغا يېتىدۇ. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئەمىر باش قوماندانلىققا تەيىنلىنىدۇ. 1865 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار بايانداي قورغىنىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئارقىدىنلا كۈرە بىلەن سۈيدۈڭنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قورشاۋغا ئالىدۇ ۋە تارباغاتايدىن ياردەمگە كەلگەن چىن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. يۇلتۇزدىكى تورغاۋۇت ۋاڭلىرىنىڭ ياردەمگە ئەۋەتكەن قوشۇنىمۇ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چاپچالدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى دەرھال بىتەرەپلىك ئېلان قىلىدۇ.

1866 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا قوزغىلاڭچىلار باياندايىنىڭ شىمالدىكى شەندۇڭ جاڭزىسىنى، 1866 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8ـ كۈنى كۈرە قەلئەسىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۈي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. سابىق جاڭجۈن چاڭچىڭ ۋە بىر قىسىم ئەمەلدارلار ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۈيدۈڭدە تۇرۇشلۇق قوشۇنى تەسلىم بولىدۇ. قورغاس جەڭ ئارقىلىق ئىشغال قىلىنىدۇ. ئىلى خەلقى بىر يېرىم يىلدىن ئارتۇق قان كېچىپ جەڭ قىلىش ئارقىلىق چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىدىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ ئاقسۆڭەك پومېشچىكلارنىڭ يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلكى قوزغىلاڭچى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ، قەرز ھۆججەتلىرى يىرتىپ تاشلىنىدۇ، يانچىلار ئازاد قىلىنىدۇ،

ئېغىر باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساقلار بىكار قىلىنىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار بايانداي قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، ئىلى جاڭجۇنى مىڭ رۇي مەزەمزات ھېكىمنى زىنداندىن چىقىرىپ (مەزەمزات ئەسلىدە ئىلىنىڭ ھېكىمبېگى بولۇپ، 1864 ـ يىلى ئۈستۈرمە سېلىقلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىدى، دېگەن باھانە بىلەن زىندانغا تاشلانغانىدى). تارتۇقلار بېرىپ، ئۇنى قوزغىلاڭچىلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئەۋەتىدۇ. مەزەمزات قوزغىلاڭنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرگەندىن كېيىن، خەلق تەرەپتە تۇرىدۇ ۋە قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈشكە كىرىشىدۇ.

بايانداي ئۇرۇشى بولىۋاتقان پەيتتە، ئۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن خەلق بىر رەھبەرلىك ئاپپاراتى قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە قازى نەسرىدىن ئەلەمنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن كېڭەش مەجلىسى ئېچىلىدۇ. مەجلىسكە نەسرىدىن ئەلەم رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. قۇرۇلتاي مەزەمزاتنى سۇلتان مەزەمزاتخان ئۇنۋانى بىلەن خان قىلىپ تىكلەيدۇ. ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئەمىر، نەسرىدىن ئەلەمنى قازى كالان، شەۋكەت ئاخۇننى قازى ئەسكەر، موللا روزىنى مۇپتى قىلىپ، ئالاھەزەل، سۇلتاندىن يۇز بېشىغىچىلىك ھەممە مەنسەپدارلارنى تەيىنلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىلىدا دىنىي ھاكىمىيەت ـ ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلىدۇ. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇلتانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەزھەپچىلىك، ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ئەۋج ئالىدۇ. نەتىجىدە سۇلتان مەزەمزات ئەمىر ئابدۇرۇسۇلنى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. 1865 ـ يىلى مۇھەممەت پوچى خوجا (ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن) مەزەمزاتنى ئۆلتۈرۈپ سۇلتانلىقنى تارتىۋالىدۇ. ئۇ ئۆزى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خەلققە بارلىق بەگلەرنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ ۋە مۇھەممەت

پوچىنىڭ قىلمىشى خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. ئارائۈستەڭلىك شەمسىدىن خەلپەم پۇرسەت تېپىپ مۇھەممەت پوچىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ سۇلتان بولغان ۋاقتى ئاران 36 كۈن بولىدۇ. مۇھەممەت پوچى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدە قۇرۇلتاي ئېچىلىپ، موللا شەۋكەت ئاخۇن سۇلتانلىققا تەيىنلىنىدۇ. موللا شەۋكەت سۇلتانلىققا ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئەمىر لەشكەر ئوبۇل ئەلاغا سۇمۇلدىكى شىبەلەرنى جازالاش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. ئوبۇل ئەلا 500 ئاتلىق ئەسكەرنى ئېلىپ قاراتام كېمىسى ئارقىلىق شىبە يېزىلىرىغا ئۆتىدۇ. قوشۇن سەككىز سۇمۇلدىن ئۆتۈپ، شىبە سەككىز تۇغ باش بۇغىسى جايلاشقان ئالتە سۇمۇلغا بارغۇچە ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمايدۇ. ئەمىر لەشكەرنىڭ چاپچال تەۋەسىگە ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان توقىلەك يۈز بېگى 300 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئېلىپ ئالتە سۇمۇلغا يېتىپ كېلىدۇ. توقىلەق يۈز بېگى ئوبۇل ئەلانىڭ شىبەلەرنى جازالاش مۇددىئاسىغا ئاشكارا قارشى تۇرىدۇ. ئاشۇ جىددىي پەيتتە سەككىز تۇغ باش بۇغى قارماقا ئوبۇل ئەلا بىلەن توقىلەك يۈزبېگىنى ئۆز مەھكىمىسىگە تەكلىپ قىلىدۇ. ئوبۇل ئەلا تەسلىم بولۇش شەرتىنى قويىدۇ. شىبە باش بۇغىسى قارماقا بىرىنچى، ئىلى سۇلتانلىقىدىكىلەر شىبەلەردىن قىز ئالماسلىق، ئىككىنچى، شىبەلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىماسلىق، ئۈچىنچى، ئۆز قەبىلىسىنى ئۇرۇشقا سالماسلىق شەرتىنى قويىدۇ. ئەمىر ئوبۇل ئەلا بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. نەتىجىدە شىبەلەر يۇقىرىقى شەرتلەر ئاساسىدا تەسلىم بولىدۇ. بۇ سورۇنغا شىبە ئايال سوخا مېھمان كۈتۈشكە چاقىرىلىدۇ. سوخا تولىمۇ يېقىملىق، چىرايلىق ئايال بولۇپ، ئوبۇل ئەلا سوخاغا كۆز ئۇزمەي قارايدۇ. بۇنى سەزگەن باش بۇغ قارماقا كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكىدۇ. يۇقىرىقى شەرت بويىچە قان تۆكۈلمەي مەسىلە ھەل قىلىدۇ. شىبە قوشۇنى ئەمىر ئوبۇل ئەلا قوشۇنىغا قوشۇلىدۇ. بۇ قوشۇن ئىچىدە

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ۋە ئاز - تولا رۇس تىلىنى بىلىدىغان فۇشەن ئىسىملىك بىر شىبە ياش بولۇپ، ئۇ ئەمىر ئوبۇل ئەلا يېنىدا تەرجىمان بولىدۇ.

سۇلتان موللا شەۋكەت ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغاندا، مۇستەبىتلىكنى يولغا قويىدۇ. ئۇ تولىمۇ قابىلىيەتسىزلىكى ۋە ئەمىر ئوبۇل ئەلا بىلەن بولغان زىددىيىتى سەۋەبلىك 1870 - يىللىرى ئەتراپىدا قاش دەريا بويىدا، ھاكىمىيەت بېشىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا، ئەلا پالۋان «جاھان پالۋان، سۇلتان باھادىرغازى، ئوبۇل ئەلاخان» ئۇنۋانى بىلەن خانلىققا كۆتۈرۈلىدۇ. شىبە يىگىتى فۇشەن ئوردىدا ئوبۇل ئەلا يېنىدا بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە ئوردىدا زىددىيەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سۈركىلىش ئېغىر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە فۇشەن ئوردىدىكى قورال - ياراغ، ئەسكىرىي كۈچ ۋە باشقا ئىشلارنى ئىگىلەيدۇ - دە، شىبە باش بوغىسى قارماڭا يېنىغا بېرىپ، ئوردا ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى دوكلات قىلىدۇ. بۇ چاغدا قارماڭا تەسلىم بولۇش سورۇنىدا ئەمىر ئوبۇل ئەلانىڭ سوخاغا تىكلىشىنى ئويلاپ، تېخىمۇ كۆپرەك ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلىدىغان سوخانى ئېرىدىن ئاجرىتىپ، ئەلا سۇلتانغا سوۋغا قىلىدۇ. سوخا شۇ كۈندىن باشلاپ ئەلا سۇلتان يېنىدا بولۇپ، ئوردا ۋە سۇلتاننىڭ ئىچكى مەخپىيەتلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ ۋە تەرجىمان فۇشەن ئارقىلىق باش بوغ قارماڭاغا يەتكۈزىدۇ (سوخا سۇلتان ئوبۇل ئەلاغا تەگكەندىن كېيىن، خەلق ئۇنى شىۋە سارىخان دەپ ئاتايدۇ). ئۇلار مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، فۇشەن ئوردىدىن چىقىپ چاررۇسىيىگە ئۆتۈپ، چاررۇسىيىدىكى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كونسۇلىغا سۇلتان ئوبۇل ئەلانىڭ ئوردىسىدىكى ئىچكى سىرلارنى يەتكۈزىدۇ. كونسۇل چاررۇسىيىنىڭ ئىلىغا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئىلى سۇلتانلىقىنى ئاغدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چاررۇسىيە ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىشنى باشلايدۇ. (بۇ ئەھۋالنى

مەنچىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چارروسىيە كونسۇلخانىسىدا ئىشلەيدىغان رۇسچە بىلىدىغان تەرجىمان شىبە فرانسىيەلىك بىر كونسۇل خادىمىگە سۆزلەپ بېرىدۇ، فرانسىيىلىك دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇنى فرانسۇز تىلىدا كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىدۇ. بۇ كىتاب كېيىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىدۇ. رۇسچىدىن خەنزۇچىغا شۇمۇتۇڭ ئەپەندى تەرجىمە قىلىدۇ.)

ئەلا پالۋان سۇلتانلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى تەيىنلەيدۇ. جۈملىدىن موللا توختى ئاخۇننى ئەمىرلىككە كۆتۈرىدۇ، كېيىن ئەلاخان سۇلتان بىلەن موللا توختى ئاخۇن ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق يۈز بېرىدۇ. ئەخمەتخان غوجا (ئىلىدىكى چوڭ غوجا) بىلەن موللا شەۋكەت ئاخۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سۇلتانغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ، لېكىن توپىلاڭ تېزلىكتە بېسىقتۇرۇلىدۇ. ئەخمەتخان غوجا بىلەن موللا شەۋكەت ئاخۇن خوتەنگە قېچىپ بېرىۋالىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلھام ئالغان ياكۇپ ئىلىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىكى داۋۇت خەلپە بىلەن ئالاقە باغلاپ ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ ھەمدە ئەلا خان سۇلتانىنىڭ مۇرەسسە قىلىشىنى رەت قىلىپ، ئۇرۇش قوزغايدۇ. نەتىجىدە ياكۇپ بىلەن ئەلاخان سۇلتان ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي قىرغىنچىلىققا ئايلىنىدۇ. ئۇرۇشتا ياكۇپ مەغلۇپ بولىدۇ، موللا شەۋكەت ئاخۇن بىلەن ئەخمەتخان غوجا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئەلاخان سۇلتان ياكۇپ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىدۇ. چارروسىيە ھۆكۈمىتى دەسلەپ تېكەسكە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدۇ. ئىلى سۇلتانلىقى بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. چارروسىيە 1869 ـ يىلى چوڭ مازارغا ئەسكەر كىرگۈزىدۇ. 1870 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تېكەسكە ئىككىنچى قېتىم

ئەسكەر كىرگۈزۈپ پاراكەندىچىلىك سالىدۇ. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا مۇز داۋاننى بېسىۋېلىپ، ئىلى سۇلتانلىقىغا يولسىز تەلەپلەرنى قويىدۇ. ئىلى سۇلتانلىقى چارروسىيىنىڭ بۇ خىل يولسىز تەلەپلىرىنى رەت قىلىدۇ ھەمدە مۇز داۋانغا ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ بۇ خىل قاتتىق پوزىتسىيىسى چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارا نىيىتىنى تېخىمۇ ئاشكارلايدۇ. جۈملىدىن 1871 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋە 3 ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ، ئىلىغا تاجاۋۇز قىلىشنى رەسمىي قارار قىلىدۇ ھەمدە كالپاكوۋسكىينى باش قوماندانلىققا تەيىنلەيدۇ.

بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا قازاق دالاسىدا چارروسىيە ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، چارروسىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قاتتىق باستۇرۇلىدۇ. قازاق ئاتامانى تازىبېك ئالبان قەبىلىسىنى باشلاپ ئىلىغا كېلىپ پاناھلىنىدۇ. ئەلاخان سۇلتان ئۇلارنى توققۇز تارا تەۋەسىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. چارروسىيە دائىرىلىرى ئىلى سۇلتانلىقىدىن تازىبېكنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلى سۇلتانلىقى تەلەپنى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئىلى سۇلتانى ئەلاخانغا «ئەگەر سىلەر تازىبېكنى تۇتۇپ بېرىشنى خالىمايدىكەنسىلەر، ئۇھالدا ساڭا ۋە سېنىڭ خەلقىڭگە پايدىسىز بولىدۇ. بىز سىلەرگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىپلا قالماي، چوقۇم سىلەرنىڭ يۇرتىڭلارنىمۇ ئىشغال قىلىۋالىمىز» دېگەن مەزمۇندا نوتا تاپشۇرۇپ تەھدىت سالىدۇ، لېكىن ئەلاخان سۇلتان بۇنىڭغا پىسەنت قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئىلىغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغايدۇ. ئۇرۇش ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ: 1871 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈنجىنى بېسىۋالغان چارروسىيە قوشۇنلىرى داۋاملىق شەرققە

ئىلگىرىلەپ، تېكەسكە ھۇجۇم قىلىدۇ. مۇزداۋاننى بېسىپ ياتقان چاررۇسىيە قوشۇنلىرى قىرىق ئاسۇۋ سۇيىنى بويلاپ كەتمەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چاررۇسىيە ئەسكەرلىرى ئۆزلىرى بېسىۋالغان بۇرۇغچىر دېگەن يەردىن يولغا چىقىپ، قورغاس دەرياسىغا قىستاپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى سەپ شەكىللىنىدۇ. شىمالىي تەرەپتە چاررۇسىيە ئەسكەرلىرى 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مازارنى بېسىۋالىدۇ. 20 - كۈنى ئىلى قوشۇنى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ دۈشمەننى قورغاسقا چېكىندۈرىدۇ. 21 -، 22 - كۈنلىرى دۈشمەننى ئاقكەنت (ھازىرقى قازاقىستان چېگراسىدا) گىچە قوغلاپ بارىدۇ. جەنۇبىي سەپتە 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ھۇجۇمغا ئۆتكەن دۈشمەن قوشۇنىغا قاتتىق زەربە بېرىلىپ، 21 - كۈنى قىرىق ئاسۇۋ سۇيىگە چېكىندۈرۈلىدۇ. 26 - كۈنىمۇ ئىلى ئارمىيىسى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئىككىنچى باسقۇچ: چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى ئۆز قوشۇنلىرىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلى سۇلتانلىقىدىكى تەسلىمچىلەرنىڭ كاتتا بېشى بېشىربەگنى سېتىۋالىدۇ. بېشىربەگ ئىلى ئارمىيىسىنىڭ مەخپىيىتى ۋە باشقا ئىچكى سىياسىي ئەھۋاللارنى چاررۇسىيىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ھەمدە ئىچكى جەھەتتە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1871 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چاررۇسىيە قوشۇنلىرى چونجى بىلەن بۇرۇغجىردىن بىرلا ۋاقىتتا كەتمەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا ئىلى سۇلتانى ئەلاخان ھەم تازبېكلەرمۇ بىۋاسىتە قاتنىشىدۇ، لېكىن ئىلى ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كەتمەن قولدىن كېتىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ: 1871 - يىلى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

چارروسىيە قوشۇنلىرى غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىلىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، خەنزۇ، شىبە قاتارلىق مىللەتلەردىن 4 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تەشكىللىنىپ، چارروسىيىگە قارشى سەپ تۈزىدۇ. لېكىن، قوماندان تەن شىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇپ ئۇرۇشتا چېكىنگەنلىكتىن، قورغاسقىچە بولغان يەرلەر قولدىن كېتىدۇ. 6- ئاينىڭ 30 - كۈنى چىڭخوزا قولدىن كېتىدۇ. 7 - ئاينىڭ 1- كۈنى چارروسىيە قوشۇنلىرى سۈيدۇڭگە ھۇجۇم قىلىدۇ ھەمدە تەسلىمچىلەرنى قۇترىتىپ، خەلق ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار ئوتتۇرىسىدا مىللىي قىرغىنچىلىق پەيدا قىلىدۇ.

ئىچكى جەھەتتىكى تەسلىمچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق، قىرغىنچىلىق، تاشقى جەھەتتە كۈچلۈك ئىمپېرىيىنىڭ تاجاۋۇزى ئاستىدا ئەلاخان سۇلتان تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. چارروسىيە ئىلىنى قورallıq بېسىۋالىدۇ.

1871 — يىلى چارروسىيە ھۆكۈمىتى ئەلاخان سۇلتاننى ئائىلىسى بىلەن چارروسىيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. سۇلتان ئەبۇل ئەلاخان ئۈچ يىل روسىيە تەۋەسىدە تۇرغاندىن كېيىن روسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە 1874— يىلى ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى «تېرەك بۇزرۇكۋار» غا قويۇلىدۇ.

چارروسىيە ئىلىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئىلى دەرياسىنى پاسىل قىلىپ ئىككى رايون تەسىس قىلىدۇ ھەمدە غۇلجا شەھىرىنى شىمال رايونىنىڭ مەركىزى، قاينۇقنى جەنۇبىي رايوننىڭ مەركىزى قىلىپ بەلگىلەپ، ئىككى رايوندا 14 بولۇش تەشكىل قىلىدۇ. بېشىر بەگنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ھەرەمباغ ۋە سايبويى مەھەللىسىدە ھەربىي گازارما قۇرۇپ، رەسمىي مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقنى تىكلەيدۇ.

1877 - يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى يوقىتىلغاندىن كېيىن،

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ بېسىمى ۋە زوزۇڭتاڭ باشچىلىقىدىكى ھەربىي گۇرۇھنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن، ئىلىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن چارروسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلىشىدۇ. 1878 - يىلى 12 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى چىڭ خۇنى سۆھبەت ۋەكىلى قىلىپ روسىيىگە ئەۋەتكەن بولسىمۇ نەتىجە چىقىرالمايدۇ. 1880 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى يەنە زىڭ جىنى روسىيىگە سۆھبەت ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئىككى يىل سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق 1881 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «جۇڭگو روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالىنىدۇ. بۇ تەڭسىز شەرتنامىگە ئاساسەن قورغاس دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار چارروسىيىگە بۆلۈپ بېرىلىدۇ. ئىلىنى قايتۇرۇپ ئېلىش بەدىلىگە 9 مىليون رۇبلى تۆلەم تۆلىنىدۇ. لېكىن، چارروسىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەجبۇرىي تاڭغان تەڭسىز شەرتنامىدا «تەگرىتاغنىڭ ئاساسىي غول ئومۇرتقىسى چېگرا سىزىقى قىلىنىدۇ» دەپ ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا چېگراسىزىقىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆككۆرتلۈق تاغنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ.

## ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ سەركەدىسى يالڭ زەنشۇ

يالڭ زەنشۇ يالڭ شۇجۇ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، لەقىمى يالڭ چوقۇر. ئۇنىڭ يۇرتى خۇبېي، ياپونىيەدە ئوقۇغان، ۋۇخەندە خىزمەت قىلغان، تۇڭمېڭخۇي تەشكىلاتىغا قاتناشقان، ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت قىلغان. يالڭ زەنشۇ بىلەن ئىنقىلابىي ھېسسىياتىكى فىڭ تېمىن، لى ياچۇەنلەر ئىلىغا بىرگە كەلگەن. بۇلار ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن، ئىنقىلابىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. 1909 - يىلى (شەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى) 10 - ئايدا

ياڭ زەنشۇ قاتارلىقلار شەنشى، گەنسۇلۇقلارنىڭ يېڭى مەسچىتى (خۇيزۇ مەسچىتى) دە دۆلەتكە ئىئانە توپلاش چوڭ يىغىنى ئېچىپ ياڭ زەنشۇ نۇتۇق سۆزلەپ، خەلق ھېسسىياتىنى ئويغىتىدۇ، نۇرغۇن ئىئانە توپلايدۇ. فىڭ تېمىن قاتارلىقلار ئىلىدا گېزىت چىقىرىپ، تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. ياڭ زەنشۇلەر 1911 - يىلى 10 — ئايدا ئۈرۈمچىدە ليۇشەنجۇننىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، خەلقنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان غەزىپىنى كۆرۈپ، 1911- يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى (كونا ئاي ھېسابىدا) قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جاڭ جۇنجۇن مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىدۇ. بۇئىنقىلابقا ئىلىدىكىھېكىمبەگ غوجا، چوڭ سودىگەر ياقۇپ باي ۋە خېلى كۆپ ئۇيغۇر باي سودىگەرلەر، خۇيزۇلاردىن سەئىد، ماشىڭلۇڭ، سوۋېت پۇقراسى يۇشۇنچۇەن، گېلاۋخۇي باشلىقلىرىدىن شۇي سەنتەيلەرمۇ قاتنىشىدۇ. ئىلى قوزغىلىڭىدىن خەۋەر تاپقان ئۆلكە ئەمىرى، باش مۇپەتتىش يۈەن داخۇا قەشقەر ۋالىسى (دوتەي) يەن خۇڭيۈينى شىنجاڭ دۇدۇلىقىغا مەلۇم قىلىپ، ئۆزى ئىچكىرىگە كەتمەك بولىدۇ. يەن خۇڭيۈي 200 مىڭ سەر كۈمۈشنى ئېلىپ، ئۆلكىگە قاراپ يولغا چىققاندا، گېلاۋخۇي ئادەملىرى يەن خۇڭيۈينى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. يۈەن داخۇا ئىچكىرىگە كېتىپ، ياڭ زېڭشىڭنى شىنجاڭنىڭ يېڭى تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەيدۇ. 1912 - يىلى (مىنگونىڭ 1 - يىلى) 5 - ئايلاردا ئىلى، ئۈرۈمچى تەرەپ ۋەكىللىرى چۆچەككە بېرىپ، يىغىن ئاچىدۇ، ئۈرۈمچى تەرەپ 11 ماددىلىق تەلەپ قويىدۇ ۋە ئىلىنىڭ ئۈرۈمچىگە تەۋە بولۇش تەلىپىنى قويىدۇ. ئىلى تەرەپ ئۈرۈمچىنىڭ ئىدارە قىلىشىغا قوشۇلمايدۇ. ياڭ زېڭشىن خىزمەت تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىلى ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن تارقىتىۋېتىدۇ. ياڭ زەنشۇ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي روسىيە ئارقىلىق يۇرتىغا كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلى ياڭ زېڭشىننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسى ياڭ زېڭشىننىڭ قولىغا قالىدۇ.

# قادىر ھاجى تۇختلۇڭ

قادىر ھاجى 1840 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىدە تۇغۇلدۇ. ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن 17 ياشقىچە (1858 - يىلىغىچە) قۇمۇلدىكى خانلىق مەكتەپ «شۆتاڭ» دا خەنزۇچە ئوقۇيدۇ. 1860-يىلىغىچە تۇرپان يامۇلىدا تۇڭچى (تەرجىمان) بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ تەرجىمە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تۇرپان ئامبىلىنىڭ كۆزىگە چۈشىدۇ، نەتىجىدە تۇرپان ئامبىلى ئۇنى توقسۇندىكى ئاتىسى ھوشۇر جەڭگىنىڭ ئورنىغا جەڭگىلىك خىزمىتىنى ئۆتەشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇ توقسۇنغا كەلگەندىن كېيىن توقسۇن تۇرپانغا تاپشۇرىدىغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە باشقا باج - سېلىقلارنى ئۆز ۋاقتىدا تاپشۇرۇپ، تۇرپان ئامبىلىنىڭ مەدھىيىسىگە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ خەلقنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىگە ئاساسەن توقسۇننىڭ ئېقىن سۇلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن جايلاردا يېڭى ئېرىق-ئۆستەڭلەر چاپتۇرۇپ سۇ باشلاپ، بىنەم يەرلەرنى خەلققە بۆلۈپ بېرىدۇ. ھەر قايسى مەھەللىلەردە مەسچىت، مەدرىسەلەر بىنا قىلىپ، باشقا جايلاردىن بىلىملىك موللا - ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، توقسۇندا مىللىي مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئاساس سالىدۇ. ئېقىن سۇلارغا تۈگمەن ۋە سۇ كۈچى بىلەن ئايلىنىدىغان، پاختىنىڭ چىگىتىنى ئايرىيدىغان چىغىرىق (پاختا زاۋۇتى) قۇرىدۇ. ئاردىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن قادىر جەڭگى شەھەر كۆرۈش ئارقىلىق تەجرىبە ئۆگىنىش ئۈچۈن خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئۇ ھەر بىر شەھەرلەرگە بارغاندا ئۇ يەرلەردىكى يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىدۇ. قەشقەردە قەشقەر ئامبىلىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ ۋە قەشقەر دوتىيى ئۇنى قەشقەردە قېلىپ خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. قادىر جەڭگى قەشقەردە قېلىپ ئىككى يىل خىزمەت قىلىپ، قەشقەرنىڭ ئىلىم - ئېرپان، ھىدايەت ۋە مەرىپەت

يوللىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ توقسۇنغا قايتىپ كېلىپ ھىدايەت يولىغا مېڭىشقا بەل باغلاپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بوشىنىپ، مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە باشلايدۇ. نەتىجىدە ئۇ ھەج تاۋاب قىلىدۇ. ھەج تاۋاپتىن كېيىن ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ئۈرۈمچى نەنسەندە ياغاچچىلىق (تاختاي تىلىش) كارخانىسى قۇرىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي شىنخەي ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، شىنجاڭدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتى ئېلىپ تاشلىنىپ، ياڭ زىڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا بېيجىڭدا زۇڭتۇڭ سايلىمى ئېلىپ بېرىلىش ئالدىدا تۇراتتى، شىنجاڭدىنمۇ زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ۋەكىل ئەۋەتىش يارلىقى كېلىدۇ. قادىر جەڭگى زۇڭتۇڭ سايلىمىغا باشقا ۋەكىللەر قاتارىدا شىنجاڭ ۋەكىلى بولۇپ بارىدۇ. شىنجاڭ ۋەكىللىرى يۈەن شىكەينىڭ زۇڭتۇڭ بولۇشىنى قوللاپ بېلەت تاشلايدۇ. شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ بۇ ئىشىدىن رازى بولغان يۈەن شىكەي قادىر ھاجىنى ئالاھىدە قوبۇل قىلىپ قىز سوۋغا قىلىدۇ ھەمدە ئەمەلدارلىق (كەنجازە نىمچە) كىيىمى ۋە باشقا بويۇملار بىلەن تارتۇقلايدۇ. قادىر ھاجى خەنزۇ ئايالى بىلەن بېيجىڭدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، جۇڭخۇا مىنگو نىڭ 3 - يىلى (مىلادىيە 1914 - يىلى) 12 - ئايدا شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندە ياڭ زىڭشىن ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئەھۋاللىشىدۇ. قادىر قەدىمىي شەھەر كۇچاردا ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياڭ زىڭشىن ھۆكۈمىتى ئۇنى كۇچارغا تۇڭشىلىڭ يەنى ھەربىي مەمۇرىي ئەلدار قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇ كۇچاردا 1914 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە ھەربىي مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەيدۇ.

قادىر ھاجى كۇچارغا ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇپ كەلگەندە، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە سالغان سېلىقلىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى سېزىدۇ، بۇ توغرىدا خەلق ئاممىسىمۇ ئۇنىڭغا يازما ياكى ئاغزاكى شىكايەت قىلىدۇ. ئۇ خەلقنىڭ تەلىپى بويىچە ھەر

خىل باج ـ سېلىقلارنى يەڭگىللىتىدۇ. پارىخور، خىيانەتچىلىككە قارشى چارە ـ تەدبىرلەرنى بېكىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەپيۇن، نەشە چېكىش، زىناخورلۇق، قىمارۋازلىق، هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلققە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشتەك قىلمىشلارغا كۆرۈلىدىغان جازا تەدبىرلەرنى تۈزۈپ يېزىپ، كوچىلارغا چاپلاپ ئېلان قىلىدۇ. خەلقنىڭ قان قەرزىگە بوغۇلغان زاهىت توغرىسىدىكى خەلق پىكرىنى ئۆلكىگە مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا خەلق ئالدىدا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ خەلقنى رازى قىلىدۇ. يېڭى مەكتەپ ئېچىپ ئالدى بىلەن ئۆز ئوغلىنى مەكتەپكە بېرىدۇ. بۇ هالنى كۆرگەن خەلق بالىلىرىنى يېڭى مەكتەپكە بېرىدۇ. نەتىجىدە كۇچار دىيارىدا يېڭى مەكتەپتە ئوقۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ يەنە كۇچار چوڭ ئۆستەڭ كۆۋرۈكىنى يېڭىدىن سالدۇرىدۇ. يېڭى شەهەر بازىرىنى پىلانلاپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ كۇچار بازىرىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنى نەزەرگە ئېلىپ، پىچان، لۇكچۇندىن بىر قانچە كارىزچى ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلىپ، هازىرقى كۇچار يېڭى بازىرىنىڭ ئۇستۇنكى ساقاغۇ بېشىدىن باشلاپ كارىز چېپىپ، كۇچاردا كارىز بەرپا قىلىدۇ. بۇ كارىزنىڭ سۈيىدە ئىككى تاشلىق تۈگمەن چۆرگىلەش بىلەن بىرگە ئېتىز ـ ئېرىق، باغلار ۋە رەستىلەر سۇغىرىلىدۇ. يېڭىدىن سالغان رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا سودا دۇكانلىرى، مەكتەپ، مەدرىسەلەر بىنا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يېڭى بازارغا جايلاردىن كەلگەن سودىگەرلەر، شەهەردىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەر كۆچۈپ كېلىپ تېخىمۇ ئاۋاتلىشىدۇ.

ياڭ زېڭشىننىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدە ئۇنىڭ زۇلمى ئېغىرلىشىپ، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا قادىر هاجى ياشىنىپ قالغانلىقتىن ئۆلكىگە ئىلتىماس قىلىپ، خىزمەتتىن ئىستېپا سورايدۇ، ئەمما ياڭ زېڭشىن قادىر هاجىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل

قىلماي تۇرپانغا يۆتكەپ، تۇرپاننىڭ تۇغلۇقى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. قادىر ھاجى بۇ يەردە بىر يىلدەك ئىشلىگەندىن كېيىن ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن قادىر ھاجىنىڭ دەم ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىپ، ئۇنىڭغا 72 ئېغىزلىق ئىمارەت (داچا) سېلىپ بېرىدۇ. قادىر ھاجى 1932 - يىلى 92 - يېشىدا توقسۇندا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## مۆيدىن خەلپەت

مۆيدىن خەلپەت 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھازىرقى تۇرپان شەھىرىدىكى قاراغوجا يېزىسى مۇجاڭ مەھەللىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. مۆيدىن ئەمدىلا ئەقلىگە كەلگەندە ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئانىسى لۈكچۈندىكى غوجامنىياز ئاخۇنلۇق دەيدىغان ئۆلىما ئادەمنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ ئوغلىنى ياخشى ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن غوجامنىياز ئاخۇنغا تەربىيىلەشكە بېرىدۇ. بوۋىسى مۆيدىننى ئەتراپلىق تەربىيىلەيدۇ. مۆيدىن دىنىي بىلىم جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى تولۇق يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاقسۇغا بېرىپ «مەدرىسە» دە ئوقۇپ، ئۆزىنى بارمايلا خەلپەت دەرىجىسىگە يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇرت ئىچىدە ئىززەت، ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ جامائەتچىلىككە تونۇلۇشقا باشلايدۇ. ئەنە شۇ چاغلاردا مۆيدىن خەلپەت يۇرت كېزىپ غۇلجىغا بارىدۇ. غۇلجىنىڭ شاڭيوسى غازى (پىچان خاندۇلۇق) ئۇنىڭ نام - شۆھرىتىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزلەپ تېپىپ ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزىدۇ، ئۇنى ئۆيىدە بىر مەزگىل تۇرغۇزغاندىن كېيىن قەشقەرلىك نەمەت شاڭيونىڭ قىزى تاجىنىسا بىلەن توينى قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار بىر باللىق بولىدۇ. بالىغا مەخسۇم دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئۇ غۇلجىدا تۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە دېگەن يېرىدىن كېلىپ غۇلجىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان شەمسىدىن ھەزرەت دېگەن كىشىدىن تەلىم

ئېلىش بىلەن ئىشان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەنغۇلجىدا بىر مۇنچە ئادەملەر ئۇنىڭغا مۇرىت بولىدۇ.

بۇ دەل 1911 ــ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن ئىككى خىل ھاكىمىيەت، يەنى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى مانجۇ خانلىقى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىل ئىدى.

مۆيدىن خەلپەت دىنىي ئۆلىما بولۇپلا قالماستىن تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇ يۇرت كېزىش ئارقىلىق ھەر قايسى جايلاردىكى ناھەقچىلىك ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا، ھەر خىل پائالىيەت سورۇنلىرىدا خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئۈستىدە يۈرگۈزگەن جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، خەلقنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئۇنى «ئېھتىيات قىلىدىغان ئادەم» قاتارىغا كىرگۈزۈپ غۇلجا يامۇلىغا قاماپ قويىدۇ. غۇلجا خەلقى مۆيدىن خەلپەتنى قۇتقۇزۇش قارارىغا كېلىپ، يامۇلغا غازى شاڭيو باشلىق ھۈسەن باي، ياقۇپ باي، سۇلتان باي قاتارلىق مۆتىۋەر كىشىلەرنى كىرگۈزىدۇ. يامۇلدىكىلەر قالايمىقان ھەرىكەت قىلماسلىق شەرتى بىلەن مۆيدىن خەلپەتنى ۋەكىللەرگە كېپىللىككە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

مۆيدىن خەلپەت يامۇلدىن چىقىپ ئۆز پائالىيىتىنى توختىتىپ قويمايدۇ، كېيىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۈنەس ناھىيىسىگە بېرىپ قازاق خەلقىنىڭمۇ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ ۋە قازاق ئاخۇنلىرىدىن جاندار ئەلى مۇپتى، شىبلى ئەلەم ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ. ئۇ قەيەرگىلا بارمىسۇن، ئۆز يولىدىن قايتمايدۇ. شۇڭا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى يەنە تۇتۇپ كېلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماقچى بولىدۇ. يۇرت چوڭلىرى ئوتتۇرىغا

چۇشكەنلىكتىن تۇرپانغا سۈرگۈن قىلىدۇ. تۇرپان يامۇلى مۆيدىن خەلپەتنى قاراغوجىغا ئېلىپ بېرىپ، توختى دورغىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

مۆيدىن خەلپەت قاراغوجىغا كەلگەندىن كېيىنمۇ ئۆز ئىرادىسىدىن قايتمايدۇ. ئاستانە، قاراغوجا خەلقىنى تەشكىللەپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىدۇ. بۇ چاغدا مۆيدىن خەلپەت تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇمۇل خەلقىنى باشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلبىگە ئېرىشكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تۆمۈر خەلپە بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلىشنى پىلانلاپ، ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن سەيپۇل دېھقان ۋە قاراغوجىلىق مەشھۇر چېلىشچى مامۇت زورنى ئالاقە باغلاشقا ئەۋەتىدۇ.

قۇمۇل شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان تۆمۈر خەلپە ئالاقىچىلارنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ۋە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا 80 تال مىلتىق، 1000 تال ئوق، دورا بېرىدۇ. مۆيدىن خەلپەت تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدىكى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئەۋەتكەن ياردىمىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىدۇ ۋە قورالغا ئىگە بولغان تۇرپان دېھقانلىرىنى تەشكىللىپ، 1912 ـ يىلى كۈزدە قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بۇ قوزغىلاڭغا پىچان، توقسۇن دېھقانلىرىمۇ ئاۋاز قوشىدۇ. بۇ قوزغىلاڭ تۇرپان خەلقى ئارىسىدا مۆيدىن خەلپەت يىغىلىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

شاھ مەخسۇت بىلەن لۇكچۇن ۋاڭ پۇتۇن كۈچى بىلەن قۇمۇل ۋە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئاخىر ياڭ زېڭشىندىن ياردەم سورايدۇ. ياڭ زېڭشىن قوزغىلاڭچىلارنى «تازىلاش» ئۈچۈن ئەسكەر چىقارغان بولسىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ بولىدۇ. ئاخىر ئۇ دېھقانلار قوزغىلىڭىغا نىسبەتەن «قورقىتىش، يۇمشىتىش» تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ، بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلارغا تەسەللى ئېيتىش مەزمۇنىدا ئېلان

چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن «هوشۇڭلارنى تېپىڭلار، بولمىسا ئەدىۋىڭلار بېرىلىدۇ» دەپ ۋەھىمە سالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئىچىگە ئادەم ئەۋەتىپ «باج - سېلىق، ئالۋان - ياساق ئازايتىلىدۇ. ئادىللىق بىلەن ئىش كۆرۈلىدۇ» دەپ قۇرۇق ۋەدە قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى سۆھبەتكە چاقىرىدۇ. لېكىن، قوزغىلاڭچىلار ئۇ گەپلەرگە قۇلاق سالماي كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئاخىر دىنىي ئىمتىياز ئىگىلىرىنى ئىشقا سېلىپ قوزغىلاڭچىلار سېپىنى پارچىلاپ، «بىر - بىرلەپ يوقىتىش» كويىغا چۈشىدۇ. خۇيزۇ قىسمىنىڭ يىگجاڭى لى شۇفۇ ۋە فېڭ هاجى قاتارلىق دىندارلارنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا، تۆمۈر خەلپە ۋە باشقا قوزغىلاڭچىلارنىڭ هاياتىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىككە ۋەدە قىلىدۇ. قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىدۇ، نەتىجىدە ياڭ زېڭشىن بىلەن تۆمۈر خەلپە ئوتتۇرىسىدا بىر مۇنچە شەرتلەر بويىچە كېلىشىم تۈزۈلۈپ، تۆمۈر خەلپىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدۇ، ياڭ زېڭشىن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىمۇ يوقىرىقىدەك خىلمۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن ئالداپ قولغا كەلتۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلارنى مۆيدىن خەلپەت باشچىلىقىدا بىر يىلغ قىلىپ تەشكىللەپ ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ چىقىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىش سۈيىقەستىنى پىلانلايدۇ.

تۆمۈر خەلپە، مۆيدىن خەلپەتلەر ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلار تەرەپتىن تەيىنلەنگەن يۇرت باشلىقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلاردىن تەتۈر هېساب ئېلىنىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر زىندانغا تاشلىنىدۇ. شۇڭا، تۆمۈر خەلپە، مۆيدىن خەلپەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپ قايتا هەرىكەتلەنمەكچى بولىدۇ. لېكىن، خائىنلارنىڭ ساتقۇنلۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ پىلانى سېزىلىپ قىلىپ، 1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6- كۈنى كېچىسى ئۇلار قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. خەلق ئەكسىيەتچى هۆكۈمەتنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىغا قارىماي مۆيدىن

خەلپەتنىڭ جەستىنى تۇرپاننىڭ قاراغوجا يېزىسىغا ئېلىپ بېرىپ، داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ دەپنە قىلىدۇ.

تۆمۈر خەلپە ۋە مۆيدىن خەلپەتنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «يۇرتىغا قايتۇرۇش» باناسى بىلەن ئۇرۇمچىدىن يولغا سېلىنىپ، پىلان بويىچە يولدا يوشۇرۇپ قويۇلغان ياڭ زېڭشىن ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ئاي داۋاملاشقان مۆيدىن خەلپە باشچىلىقىدىكى تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى قانلىق باستۇرۇلىدۇ.

## قاراغوجىلىق ئەمەت

1912 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن مۆيدىن خەلپەت باشچىلىقىدا تۇرپاندا قوزغالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى ياڭ زېڭشىن تەرەپتىن قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن لۈكچۈن ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ جايلاردىكى قول - چوماقچىلىرى ئاتالمىش كەڭ تۇردە تازىلاش ئېلىپ بېرىپ، قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېھقانلارنى قولغا ئېلىپ تۇرمىلەرگە قامايدۇ، ئۆلتۈرىدۇ ۋە ياقا يۇرتلارغا پالايدۇ. «ئۇرۇش خىراجىتىنى تولدۇرىمىز» دېگەن نام بىلەن خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان - ياساق، باج - سېلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ. قايغۇ ۋە مۇسىبەت ئىچىدە غەزەپ يالقۇنلىرى يالجىپ تۇرۇۋاتقان تۇرپان خەلقىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ. نەتىجىدە 1914 - يىلى 3 — ئاينىڭ 29 - كۈنى تۇرپاننىڭ قاراغوجا يېزىسىدا ئەمەت باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. بۇ تارىختا ئەمەت يىغىلىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمەت تۇرپاننىڭ قاراغوجا يېزا تۇگمەن بېشى مەھەللىسىدىكى بىر كەمبەغەل ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ پاكار، دوغىلاق كەلگەن، كۆزى چوڭ، قارامتۇل، كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق ئادەم، يۇرتىنىڭ نوچى (گاڭگۇڭ) لىرىدىن بولۇپ، باشقىلارغا

بوزەك بولمايتتى، باشقىلارنىمۇ بوزەك قىلمايتتى. ناھەق ئىشلارنى كۆرسە ئۇنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەدىپىنى بېرىپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەتتى.

ئۇ چاغلاردا ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ھەرقايسى ئورۇنلارغا جىسالارنى بەلگىلەپ (جىسا ـ مەنسەپ نامى، ئۇلاردا جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنى تۇتۇش ھوقۇقى بولاتتى)، جىسالار ئارقىلىق خەلقنى باشقۇراتتى. شۇ مەزگىللەردە تورپان ئاستانىدىكى مۇمۇت دېگەن كىشى بەش قىشلاق (سىڭگىم، مۇرتۇق، ئاستانە، قاراغوجا، ياڭخى) غا جىسا بولۇپ، ئۆز ھوقۇقىغا تايىنىپ خالىغانچە ئىش كۆرەتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي ئازراقلا قارشىلىق كۆرسەتكەن كىشىنى ئۇراتتى، قامايتتى، ھەتتا پۇت ـ قوللىرىغا كىشەن، كويزا سېلىپ كوچىلاردا سازايى قىلاتتى. كۆڭلىگە ياقمىغان كىشىلەرنى يوقىلاڭ بەتناملار بىلەن قاماپ خالىغانچە جازالايتتى. شۇ قاتاردا ئەمەتنىمۇ ئوغرى، قىمارۋاز دەپ تۇتۇپ قامايدۇ، ئەمەتنى سوراق قىلغاندا غاڭزىدىكى ئوتنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە تۆكۈپ قويۇپ، غاڭزىغا تاماكا سېلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى ئوت چوغىنى غاڭزىسىغا سېلىپ تاماكا چېكىدۇ. ئەمەت بۇنىڭغا قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ.

ئەمەت بىر ئامال قىلىپ تۈرمىدىن قېچىپ چىقىدۇ. دەل شۇ چاغدا يۇرتداشلىرى مۆيدىن خەلپەتنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كېلىپ خەتمە قۇرئان قىلىۋاتاتتى. ئەمەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەبرە ئالدىدا خەلقنى زوراۋانلىققا قارشى قوزغىلىپ، مۆيدىن خەلپەت ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا چاقىرىدۇ. خەلق قوزغىلىدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىنىسى شاكىر، قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى ياۋلەن، ئىمىن، سېيىت قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تورپانغا كېلىپ، ئەمەتنىڭ قابىل ياردەمچىلىرىدىن بولىدۇ. ئەمەت باشچىلىقىدىكى دېھقانلار ئۆز ۋاقتىدا تۆمۈر خەلپە يەتكۈزۈپ بەرگەن قوراللارنى ئېلىپ يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ ۋە مۇمۇت جىسانى

تۇتماقچى بولىدۇ.

مۇمۇت جىسامۇ تۇرپاندىكى مايىت جىسانى ئەمەتنى تۇتۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ ۋە ئۇ ئىككىسى ئاستانىدا 15 دەك ئادەم تەشكىللەپ، ئەمەتنى تۇتماقچى بولۇپ قاراغوجا يېزىسىدىكى مانتۇنىڭ مەھەللىسىگە بارىدۇ. ئەمەت باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئوق چىقىرىدۇ. مايىت، مۇمۇت جىسالار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن «قاراغوجىدا 100 دەك ئادەم بىزگە قارشى چىقتى، تېزدىن قوراللىق چېرىك ئەۋەتىپ ياردەم بېرىڭلار» دەپ تەلەپ قىلىدۇ. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇلارنىڭ تەلىپىگە بىنائەن 30 نەچچە قوراللىق چېرىكلەرنى ئاستانىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قاراغوجا يېزىسىغا كاناي چېلىپ ھەيۋەتلىك بېسىپ كىرىدۇ. ئەمەت باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار تۆمۈر نىيازنىڭ قورۇسىغا كىرىۋېلىپ، دەرۋازىنى مەھكەم ئېتىپ يوشۇرۇنىدۇ، چېرىكلەر يىراقتا تۇرۇپ ئوق ئاتىدۇ ۋە ئاقىۋەت زېرىكىپ، بىر نەچچە يەرگە جەم بولۇپ، ئۆزئارا ئەپيۇن چېكىپ كەيپ بولۇشىدۇ. ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان قوزغىلاڭچىلار يېرىم كېچە بولغاندا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قورۇدىن چىقىپ ئەسكەرلەرنىڭ بارلىق قورال - ياراغ، ئوق - دورىلىرىنى يىغىپ ئېلىپ، پىچان ئارقىلىق كۆكيارغا چىقىپ كېتىدۇ ۋە كۆكياردىن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا ئەرز يېزىپ ئەۋەتىدۇ. ئەرزىدە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ئەمەسلىكىنى، پەقەت مۇمۇت جىسانىڭ ھەددىدىن ئاشقان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىغا قارشى قوزغالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى بۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنىنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك جاي ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇلارنى ئالداپ يۇرت ئىچىگە ئېلىپ كېلىش غەرىزىدە، قايتىپ كەلسە سۈرۈشتە قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما مۇمۇت جىسانى جازالاپ بېرىشكە ئۇنىمايدۇ.

مۇمۇت جىسا ئاقىۋەت ئەڭ يېقىن ئادىمى قاراغوجىلىق ئابدۇللانى ئىشقا سېلىپ ئەمەتنى تۇتماقچى بولىدۇ، ئابدۇللا

كۆرۈنۈشتە مۇمۇت جىسانىڭ يېقىن ئادىمىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مۇمۇت جىسانىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن بەكمۇ نارازى ئىدى. شۇڭا، ئۇ مۇمۇت جىسانىڭ ئەمەتنى تۇتۇش پىلانىنى ئەمەتكە ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ ئىككىسى مۇمۇت جىسانى بىللە تۇتۇشقا مەسلىھەتلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەمەت، مەتسېيىت، تاجى، ئەزنىۋاقىلار مۇمۇت جىسانىڭ قورۇسى ئەتراپىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، ئابدۇللانى سۇڭگۈچ ئارقىلىق مۇمۇت جىسانىڭ ئۆيىگە كىرگۈزىدۇ. ئابدۇللا ئۇنىڭغا ئەمەتلەرنى بىر ئۆيگە سولاپ قويغانلىق خەۋىرىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭدىن خۇش بولغان مۇمۇت جىسا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كەيمەكچى بولىدۇ. ئابدۇللا مۇشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ دەرھال مۇمۇت جىسانى قۇچاقلاپ بېسىۋېلىپ، ۋارقىراپ ئەمەتلەرگە خەۋەر قىلىدۇ. ئەمەتلەر دەرھال ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ مۇمۇت جىسانى باغلايدۇ ۋە ئۇنى ئېشەككە مىندۈرۈپ سېڭگىم ئېغىزىدىكى قىزىل سىگىرغا چىقىپ كېتىدۇ.

ئۈچ كۈندىن كېيىن تۇرپان ناھىيىسىنىڭ مەسلىھەتچى ھەربىي ئەمەلدار سۇن شياۋشاڭ بىلەن ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن فىڭيىڭجاڭ چېرىك باشلاپ قىزىل سىگىرغا ئەمەت ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن بارىدۇ. پوستتا تۇرغان تاجى ئۇلارنى كۆرۈپ ئالدىراپ كېتىپ، مۇمۇت جىسانى ئېتىۋېتىدۇ. ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولىدۇ. چېرىكلەر كۆپ تالاپەتكە ئۇچرايدۇ، ئەمما بىر قېتىملىق ھۇجۇمدا شاكىر بىلەن نەچچە ئونلىغان قوزغىلاڭچى دېھقان دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قالىدۇ. شاكىر ئۇزاق ئۆتمەي تۇرپان شەھىرى ئىچىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئەمەت قوزغىلاڭچىلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قىزىل سىگىردىن ئايرىلىپ، جىمسار، گۇچۇڭ، پىچان قاتارلىق ناھىيىلەردىكى تاغلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ. ئۇلار تاغلاردا بىر قانچە كۈنلەر ئاچ قېلىپ، تۇرمۇشتا قىينىلىپ، ئىنتايىن جاپا چېكىدۇ. ئاقىۋەت ئەمەت ياۋلەن، ئىمىن سېيىتنى ئامىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ

ئۆزئارا ياردەملىشىپ ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىش ئۈچۈن قومۇلغا ئەۋەتىدۇ. لېكىن، ياۋلەن قاتارلىق كىشىلەر قومۇلدا خائىنىنىڭ ساتقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن 1914 - يىلى 5 - ئايدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

1914 - يىلى 8 - ئايدا ئەمەت باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار گۈچۈڭ تەۋەسىدىكى تەگرىتېغى ئىچىگە يۆتكىلىدۇ. شۇ يىلى يازدا ياڭ زېڭشىن مۇئاۋىن يىڭجاڭ مافۇتەي، لىيەنجاڭ مىڭ گۈسەي، شىزوفەنلەر باشچىلىقىدا چېرىكلەرنى پۇقراچە ياساندۇرۇپ ئەمەتنى ئىزدەشكە ئەۋەتىدۇ. 8 - ئايدا ئۇلار ئەمەتلەر بىلەن تاغنىڭ بىر ئويمان يېرىدە ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولىدۇ. جەڭدە ئەمەتنىڭ سادىق سەبدىشى ئابدۇل بىلەن ئابدۇللا قۇربان بولىدۇ.

قىش يېتىپ كېلىپ، ئەمەت باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى تۇرمۇشتا تېخىمۇ قاتتىق قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك جەھەتتىن كۆپ قىينالغان ئەمەت كېسەل بولۇپ قالىدۇ. سەپداشلىرى ئۇنىڭ يېنىدىن كېچە - كۈندۈز ئايرىلماي، قولىدىن كېلىشىچە داۋالاپ ياخشى قارايدۇ، لېكىن ئەمەتنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىشقا باشلايدۇ. ئۇ ئاخىرقى نەپىسى ئۈزۈلەي دەپ قالغاندا سەپداشلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، «مەن بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆلگەندىن كېيىن كاللامنى ئېلىپ، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشىپ، ئۆزۈڭلارنى قوغداڭلار، بالا - چاقاڭلار بىلەن جەم بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە ئىنتىقام ئېلىڭلار» دەيدۇ ۋە 1914 - يىلى 12 - ئاينىڭ 16 - كۈنى گۈچۈڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر تاغ ئېغىزىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۆز سەركەردىسىدىن ئايرىلغان قوزغىلاڭچى قوشۇن ئەمەت ئۈچۈن قايغۇلۇق ماتەم تۇتىدۇ ۋە نۇرغۇن تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن ئەمەتنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئىش قىلماقچى بولىدۇ. ئەمەتنىڭ يېقىن

سەپداشلىرىدىن تاجى، مەتسېيىت، ئەزىنىۋاقىلار ياش تۆكۈپ تۇرۇپ سەپدىشىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت قوزغىلاڭچىلارغا كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىدۇ. ئەمەتنىڭ كاللىسىنى سىيەنجاڭ (تۇرپان شەھرىدىكى ھازىرقى يېڭى گاراژ ئورنى) دىكى قاپاق تېرەككە تۆت ـ بەش كۈنگىچە ئېسىپ سازايى قىلىدۇ.

# ئۈچىنچى باب

## شوپۇللۇق سالى دورغا

سالى دورغىنىڭ ئاتىسى بوسۇق دورغا دېگەن كىشى بولۇپ، قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ شوپۇل دېگەن يۇرتىدىكى چارۋا باشقۇرغۇچى ئىدى. بوسۇق دورغا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭلىقتىن ئۇنىڭ 1887 - يىلى شوپۇلدا تۇغۇلغان ئوغلى سالىنى 1926 - يىلى 38 ياش ئەتراپىدا شوپۇلغا دورغا قىلىپ بەلگىلەيدۇ. سالى دورغا كەڭ قورساق، تۈز كۆڭۈل، شۇنداقلا ھەر قانداق ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاپ، ئادىل بېجىرىدىغان خەلقچىل كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلە ئىقتىسادى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، 20 مودەك سۇلۇق يېرى، 50-60 تۇياق قوي، ئۆچكىسى، ئالتە ئات، ئوندىن ئارتۇق كالا، تۆت - بەش تۆگىسى بار ئىدى.

سالى دورغا 1931 - يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى باشچىلىرىدىن بولۇپ، ئارا تۇركتىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ئۇلارغا باشچى بولىدۇ. كېيىن قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بىرلەشكەندە قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ يېتەكچىسى خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ، شىنجاڭغا مۇئاۋىن رەئىس بولغاندا سالى دورغىنى ئاقسۇغا دوتەي (ۋالىي) قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

شېڭ شىسەي 1937 - يىلى تۇتقۇن قىلىشنى باشلىغاندا سالى دورغىنى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ غوللۇق باشلىقى دەپ قولغا ئېلىپ، ئۇرۇمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئۇ كۆپ

قىتىم قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا سوراق قىلىنىپ، 1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇمچىدىكى 2 ـ تۈرمىدە ئارغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بۇ يەردە ئاراتۇرك دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتسەك ئارتۇقچىلىق قىلماس.

جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق ليۇسجاڭ ۋە بەي ۋېنجاۋ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى يوقىلاڭ باھانە بىلەن دېھقانلارنىڭ تېرىلىۋاتقان يەرلىرىنى ئۆز ئادەملىرىگە ئېلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار يەرسىز قىلىپ كۆندىن ـ كۈنگە نامراتلىشىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈشتە قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئارقىدىن بەي ۋىنجاۋ سالى دورغىنى قومۇلغا چاقىرتىپ، باج تاپشۇرمىدىڭ دەپ ئون كۈن قاماپ سوراق قىلىدۇ ۋە سالى دورغىغا سەن مەسئۇل بولۇپ، ئون كۈن ئىچىدە بارلىق باجلارنى تاپشۇرۇپ بولىسەن، ئەگەر تاپشۇرمىساڭ كاللاڭنى ئالىمەن، دەيدۇ. سالى دورغا ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن قومۇلدىكى ئىناۋەتلىك كىشىلەردىن يولۋاس بىلەن ھەسەن بالا ھاجىنى كېپىل قىلىپ، باجنى ئون كۈندە تاپشۇرۇشقا ۋەدە بېرىپ تۈرمىدىن چىقىدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شوپۇل خەلقى قولىدا بارمال ـ مۈلكىنى سېتىپ، ئون كۈندە بارلىق مەجبۇرىي تېگىشلىغان باجلارنى تاپشۇرىدۇ، لېكىن بۇ شوپۇل خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغايدۇ.

1931 ـ يىلى ئەتىيازدا شوپۇل خەلقى ئادىتى بويىچە 50 تۆگىگە ئاشلىق ئارتىپ قومۇلغا ئاپىرىپ ئۇن تارتىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، تاشۋېلىقتىكى جىن شۇرىن ئەسكەرلىرى، سەنلەر بۇ ئۇننى تاشقى موڭغۇلىيىگە ئاپىرىپ سودا قىلماقچى، دەپ ئۇننى تارتىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە جەرىمانە قويىدۇ. جازانىخور سودىگەرلەر رەخت، گەزماللىرىنى شوپۇل خەلقىگە نېسىگە سېتىپ، كۆزدە بىر پۇللۇق نەرسىنى ئىككى، ئۈچ پۇل دەپ ھېسابلاپ، خەلقنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى ھەتتا ئۆي ـ ماكانلىرىنى ئېلىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن،

خەلق تېخىمۇ نامراتلىشىدۇ.

يەنە بىر ئەڭ مۇھىم ئىش، ئاراتۈركنىڭ سۇجىبۇلاق (سىمخۇاچۈەن) دېگەن جايىدا تۇرۇۋاتقان جاڭ گوخۇا (جاڭجىسا) قۇمۇلدىن قايتىشىدا شوپۇلغا كېلىپ سالى دورغىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالماقچى بولىدۇ ۋە سالى دورغىغا «بۈگۈن ماڭا بىر ئۇيغۇر خوتۇن تېپىپ بەر» دەپ زورلۇق قىلىدۇ، سالى دورغا «بىز ئىسلام دىنىدىكى خەلق، ساڭا تېگىدىغان ئۇيغۇر ئايال يوق» دەيدۇ. جاڭ گوخۇا سالى دورغىنىڭ قىزى ئايىنىساخاننى كۆرسىتىپ «بۇ خوتۇن ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنى ماڭا بېرىسەن!» دەيدۇ. سالى دورغا جاڭ گوخۇا بىلەن مۇشۇ ئىش توغرىسىدا تاكاللىشىدۇ، ئاخىر سالى دورغا «ئەگەر سەن بۇنداق تەلەپ قويىدىغان بولساڭ، ئۆلۈم ئىشى چىقىدۇ» دەپ غەزەپلىنىدۇ. بۇ چاغدا جاڭ گوخۇا «ئەگەر بەش كۈن ئىچىدە مۇشۇ قىزنى ماڭا بەرمىسەڭ، كاللاڭنى ئالىمەن، كۆيئوغلۇڭنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىمەن» دەيدۇ. سالى دورغا بۇ ئىشتىن كېيىن شوپۇلدىكى يۇرت كاتتىلىرى بىلەن كېلىشىپ، يۇرت خەلقىنى باشلاپ، شوپۇلدىن تال تېغىغا كۆچۈپ كېتىدۇ.

ئاراتۈركتىكى ئابدۇنىياز مىراپ توقسۇن قورمال، تۆركۆللۈك باقى نىياز دورغا، نوملۇق سالى دورغا بىلەن مۇشۇ ئىش توغرىسىدا كېڭىشىپ باقماقچى بولىدۇ، دەل شۇ كۈنلەردە قۇمۇلدىكى يولۋاس ئابدۇنىياز مىراپقا قاراتاللىق يارى دورغا ئارقىلىق «شوپۇلدىكى سالى دورغا بۇزۇلدى، ئۇ شوپۇل خەلقىنى تال تېغىغا كۆچۈرۈپ كەتتى، سەن بۇ ئالاقىنى ئالغان هامان سالى دورغىنى تىرىك تۇتۇپ ماڭا تاپشۇرۇپ بەر» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە ئالاقە ئەۋەتىدۇ. ئابدۇنىياز مىراپ بۇ ئالاقىنى كۆرۈپ بولۇپ ئالاقىنى ئېلىپ چىققان يارى دورغىغا ئاراتۈركلۈك توقسۇن قورمالنى قوشۇپ، تال تېغىغا ماكانلاشقان سالى دورغىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. سالى دورغا ئالاقىنى كۆرگەندىن كېيىن غەزەپلىنىدۇ، دۈشمەننىڭ قولىدا ناهەق ئۆلگۈچە خەلقنى قوزغاپ ئېلىشماقچى بولىدۇ ۋە دەرهال ئورۇنلاشتۇرۇش

ئېلىپ بارىدۇ. توقسۇن قورمالنى ئاراتۈركتىكى بىر يىلڭ ئەسكەر ئــورۇنلاشــقان جاينى ئېلىشقا، باقىنىياز دورغىنى تۇر كۆلدىكى چازىنى ئېلىشقا، نوملۇق سالى دورغىنى نومدىكى چازىنى ئېلىپ جىسالارنى يوقىتىشقا تەكلىپ بېرىپ ئابدۇنىياز مىراپقا ئەۋەتىدۇ. ئۆزى سۇجىبۇلاقتىكى جاڭ جىسانىڭ چازىسىنى ئېلىشقا مەسئۇل بولۇپ، 1931 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شوپۇل خەلقىدىن پالۋان تاللاپ ئاراتۈركنىڭ باي دېگەن يېرىدە خەلقلەردىن ئون نەچچە نەپەر پالۋاننى قوشۇپ، جەمئىي 50 نەچچە پالۋاننى باشلاپ بېرىپ، سۇجىبۇلاقتىكى چېرىكلەر تۇرۇشلۇق چازا ئەتراپىنى بىر كېچىدە مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۆزى ئۈچ نەپەر ئادەم بىلەن جاڭ جىسانىڭ يېنىغا كىرىدۇ. «مەن ساڭا قىزىمنى خوتۇنلۇققا بېرىشكە رازى بــولــدۇم. بالــدۇر ساڭا بىھۆرمەتلىك قىلىپ، سېنى رەنجىتىپ قويغىنىم ئۈچۈن ئەمدى ئەپۇ سوراپ كەلدىم. توي ۋاقتىنى توختام قــىلــســاق قــانــداق؟» دەيــدۇ. جــاڭ گوخۇا خۇشاللىقىدا سالى دورغىلارنى يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن ئۆيگە باشلاپ دەرھال زىياپەت ئــۇيــۇشــتــۇرۇپ مــېھمان قىلىدۇ، ئۆزى شاراپنى مەس بولغۇچە ئىچىدۇ. جاڭ جىسا راسا مەس بولغاندىن كېيىن، سالى دورغىلار قــايــتــمــاق بــولــۇپ ســىــرتقا چىقىپ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان پالۋانلىرىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا چېرىكلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. جاڭ گوخۇا سېزىپ قىلىپ ئاتقا مىنىپ قاچىدۇ. ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرگەن سالى دورغا ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنى ئېتىپ تاشلايدۇ. جاڭ گوخۇا بولسا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ قاراڭغۇ تاغقا قاراپ قاچىدۇ.

جاڭ گوخۇا يول ئۈستىدە ئېچكىرىدىن چىققان، قۇم كۆندۈ دېــگەن جــايــغــا چۈشكەن سودىگەرلەرگە ئۈچرايدۇ. جاڭ گوخۇا ســودىــگــەرلــەرگــە يــالۋۇرۇپ ئۆز ئەھۋالــىنى ئېيتقاندىن كېيىن ســودىــگــەرلــەر جاڭ گوخۇانى ياغاچ ساندۇققا يوشۇرۇپ قويىدۇ. پالۋانلار ئاقتۇرۇپمۇ تاپالماي كېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جاڭ

گوخوا سودىگەرلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا باركۆلگە قېچىپ بېرىپ ئەھۋالنى جىن شۇرىنغا مەلۇم قىلىدۇ. جىن شۇرىن ئۆزىنىڭ قومۇلدا تۇرۇشلۇق خادىمى ليۇسىچاڭغا تېلېگرامما بېرىپ، ئاراتۇركتە يۈز بەرگەن توپىلاڭنى تېزدىن بېسىقتۇرۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇرۇقىنىمۇ قويماي يوقىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. ليۇسىچاڭ باركۆلدىكى خې تۇەنجاڭنى 2 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن قوزغىلاڭچىلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتىدۇ. ئەسكەرلەر شىۋچۈەن (شور بۇلاق) دېگەن يەرگە كەلگەندە ئارا تۇركنىڭ قوزغىلاڭچى پالۋانلىرى ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلىدۇ. جەڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان شوپۇللۇق سالى دورغا شوپۇلدىن بىر ئاتقا ئوق ئارتىپ نېرىنكىر دېگەن جايدىكى قوزغىلاڭچى پالۋانلارغا ئەۋەتىپ بېرىپ ئۇرۇشقا مەدەت بېرىدۇ. نېرىنكىردىكى ئۇرۇش غەلىبە بىلەن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، سالى دورغا ئون ئىككى تاغنىڭ پالۋانلىرىنى تەشكىللەپ، جىن شۇرىننىڭ تاشۋىلىقتىكى چېرىكلىرى بىلەن پەم- پاراسەت ۋە قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ دۈشمەنلەرنى پۈتۈنلەي يوقىتىدۇ.

سالى دورغا يۇقىرىدىكى جەڭلەردىن كېيىن پالۋانلىرىنى باشلاپ قومۇل قوزغىلاڭچىلىرىغا قوشۇلىدۇ.

## ئابدۇنىياز مىراب

ئابدۇنىياز مىراب 1860- يىلى ئاراتۇرك يېزىسىدا بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنيا كېلىدۇ. ئۇز ئاتىسىنىڭ ئىسمى تۆمۈر نىياز دېگەن كىشى ئىدى، شۇ مەزگىللەردە ئاراتۇركتە مىراب بولۇپ ئۆتكەن بوسۇق دېگەن كىشى پەرزەنت كۆرمىگەنلىكتىن، دېھقان تۆمۈر نىيازنىڭ ئوغلى ئابدۇنىيازنى بېقىۋېلىپ چوڭ قىلىدۇ ۋە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ. 1900- يىللارغا كەلگەندە بوسۇق مىراب كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ

ئابدۇنىياز ئۇنىڭ ئورنىدا مىراب بولىدۇ. 1920 - يىللىرى قۇمۇلدىكى شامەخسۇت چىڭۋاڭنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ئۇنى ئاراتۈركتە ئۈچ بېگى (دېھقان بېگى، چارۋا بېگى، سۇ بېگى) قىلىپ تەيىنلەپ، توققۇز دورغا ئىدارە قىلىپ كېلىۋاتقان توققۇز يۇرتنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ توققۇز يۇرت قوراي (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى تيەنسەن رايونى تۇرۇشلۇق جاي)، خوتۇنتام، شوپۇل (ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى تاشۋېلىق رايونىنىڭ خوتۇنتام، شوپۇل يېزىلىرى)، ئاراتۈركنىڭ باي يېزىسى، ئاراتۈرك يېزىسى، ئاداق يېزىسى، نوم يېزىسى، تۇركۆل يېزىسى، نېرىنكىر يېزىسى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئابدۇنىياز مىراب ئۈچ بېگى بولغاندىن كېيىن ۋاڭلىقتىن ئاراتۈركتە 40 نەچچە نەپەر پۈتۈن تەمىناتلىق قوراللىق ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭغا يولۋاسنى يېڭجاڭ، ئابدۇنىياز ئۈچ بېگىنى ليەنجاڭ قىلىپ بېكىتىدۇ. كېيىن ئابدۇنىياز قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ ھەم باشچىلىق قىلىدۇ.

ۋاڭلىقنىڭ ئاراتۈركتە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلىرىنىڭ يېڭجاڭى يولۋاس ئالدىنقى بەتتە دېيىلگەندەك ئابدۇنىياز ئۈچ بېگىگە قۇمۇل قاراتاللىق يارى دورغا دېگەن كىشىدىن شوپۇللۇق سالى دورغىنى تىرىك تۇتۇپ تاپشۇرۇش توغرىسىدا خەت ئەۋەتىدۇ. ئابدۇنىياز يولۋاسنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي، سالى دورغىنى ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرىدۇ ھەم سالى دورغا بىلەن بىرلىكتە دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باشلايدۇ.

ئابدۇنىياز ئۈچ بېگى ئۆزى باشچىلىق قىلغان قوزغىلاڭچىلارغا جىن شۇرېنىڭ ئابلا دارىن باشچىلىقىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى قورشاپ قورال تاپشۇرۇشقا قىستاشنى بۇيرۇيدۇ. ئابلا دارىن قورشاۋدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرىدۇ.

ئابدۇنىياز كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن بىرلىشىدۇ ۋە

قـومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، قوزغىلاڭنىڭ باشچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجى شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىشىپ، ئىتتىپاقدىشى ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتە بولىدۇ، قۇمۇل يەنىلا شېڭ شىسەينىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە باشلايدۇ. ئابدۇنىياز مىراب قۇمۇلدا تۇرالماي گەنسۇنىڭ ئەنشى دېگەن يەرگە كېتىدۇ. ئۇ يەردىمۇ خاتىرجەم بولالماي ئاراتۈرككە قايتىپ كېلىدۇ. ئابدۇنىياز مىراب قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنى شېڭ شىسەي دائىرىلىرى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ 1938- يىلى قىشتا ئۈرۈمچى 2 - تۈرمىدە ئارغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## نومىلۇق سالى دورغا

سالى دورغا 1870 - يىلى ھازىرقى ئاراتۈرك ناھىيىسىدىكى نوم يېزىسىنىڭ دورغىسى ئابدىرازاق بەگ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. سالى دورغىغا دورغىلىق ئاتىسىدىن مىراس قالىدۇ. سالى دورغا ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز ھەر قانداق ئىشتا كېيىنلىكنى ئويلاپ ئىش قىلىدىغان تەدبىرلىك كىشى ئىدى.

جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن جۇچۇەندىن 80 ئائىلىلىك كىشىنى نوم يېزىسىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. دېھقانچىلىقتىن خەۋىرى بولمىغان بۇ كىشىلەرگە يەرلىك دېھقانلارنىڭ يېرىنى بۆلۈپ بېرىپ، سوقا - سايان قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئارىيەت ئېلىپ بېرىدۇ. شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىقىنى بىلمەيدىغان بۇ كۆچمەنلەر يەرنى ھەيدەپ ياكى باستۇرۇپ بولۇپ، كالىنى سايان بىلەن قويمۇپتىدۇ. بەزى كالىلار

سۇ ئىچىپ قويۇپ ئاغرىپ ئۆلىدۇ، بەزى كاللار ساپان، سۆرەمنى قالايمىقان سۆرەپ يۇرۇپ يەرلىك دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىنى بۇزىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا يەرلىك دېھقانلار نارازى بولىدۇ، جۇملىدىن يەرلىك بىلەن كۆچمەنلەر ئوتتۇرىسىدا سۇركىلىش پەيدا بولىدۇ. بۇ چاغدا كۆچمەنلەرنىڭ باشلىقى جىسا، شۇي لويى، ۋاڭ خۇيىمىڭلار دېھقانلارنى ئۇرۇپ، تىللاش بىلەن قالماي نومىنىڭ يۇرت باشلىقى سالى دورغا قاتارلىق ئون نەچچە كىشىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىدىن خەۋەر تاپقان سۇي ليۇۋېي دېگەن يەرلەشكەن خەنزۇ ئەھۋالنى سالى دورغىغا مەلۇم قىلىدۇ. سالى دورغا كۆچمەنلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزەيدۇ. ئاراتۇركتە دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن دۇشمەننىڭ خې فامىلىك تۇەنجاڭى بىر تۈەن ئادەم بىلەن چوڭ جىگدە دېگەن يەرگە كېلىپ، ئارا تۇرك دېھقانلىرىنى قىرغىن قىلماقچى بولىدۇ. سالى دورغا بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، خې تۇەنجاڭغا يۇشۇرۇن خەت يېزىپ، «هازىرقى ئاراتۇركتە ئالتە يۇرتتىن يىغىلغان، ما جۇڭيىڭ ئەۋەتكەن ھەم تاشقى موڭغۇلىيەدىن ياردەمگە كەلگەن 1500 دىن ئارتۇق زامانىۋى قورالىق ئەسكەر بار. سىز بىر پولك ئەسكەر بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ زىيانغا ئۇچراپ قالماڭ. مەن دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ مەلۇماتنى بېرىمەن» دەيدۇ. خې تۇەنجاڭ بۇ سۆزگە ئىشىنىپ، ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ كېتىدۇ. سالى دورغا ئاشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق خەلقنى قىرغىندىن ساقلاپ قالىدۇ.

سالى دورغا قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپ بىلەن بولغانكونا مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن خوجىنىياز ھاجى بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئوتتۇرىسىدا خىزمەت ئىشلەپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتىنى تۇرغۇزىدۇ ۋە خوجىنىياز ھاجىنىڭ تاشقى موڭغۇلىيەدىن كىرگۈزىدىغان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ۋە باشقا ھەربىي

ئەسلىھەلەرنى ئېلىپ كېلىشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئۇ بىر قېتىم بىر قانچە يەشىك مىلتىق، 20 يەشىك ئوق، مىلتىق دورىسى، ئوق بېشى ۋە ئوق بېشى قويۇش ئۈچۈن نۇرغۇن قوغۇشۇن، 500 قۇر تورلانغان پاختىلىق كىيىم، 600 پارە چىگىرىن ئۆتۈك، 1000 دانە يامغۇرلۇق چاپان، 500 دانە جۇۋا قاتارلىق بۇيۇملارنى موڭغۇلىيەدىن ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ دەۋرنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدا خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭغا مۇئاۋىن رەئىس بولغان مەزگىلدە، شېڭ شىسەي سالى دورغىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتقان ۋە سۆھبەت جەريانىدا شېڭ شىسەي «نېمە ئۈچۈن قوزغىلاڭ قىلدىڭ؟» دېگەندە سالى دورغا «ئىنقىلاب بولمىغان بولسا، سەن بۇ ئورۇنغا ئىگە بولالايتىڭمۇ؟» دەپ جاۋاب بەرگەن، شېڭ شىسەي سالى دورغىنىڭ راستچىل، ئوچۇق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ كېيىن ئۇنى قولغا ئالمىغان دېگەن سۆزلەر بار.

ئەمەلىيەتتىمۇ سالى دورغا قولغا ئېلىنمايدۇ، 1950 - يىلى 80 يېشىدا يۇرتى نومدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## تۇركۆللۈك باقىنىياز دورغا

تۇركۆللۈك باقىنىياز دورغا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا قۇمۇلدا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، پالۋان ئاتالغانلارنىڭ بىرى. 1933 - يىلى قىشتا شېڭ شىسەي تەخمىنەن 1000 دەك ئەسكەرنى باشلاپ ئاراتۈرۈك قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرغىلى دازەلگۇ دېگەن يەرگە كېلىدۇ. ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان تۇركۆللۈك باقىنىياز دورغا تۆلەڭ توختى، بەرەم كوسۇ، شامەمەت پالۋان، كۆنەك غوجى قاتارلىق يەتتە نەپەر پالۋاننى باشلاپ دازەلگوغا كېلىپ ئۇرۇش قىلىشقا ئەپلىك بولغان ئېگىز ئورۇننى ئىگىلەپ، شېڭ شىسەي قوشۇنىنى توسۇپ تۇرىدۇ. شېڭ قوشۇنى يېتىپ كېلىشى ھامان باقىنىياز دورغا دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ ئالتە ئادەمنى يەر چىشلىتىدۇ. بۇ چاغدا دۈشمەن چېكىنگەن بولۇپ

تارقىلىپ، باقىنىياز دورغىنىڭ ئىستىكامىنى مۇھاسىرىگە ئېلىنىۋالىدۇ. باقىنىياز دورغا يەتتە پالۋان بىلەن دۈشمەنگە قاراپ ئات سېلىپ ئوق ئېتىپ، دۈشمەن ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە مۇھاسىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. لېكىن، دۈشمەن، باقىنىياز دورغىلارنى ئوڭ - سول ئىككى تەرەپتىن قورشاپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا باقىنىياز دورغا ئوڭ تەرەپتىكى دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ باتۇرىنى بىر پاي ئوق بىلەن يىقىتىدۇ، تۆلەڭ توختى سول قاناتنىڭ باتۇرىنى يىقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن ئالغا سىلجىيالماي چېكىنىدۇ.

1933 - يىلى شىڭ شىسەي قوموۇلدىن تۇمۇرتى دېگەن يەرگە چىقىپ، نەنسەن (جەنۇبىي تاغ) خەلقىنى قىرغىن قىلماق بولۇپ، تۆۋەن ئىرغايدا مۆكۈنۈپ ياتقان خەلقنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. دۈشمەنىنىڭ ئەسكىرى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئىككى پولك كېلەتتى. باقىنىياز دورغا دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزەتكەندىن كېيىن يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان يەتتە پالۋاننى باشلاپ تۆۋەن ئىرغاتىدىكى تاغ ئۈستىدىن تۇيدۇرماي ئۆتۈپ، دۈشمەنگە يېقىن يەرگە كېلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەنىنىڭ ئون نەچچە ئادىمىنى يەر چىشلىتىدۇ، دۈشمەن ئىلاجسىز قېلىپ چېكىنىدۇ.

باقىنىياز دورغا ئۇرۇق، جۈۋەك ھەم پاكار ئادەم بولۇپ، يول يۈرۈش، تاغقا چىقىشتا چاققان، قەدىمى تېز، ئۇرۇشتا جەڭگەرلىك ئادەم ئىدى. باقىنىياز دورغا ھەر قانداق ئۇرۇشقا قاتناشقاندا، يەر شارائىتى ۋە دۈشمەن ئەھۋالى بىلەن ئۆز كۈچىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئاز ئادەم بىلەن ھەرىكەتچان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا ماھىر كىشى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قىسمىدىن ئۇرۇشتا ئادەم ئۆلمەيدۇ، پەقەتلا توقسۇن قورمال، مەڭە نىياز، موللا سالى، گاسىم ئاسىپ قاتارلىق تۆت كىشى يارىلىنىدۇ، شۇڭا خەلق ئۇنى مەدھىيىلەپ:

دۈشمەن ئاتىدۇ تاشقا،
پالۋان ئاتىدۇ باشقا.
باقىنىياز دورغىنى ياندۇرساق،
يىگىرمە - ئوتتۇز ياشقا.

دېگەن قوشاقنى توقۇغان.

## نىياز دېھقان

نىياز دېھقان قۇمۇل قالغايتىدا ئولتۇرۇشلۇق دىنىي ئۆلىما ھېيتاخۇن ئائىلىسىدە 1882 - يىلى دۇنياغا كېلىدۇ. نىياز دېھقان كىچىكىدىنلا زېھنى ئۆتكۈر بالا بولۇپ، ساۋاتىنى چىقىرىپلا ھېسابات ئىشلىرىغا قىزىقىدۇ، ۋە دادىسىنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. كېيىن ئائىلىنىڭ سودا ئىشلىرىنى مۇستەقىل باشقۇرىدۇ. ئۇ سودا بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلدە كۆپنى كۆرگەن، كۆپنى بىلگەن، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىدىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن. ئاخىرقى ھېساباتتا ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تەڭسىزلىككە نىسبەتەن يېڭى بىر قاراشقا ئىگە بولغان.

1912 - يىلى 1 - ئايدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا زۇلۇمغا قارشى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلايدۇ. نىياز دېھقان قوزغىلاڭغا قاتنىشىش ئۈچۈن تاراتىدىكى يېقىن دوستى خوجىنىياز پالۋان بىلەن ئالاقىلىشىدۇ ۋە ئىككىسى قوزغىلاڭغا قاتنىشىش ئۈچۈن قىلىچ، مىلتىقىنى ئېلىپ يولغا چىقىپ، ئاقچۇق سېيىغا كەلگەندە، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا كەلگەن چېرىكلەرگە ئۇچراپ قالىدۇ ـ دە، ئىككىيلەن چېرىكلەرگە ئات سالىدۇ، بىر مەيدان جەڭدىن كېيىن چېرىكلەر تىرىپىرەن بولۇپ قېچىشىدۇ. ئۆزىنى چوڭ قوشۇن زەربىسىگە يولۇقۇپ قالدۇق، دەپ ھۆركىگەن چېرىكلەر ئىبسىنى يىغقىچە بۇ ئىككىيلەن كۆزدىن غايىب بولىدۇ.

نىياز دېھقان قوزغىلاڭغا قاتناشقاندىن كېيىن ھەر قايسى جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولىدۇ. كېيىنچە ئۇ توپ بېشى بولىدۇ. شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇ ئەل ئارىسىدا «نىياز پالۋان» دەپ ئاتىلىدۇ. 1913 ـ يىلى تۆمۈر خەلىپە ياڭ زېڭشىنغا ئالدىنىپ ئۈرۈمچىگە ماڭماقچى بولغاندا، نىياز دېھقان «تۆمۈر خەلىپىگە ياڭ زېڭشىنىڭ ۋەدىسى يالغان، بۇ بىزگە قويۇلغان بىر قىلتاق. سىز ئۈرۈمچىگە بارماڭ، بارسىڭىز يامان ئاقىۋەتكە قالىسىز» دەيدۇ. تۆمۈر خەلىپە ئۈرۈمچىگە بېرىشتىن يانمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن نىياز دېھقان ئەمدى مەن كېيىنكى ئىشلارغا ئارىلاشمايمەن، دەپ تاغ ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنىدۇ. نىياز دېھقان يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئامان قالىدۇ. ئۇ ئاخىر ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ۋە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا شامەخسۇت ۋاڭ نىياز دېھقاننىڭ يۇرتتىكى يۇقىرى تەسىرى، ئابرۇيىغا قاراپ، ئۇنى قالغايىتىدىكى ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق يەرلەرنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نىياز دېھقان دەپ ئاتىلىدۇ. نىياز دېھقان ئۇستا مەرگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يېتىلگەن ئەل نەغمىچى ئىدى، ئۇ قۇمۇل 12 مۇقامىنى ئوبدان بىلەتتى، غېجەك بىلەن 12 مۇقامنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالاتتى.

1931 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قۇمۇل دېھقانلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوزغىلىڭى شوپۇل يېزىسىدىن باشلىنىدۇ. نىياز دېھقان قوزغىلاڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئادەم تەشكىللەپ، قوشۇننىڭ زورىيىشىغا ياردەم بېرىدۇ. 1931 ـ يىلى 5 ـ ئايدا نىياز دېھقاننىڭ ئۇكىسى قاسىم پالۋان 400 دىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىنى تەشكىللەپ، قارامۇقچا جېڭىغا ئاتلىنىدۇ. نىياز دېھقان پۇقرالارنى بىخەتەر جايغا كۆچۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. بۇ چاغدا شەھەردىن نۇرغۇن چېرىكلەرنىڭ شەرق تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايدۇ ـ دە، بىر نەچچە ئادىمىنى باشلاپ، تاشيول بويىدىكى سەيخۇمىيۇ مەھەللىسىگە يېتىپ ما قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ،

چېرىكلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندە چېرىكلەر بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. نىياز دېھقان ھەمراھلىرى بىلەن چېرىكلەرنى ئوققا تۇتىدۇ. بىردەملىك ئېتىشىشتىن كېيىن چېرىكلەر 10 نەچچە ئادىمىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ شەھەر تەرەپكە قاچىدۇ. 2 - كۈنى ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن ئۇكىسى قاسىم پالۋان جەڭ قىلىۋاتقان قارامۇقچىغا بارىدۇ. ئۇ جەڭ مەيدانىدا چېرىكلەرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرىدۇ ۋە ئۇكىسى قاسىم پالۋاننىڭ شېھىت بولغانلىقىنى، چېرىكلەر قاسىم پالۋاننىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە شۇ جەڭدە ئېلى پالۋان ئىسىملىك كىشى قۇمۇلدىن ياردەمگە كەلگەن چېرىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، دۈشمەنلەر ئۇنىڭ قۇلىقىنى كېسىپ، ئۆزىنى قۇمۇل كونا شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ، دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، تىرىك تۇرغۇزۇپ تېرىسىنى سويۇپ قىيناپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى تامغا ئارتىپ قويغانلىقىنى ئاڭلايدۇ. غەزەپكە كەلگەن نىياز دېھقان ھەمرالىرى بىلەن قالغايتىغا قايتىپ، ئاكىسى تاھىر ھاجى، ئابدۇللا ئاخۇن، ئابدۇگۇلى ئاخۇن (مەشھۇر سۇنۇقچى)، ئوغۇللىرى تۇرسۇن ئاخۇن، كىچىك ئاخۇنلار بىلەن قوزغىلاڭچى قوشۇننى زورايتىش ۋە قالغايتىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا كەلگەن چېرىكلەرنى توسۇپ زەربە بېرىدۇ. شۇ بىر قېتىملىق جەڭدە نىياز دېھقان ئازلا ئادەم بىلەن تەدبىرلىك جەڭ قىلىپ، 300 دەك دۈشمەننى ئېغىر تالاپەتكە يولۇقتۇرىدۇ. 100 تالدىن ئارتۇق قورال-ياراغ، ئوق - دورا غەنىيمەت ئالىدۇ.

1932 - يىلى كۈزدە نىياز پالۋان خوجىنىياز ھاجىلار بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە تاغ ئىچىدە قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىپ، كۈشتە ئېغىزىغا كەلگەندە، چېرىكلەرنىڭ ئىككى نەپەر ئوفىتسېرىغا يولۇقىدۇ (بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى شېڭ شىسەي، بىرى ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئىدى). نىياز دېھقان ئۇلارنىڭ بىرىنى قارغا ئېلىپ

مىلتىقىنىڭ تەپكىسىنى باسقاندا، مىلتىقنىڭ چاقمىقى چىقىلمايدۇ. نىياز دېھقان مىلتىقىنى ئوڭشاپ بولغۇچە، ئۇلار قېچىپ كېتىدۇ. كېيىن نىياز دېھقان قولغا ئېلىنىپ، ئۇرۇمچى تۈرمىسىگە قامالغاندا، نىياز دېھقاننى شېڭ شىسەي ئۆزى سوراق قىلىپ، «سەن ئەينى ۋاقىتتا مېنى نېمىشقا ئاتمىدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. نىياز دېھقان: «سېنىڭ ئەجىلىڭ توشمىغانىكەن، شۇڭا مىلتىقنىڭ چاقمىقى چىقىلماي قالدى. ئۇنداق بولمىسا سېنى ئاتماي قوياتتىممۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خوجىنىياز ھاجى تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن قوشۇننى باشلاپ تۇرپانغا چىقىدۇ. نىياز دېھقانمۇ ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە چىقىدۇ. قوشۇن لۈكچۈنگە قورشاۋدا قالغاندا، قوشۇننىڭ قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىشىنى نىياز دېھقان تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، 12 نەپەر مەرگەن بىلەن سېپىلنىڭ جەنۇبىي دەۋازىسىدىن چىقىپ، ئىككى قولىدىكى ئىككى تاپانچىدىن ئوق ئاتىدۇ، باشقا مەرگەنلەرمۇ نىياز دېھقان بىلەن تەڭلا مىلتىقىدىن ئوق ياغدۇرۇپ، چېرىكلەرنى ئوققا تۇتىدۇ. ئۇ باشلاپ ماڭغان ئوغۇللىرى تۇرسۇن ئاخۇن، كىچىك ئاخۇن ۋە توختى، جەرۇللا، بەكرى، تاھىر قاتارلىق 12 نەپەر مەرگەن ساق ـ سالامەت قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىدۇ. دەرۋازىدىن ئاساسىي قوشۇن چىقىۋاتقاندا، تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ رەھبىرى مەخسۇت مۇھىتىغا ئوق تېگىپ شېھىت بولىدۇ.

تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىرلەشكەندىن كېيىن نىياز دېھقان شتاب باشلىقى بولىدۇ. ئۇ جىمسار ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ. كېيىن خوجىنىياز ھاجى بىلەن شېڭ شىسەي بىتىم ئىمزالىغاندا، خوجىنىياز ھاجىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بىتىم ئىمزالىشىغا نىياز دېھقان قوشۇلمايدۇ. نىياز

دېھقان: «بىز تۆمۈر خەلىپە پاجىئەسىدىن ساۋاق ئېلىشىمىز كېرەك، ئىنقىلاب قىلغانىكەنمىز، ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. شېڭ شىسەي بىلەن ياڭ زېڭشىن ئوخشاشلا بىر ئادەم. بىز شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشسەك، ئاقىۋىتىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمايمىز» دەيدۇ. بىراق، كېلىشىم ئىمزالىنىۋېرىدۇ. نىياز دېھقان خوجىنىياز ھاجىغا «مەن ئەمدى سىلەر بىلەن بىرگە بولالمايمەن. سىز تۆيۈق يولغا كىرىپ قالدىڭىز، سىزنىڭ ماڭغان يولىڭىز خەتەرلىك» دەپ ئۈرۈمچىگە بارماي، قۇمۇلغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، 20 ـ 30 دەك يىگىتنى باشلاپ قۇمۇلغا كېتىدۇ.

1937 ـ يىلى شېڭ شىسەي ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي قۇمۇلدىمۇ دېھقانلار ئىنقىلابىغا ھېسسىداشلىق قىلغان ۋە قاتناشقانلارنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلايدۇ. شېڭ شىسەينىڭ قۇمۇلدىكى گۇماشتىلىرى ھاشىمھاجى قاتارلىقلار (ھاشىمھاجى قۇمۇل ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان) نىڭ باشچىلىقىدا 20 دىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە ماڭغۇزىدۇ. نىياز دېھقان ئالدىنئالا يوشۇرۇنغاچقا ئۇنى ئۇزاققىچە تۇتالمايدۇ. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى نىياز دېھقاننى تاشقى موڭغۇلىيىگە چىقىپ كەتتى، دەپ پەرەز قىلىپ ئىزدىمەيدۇ. نىياز دېھقان تاغ ئۆڭكۈرلىرىدە نەچچە ئايلارنى ئۆتكۈزىدۇ. بالىلىرى يېمەكلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرىدۇ. بىر كۈنى نىياز دېھقاننىڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇن يېمەكلىك ئارتىلغان ئاتنى مىنىپ، تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى تاغقا چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا، بىر يامان نىيەتلىك ئايال كۆرۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنى شېڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونلىرىغا خەۋەر قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەينىڭ قۇمۇلدىكى گۇماشتىلىرى نىياز دېھقاننىڭ بارلىق

قېرىنداشلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنى ئالدىغا سېلىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ، نىياز دېھقاننى تۇتماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بەرمەيدۇ. ھاشىمھاجى ھەر قانچە ھىيلە ئىشلىتىپمۇ نىياز دېھقاننى تۇتالمىغاندىن كېيىن، نىياز دېھقاننىڭ چوڭ ئاكىسى ئابدۇرېشىت ئاخۇننىڭ ئوغلى مامۇت بىلەن ئىككىنچى ئاكىسى تاھىر ھاجىنىڭ ئوغلى ئىبراھىم (بازار) نى تۇتۇپ تۈرۈشقا قۇمۇلغا ئېلىپ كېتىدۇ. نىياز دېھقان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «باللىرىم رىيازەت چەكمىسۇن، ھەر ئىش بولسا ماڭا» دەپ چوڭ ئوغلى تۇرسۇن ئاخۇننىڭ توسۇشىغا قارىماي تۈرمىگە بارىدۇ. نىياز دېھقان تۈرمىگە بارغاندىن كېيىن باللارنى قويۇپ بېرىدۇ. كېيىن ئۇنى ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەپ كېلىدۇ. نىياز دېھقان 1938 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## قاسىم پالۋان

قاسىم پالۋان 1885 ـ يىلى قۇمۇلنىڭ غەربىي تاغ يېزىسى قالغايتى كەنتىدە دىنىي ئۆلىما سىيىت ئاخۇنۇم ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە دادىسىدىن دىنىي بىلىم ئالىدۇ. قاسىم ئون ياشتىن ئاشقاندا ئائىلىسىنىڭ چارۋا بېقىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. ئۇ چارۋىغا قارىغاچ دادىسىنىڭ «توققۇز ئاتار مىلتىقى» نى ئېتىشنى ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن چارۋىلارنى ۋەھشىي ھايۋانلاردىن قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوۋچىلىق قىلىدۇ. ئوۋچىلىق قىلىش جەريانىدا كۆپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيدىغان، ئوۋدىن قۇرۇق قول قايتمايدىغان دەرىجىدە كامالەتكە يېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەل ئارىسىدا «قاسىم پالۋان» (مەرگەن) دەپ ئاتىلىدۇ.

قاسىمنىڭ ئۇزۇن يىللىق يايلاق تۇرمۇشى ۋە ئوۋچىلىق

قىلىشى ئۇنى ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان قەيسەر قىلىپ يېتىلدۈردى. 1912 ـ يىلى ئىلىدا يۈز بەرگەن شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى يۈەن داخۇا ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئالىدۇ. قاسىم پالۋان ئەسكەرلىككە تۇتىلىدۇ.

ئۇ ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي قېرىنداشلىرى بىلەن ئارازلىشىپ قىلىپ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئوۋچىلىق قىلىپ بىر قانچە يىل سەرگەردان ھايات كەچۈرىدۇ. مۇشۇ يىللاردا قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىق ئوۋچىلار بىلەن بىرگە يۈرۈپ ئۇلارنىڭ تىلى ۋە خەنزۇتىل-يېزىقىنى خېلى پۇختا ئۆگىنىۋالىدۇ ئوۋچىلارنىڭ يايلاق تېبابەتچىلىكىنى ئۆگىنىدۇ ۋە سۇنۇق تېڭىشتا كامالەتكە يېتىدۇ. قاسىم پالۋان چىڭخەي تاغلىرىدا ئىپار كىيىكى ئوۋلاپ يۈرگەن مەزگىلدە مابۇ فاڭنىڭ تۇغقىنى ماچىننىڭ كۆزىگە چېلىقىدۇ. ماچى ئۇنى ئوردىدا ئېلىپ قالىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇ ماچى قوشۇنىدا يەن شىسەن بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. ماچى قاسىم پالۋاننىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ ئوردىدا قېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. قاسىم يوشۇرۇن قۇمۇلغا قېچىپ كېلىپ، شاھمەخسۇت ۋاڭغا ئەسكەر بولىدۇ. ئەسكەر بولغان كۈنلەردە مەرگەنلەر مۇسابىقىسىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، بالداقمۇ بالداق ئۆسۈپ، ئوردا مۇھاپىزەتچىلار ئەترەت باشلىقى بولىدۇ ۋە شامەخسۇت ئوردىسىدا تەرجىمانلىق قىلىدۇ.

قاسىم پالۋان 1931 ـ يىلى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى قوزغالغان مەزگىلدە ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ۋاڭ ئوردا باغچىسى ۋە پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىنى، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلماق بولىدۇ. قاسىم پالۋان چېرىكلەرگە زەربە بېرىش ئارقىلىق خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداپ قالىدۇ. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا جېن شۇرىن قۇمۇل

قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، بىر پولك ئەسكەر چىقىرىدۇ. قاسىم پالۋان ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنى توساشقا بېشىرۋاڭدىن رۇخسەت سورايدۇ، بېشىر ۋاڭ رۇخسەت قىلمايدۇ. قاسىم پالۋان ئۆزى يالغۇز يوشۇرۇنچە ئوردىدىن چىقىپ قۇمۇلنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سېڭگىر قۇم (توسقا) دېگەن جايغا بېرىپ ھۆكۈمەت ئەسكىرىنى توساپ، بىر كېچە ئورۇن ئالماشتۇرۇپ جەڭ قىلىپ، دۈشمەننى ئېغىر تالاپەتكە سېلىپ تاڭ ئالدىدا شەھەرگە يېنىپ كېلىدۇ. شۇ كۈنلەردە شىڭشىڭشادا چېگرا ساقلىغۇچى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ماجۇڭيىڭنىڭ قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئېلىپ قۇمۇلغا چېكىنىدۇ. قاسىم پالۋان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ تۆۋەن تۇردىكى يارى دورغا، شوپۇلدىن سالى دورغا، خوتۇنتامدىن سوبۇر دورغا، ئىدىردىن ئابدۇرېھىم دورغا قاتارلىقلارغا دۆربىجىننىڭ غولئېرىق مەھەللىسىگە يىغىلىپ، دۈشمەن ئەسكىرىنى توساشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. ئۇلار ئۆز قىسىملىرىنى ئېلىپ دۆربىجىندىكى جىگدە بۇلاققا كېلىدۇ. قاسىم پالۋان بۇ يەرگە يىغىلغان يۈزدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىنى باشلاپ ساي بۇلاق مەھەللىسىدىكى ئېگىز قۇم قومۇشلىقىغا بېرىپ يوشۇرۇنىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلارغا بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ تاكتىكىسى ئۈستىدە چۈشەنچە بېرىپ، دۈشمەننىڭ رازۋېدكا قىسمىغا تەگمەسلىك، تۇنجى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھۇجۇم قىلىش لازىملىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۇ كېچە تىنچ ئۆتىدۇ، دۈشمەن كەلمەيدۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە دۈشمەننىڭ رازۋېدكا قىسمى ئۆتىدۇ. دەل شۇ چاغدا ھودۇقۇپ كەتكەن قوزغىلاڭچىدىن بىرى ئوق چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. تاكتىكىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان قوزغىلاڭچىلار دۈشمەن ھۇجۇمىنى چېكىندۈرىدۇ. ئىلاجىسىز قالغان دۈشمەن تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كاناي چالىدۇ. قوزغىلاڭچىلار بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئوق

چىقىرىۋېرىدۇ.

قاسىم پالۋان يېنىدىكى ھادى پالۋانغا دۈشمەن ھارۋىسىدىكى ئوقنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. ئېلىپ كېلىنگەن ئوق قاسىم پالۋانلارنىڭ قولىدىكى مىلتىققا چۈشمەيدۇ. شۇڭا، دۈشمەننىڭ ھارۋىسىدىن ئوق ئەكىلىش ئۈچۈن قاسىم پالۋان ئۆزى بېرىپ، ئوقنى ئېلىپ قايتىۋاتقاندا ھارۋا ئاستىغا مۆكۈنگەن دۈشمەن قاسىم پالۋاننى ئېتىۋېتىدۇ. قاسىم پالۋان قايرىلىپ دۈشمەننى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، سەپداشلىرىنىڭ يېنىغا قايتقۇچە قان كۆپ چىقىپ كېتىپ جان ئۈزىدۇ. دەل شۇ چاغدا ھۆكۈمەت ئەسكىرىنىڭ ياردەمچى قىسمى يېتىپ كېلىپ قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ، قوزغىلاڭچىلار چېكىنىدۇ. بېسىپ كەلگەن دۈشمەن قاسىم پالۋاننىڭ بېشىنى كېسىپ قەپەزگە سېلىپ ئېلىپ كېتىپ، قۇمۇل كونا شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويىدۇ. قاسىم پالۋاننىڭ بېشى بىر قانچە كۈن دەرۋازىغا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. قاسىم پالۋان ئۆلگەن كۈننىڭ ئەتىسى خەلق قاسىم پالۋان باشلىق قۇربان بولغان بەش كىشىنىڭ جەسىتىنى بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىدۇ.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە دەسلەپكى قەھرىمانى قاسىم پالۋان توغرىسىدا خەلق مۇنداق قوشاق توقۇيدۇ:

بۇلاقنىڭ دادۇرى،
ئىككى يۈز پالۋانغا ئاش بولدى.
قارا مۇقچىدىكى جەڭدە،
قاسىم پالۋان باش بولدى.

## يۇنۇس موللام

يۇنۇس موللام 1896 ـ يىلى قۇمۇل شەھىرى پالۋانتۇر يېزا

غولئېرىق كەنتىدە گالى ئىمام ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، قۇمۇلدا مەشھۇر ئالىم سەيدەنشاھ ئەلەم ئاخۇنۇمدا ئوقۇيدۇ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، موللا ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇش تاماملاپ ئەلگە تونۇلىدۇ.

1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا يۇنۇس موللام قوزغىلاڭ سەردارلىرىدىن نىياز دېھقان (نىياز پالۋان)، قاسىم پالۋانلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇ يىلى 5 - ئاي ئەتراپىدا شىڭشىڭسيار (ئارا يۇلتۇز) دىن كەلگەن دۇشمەن قىسمى بىلەن ئۇرۇشقىنى كەتكەن ئەڭ يېقىن كىشىسى قاسىم پالۋاننىڭ قارامۇقچىدا دۇشمەن ئوقىدا جېنىدىن ئايرىلىپ، بېشى كېسىپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قەلبىدە ئىنتىقام ئوتى يېنىپ ھەر قايسى جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ. يۇنۇس موللام شۇنىڭدىن كېيىن نىياز دېھقان بىلەن بىرگە بولىدۇ.

1932 — يىلى 6 — ئاي ئەتراپىدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ تۇنجى يىغىنى قۇمۇلنىڭ تاراتۇ دېگەن يېرىدە ئېچىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلىنىدۇ. يۇنۇس موللام خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولىدۇ ۋە ئەسكىرى ئىمام بولۇپ سايلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇنۇس موللام ئىزچىل خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېنىدا بولىدۇ.

1934 - يىلى 8 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ئاپرىسوفنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن، ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ، ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا، ھامىتخان لۇيجاڭ، ئالتۇن سوپاخۇن، قوشۇن بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ.

1937 - يىلى 10 - ئايلاردا، شېڭ شىسەي يىغىنغا چاقىرىش بانىسى بىلەن خوجىنىياز ھاجى باشلىق كىشىلەرنى قولغا ئالماقچى بولىدۇ. شۇ كۈنى خوجىنىياز ھاجى يىغىنغا ئالتۇن سوپاخۇن،

مىروللا مەرگەن، يۇنۇس موللام قاتارلىق 30 مۇھاپىزەتچىسىنى بىرگە ئېلىپ، دۇبەن مەھكىمىسىگە بارىدۇ. يىغىن زالىغا خوجىنىياز ھاجى بىر مۇھاپىزەتچىسى بىلەن كىرسۇن، دېگەن ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ. خوجىنىياز ئالتۇن سوپاخۇن دېگەن مۇھاپىزەتچىسىنى ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بىر كىشى چىقىپ يۇنۇس موللامنى ھاجى چاقىرىدۇ، دەپ ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ. يۇنۇس موللام كىرگەندە، شېڭ شىسەينىڭ ھەربىي ساقچىلىرى خوجىنىياز ھاجىغا قورال تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ، خوجىنىياز ھاجى يۇنۇس موللامنى كۆرۈپ، «‹بۇلار مېنى قورال تاپشۇر› دەيدۇ. قانداق قىلسام بولىدۇ، سىز بىر نېمە دەڭ» دەيدۇ. يۇنۇس موللام ئەھۋالنى كۆزەتكەندىن كېيىن، «ھاجى ئاكا، بىز مەمۇرىي خادىم تۇرساق، قورالنى نېمە قىلىمىز، تاپشۇرايلى. . . .» دەيدۇ. بۇ چاغدا خوجىنىياز «سىز چىقىپ مۇھاپىزەتچىلەرگە دەڭ، قورال تاپشۇرسۇن. . .» دەيدۇ. مۇھاپىزەتچىلەر يېنىغا چىققاندا ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىر دوقمۇش ياكى ئىشىكتە قارىمۇ قارشى تۇرغان مۇھاپىزەتچىلىرى بىر - بىرىگە قورال تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. يۇنۇس موللام ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، قورال تاپشۇرۇش بۇيرۇقىنى يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى ۋە بارلىق مۇھاپىزەتچىلەر قولغا ئېلىنىدۇ.

يۇنۇس موللامۇ قولغا ئېلىنىپ، تۆت ئاي قاماقتا ياتقاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن سىرتقا چىقماسلىق شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن، قايتا قولغا ئېلىنىپ يېرىم يىلدىن كۆپرەك قامىلىپ، يەنە ئۈرۈمچىدىن سىرتقا چىقماسلىق شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلىدۇ. يۇنۇس موللام 1933 - يىلى تۇرپاندىن ئالغان ئايالى بىلەن تېپىشىپ، ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن تۇرپانغا بېرىپ تۇرىدۇ. كېيىن تۇرپاندىكى ئائىلىسىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتى قۇمۇلغا كېتىدۇ. قۇمۇلدا 1947 -

يىلى ئاخىرىغىچە تۇرۇپ، كېيىن تۇرپانغا قايتىپ كېلىدۇ. 1949 - يىلى 5 -، 6 - ئايلاردا كېسەل سەۋەبى بىلەن 59 يېشىدا تۇرپان ئاستانىدا ۋاپات بولىدۇ. قوشۇمچە: خوجىنىياز ھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئاراتۇركتە دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان 18 پالۋانمۇ قولغا ئېلىنىدۇ، ئابدۇنىياز مىراپ، باقىنىياز مىراپ، ئىمىن قورمال، تۆلەڭباي، سوپاسۇڭجاڭ، يوغان باش توختى نىياز، گۇڭگوي ئابدى، شائىر بوۋا قاتارلىق كىشىلەر تۇرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ. قەلەم توقسۇن، سېلىمساق خوجىنىياز دېگەن ئىككى كىشى مۇددەتسىز كېسىلىدۇ.

## «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى»نى قوزغىغان ئۈچ ئەزىمەت

1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 36 — دىۋىزىيە باشلىقى ماجۇڭيىڭ قول ئاستىدىكى ماشىمىڭغا ئۈرۈمچىنى قورشاۋغا ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. ماشىمىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىنىڭ يامالىق تېغىنى ئىگىلەپ، ئۈرۈمچىنى توپقا تۇتىدۇ، شۇ قېتىمدا گەرچە ماشىمىڭ يېڭىلىپ، چېكىنگەن بولسىمۇ، 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۈرۈمچىگە قايتا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئۈرۈمچى قورشاۋ ئىچىدە قالىدۇ (بۇ چاغدا ماجۇڭيىڭ شېڭ شىسەي بىلەن يەتتە قۇدۇق ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى). شەرقىي شىماللىق ياپونغا قارشى پىدائىيلاردىن سىبىرىيىگە چېكىنگەن 40 مىڭغا يېقىن پىدائىيلار قوماندان جىن رۇيچىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا قاراپ يول ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قىسمى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. شۇ كۈنلەردە، 1930 — يىللاردا موسكۋادا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قىسمى شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىي ئۆلكىلەرگە

بېرىپ، ئىنقىلاب قىلىشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇلاردىن چىن جۇڭ، لى شاۋتيەن، تاۋمىڭيۇلار شىنجاڭ چېگرىسىدىن ئۆتەلمەي، ئۈرۈمچىدە قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلىنىڭ نازارىتى ئاستىدا شىنجاڭ رايونىدا ماركسىزم، لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىپ، ئىنقىلاب ئۈچۈن ئاساس سېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۈرۈمچىنىڭ جىددىي ۋەزىيىتىنى كۆزەتكەن «ئۈچ ئەزىمەت» ، يەنى جىن جۇڭ، لى شاۋتيەن، تاۋمىڭيۇلار ئاق ئورۇس نامىدىكى رۇس ئارمىيىسى بىلەن شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نى قوزغاپ، جىن شۇرېننى[①] قوغلىۋېتىدۇ. شۇ كۈنى كەچتە رۇس ئارمىيىسىنىڭ پولكوۋنىكى بابىنكورد يىغىن ئېچىپ، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى جىن رۇيچىڭنى ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆرسىتىدۇ. 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىڭ شىسەي جىددىي يىغىن چاقىرىپ، جىن رۇيچىڭنى ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىشكە قىستاپ، ئۆزى ھەربىي ھوقۇقنا ئىگە بولىۋالىدۇ. 6 - ئاينىڭ 28 — كۈنى شىڭ شىسەي «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نى پىلانلىغۇچى چىن جۇڭ، لى شاۋتيەن، تاۋمىڭيۇلاردىن ئىبارەت ئاتاقلىق ئۈچ ئەزىمەتكە «باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇپ، سۇيىقەست پىلانلىغان» دېگەن جىنايەت بىلەن ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىدۇ.

---

① جىن شۇرېن خەلقتىن ماشىنا ئېلىش بانىسى بىلەن قەرز دەپ ئالغان 1274 سەر ئالتۇننى ئېلىپ، سېپىلدىن سىرىلىپ قېچىپ، چۆچەك ئارقىلىق رۇسىيىگە بارىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇنى سىبىرىيە ئارقىلىق نەنجىڭگە يولغا سېلىپ قويىدۇ.

# 1930 - يىللاردا قەشقەردە تەپرىقىچىلىق قىلغان چەت ئەللىك ئاتامانلار

1933 — يىلى قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا، چارروسىيە، ئەنگىلىيە ۋە تۈركىيە، ئەرەب دۆلەتلىرىدىن قەشقەرگە سوقۇنۇپ كىرگەن بىر بۆلۈم قورallىق، قورالسىز ئاتامانلار ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قۇترانقۇلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىك پائالىيىتىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار تۆمۈر ئېلى تېخى قەشقەرگە يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، قەشقەردە ئاتالمىش «ئىستىقلال جەمئىيىتى» تەسىس قىلدى. بۇ جەمئىيەت تەركىبىدىكى ئاساسلىق كىشىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. زىيائىدىن مەخسۇم (ئوبۇلقاسىم ئاخۇن داموللا ئوغلى)، 2. مۇھەممەت ھاجىم پالتۇ ئارتۇشى، 3. مەخدۇمزادە ئارتۇشى، 4. قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى، 5. تۇرغۇن بايۋەتچى (مەرغىلانلىق)، 6. ئەخمەت پاختا، 7. ئابدۇللاخان (تاشكەنتلىك)، 8. مۇھەممەت ئىمىن سوپىزادە (نەمەنگانلىق)، 9. سىتىۋالدىجان (مەرغىلانلىق)، 10. جەرنىل سايىپ (ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت شېرىپخان، بۇ ئادەم ئافغانىستان پادىشاھى ئامانۇللاخان دەۋرىدە ئافغانىستاننىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان. ئامانۇللاخاندىن كېيىنكى پادىشاھلار بۇ كىشىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن قەشقەردە تۇرۇپ قالغان). 11. مۇھەممەتجان دامولla (قىرغىزىستان ئوش ئوبلاستىدىن)، 12. موللا ئىبراھىم ۋايىز (نەمەنگانلىق)، 13. يۈسۈپ مەزفىرە زادە، 14. تۇرغۇن ھەكىم (مەرغىلانلىق).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «ئىستىقلال جەمئىيىتىدە يەنە بىر تۈركۈم كۆپلىگەن ھەربىي، مەمۇرىي خادىملارمۇ بار ئىدى. ئۇلار

تۆمۈر ئېلى قەشقەرگە كىرىشى بىلەن ئۇنى مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى قىلىپ سايلىدى (ئەمەلىي ئىشلار يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلارنىڭ قولىدا ئىدى). ئۇلار يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ، تۆمۈر ئېلى بىلەن ئوسمان ئېلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىشىشى ۋە تۆمۈر ئېلىنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە كۈچ چىقاردى ھەمدە ئۇزاق ئۆتمەي ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇردى. بۇ ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى كىشىلەر تۆۋەندىكىچە:

باش ۋەكىل: سابىت ئابدۇل باقى

داخىلە نازىرى: يۇنۇس بەگ سىپىتىزادە

خارجى ئىشلار نازىرى: قاسىمجان ھاجى

مائارىپ نازىرى: ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم

ھەربىي نازىر: ئورازبەگ (سوۋېتلىك قىرغىز)

ئاۋقاپ نازىرى: شەمشىدىن تۇردى ھاجى

ئەدلىيە نازىرى: زىرىپ قارى ھاجى (تاشكەنتلىك)

مالىيە نازىرى: ئېلاخۇن باي

زىرائەت، تىجارەت نازىرى: ئوبۇلھەسەن ھاجى مۇسابايوف

سەھىيە نازىرى: ئابدۇللاخان (تاشكەنتلىك)

ۋەكىل ھەيئەت مۇپەتتىشى: ھاجى ئەلىم ئاخۇن

گەرچە يۇقىرىقى كىشىلەر ھۆكۈمەت خادىملىرى دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئۇچۇم چەت ئەللىكلەر ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نىڭ پەردە ئارقىسىدىكى مەدەتكارلىرى ئىدى. مەسىلەن، دوختۇر مەجىددىن بەگ (تاشكەنتلىك) مائارىپقا مەسئۇل ئىدى. تۇرغۇن ھەكىم (مەرغىلانلىق) «ھىلالى ئەھمەر» دە دوختۇرلۇق قىلاتتى. مۆھىددىن مەخسۇم (تاشكەنتلىك) تېۋىپ ئىدى. سىتىۋالدىجان (مەرغىلانلىق) ئاۋۋال ھەربىيدە، كېيىن سودا نازىرى بولغان.

سۇلتان بەگ بەختىيارزادە (تاشكەنتلىك) ھەربىيىدە لاۋازىمەت مۇدىرى، ئىستىقلال مەھكىمىسىدە رەئىس ئىدى. غولامجان (تاشكەنتلىك) ئىستىقلال مەھكىمىسىدە باش كاتىپ، تۇرغۇن بايۋەتچى رەھىمى (توغرۇل، كېيىنكى تەخەللۇسى تولۇئى) (مەمەت ئىمىن قارىسوپىزادە (نەمەنگانلىق) «ئىستىقلال جەمئىيىتى» دە ئاكتىپ خىزمەتچى، مەجمۇئەنىڭ باش مۇھەررىرى، ئاۋقاپ نازىرىنىڭ مۇئاۋىنى؛ موسا ئەپەندى (ئەنجانلىق) «ھىلالى ئەھمەر» دوختۇرخانىسىنى قۇرغۇچىلاردىن بولۇپ، باش ۋەكىل سابىت داموللىنىڭ مەسلىھەتچىسى، مالىيە نازىرىنىڭ ئورۇن باسارى ئىدى. موسا داموللا (شەھرىخانلىق) باش ۋاكالەتتە باش كاتىپ، مۇھەممەت رىزاخان (نەمەنگانلىق) باش ۋاكالەتتە ئىشخانا مۇدىرى، موللام مۇھەممەتجان ئاخۇن (قىرغىزىستان ئوش ئوبلاستىدىن) ئومۇمىي تەشۋىقاتچى، ئەسكىرى قازى، موللا مۇھەممەت ئىبراھىم (نەمەنگانلىق) ھەربىي تەشۋىقاتچى ئىدى. يۇسۇپجان مىڭبېشى (شەھرىخانلىق) باش قوماندان ئىدى، ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزبېك بولۇپ، ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 1500 دىن ئاشاتتى. قۇدرەتتىللاخان تۆرە (كونا ئەنجانلىق) باش قوماندان مۇئاۋىنى ئىدى. موللا ئابدۇراخمان (خانئاباتلىق) پولكوۋنىك، كەرىمجان (پەرغانىلىق) پولكوۋنىك ئىدى، يۇقىرىقى ئۈچ كىشىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزبېك ئىدى. ئەسفەرجان (تاشكەنتلىك) يۈز بېشى بولۇپ، خوتەندە تۇراتتى، ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزبېك ئىدى. ئىسمائىلجان قۇربان (ئەنجانلىق) دوتەي يامۇلىدا مۇشاۋۇر، سوپىبېگى ھاجى (ئەنجانلىق) مۇشاۋۇر ئىدى.

ئاشۇ يىللاردا يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئاسماندىن چۈشكەندەك قەشقەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. مەسىلەن، ھاجى ئەكرەم (داغىستانلىق)، ئۇ قەشقەرگە كېلىپلا «ھىلالى ئەھمەر» ھوجرىلىرىدا تۇردى. ئۇ يىغىنلارغا قاتنىشىپ، نوتۇق سۆزلەيتتى.

ئابدۇقادىر ئەپەندى، ئەسلى گورىستاندىن بولۇپ، ئەسكىرىي تەلىم - تەربىيە ئالغان ئىستىداتلىق ھەربىي ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا ياش بولۇپ، قەشقەرگە كېلىپلا قىرغىز ئەسكەرلەرگە ھەربىي تەلىم - تەربىيە بېرىشكە كىرىشتى.

ئەخمەت تەۋپىق ئەپەندى، ئۇ ئەسلى ئەرەب بولۇپ، ئىستانبولدا ئوقۇغان، شۇڭا تۈركتىن پەرقى يوق، ئەقىللىق، ھوشيار، تېتىك ئادەم بولۇپ، ياخشى تورۇق ئېتى بار ئىدى. ئەرەبچە كەمىرىگە ئۇچى ئەگمە ئالتۇن خەنجىرىنى قىستۇرۇپ، لوندۇن ماركىلىق، 31450 رەقەملىق 35 دانە ئوقى بىلەن ئالتۇن تاپانچىسىنى ئېسىپ، كىــشــىنى زوقلاندۇرۇغىدەك قوراللىنىپ، قەشقەر چىنىباغدىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى.

قـىـرغـىـز ئـەسكەرلەر ئاز - تولا ئۆزىنى ئوڭشاپ تۇرغان مـەزگـىـلدە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن ئىككى مېھمان كېلىپ، ئوسمان ئېلى سىجاڭنىڭ قارار گاھىغا چۈشتى. ئابدۇقادىر ئەپەندى بۇ كىشىلەرنىڭ خىزمەتچىسى ھەم تەرجىمانى ئىدى. تۈركىيىدىن كەلگەن بۇ ئىككى مېھماننىڭ بىرى مۇستاپا ئىلىبەگ، يەنە بىرى مەھمۇد نەدىم ئىدى. مەھمۇد نەدىم قىلىچ ماھارىتىگە ماھىر كىشى ئىدى.

(بۇ ماتېرىيال «ھىلالى ئەھمەر» نى قۇرغۇچى، باش ۋەكىل سابىت داموللىنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە مالىيە مىنىستىرى بولغان موسا ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىدىن ئېلىندى)

## ئابدۇنىياز كامال (سىجاڭ)

ئابدۇنىياز كامال تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان كۈنلەردە تۇرپاندا مەھمۇت سىجاڭ قىسمىغا ئەسكەر بـولـۇپ كـىـرىـدۇ. مەھمۇت مۇھىتى قىسمى توقسۇن ئەتراپىدا

ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا خىزمەت كۆرسىتىپ بەنجاڭ، ئۇششاقلىقتىكى ئۇرۇشتا پەيجاڭ بولىدۇ. مەھمۇت مۇھىتىقوشۇنى قەشقەرگە ئورۇنلىشىپ، ئاتلىق ئالتە دىۋىزىيە قىلىپ قۇرۇلغاندا، (بۇ دىۋىزىيەدە 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ، 34 ـ تۇەن دەپ ئاتالغان تۆت تۇەن بار ئىدى) ئابدۇنىياز كامال 33 ـ تۇەننىڭ 1 ـ ليەنىگە ليەنجاڭ بولىدۇ. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2ـ كۈنى مەھمۇت مۇھىتى بىر بۆلۈم ئادەملىرى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتنىڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن 33ـ تۇەن يېڭىساردا، 34 ـ تۇەن يەركەندە تۇرىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق قۇربان نىياز شاھىدى باشچىلىقىدىكى 31 ـ، 32 ـ تۇەندىن قېچىپ چىققان بىر قىسىم ئەسكەرلەر ۋە مۆيدىن تۇەنجاڭلار كاچۇڭغا بېرىپ، 33 ـ، 34 ـ تۇەنگە قوشۇلىدۇ، كاچۇڭدا ئوفىتسېرلار يىغىنى ئېچىپ، ئابدۇنىياز كامالنى مەزكۇر قىسىمغا سىجاڭ، مۆيدىن تۇەنجاڭنى مۇئاۋىن سىجاڭ ۋە شتاب باشلىقى قىلىپ ساقلايدۇ. ئابدۇنىياز كامال سىجاڭ بولغاندىن كېيىن پۈتۈن قىسىمنى تۆتكە بۆلۈپ دىۋىزىيە قۇرۇپ، ئۇنى 6 ـ دىۋىزىيە دەپ ئاتايدۇ ۋە 1 ـ تۇەننى يەركەننى ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. يەركەن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن سىجاڭ ئابدۇنىياز كامال يەركەندە باش شتاب قۇرىدۇ. خوتەننى بېسىپ ياتقان 36 ـ دىۋىزىيە قوماندانى ماخوشەن بىلەن بىرلىشىپ، ئەسكەرلەرگە ئاق دوپپا كىيگۈزۈپ، بىلىكىگە «فى سەبىلىللا» دېگەن خەت يېزىلغان ئاق لاتىنى باغلاپ، 1937 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9ـ كۈنى شېڭ شىسەينىڭ قەشقەر يۇمىلاق شەھەردە تۇرۇشلۇق قۇربان نىياز سىجاڭ باشچىلىقىدىكى قىسىمغا قارشى ئۇرۇش باشلايدۇ. بۇ ئۇرۇش قەشقەر، مەكىت، مارالبېشى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا كېڭىيىدۇ. ئابدۇنىياز كامالنىڭ قىسىمى ئۇرۇش داۋامىدا قەشقەر يېڭىسارنىڭ سېدى دېگەن يېرىدە ۋە كەلپىن

ناھىيىسىنىڭ سايۋاغ دېگەن يېرىدە شېڭ شىسەينىڭ ئىككى ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرىدۇ. شۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن شېڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەن تانكا، ئايروپىلان، بىرونېۋىكلار بىلەن قوراللانغان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئابدۇنىياز قىسىملىرىنىڭ ئوق - دورىسى تۈگەپ چېكىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۈمىدسىزلەنگەن ئەسكەرلەر قېچىشقا باشلايدۇ. قالدۇق قىسمىنى ئابدۇنىياز تارقىتىۋېتىپ يەركەنگە چېكىنىدۇ ۋە 1937 - يىلى 10 - ئايدا بىر قىسىم ئەسكەرلىرى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى قىسىملىرى ئابدۇنىياز ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى سېزىپ قالىدۇ. شېڭ شىسەي قەشقەردە تۇرۇشلۇق قوماندانىغا ئابدۇنىيازنى قوغلاپ تۇتۇشقا بۇيرۇق بېرىدۇ. ئىلگىرى ئۆزى بىلەن بىرگە ئىشلىگەن يۈسۈپ لىيەنجاڭ ئابدۇنىيازنى قورشىۋالىدۇ. ئابدۇنىياز «يۈسۈپ لىيەنجاڭ، بىر - بىرىمىزنى تۇتۇپ بېرىش، بىر - بىرىمىزنى قىرىشتەك يامان پەيلىمىز بىزنى خاراب قىلدى، خالىساڭ بىز بىلەن بىللە چىقىپ كەت، بولمىسا ئىختىيارىڭ» دەيدۇ. بۇ چاغدا يۈسۈپ لىيەنجاڭ «مەن بۇيرۇق بىلەن كەلدىم» دەيدۇ. ئابدۇنىياز ئۆز قىسمىنىڭ قارشىلىقىنى چەكلەپ يان قورالىنى تاشلاپ بېرىپ «بىزنىڭ بۇگۈنىمىز، سىنىڭ ئەتەڭ» دەيدۇ. يۈسۈپ لىيەنجاڭ ئابدۇنىيازلارنى قولغا ئېلىپ ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدۇ. ئابدۇنىيازنى ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدۇ. (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۈرۈمچىدە ئابدۇنىياز شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەنمىش).

## سىتىۋالدىجان

سىتىۋالدىجان پەرغانىلىق ئۆزبېك، ئۇنىڭ دادىسى ئەنەس ھاجى

پەرغانە بايلىرىدىن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتىن قېچىپ، 1924 - يىلى ئائىلىسى بىلەن قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ، يەر - زېمىن سېتىۋېلىپ كاتتا ئىمارەت سېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. سېتىۋالدىجان ئەشۇنداق باي ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسىدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە دەسلەپتە پەرغانىدا دىنىي مەكتەپتە كېيىن تاشكەنت، موسكۋالاردا ئوقۇيدۇ. ئۇ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەشقەردە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان «جەدىتچى ئېقىمى» نىڭ تەسىرىدە روسىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللارنى ئالدۇرۇپ ئوقۇپ، يېڭىچە پىكىردە بولۇپ، قەشقەردىكى جەدىتچىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلىڭى قەشقەرگە كېڭەيگەندە، ئۇنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، قەشقەردىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئارىلىشىدۇ. شۇ كۈنلەردە قەشقەردە تەسىس قىلىنغان «ھىلالى ئەھمەر» گە ۋە تۇنجى قېتىم قەشقەردە قۇرۇلغان ئەكسىيەتچىل ئىستىقلال جەمئىيىتىگە ئەزا بولىدۇ. قىرغىز قوزغىلاڭچىلىرى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تۈتۈرگىگە كەلگەندە، تۇتۇرگىگە چىقىپ، ئوسمان ئېلى بىلەن كېلىشىپ، قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆزبېكلەردىن ئەسكەر تەشكىللەپ، ئوسمان ئېلىگە قوشۇلىدۇ. ئوسمان ئېلى قەشقەر شەھرىنى ئىشغال قىلغاندا بىر قىسىم قورال - ياراغقا ئىگە بولۇپ، تەشكىللىگەن ئۆزبېكلەردىن چوڭ قوشۇن قۇرۇپ، ئۆزى باشلىق بولىدۇ. تۆمۈر ئېلى قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، «ئىستىقلال جەمئىيىتى» «مىللەتلەر مەجلىسى» گە ئۆزگەرتىلىدۇ. سېتىۋالدىجان «مىللەتلەر مەجلىسى» گە ئەزا بولۇپ، تۆمۈر ئېلىغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئوسمان ئېلى ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى سېزىپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارقىتىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۇ تۆمۈر ئېلى سىجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھىمايىسىدە قىسمىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇزاق

ئۈتمەي، تۆمۈر سىجاڭ ئۇنىڭ قوشۇنىنى ئۆزبېك تۈەنى قىلىپ تەشكىللىدۇ ۋە سېتىۋالدىجان بۇ تۈەننىڭ كوماندىرى بولىدۇ. ئۇ قىسىمنى شۇ كۈنلەردە يۈز بەرگەن تۇڭگان، قىرغىز سوقۇشىغا ئۆزلۈكىدىن قاتناشتۇرۇپ، قىرغىزلارغا ياردەمدە بولۇپ، تۇڭگانلارنىڭ بىر قىسىم قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ، ئەسكىرىي كۈچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھىممىتىنىڭ سېپىدىكى ئۇرۇشتا ھۆكۈمەتنىڭ يەركەن شەھىرىگە بېكىنىۋالغان قوشۇنلىرىدىن قورال تارتىۋېلىپ، نام-شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ قوشۇنىدا ئۆتمۈشتە پەرغانىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ پىشقان باسمىچىلار ھەتتا قۇر بېشى (مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ باشلىقى) ئاتالغانلاردىن يۈسۈپجان قۇربېشى، ئابدۇراخمان قۇربېشى، ئارىپجان قۇربېشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆرۈپ كەلگەن بىر بۆلۈم يارامىلىق ئۇيغۇر سەركەردىلەرمۇ بار ئىدى.

1933 - يىلى 8 - ئاۋغۇست تۆمۈر سىلىڭ تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا سېتىۋالدىجان بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى ئېلىپ، خوتەنلىكلەرنى باستۇرۇشقا كەتكەنىدى. سېتىۋالدىجان خوتەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھايىتى شۆھرەتلىك كىشىگە ئايلىنىدۇ. لېكىن، بۇ كۈنلەردە ئۆزلۈكىدىن ئۇرۇشقا ئارىلىشىپ جەڭگىۋارلىق كۆرسەتكەن ئۆزبېك مۇھاجىرلار ئۇرۇشتا بۇلاڭ-تالاڭغا بېرىلىپ، چىرىكلەشكەنلىكتىن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يۈسۈپجان قۇربېشى ئۆكتە قىلىپ، سېتىۋالدىجاندىن ھەربىي ھوقۇق تارتىۋالىدۇ. شۇ كۈنلەردە سېتىۋالدىجان «ئەكسىيەتچىل شەرقىي تۈركىستان» ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى جەھەتتە ھەربىي نازىرى ئىدى. ھەربىي ھوقۇقتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ سودا نازىرى بولىدۇ. كېيىن ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا سېتىۋالدىجان قەشقەرنىڭ بىر بۆلۈم بايلىرى بىلەن

بىللە ئاتا ـ ئانىسىنى ئېلىپ چەت ئەلگە قاچماق بولىدۇ. تاشقورغانغا بارغاندا، پاسپورتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تاجىك زەمىر تۆەنجاڭ قىسىملىرى تۇتۇپ قەشقەرگە تاپشۇرىدۇ. سىتىۋالدىجان قەشقەر يېڭىشەھەر خانىرىقلىق ئەيسا ھاجىم دېگەن كىشى بىلەن بىر مەزگىل تۈرمىدە قاملىپ ياتىدۇ، بۇ ئىككى كىشى كېيىن قەشقەر يېڭىشەھەر تۈرمىسىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## مۆيدىن تۆەنجاڭ

بىلگۈچىلەرنىڭ بايانىدىن قارىغاندا، مۆيدىن تۆەنجاڭ ئەسلىدىلا كۇچارلىق، 1933 ـ يىللاردا 30 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، كۇچاردا تۇماقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىقول، ئەنجان، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلىرىدىمۇ تۇماقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە تاشكەنتنىكى چەت ئەل مۇھاجىرلار كومىتېتىنىڭ شەرق مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. 1931 ـ يىلى ئەتراپىدا كۇچارغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ بارغانلا سورۇنلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەتنى سۆزلەپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت خەلقىنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى خەلققە تونۇشتۇرىدۇ ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭمۇ مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغاندىلا ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشىپ، سوۋېت خەلقىدەك تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرىدۇ.

1933 ـ يىلى تۆمۈر ئېلى كۇچاردا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، مۆيدىن ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە تۆمۈر ئېلى قىسمىدا ئاقسۇ، ياقا ئېرىق مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسىتىپ يىگىجاڭ بولىدۇ. كېيىن تۆمۈر ئېلى قەشقەرگە بارغاندا، تۆمۈر ئېلىنىڭ يېنىدا بولىدۇ. تۆمۈر ئېلى ئۆلتۈرۈلگەندىن

كېيىن، خوجىنىياز هاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتىلار قەشقەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قىسمىدا بولىدۇ، قەشقەر يېڭىشەھەرنى مۇھاسىرە قىلىش ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسىتىپ، ئاتلىق 6 - دىۋىزىيىنىڭ 33 - تۇەنىگە تۇەنجاڭ بولىدۇ. كېيىن قەشقەردە ئۆز تۇەنىنىڭ تۇرمىسىگە قامىلىدۇ، قامىلىش سەۋەبى ئېنىق ئەمەس (بەزىلەر سوۋېت ئىشتىپاقىغا ئاخبارات بەرگەن، دېسە، بەزىلەر ئەپيۇن چېكىشنى ئۆگەنگەن، شۇڭا قامالغان دېيىشىدۇ).

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەھمۇت مۇھىتى چەتكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئاتلىق 6 - دىۋىزىيىنىڭ يېڭىساردا تۇرۇشلۇق 33 - تۇەنى، يەركەندىكى 34 - تۇەنى ۋە شىڭ شىسەينىڭ قەشقەردىكى قۇربان نىياز شاھىدى قوماندانلىقىدىكى 31-، 32 - تۇەنلىرىدىن قېچىپ چىققان بىر قىسىم ئەسكەرلەر كاجۇڭغا يىغىلىدۇ. مۆيدىن تۇەنجاڭمۇ شۇلار بىلەن كاجۇڭغا قېچىپ كېلىدۇ. كاجۇڭدا ئوفىتسېرلار يىغىن ئېچىپ، 33 - تۇەن 1 - لىيەنىنىڭ لىيەنجاڭى ئابدۇنىياز كامالنى مەزكۇر تۆت تۇەندىن يىغىلغان ئەسكەرلەرگە سىجاڭ، مۆيدىن تۇەنجاڭنى مۇئاۋىن سىجاڭ ھەم شىتات باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئابدۇنىيازنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئۇرۇش قىلىپ، كەلپىنگە كەلگەندە، كەلپىن ناھىيىسىنىڭ سايۋاغ دېگەن يېرىدە شىڭ شىسەينىڭ ئىككى ئايروپىلانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. بۇ چاغدا تىرەك ئۇستىگە چىقىۋالغان قوزغىلاڭچىلار ئايروپىلاندىن بىرنى ئېتىپ چۈشۈرىۋېتىدۇ. ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن ئايروپىلاندىكى ئىككى رۇس، ئىككى خەنزۇ ئەسكەر ئەسىرگە ئېلىنىدۇ. مۆيدىن سىجاڭ بۇ ئەسىرلەرنى يوشۇرۇن قويۇۋېتىدۇ ۋە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەت ئارقىلىق ئاخبارات بېرىدۇ. بۇ ئاخبارات ئابدۇنىياز سىجاڭنىڭ قولىغا چۈشىدۇ. مۆيدىن سىجاڭ بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ئاۋات ناھىيىسىنىڭ بەش ئېرىق دېگەن جايىدا بىر ئۆستەڭ

بويىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## توختى ئېلى لۈيجاڭ

توختى ئېلى 1888 - يىللىرى توقسۇندا دېھقان ئەمەت ھاجىم ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇ مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، ئىپتىدائىي دىنىي بىلىم ئالىدۇ. كېيىن ئائىلىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1920 - يىلدىن كېيىن ئاكىسى تۆمۈر ئېلى (سىجاڭ) بىلەن ھارۋىكەشلىك قىلىدۇ. ۋە توقسۇندا دەن ئېچىپ، ھارۋىكەشلەر ئاقساقىلى بولىدۇ.

1932 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدا توقسۇندا «تۇرپان خەلقى قوزغىلىپتۇ» دېگەن يالغان خەۋەر تارقىلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان توقسۇندىكى دېھقان، چارۋىچى، ھۈنەرۋەن ۋە بىر قىسىم ھارۋا كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار توپلىشىپ، 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 — كۈنى قولىغا تاياق، توقماق ئېلىپ، توقسۇن بازىرىغا توپلىنىدۇ. قوزغىلاڭغا ھارۋىكەشلەردىن، توختى ئېلى، ھەيتى، مىللىك ھاجىلار باشچىلىق قىلىدۇ. قوزغىلاڭچىلار توقسۇنغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ. توقسۇننى ئالغاندىن كېيىن توختى ئېلىنىڭ دېيىشىدە قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلىپ، توختى ئېلىنى باشلىق قىلىپ سايلايدۇ. بۇ كۈنلەردە تۇرپاندا، مەخسۇت مۇھىتى باشچىلىقىدا توپلانغان پارتىزانلار شتابى توختى ئېلىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا تۆەنجاڭلىق ئۇنۋانى بېرىدۇ. دەل شۇ چاغدا ماشىمىن ماچەنلۇ دېگەن خۇيزۇنى توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرىغا مۇشاۋىر قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ماچەنلۇ توقسۇنغا كېلىپ، خۇيزۇلاردىن 80 كىشىنى تەشكىللەپ، كۇيونفۇ دېگەن كىشىنى تۆەنجاڭ قىلىپ بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن توقسۇندا توختى ئېلىنىڭ ئۇيغۇر تۆەنى، كۇيونفۇنىڭ خۇيزۇ تۆەنى بارلىققا كېلىدۇ ۋە ئۇلار بىرلىكتە قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلىدۇ.

قارا شەھەردىن ھاپىز زۇڭجاڭ قاتارلىق كىشىلەر توختى ئېلى تۇەنجاڭغا قوشۇلىدۇ. توختى ئېلى ھاپىز زۇڭجاڭغا يىڭجاڭلىق ئەمەل بېرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار كورلىنى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ چاغدا توختى ئېلى تۇەنجاڭلىقتىن لۈيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ. توختى لۈيجاڭ بىر قانچە قېتىملىق ئۆزىنى قوغداش ئۇرۇشىدىن باشقا، شېڭ شىسەي قوشۇنىنى توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىگە قوماندانلىق قىلىدۇ. كېيىنكى بىر جەڭدە، شېڭ شىسەيگە ياردەمگە كەلگەن قىسىمنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدا قالىدۇ. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوقى ئاز قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ 50 دەك ئەسكىرىنى مەيدانغا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئۇرۇش مەيداندىن چىقىپ ئىككى ساندۇق ئوقنى ئۇرۇش مەيدانغا ئېلىپ كەلگەن چاغدا ئۆز قىسىمىنى تاپالمايدۇ. ئۇ چاغدا توختى ئېلى يېنىدىكى ئەمەت دېگەن كىشىگە «سەن ھارۋىدىكى ئاتنى مىنىپ جېنىڭنى ئال» ، دەپ ئۆزى يالغۇز قالىدۇ. شۇ چاغدا ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كېلىدۇ. توختى ئېلى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، بىر تاشلاندۇق كارىزغا يوشۇرۇنىدۇ. كېيىن ھەۋزۇل دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنىدۇ. شۇ كۈنلەردە يەرلىك كىشىلەر مەسلىھەت قىلىپ، «فۇچۇەن قوماندانىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن بولغان ھىداي باي، ھەمدۇل شويىلار تۆمۈر ئېلى بىلەن قۇدا - باجا، بىز بۇ ئىككى كىشىگە توختى ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى دېسەك ئۇلار فۇچۇەن قوماندانغا دەپ توختى ئېلىنى قۇتۇلدۇرۇپ قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ» دېگەن مەسلىھەتكە كېلىپ، توختى ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى ھىدايى باي بىلەن ھەمدۇل شويىغا جەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار ياردەم قىلىشىنىڭ ئورنىغا توختى ئېلىنى تۇتۇپ، شېڭ شىسەينىڭ توقسۇندىكى قوماندانى فۇچوەنگە تاپشۇرىدۇ. فۇچوەن توختى ئېلىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرىدۇ.

## ھاپىز لۇيجاڭ

ھاپىز لۇيجاڭ 1892 - يىلى كۇچاردا تۇغۇلغان بولۇپ، باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن دادىسىغا ئەگىشىپ قاراشەھەرگە بېرىپ، تىجارەت قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ سودا ئاقساقىلى بولىدۇ ۋە كېيىن ھۆكۈمەت ئىشىغا ئارىلىشىپ، زۇڭجاڭ (شەھەر بېگى) بولىدۇ.

1933 — يىلى توقسۇن قوزغىلاڭچىلىرىدىن توختى ئېلى ۋە ماچۇەنلەر قوشۇن باشلاپ قاراشەھەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە، ھاپىز زۇڭجاڭ قوزغىلاڭچىلارغا قاتنىشىدۇ. قاراشەھەر ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ھاپىز زۇڭجاڭ توختى ئېلى تۇەنجاڭ تەرىپىدىن يىڭجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ. توختى ئېلى شېڭ شىسەي بىلەن بولغان توقسۇندىكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قولغا چۈشۈپ، قوماندان فۇچۇەن قولىدا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھاپىز يىڭجاڭ كورلىغا يۈرۈش قىلىپ، تۆمۈر ئېلى قوشۇنى بىلەن كۇچارغىچە بىللە بارىدۇ، كۇچار، ئاقسۇ ئۇرۇشلىرىدا خىزمەت كۆرسىتىپ تۇەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ. تۆمۈر ئېلى قوشۇنى قەشقەرگە بارغاندا، ھاپىز تۇەنجاڭ لۇيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇ قەشقەردە بولغان مەزگىلدە، يەركەن، خوتەنلەردە خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىدۇ. تۆمۈر ئېلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، مەھمۇت مۇھىتى قىسمىدا بولىدۇ، مەھمۇت مۇھىتى چەتكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قەشقەردە قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## ھامۇتخان لۇيجاڭ

ھامۇتخان ئەخمەت 1897 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇمۇلدا قول ھۈنەرۋەن دىنىي زات ئەمەت ئاخۇن (موزدۇز) ئائىلىسىدە

دۇنىياغا كېلىدۇ. ئۇقۇش يېشىغا يەتكەندە دىنىي بىلىم ئالىدۇ، كېيىن كەسىپ ئۆگىنىپ قۇمۇلدا موزدۇزلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ كەسپى روناق تېپىپ، شاگىرت ۋە ياللىغان ئىشچىلىرى بىلەن ئون نەچچە كىشىگە يېتىپ موزدۇزلۇق كارخانىسى ئاچىدۇ.

1928 - يىلدىن 1930 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر شۇ يىللاردا سودىگەر نامىدا قۇمۇلدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرىدىن ھاشىم ھاجى، قاسىم ئەپەندى(قازاق)، مەنسۇر ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ئالاقىدا بولىدۇ. ئۇ ئۇرۇمچىدە تۇرغان مەزگىلدە، دۆڭكۆۋرۈك تۇڭگان مەسچىتىنىڭ ئۇدۇلىدىن يەر - زېمىن سېتىۋېلىپ تىجارەت قىلىدۇ ۋە بۇرھان شەھىدى بىلەن تونۇشىدۇ. 1932 - يىلىنىڭ بېشىدا تىجارەت بىلەن كۇچارغا كېلىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ.

1933 - يىلى 1 - ئايدا تۆمۈر ئېلى كۇچارغا ئەسكەر باشلاپ كىرىش ئالدىدا، ھامۇتخان كۇچارلىق ئىلغار كىشىلەردىن ھەمدەمبەگ ھاجى، ئەخمەتخان، ئابدۇللا خوجا (ئابلا تۆەنجاڭ)، ئابدۇقادىر ئاخۇن، ئابدۇرۇسۇل ھاجى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۇچار خەلق ۋەكىلى بولۇپ، تۆمۈر ئېلىنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىپ چىقىدۇ. 1933- يىلى 1- ئاينىڭ 27 - كۈنى تۆمۈر ئېلى كۇچارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، تۆمۈر ئېلى ھامۇتخان بىلەن ئەخمەتخاننى ليەنجاڭ، ھەمدەم بېگى ھاجىنى ئۆزىگە مۇشاۋىر قىلىدۇ. تۆمۈر ئېلى ئاقسۇنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ھامۇتخان تۇەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھامۇتخان تۆمۈر ئېلى ئېلىپ بارغان ھارقايسى جەڭلەرگە قاتنىشىدۇ. 1933 - يىلى 4- ئايدا تۆمۈر ئېلى قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن، ھامۇتخان لۈيجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ. 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تۆمۈر ئېلى قەشقەردە ماجەنساڭ قىسمى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن،

هامۇتخان مەھمۇت سىجاڭ قوشۇنىدا بولىدۇ. كېيىن خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ھامۇتخان شېڭ شىسەي تەرىپىدىن چۆچەككە ھاكىم قىلىپ بەلگىلىنىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي خەلق نارازىلىقى بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. كېيىن ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىنىدۇ، 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدىن چىقىپ، قومۇل، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا موزدۇزلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1949 - يىلى 1 - ئايدا بۇرھان شەھىدى ئۆلكىگە رەئىس بولغاندىن كېيىن، بۇرھان شەھىدىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 1950 - يىلى ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئىلغار پائالىيىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، قومۇل ۋىلايىتىگە مۇئاۋىن ۋالىي قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئۇ قېرىلىق ۋە كېسەل سەۋەبى بىلەن 1979 - يىلى 82 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

## ئەزەمخان تۆرە

ئەزەمخان تۆرە 1897 - يىلى مەرغىلاندا سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ، دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن موسكۋا دارىلفۇنۇنىنى پۈتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

ئەزەمخان تۆرە 1920 - يىلى سوفىيە ئىسىملىك تاتار قىز بىلەن توي قىلىپ، 1925 - يىلى ئائىلىسى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، كۇچارنىڭ كوچېرىق دېگەن يېرىدە ئولتۇراقلىشىپ، سودا بىلەن شۇغۇللانغان.

1933 - يىللىرى كۇچاردا يۈز بەرگەن سىياسىي، ئىجتىمائىي

ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە كوچاردا يېڭى مەكتەپلەر ئېچىلىدۇ. ئەزەمخان تۆرە ئايالى سوفىيە خانىمنى قىزلار مەكتىپى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. كېيىن ئۇ خوجىنىياز ھاجىمغا مەسلىھەتچى بولىدۇ، خوجىنىياز ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىنغاندا بىرگە بېرىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان قورال - ياراغ ۋە باشقا سۆھبەتلىرىدە، كېيىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، ئۈرۈمچىگە بېرىشىغا دەۋەت قىلىپ كەلگەن گېنېرال مالىكوف (رۇس) ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلى ئاپرىسوف بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىدە رۇسچە تەرجىمانلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، خوجىنىياز ھاجى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا مەسلىھەتچى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئەزەم خان تۆرىمۇ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## زاكىر قازاق ۋە شاكىر قازاق

زاكىر قازاق، شاكىر قازاقلارنىڭ ئەسلىي كىملىكى بىزگە نامەلۇم. لېكىن، 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى توقسۇن خەلقى ھارۋىكەش توختى ئېلى (توختى ئېلى لۈيجاڭ) باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلار بۇگۇر يېڭىسارغا كەلگەندە، ئىمىن پالۋان، ھاپىز چاققان، ئىسمائىل قارىي، زاكىر قازاق، شاكىر قازاق قاتارلىق 100 نەچچە ئادەم پەيدائىي بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلىدۇ. ئىستىبداتلىق ھەربىيلەردىن بولغان شاكىر قازاق، زاكىر قازاق تۆمۈر ئېلىغا ئالاھىدە مۇھاپىزەتچى بولىدۇ. ئەمما ئۇلار، تۆمۈر ئېلى ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى غايىب بولىدۇ. بەزى يازمىشلاردا تۆمۈر ئېلى ئۆلگەن كۈنى بۇ ئىككىسىمۇ بىللە ئۆلگەن

دەپ يازىدۇ. لېكىن، تۆمۈر ئېلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ جەسىتىنى دوتەي يونۇس بەگنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەپنە قىلغان مۇسا ئەپەندى (قەشقەر «ھىلالى ئەھمەر» نىڭ مەسئۇلى) نىڭ يازمىشىدا «تۆمۈر ئېلى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىبراھىم قارىي، سابىت قارىي، شوپۇر ئىمىن مەرگەنلەر ئىدى. ئۇلارنى توغراقلىق مازارغا دەپنە قىلدىم» دېيىلىدۇ. مۇسا ئەپەندى يازمىشىنى داۋاملاشتۇرۇپ «ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» بەربات بولغاندىن كېيىن قەشقەردە تۇڭگانلار زامانى بولدى. مەن قەشقەردىن يەركەنگە كېلىپ تىجارەت قىلدىم. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىن گېنېرال بىكتىيوف نامىدىن يەركەنگە ئىككى ئورۇس كەلدى. ئۇلار ئۇزۇن چاپان، بېشىدا قالپاق، بېلىدە بەلۋاغ، ئايىغىدا چورۇق، دولىسىدا مىلتىق، يېنىدا تاپانچا بار كىشىلەر بولارنىڭ ئىسمى زاكىر ئاخۇن، شاكىر ئاخۇن ئىدى. لېكىن، بۇلار رۇسچىدىن باشقا سۆزنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ قىياپىتىدىن قىزىل ئەسكەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۇرار جايى يەركەندە تۇرۇشلۇق پولات تۇەنجاڭنىڭ قىسمىدا ئىدى. ۋەزىپىسى ئۈرۈمچىدىكى گېنېرالغا كېرەكلىك ئېسىل ماللارنى ئېلىش بولۇپ، ئۆزلىرىنى سودىگەر دەيتتى. ئۇلار بىر ھەپتە ئىچىدە نۇرغۇن قىممەتلىك مال سېتىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن مەبلىغى ناھايىتى كۆپ ئىدى. مەن ئۇلارغا مال ئېلىپ بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلار ماڭا كۆپ پايدا بەردى. شۇ كۈنلەردە گېنېرال بىكتىيوفنىڭ ئايروپىلانلىرى يەركەن ئاسمىنىدا ئايلىنىپ يۈرۈيدىغان بولدى. زاكىر ئاخۇن، شاكىر ئاخۇندىن ئىبارەت مۇتەخەسسىسلەر باشچىلىقىدا يەركەنگە كاتتا مەيدان ياسالدى. شۇنداق قىلىپ، زاكىر ئاخۇن، شاكىر ئاخۇنلار مېلىنى ئېلىپ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتى» دەيدۇ. مۇسا ئەپەندىنىڭ تەسۋىرىدىكى رۇسچىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان زاكىر ئاخۇن، شاكىر ئاخۇن تۆمۈر ئېلىنىڭ

مۇھاپىزەتچىسى بولغان زاكىر قازاق، شاكىر قازاقلارنىڭ دەل ئۆزى شۇ بولسا كېرەك.

## سادىق ھاجى

سادىق ھاجى 1900 ـ يىلى ئاتۇش سۇنتاغ يېزىسىدا سودىگەر، ئوقۇمۇشلۇق زات مۇھەممەت ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي مەلۇماتقا ئىگە بولىدۇ، ئوقۇش يىلىنى تاماملىغان. 1919 ـ يىلى دادىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا سودا تىجارەت قىلغىلى چىقىپ، تاشكەنتتە ئېچىلغان بىر مەكتەپنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، بوغالتىرلىق ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىنى ئۆگىنىدۇ.

سادىق ھاجى 1926 ـ يىلى ئەتراپىدا ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ، شەخسىي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە ئاتۇشلۇق ئاتاقلىق باي سودىگەر ئەخمەت قۇل ھاجى بىلەن شېرىكلىشىپ، ئۇرۇمچىگە كېلىپ، سەنشىخاڭزىدىكى ئۇن پونكىتى ئورنىدا دۇكان ئېچىپ سانائەت ۋە يەرلىك مال سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ قوشۇمچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا قىلىدۇ. سودىسى روناق تېپىپ كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزگەن سانائەت ماللىرىنى ئېلىپ، قاراشەھەر، كورلا، كۇچارلارغا بېرىپ تىجارەت قىلىدۇ ۋە كۇچاردا تۇرۇپ قېلىپ، سېلىم باي دېگەن كىشىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدۇ. كېيىن بۈگۈرگە كۆچۈپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بۈگۈرنىڭ بازار ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن يەر ـ زېمىنلارنى سېتىۋالىدۇ ۋە بۈگۈرنىڭ سودىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن مونوپول قىلىپ، كۇچار، بۈگۈرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى بايلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىدۇ.

1933 ـ يىلى تۆمۈر ئېلى جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، بۈگۈرگە

كەلگەندە سادىق ھاجى تۆمۈر ئىلىنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلىدۇ. كۇچار ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭىجاڭ، ئاقسۇ ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن تۇەنجاڭ بولىدۇ. تۆمۈر ئىلى قەشقەرگە كىرگەندە، ئارقا سەپ قوغداش تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى بولىدۇ. ئاتۇشتا تۇرغان مەزگىلدە ئەسكەر ئالىدۇ. شۇ يىللاردا مەھمۇت مۇھىتى سادىق ھاجىنى ليۇسىلىڭغا تونۇشتۇرىدۇ، ليۇسىلىڭ ئۇنىڭ خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ، «سا دارىن» دەپ ئاتايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سادارىن دەپ ئاتىلىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قەشقەرگە بارغاندا، سادىق ھاجىمۇ ئۇنىڭ قوشۇنىدا بىللە بارىدۇ، ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغان خوجىنىياز ھاجى قىسمىنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە قاراپ كېتىۋېتىپ بۇگۇردىن ئۆتكەندە، بۇ يەرنىڭ خەلقى سادىق ھاجىنى يۇرتتا قېلىپ، يۇرتقا خىزمەت قىلىشنى ئۆتۈنىدۇ. سادىق ھاجى خوجىنىياز ھاجىنىڭ رۇخسىتى بىلەن بۇگۇردە قىلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇ 1949 - يىلى ھەج قىلىپ كېلىدۇ. ئۆلكە ئازات بولغاندىن كېيىن، يەنىلا سودا بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، 1968 - يىلى 68 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولىدۇ.

## يۇسۇپجان قۇربېشى

يۇسۇپجان قۇربېشى ئەسلىدە ئۆزبېكىستاننىڭ شەھرىخان دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن باسمىچىلاردىن ئىدى. ئۇ 1930 - يىلى ئەتراپىدا، قەشقەرگە ئۆز قىسمى بىلەن قېچىپ كېلىدۇ. 1933- يىلى 12 - نويابىردا قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرۇلغاندا، كۆرۈنۈشتە گارنىزون قوماندانى، ئىچكى جەھەتتە «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نىڭ باش قوماندانى

بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق خىللانغان ئەسكەر بولۇپ، ھەممىسى ئۆزبېك ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا، قۇدرىتىللاخان تۆرە (كونا ئەنجانلىق، مۇئاۋىن قوماندان) موللا ئابدۇراخمان (خانئاباتلىق، تۈەنجاڭ) ئارىپ ئىشان (نەمەنگانلىق، تۈەنجاڭ) كېرىمخان (پەرغانىلىك، تۈەنجاڭ) ئەسقەرجان (تاشكەنتلىك، ليەنجاڭ) قاتارلىق خىل كىشىلەر ھەمدە قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقى يۇقىرى بولغاچقا، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» مۇشۇ قوشۇننىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتتا ماجۇڭيىڭنىڭ قىسمى بېسىپ كىرگەندە، يۇسۇپجان قىسمى جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر يېڭىشەھەردە مۇھاسىرىدە تۇرغان ماجۇڭيىڭ قىسمىغا ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ چەت ئەلگە كېتىش ئۈچۈن تاشقورغانغا چىققاندا، تاجىك زەمىر تۈەنجاڭ قىسمى ئۆتكۈزمەيدۇ. يۇسۇپجان قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە، يېڭى ھۆكۈمەت ئۇنىڭ قىسمىنى ئىككىگە بۆلىۋېتىپ، يۇسۇپجاننى «سەن ئەسكەرلىرىڭنى ئېلىپ، ئابدۇراخمان، ئارىپ قۇر بېشىلار بىلەن بىرگە مارالبېشىدا تۇرۇشلۇق رۇس پولكوۋنىك چېرنىيوفنىڭ ئىختىيارىدا بولىسەن» دېگەن بۇيرۇقنى يەتكۈزىدۇ. يۇسۇپجان يولغا چىقىپ مارالبېشىغا ئاز قالغاندا، مارالبېشىغا بېرىشتىن باش تارتىپ ئابدۇراخمان، مۆمىن قۇربېشى قاتارلىق 22 نەپەر ئادەم بىلەن قېچىپ كېتىدۇ. يۇسۇپجان سېرىقبويىدا تۇرغاندا، رۇس ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىدۇ. يۇسۇپجان ئوغلى، ئىككى ئەسكىرىنى ئېلىپ، قورشاۋنى بۆزۈپ چىقىپ، مەكىتنىڭ چوڭقۇرچاق دېگەن يېرىدە، كونا تونۇش بىر ئۆزبېك ئىشاننىڭ پاناھىدا، ئىككى ئەسكىرىنىڭ مۇھاپىزىتىدە تۇرىدۇ. بىر كۈنلەردە يۇسۇپجان ئېلىپ ماڭغان ئالتۇن — كۈمۈشلەرنى ئېلىش ئۈچۈن، ئىشان يۇسۇپجاننىڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىسى ئارقىلىق يۇسۇپجاننى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى

ئۆلتۈردۇ، ئاندىن ئۆز سوپىسىنى ئىشقا سېلىپ، يۇسۇپجاننىڭ ئىككى مۇھاپىزەتچىسىنى ئۆلتۈردۇ. ئىشان بىلەن سوپى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بۆلۈشەلمەي، بىر - بىرىنى ساقچىغا چاقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش ساقچىدا قېلىپ، ئىشان بىلەن سوپى قاتىل، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى بىلەن ساقچىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## قوشقار باي

قوشقار باي ئۆزبېك، ئۇ 1930 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئاتالمىش قوراللىق باسمىچىلارنىڭ ئاتامانلىرىدىن بولغان يۇسۇپجان قۇربېشىنىڭ ئىستىبداتلىق ھەربىي، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان ئالدىنقى سەپ رازۋېد ئوفىتسېرى ۋە ھۇجۇمچى ئەترەت كوماندىرى (ئاشكارىلانمىغان ئۇنۋانى پولكوۋنىك). قوشقار باي 1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 -، 7 — كۈنلىرى قەشقەر خەلقىغە ئۇنتۇلغۇسىز بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، ۋەقەنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

جەنۇبىي شىنجاڭ مۇھاپىزەت باش قوماندانى بىلەن قوشۇن باشلاپ، قەشقەرگە كەلگەن خوجىنىياز ھاجى قەشقەر يېڭىشەھەرنى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ماجەنساڭ قىسمى بىلەن جەڭ قىلىۋاتقاندا خوجىنىياز ھاجىنى ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن مافۇيەن قىسمى پەيزىۋاتتا يولنى توسقان ھەمدەمبەگ ھاجى، يۇسۇپجان قۇربېشى قىسمىنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ. بۇ خەۋەردىن تەمتىرىگەن خوجىنىياز ھاجى 1933 - 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنى تاشلاپ، يەركەنگە، سابىت داموللا، مەھمۇت مۇھىتلار يېڭىسارغا، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ ھەربىي مىنىستىرى ئورازبەگ ئۇلۇغچاتقا كېتىدۇ، زەيدىن كارۋان بىرىگادىسى ئۈستىن ئاتۇش تاغ ئېغىزىغا، كىچىك ئاخۇن

بىرىگادىسى ئاستىن ئاتۇش تاغ ئېغىزىغا ئورۇنلىشىدۇ. مۇھاپىزەت قوماندانى يۇسۇپجان قۇربېشى ئوپال، تاشمىلىق تەرەپكە ئورۇنلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ھۇجۇمچى قىسمى قوشقار باي ئەترىتىنى قەشقەرلىق چارروسىيەپەرەس كاتتا باي ئىمىن پىتەكنىڭ سەمەندىكى باغ ھويلىسىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مافۇيەن قىسمى ئەتىسى، يەنى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى بوش قالغان قەشقەر شەھىرىگە يۈسۈپ كىرىدۇ. مافۇيەن قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە، كىچىك ئاخۇن بىرىگادىسىدىكى رىشتەم[①] 40 - 50 ئەسكىرى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ، مافۇيەنگە قوشۇلىدۇ. مافۇيەن رىشتەمگە «پارتىزان قوماندانى» دەپ نام بېرىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەيلا مافۇيەن شەھەر مۇداپىئە قىسمى بىلەن «پارتىزان قوماندانى» رىشتەمنىڭ قىسمىنى قەشقەردە قالدۇرۇپ، بىر بۆلۈم قىسمى بىلەن ئاتۇشقا قاراپ يولغا چىقىدۇ، دەل شۇ چاغدا ئىمىن پىتەك ئۆز بېغىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قوشقار بايغا مافۇيەن قىسمىغا ھوجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى ئېلىپ كېلىدۇ. (بۇيرۇقنىڭ نەدىن بېرىلگەنلىكى نامەلۇم) قوشقار باي ئۆز قىسمىنى باشلاپ، مافۇيەن قىسمىغا ھوجۇم قىلىپ، شەھەرنىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىدۇ. مافۇيەننىڭ زۇلمىدىن بىزار بولغان خەلق قوشقار باي قىسمىنى قارشى ئالىدۇ. بۇ خەۋەر مافۇيەنگە يەتكەندىن كېيىن، ئۇ قىسمىنى باشلاپ قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ، قوشقار باينىڭ ھۇجۇمچى قوشۇنىنى تازىلايدۇ. مافۇيەن قوشقار

---

① رىشتەم ئاستىن ئاتۇشلۇق، ساۋاتسىز ئادەم بولۇپ، 1924 - يىلىدىن باشلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان ئەتكەسچىلەرنىڭ ماللىرىنى چېگرادىن يوشۇرۇن ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يۇرت كۆرۈش جەريانىدا كۆزى ئېچىلغان. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىغا قىزىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان سىياسىي تەشكىلاتلىرىغا قاتناشقان.

بايىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە بېسىپ كىرىشىگە، ئىمىن پېتەك يەتكۈزگەن بۇيرۇق سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە رىشتەمگە ئىمىن پېتەكنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ، مافۇيەننىڭ ئادەملىرى پېتەكنى قىيىن - قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ھەم 1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6-، 7- كۈنلىرى قەشقەر شەھرىدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، ئوت قويۇش، باسقۇنچىلىق قىلىشتىن باشقا ئالتە مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ پۇقرانى قىرىپ تاشلايدۇ، بۇ كۈنلەردە قوشقار باي غايىب بولىدۇ.

1934 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون شىتابىدىكى سوۋېت ئوفىتسېرلىرى «پارتىزان قوماندانى» رىشتەمنى تۇتۇپ، گارنىزون شىتابىغا قامايدۇ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان يۇرت خەلقى گارنىزون قوماندانى مەھمۇت مۇھىتىغا ئىلتىماس قىلىپ، رىشتەمنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىدۇ. لېكىن، شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدا نامەلۇم ئادەملەر رىشتەمنى ئۆيىدىن چاقىرىپ چىقىپ، ئېتىز بېشىدا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ.

قەشقەر «ھىلالى ئەھمەر» نىڭ مەسئۇلى مۇسا ئەپەندىنىڭ يازمىشىدا، قەشقەردىن غايىب بولغان قوشقار باي ئاشۇ كۈنلەردە يەركەنگە كېلىپ، ساقچى ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.

## كىچىك ئاخۇن تۈەنجاڭ

كىچىك ئاخۇن ئاستىن ئاتۇشلۇق بولۇپ، تەخمىنەن 1892 - يىللاردا تۇغۇلىدۇ. يۇرتىدا دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىدۇ ۋە تۇماقچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا ئوقۇپ

ئوتتۇرا مەلۇماتلىق بولىدۇ، ئاز - تولا رۇسچىمۇ ئۆگىنىدۇ.
كىچىك ئاخۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغان مەزگىلدە تۇرپانلىق مۇسۇل هاجى، مەخسۇت مۇهىتىلار بىلەن تونۇشىدۇ. 1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەندە كىچىك ئاخۇن سوۋېت ئىستىپاقىدىن بەختى چېگراسى ئارقىلىق چۆچەككە كېلىدۇ ۋە تۇرپانغا بېرىپ تۇماقچىلىق قىلىدۇ. 1932 - يىلى تۇرپاندا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە قوزغىلاڭغا قاتنىشىدۇ. 1933 - يىلى 1- ئايدا ماشىمىڭ، مەھمۇت مۇهىتىلار ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قارا شەھەرگە يۈرۈش قىلغاندا يۇنۇسبەگ، باي ئەزىزى، كىچىك ئاخۇننى جەنۇبىي شىنجاڭغا تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئۈچ كىشى ئاقسۇغىچە بىللە بارىدۇ. ئاقسۇدا تۆمۈر لۈيجاڭ (تۆمۈر ئېلى) باي ئەزىزىنى ھەربىي مۇلازىمەتچى قىلىپ ئېلىپ قالىدۇ. كىچىك ئاخۇن يۇنۇسبەگ بىلەن بىللە قاقشال ئارقىلىق قەشقەرگە بارىدۇ. (كىچىك ئاخۇننىڭ يۇقىرىقى ئەھۋالىنى باي ئەزىزى سۆزلەپ بەرگەن ۋە «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 5 - سان 151، 152 - بەتلىرىدە بۇ ھەقتە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلگەن.)
كىچىك ئاخۇن، يۇنۇسبەگلەر قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ئالاھىدە خادىم ئابدۇراخمان ئەپەندى، (ئابدۇراخمان تىڭجاڭ) بىلەن بىرگە قەشقەر ۋالىيسى ماشاۋۇ بىلەن سۆزلىشىپ، ياڭ جېڭمىن بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان تۆمۈر ئېلىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئېلىش توغرىسىدا مۇزاكىرىلىشىدۇ. نەزەربەند قىلىنغان ئوسمان ئېلىنى نەزەربەندلىكتىن بوشىتىپ، قوشۇن تەشكىللەپ، تۆمۈر ئېلىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئوسمان ئېلى ھۇجۇمنى مادوتەيگە قارىتىدۇ. ئوسمان ئېلى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغاندا كىچىك ئاخۇن ئاتۇشتىن، سېتىۋالدىجان قەشقەردىكى ئۆزبېكلەردىن ئەسكەر ئالىدۇ. تۆمۈر ئېلى قەشقەرگە كىرگەندىن كېيىن تونۇشى يۇنۇسبەگنى قەشقەرگە ۋالىي، كىچىك ئاخۇن سېتىۋالدىجان،

ئابدۇقادىر ھاجىلارنى تۇڭگانلار قىلىپ ئۆستۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ كىچىك ئاخۇن كۆزگە كۆرۈندى (بۇ ۋەقەنى ئابدۇقادىر ھاجى ئۆز ئەسلىمىسىدە بايان قىلغان).

شۇنىڭدىن كېيىن كىچىك ئاخۇن تۆمۈر ئېلىنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇش قاتارلىق ھەربىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشتى. سابىت داموللا قاتارلىقلار ئەكسىيەتچىل «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نى قۇرغاندا كىچىك ئاخۇن ئاتۇش تىجەنلىك يۈسۈپ تۇڭگانىڭ قىسمىنى ئۆز قىسمىغا قوشۇپ ئاتۇش بىرىگادىسى قۇرۇپ، ئاتالمىش «جۇمھۇرىيەتنىڭ شەھەر قوغدىغۇچىسى» بولدى. ما فۇيەن قىسمى خوجىنىيازنى قوغلاپ قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ باشقا قىسمىغا ئوخشاش كىچىك ئاخۇن شەھەرنى تاشلاپ، ئاستىن ئاتۇش تاغ ئېغىزىغا چېكىنىۋالدى. لېكىن، قول ئاستىدىكى رىشتەم ئۆز قىسمىنى باشلاپ مافۇيەنگە تەسلىم بولدى. بۇ چاغدا كىچىك ئاخۇن قىسمىنى باشلاپ تاغقا چېكىنىۋالدى. ما فۇيەن قىسمى توسالغۇسىز ئاتۇشقا كىرىپ ئاتۇشنى قىرغىن قىلدى، سابىت داموللا، يۈسۈپ تۇڭگانلارنىڭ ئۆيىنى بۇلاپ ئوت قويدى. كېيىن كىچىك ئاخۇن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قىسمىدا بولدى ۋە مەھمۇت مۇھىتىغا قارشى تەرەپتە تۇرۇپ، قەشقەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىلەن ئالاقىدا بولدى. 1937-يىلى 5-ئايدا ئابدۇنىياز توپىلىڭىغا قاتناشتى. ۋە ئابدۇقادىر ھاجىغا (بۇ كىشى توغرىسىدىكى ماتېرىيالنى كېيىنكى بەتتىن كۆرۈڭ) رۇسلارغا ئەل بولايلى دەپ، ئۆزىنىڭ سوۋېت كونسۇلى بىلەن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇقادىر ھاجى قوشۇلمىغاندا كىچىك ئاخۇن ئۆزى قېچىپ شىڭ شىسەي تەرەپكە ئۆتتى، شىڭ شىسەي ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 17 - سان 109 - ، 110-بەتلەردىن ئېلىندى.)

## ئوراز بەگ

ئوراز بەگ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باسمىچى قىرغىزلاردىن بولۇپ، 1933 - يىلى قەشقەرگە قېچىپ كېلىدۇ. ئوسمان ئېلى ماشاۋۇ (مادوتەيگە) قارشى ئىسيان قىلغاندا، ئوسمان ئېلى قولىدا ئەسكەر، لىيەنجاڭ، كېيىن تۇەنجاڭ بولىدۇ. ئىسھاقبەك شۇ چاغلاردا ئوراز بەگنىڭ قولىدا ئەسكەر، بەنجاڭ بولىدۇ. ئىسھاقبەگ يۇرتىدا ئىشلەشنى تەلەپ قىلغاندا، ئوراز بەگ ئىسھاق بەگنى پەيجاڭلىققا كۆتۈرۈپ، سىمخاننى ساقلاشقا چىقىرىدۇ.

ئوراز بەگ قەشقەردە ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرۇلغاندا، دۆلەت مۇداپىئە نازىرى بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغچاتتا تۇرغان 4 - ئارمىيىسىدىكىلەر بىلەن ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق بولغانىكەن.

ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» ئاغدۇرۇلغاندا ئۇ ئۇلۇغچات تاغلىرىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ ۋە شۇ يەردە غايىب بولىدۇ.

## ئابدۇقادىر ھاجى

ئابدۇقادىر ھاجى ئاتۇش تىجەندە 1904 - يىلى تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى ھاللىق سودىگەر بولۇپ، قىرغىزىستاندىكى ھازىرقى بىشكەككە بېرىپ سودا قىلغان، قاراقولدا يەر - زېمىن ئېلىپ سودا سارايلىرى قۇرغان. ئابدۇقادىر ھاجى مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، دىنىي مەكتەپنى تىجەندە، پەننىي مەكتەپنى قاراقولدا ئوقۇيدۇ. قاراقولدا ئوقۇش مەزگىلىدە، قارا قول شەھەرلىك «لېنىنچىل كوممۇنىستىك ياشلار سايوز» غا ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. كېيىن

مەخسۇس مەكتەپتە ئوقۇيدۇ ۋە كۆپ قېتىم يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، خەلق ئارىسىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن يېڭىلىقلارنى تەشۋىق قىلىدۇ، قاراقولدىن ئېلىپ كەلگەن پاتېفون پلاستىنكىلىرىنى قويۇپ ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ، يېڭىچە سەنئەتنى تەشۋىق قىلىدۇ. 1930 - يىللاردا ۋەتەنگە قايتىپ، ئابدۇراخمان رەھىمى (كېيىن ئابدۇراخمان ئەپەندى دەپ ئاتالغان، ئۇ كىشىنى بىلمەك بولسىڭىز مۇشۇ كىتابنىڭ 3 - بابىدىكى تەرجىمىھالىغا قاراڭ) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتۇش دىيارىدا ئىنقىلاب ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ.

ئابدۇراخمان رەھىمى مادوتەينى ئەۋەشكە كەلتۈرۈپ، قاماقتىكى ئوسمان ئېلىنى ئازاد قىلىپ تۆمۈر ئېلىگە قارشى قوزغىلاندۇرىدۇ. ئوسمان ئېلى قوراللىنىپ بولغاندىن كېيىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، تۆمۈر ئېلى بىلەن بىرلىشىدۇ. ئوسمان ئېلى قوشۇننى قايتۇرۇپ ئاتۇشقا كەلگەندە، ئابدۇقادىر ھاجى ئۆزى تەييارلىغان نەچچە يۈز ئادەم ۋە خەلقنى باشلاپ ئوسمان ئېلىنى قارشى ئالىدۇ. دەل شۇ مەيداندا، ئىنقىلابقا تەشنا كىشىلەرنى ئەسكەرلىككە تىزىملاپ، نەچچە يۈز پىدائىينىڭ باشلىقى بولىدۇ.

ئوسمان ئېلى قىسمى قەشقەرگە كىرگەندە، ئابدۇقادىر ھاجى نەچچە يۈز ئەسكەر بىلەن (خەلق ئاغزىدا تۇەنجاڭ ئاتىلىپ) قەشقەرگە كىرىدۇ ۋە ئوسمان ئېلىنىڭ قارمىقىدا بولىدۇ. كېيىن ئوسمان ئېلى بىلەن تۆمۈر ئېلى ئوتتۇرىسىدا ياراشتۇرغۇچى، بەزىدە خەۋەر يەتكۈزگۈچى بولىدۇ، 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەھمۇت مۇھىتى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكۈچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەممە قوشۇن ئىچىدە باردى - كەلدى ھەرىكەتتە بولىدۇ. ئاخىر ئابدۇنىياز قوشۇنىدا بولىدۇ. ئابدۇنىياز ۋە ماخوسەنلەر قوشۇنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلان، تانكا ۋە ئاتلىق قوشۇنلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغاندا، ئابدۇقادىر ھاجى ئامان قىلىپ ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدۇ. 1947 - يىلى قەشقەرگە قايتىپ

كېلىپ، قەشقەر باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئائىلىسىدە بولىدۇ.

1987 - يىلى 83 يېشىدا قېرىلىق ۋە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

## غوپۇر تۆەنجاڭ

غوپۇر تۆەنجاڭ توقسۇنىنىڭ قاراسۇ دېگەن يېرىدە دىنىي زات ئارىز ھاجى ئائىلىسىدە 1901 - يىلى تۇغۇلىدۇ. ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، يېتىلگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشى. 1931 - يىلى ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى توقسۇندا چوڭ قىرغىنچىلىق قىلغاندا، غوپۇر تۆەنجاڭ خەلق قوزغىلاڭچىلىرىغا قوشۇلۇپ، ما جۇڭيىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ مەھمۇت مۇھىتى، ماشىمىڭلار تۇرپاندىن قارا شەھەرگە چېكىنىش ئۇچۇن، توقسۇندىن ئۆتكەندە، ئەمەت مەسۇم (ئەمەت تۆەنجاڭ) لار بىلەن بىرگە مەھمۇت سىجاڭ قوشۇنىغا قوشۇلىدۇ ۋە مەھمۇت سىجاڭ ئۇششاقتال، قارا شەھەر، كورلىلاردا ما جۇڭيىڭ قىسمى بىلەن قىلغان ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، لیەنجاڭ، كېيىن يىڭجاڭ، قەشقەر يېڭىشەھەردە، تۆەنجاڭ بولىدۇ (شۇ ئۇرۇشتا بىرگە خىزمەت كۆرسەتكەن قەشقەرلىق ئابدۇشۇكۇر ئاخۇنمۇ ئۆستۈرۈلۈپ، تەنفۇ، مۇئاۋىن تۆەنجاڭ بولىدۇ). كېيىن 6 - دىۋىزىيە قىسىملىرىنى رەتلەش ئېلىپ بېرىلغاندا غوپۇر تۆەنجاڭ تاشكەنتتىكى ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ ئوقۇشتىن قايتىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ مەھمۇت سىجاڭنى قەستلەش توغرىسىدىكى تاپشۇرۇقلىرىغا ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇ ئىشنى باشقىلارئارقىلىق مەھمۇت مۇھىتىغا يەتكۈزىدۇ.

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى مەھمۇت سىجاڭ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، غوپۇر تۆەنجاڭ بىلەن ئابدۇشۇكۇر

تەنفۇلار قۇربانىياز شاھىدى (ۋاقىتلىق سىجاڭ) ، ئەمەت تۆنجاڭلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## مەھمۇت مۇھىتى ۋە 6 - دىۋىزىيە

خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۈرۈمچىگە مېڭىش ئالدىدا، ئۆز قىسىملىرىدىن ھامۇتخان لۈيجاڭنى 500 ئەسكەر بىلەن ئۆزىنى قوغداشقا ئېلىپ قالىدۇ، شىڭ شىسەي خوجىنىياز ھاجىنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى بىر دىۋىزىيە قىلىپ تەشكىللەپ، ئۇنى 6 - دىۋىزىيە دەپ ئاتايدۇ (ئۇ دىۋىزىيەنىڭ تولۇق ئىسمى «شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قۇرۇقلۇق ئەسكىرى ئاتاقلىق قوشۇن ۋاقىتلىق 6 - دىۋىزىيىسى) . بۇ دىۋىزىيىگە مەھمۇت مۇھىتىنى قوماندانلىققا تەيىنلەيدۇ. دىۋىزىيە بىر برىگادا، 4 پولك (تۇەن) ، بىر مۇھاپىزەتچى ئىسكادرونىدىن تەركىب تاپىدۇ. برىگادا كوماندىرلىقىغا قۇمۇللۇق سالى دورغا، مۇئاۋىنى قىلىپ تۇرپانلىق توختىبەگ تەيىنلىنىدۇ. 1- پولك تۇەن كوماندىرى تۇرپانلىق سەمەت ھاجى، 2 — پولك كوماندىرى تۇرپانلىق قۇربانىياز گاجىدى (شاھىدى دەپمۇ ئاتىلاتتى) 3- پولك كوماندىرى توقسۇنلۇق غوپۇر، 4 - پولك كوماندىرى تۇرپانلىق پولاتبەگلەر بولىدۇ. 36 - ماخۇسەن قىسمى مارالبېشىدىن چېكىنگەن كېيىن قوماندان مەھمۇت مۇھىتى گېنېرال لېيتېنانت ئۇنۋانى بىلەن 6 - دىۋىزىيىنى باشلاپ، 1934 — يىلى 20 - ئىيۇل قەشقەر شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، دىۋىزىيە باش شتابىنى قەشقەر شەھىرىدىكى سابىق شىتەي يامۇلىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇلاردىن بىر تۇەن باش شتاب ئورۇنلاشقان جايدىكى يۇمىلاق شەھەرگە، بىرتۇەن شەھەر ئىچىدىكى سودا سارايلارغا بىر تۇەن يېڭىسار قەلئەسىگە، بىر تۇەن يەركەن كونا شەھەرگە ئورۇنلىشىدۇ. 1933 - يىلى تەشكىللەنگەن يەرلىك

قوشۇنلاردىن «قەشقەر ئۇستىن ئاتۇش بىرىگادىسى» دەپ ئاتالغان زەيدىن كارۋاننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى، «ئاستىن ئاتۇش بىرىگادىسى» دەپ ئاتالغان كىچىك ئاخۇننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ۋە كىچىك ئاخۇن قوشۇنىدىكى «پارتىزان ئەترەت قوماندانى» دەپ ئاتالغان رىشتەم (بۇ نامنى تەسلىمچىلىكى ئۈچۈن مافۇيەن بەرگەن) نىڭ بىر پەي ئەسكىرى مەھمۇت مۇھىتىغا قوشۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 6 - دىۋىزىيە ئەسكىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 4000 ئەتراپىدا بولىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۈرۈمچىدىن گوڭ جىنخەن دېگەن كىشى باشچىلىقىدا بىر تۈەن ئەسكەر قەشقەرگە كېلىپ، يېڭىشەھەرگە، ليۇسىڭچۇڭ باشچىلىقىدا بىر تۈەن ئەسكەر يەركەنگە ئورۇنلىشىدۇ. بۇ ماجۇڭيىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قوشۇن ماخوسەنگە تاپشۇرۇلۇپ، ماخوسەن خوتەنگە ئورۇنلاشقان ۋاقىت ئىدى. شۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي 6 - دىۋىزىيىنى تەرتىپكە سېلىش باھانىسى بىلەن، رۇس گېنېراللىرىدىن بىرىنچى قېتىم رابالكىن (ساقاللىق گېنېرال)، ئىككىنچى قېتىم ئوبخوپ، ئۈچىنچى قېتىم دوتكىن قاتارلىقلارنى قەشقەرگە ئەۋەتىپ، ئەسلىدىكى ھەربىي تەلىم كۆرمىگەن مىللىي قىسىمغا بىرىنچى قەدەمدە ئىنتىزام تەربىيىسى، ئىككىنچى قەدەمدە زامانىۋى ھەربىي تەلىم - تەربىيە دەرسى ئۆتىدۇ. دوتكىن كېلىشى بىلەن ھەربىي ئۆزگىرىش بولۇپ، باشقا ئىشلار ئېلىپ بېرىلمايدۇ.

شۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي 6 - دىۋىزىيەدىن قۇربانىنىياز سەئىدى (مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى)، دىۋىزىيە قورال - ياراغ مەسئۇلى ئابدۇللا ئەپەندى (ئابدۇللا تۈەنجاڭ)، مۇئاۋىنى ئەخمەت تۈەنجاڭ، تۈەنجاڭ قۇربانىنىياز شاھىدى ۋە شتاب باشلىقى سايىمئاخۇنلارنى ئوقۇشقا دەپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار 1934 - يىلىدىن 1935 - يىلغىچە تاشكەنتتە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئىدىيە ئۆزگەرتىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن 6 - دىۋىزىيە ئىچىدىكى ۋەزىيەت ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. مەسىلەن، شەرقىي شىمال پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ سابىق گېنېرالى لۈبىن گارنىزون

قوماندانى بولۇپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەھمۇت مۇھىتى مۇئاۋىن سىجاڭ بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قوراللارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن «6 - دىۋىزىيىنىڭ قوراللىرى كونا، بۇ قوراللارنى تاپشۇرۇڭلار، بىز سىلەرگە يېڭى قورال بېرىمىز» دەيدۇ. مەھمۇت مۇھىتى «ئالدى بىلەن يېڭى قورالنى بېرىڭلار، ئاندىن كونا قورالنى بىرىمىز» دەپ قورال تاپشۇرغىلى ئۇنىمايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەي توقسۇنلۇق غوپۇر تۇەنجاڭ، مۇئاۋىنى ئابدۇشۇكۇر تۇەنجاڭ، مۇھاپىزەتچى ئەترەت باشلىقى ھۈسەيىن ئاخۇن، قۇمۇللۇق سالى لۈيجاڭ، پازىل لۈيجاڭ، شايارلىق ھەمدەم بەگ ھاجى، پولات تۇەنجاڭ، مەسلىھەتچىلەر باشلىقى نىزامىدىن ئەمەندى، قورال - ياراغ باشلىقى ئابدۇمۆمىن ھاجى، مەمەت خەلىپەت، ئەييۇپ بەگ قاتارلىق پىشقەدەملەرنى ئۆرۈمچىگە يۆتكەپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا ئادەملەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 6 - دىۋىزىيىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بەزى يېقىن ئادەملىرىمۇ ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. سەمەت ھاجى شېڭ شىسەي ئالدىدا مەھمۇت مۇھىتىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قەسەم بېرىدۇ. توقسۇنلۇق غوپۇر تۇەنجاڭ، قەشقەرلىق مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ئابدۇشۇكۇر ئاخۇنلار ئەھۋالنى مەھمۇت مۇھىتىغا ئېيتىپ قويىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى سەمەت ھاجىنى قولغا ئالىدۇ. يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ھەرىكەتلەر مەھمۇت مۇھىتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇۋالىنىڭ 2 - كۈنى بىر قانچە يېقىن ئادەملىرىنى ئېلىپ، ھىندىستانغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

## نۇر بەگ

نۇر بەگ (بوياقچى) قەشقەر شەھىرىدە 4 - ئەۋلاد بەگ بولۇپ ئۆتكەن سېلىم بەگ ئائىلىسىدە 1861 - يىلى تۇغۇلىدۇ، ئۇ مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، موللا خەلپەتكە ئوقۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ

ئىپتىدائىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ. 1876 - يىلى نۇر بەگ 15 ياشقا قەدەم قويغاندا، زوزۇڭتاڭ قوشۇنى بىلەن ياقۇپ بەگ قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغاندا قەشقەر خەلقى مەغلۇب بولغۇچىلار بىلەن غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرايدۇ، ئەسكەرلىككە تۇتۇلىدۇ. قىرغىندىن، ئەسكەرلىكتىن قاچقان كىشىلەر ۋەتەننى تاشلاپ، پاكىستان، ئافغانىستان، بولۇپمۇ پەرغانە ۋادىسى - ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى ئۆلكە ۋىلايەتلىرىگە قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ چاغدا نۇربەگ تاغىسى بوياقچى تۇراخۇننىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇپ، بوياقچىلىقنى ئۆگىنىدۇ. جاھان تىنجىپ، 1878 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودا - سېتىق ئىشلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ شۇنىڭ بىلەن قەشقەرنىڭ قول - سانائەت كەسپىمۇ ئەسلىگە كېلىدۇ. شۇ يىللاردا نۇربەگ ئون نەچچە نىمكار (ئىشچى) ئىشلەيدىغان بوياقچىلىق كارخانىسى قۇرىدۇ، كېيىن ئۇ ئۆزلىرى بويىغان ماتا - چەكمەن قاتارلىقلارنى ئاقسۇ، كۇچار، ئۇرۇمچى، ئىلى قاتارلىق جايلارغا، كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ چىقىپ سودا قىلىدۇ. نۇربەگ بىر قانچە يىللىق سودا - تىجارەت جەريانىدا جاي - جايلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي شارائىتى، خەلقلەرنىڭ پسىخىك ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ يولىنى بىلىۋالىدۇ.

نۇربەگ ساددا، ئاقكۆڭۈل، چىقىشقاق، كۆڭلى يۇمشاق، جامائەت ۋە خەلق ئىشلىرىغا كۆيۈنىدىغان، مۇرەسسە ئىشلىرىغا كامىل، كىشىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدىغان ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ. ئاقلاشلارغا قارىغاندا، 1891 - يىلىدىن باشلاپ، دادىسىنىڭ بەگلىكىگە يادەملىشىپ، چوڭراق دەۋا سورۇنلىرىدا بىللە بولىدۇ ۋە مۇرەككەپ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا دادىسىغا ياردەملىشىدۇ. 1898- يىلى نۇربەگ قەشقەر شەھەر ئەتراپىدىكى مۇجا، سۇللۇغ، لەڭگەر قاتارلىق يېزىغا، 1907 - يىلى ئوپال، بۇلاقسۇ يېزىلىرىغا بەگ بولىدۇ. 1911 - يىلى دادىسى ۋاپات

بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئورنىغا قوغان، بەشكىرەم ۋە ئاۋات يېزىلىرىغا 1932- يىللىرىغىچە بەگ بولىدۇ. بوياقچىلىق كەسپى ۋە تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە نائىب بەگ، نائىب جىنجاڭ، مۇئاۋىن بەگ، 1943 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە قەشقەر شەھىرىنىڭ باش بېگى، يەنى مەمۇرىي باشلىقى بولىدۇ. 1949 - يىلى قەشقەر دوتىيى نۇربەگنى يېڭىسار ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ بەلگىلەيدۇ، نۇربەگ ھاكىملىقنى رەت قىلىدۇ. شۇ يىللاردا قەشقەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىدىكى ساقچىخانىلار ئىلغار ياشلارنى تۇتقۇن قىلىش، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارە ئۆلتۈرۈشتەك ئىشلار كۆپىيىپ كېتىدۇ. نۇربەگ ساقچى تەرىپىدىن قامالغان ئادەملەرنى بىلىپلا قالسا ھوقۇق ۋە ئابرۇيىغا تايىنىپ، «شەھەرنىڭ ئىگىسى مەن، مېنىڭدىن سورىماي ئادەم تۇتۇشقا بولمايدۇ» دەپ قايتۇرۇپ چىقىدۇ. بەزىلەرنى ساقچىدىكى خادىملار ئارقىلىق قاچتى قىلىپ، ئۆزى پاناھ بولۇپ، قوغداپ قالىدۇ. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئەشەددىيلىشىپ، سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كىرىدىغان سۇنى توسۇپ، كونسۇلخانىدىكىلەرنىڭ نورمالنى تۇرمۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇ چاغدا نۇربەگ ئوتتۇرىغا چىقىپ، دۆلەتلەر ئارا بولىدىغان دىپلوماتىيە سىياسىتىنى سۆزلەپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ توسالغۇسىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. بۇنىڭدىن رەنجىگەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەردىكى ھەربىي باشلىقلىرى نۇربەگنى تۇتقۇن قىلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. نۇربەگ بۇنى سېزىپ قېلىپ، تاغلىق رايونغا يوشۇرۇنۇپ ئامان قالىدۇ.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەشقەرگە كىرگەندە نۇربەگ 45 مىڭ كىشىنى تەشكىللەپ، ئايرودرومغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى قارشى ئالىدۇ. 1951 - يىلى ئۆلكە رەئىسى بۇرھان سەئىدى، مۇئاۋىن رەئىس سەيپىدىن ئەزىزىلەر ھېيتگاھدا چوڭ يىغىن ئېچىپ، خەلق ئالدىدا نۇربەگنىڭ يۇقىرىدىكى تۆھپىسىنى قۇتلۇقلاپ تون كىيگۈزىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى نۇربەگكە تىنچلىق ئوردىنى تەقدىم قىلىدۇ، ھۆكۈمىتىمىز قىزىل بايراق

ئورنىنى تەقدىم قىلىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن نۇربەگ سەمەت رايونلۇق ھۆكۈمەت باشلىقى (ئۇ چاغدا باشقارما دەپ ئاتىلاتتى)، 1952- يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە ۋالىي مەھكىمە خوجىلىق باشقارما باشلىقى، 1954 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەپ، 95 يېشىدا خىزمىتىدىن چېكىنىپ، 1972 - يىلى 111 يېشىدا قەشقەردە ۋاپات بولىدۇ.

نۇربەگ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، لېكىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان، خەت ساۋاتى يوق كىشى بولسىمۇ، 1911 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە توپتوغرا قىرىق يىل بەگ بولغان ياكى ئازادلىقتىن كېيىن خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى خەلققە ۋە ھۆكۈمەت ئەربابلىرىغىمۇ بىلدۈرمەيدۇ. ئۇنىڭغا يېزىلغان دەۋا - دەستۇرلارنى ئۇ قولىغا ئېلىپ، خەتكە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، «خوش، خەتتىنغۇ ئەھۋالنى بىلدىم، ئۆز ئاغزىڭدا بىر سۆزلەپ باققىن» دەيدۇ - دە، دەۋاگەرنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راست - يالغانلىقىنى سۆزى بىلەن چىراي ئۆزگىرىشىگە قاراپ بېكىتىدۇ ۋە دەۋانى ھەل قىلىش چارىسىنى تاپىدۇ.

## ياقۇپ ئامبال

ياقۇپ ئامبال (ياقۇپ بەگ) 1884 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدىكى تۈگمەن ئېرىق مەھەللىسىدە تۇغۇلىدۇ، خەنزۇچە ئىسمى يوۋېيخۇ. ئاتىسى يۇنۇس ھاجى ھەجگە بېرىپ، ھەرەمدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ياقۇپ ئامبال يەتتە يېشىدىن تارتىپ بىرمەھەل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتلىق بولغاندىن كېيىن، شۇ چاغلاردا مەنچىڭ ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇپ، ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، شيۇسەي (تالىپ) دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە مەركىزىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتىدۇ ۋە ئۈچ يىل ئوقۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا ئۆلكە ئىمتىھانىدىن ئەلا دەرىجىدە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن «جۇيرېن» (چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆلكە ئىمتىھانىدىن ئۆتكەنلەرنى شۇنداق ئاتايتتى) دېگەن ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىگە بولىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ياڭ زېڭشىن بىر كۈنى ياقۇپ ئامبالنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ سەيلە قىلىدۇ. يولدىن ئۆتۈۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئېيتقان «تەپسەم ساندۇق ئاچىلۇر، گۈل باشىمغا ساچىلۇر...» دېگەن «تاھىر - زۆھرە») ناخشىسىنى ئاڭلىغان ياڭ زېڭشىن «يوۋبېخۇ، ئاۋۇ لاۋچەنتۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ياقۇپ بەگ ھېچ ئىككىلەنمەستىن، «تىشىياڭزا شىياڭزا كەيلى، تۇشىياڭدىخۇار سەنكەيلى... دەۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ياڭ زېڭشىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ «باركاللا، ئىلىمدە كامالەتكە يېتىپسەن، ناھىيىگە ئامبال بولۇش سالاھىيىتىڭگە ئىگە بوپسەن...» دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ كەلپىن، قاغىلىق قاتارلىق بىر قانچە ناھىيىدە ئامبال بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1932 - يىلى چۈشمە تامدا يىغىلىق بولغاندا، ئۇ قاغىلىققا قايتىپ كېلىپ، ئاكىسى سىدىقبەگنىڭ قورۇسىدا تۇرىدۇ. 1933 - يىلىنىڭ بېشىدا، خوتەندە زور كۆلەملىك قوزغىلاڭ بولىدۇ. شۇ چاغدىكى قاغىلىقنىڭ ئامبىلى ليۇشياۋلى يۇقىرىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن خوتەنگە ئەسكەر باشلاپ ماڭغاندا ياقۇپ ئامبالنىمۇ بىللە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار گۇما بىلەن قارىقاش ئارىلىقىدىكى قۇماتپاشاھىم، زاۋا دېگەن جايلاردا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ليۇشياۋلى قوزغىلاڭچىلارنى قىرغىن قىلىشقا بۇيرۇق قىلغاندا، ياقۇپ ئامبال پۇقرالارنى قىرغىن قىلىشنى

تـوسـىدۇ. 1933 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، يەنە قاغىلىق بىلەن گۇما ناھـىيـىسىدە بىر كۈندىلا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدۇ. ليۇشياۋلى قـوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇش بىلەن بىرگە پۇقرالارنىمۇ قىرغىن قىلـىدۇ، ياقـۇپ ئامبال ئەسكەر باشلىقىنى تېپىپ «پۇقرانى ئۆلـتـۈرۈۋەتـسەك، بىزگە پۇقرا لازىم بولمامدۇ؟ يەرنى كىم تېرىيدۇ، تىجارەتنى كىم قىلىدۇ؟ قىرغىنچىلىقنى توختىتىش لازىم!» دەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر تىرىلىپ ئاتلىنىپ ساقلاپ قـالـىدۇ... كېيىن ماخوسەننىڭ 36 ـ دىۋىزىيىسى قاغىلىق ۋە خوتەنگە تەرەپكە بېرىپ ئورۇنلاشقاندا ياقۇپ ئامبال قاغىلىقتا ئۆزىنى ئـامـبـال دەپ جـاكـارلايـدۇ ھەم ھاكىمىيەتنى قايتىدىن تىكلەپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاپ، پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ۋە نـورمـال ئـىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ماخوسەن ياقۇپ ئامبالنى خوتەنگە ئېلىپ كـېتىپ، دىۋىزىيە شتابىدا مەسلىھەتچىلىك خىزمىتىگە قويىدۇ. 1937 — يـىلى شىڭ شىسەي 36 ـ دىۋىزىيىنى يوقىتىپ، ئۆز ھـاكـىمـىيىتىنى تىكلىگەندە، شىڭ شىسەينىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى ياقۇپ ئامبالنى قولغا ئالىدۇ ۋە 1942 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇنى ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ئۆلتۈرىدۇ.

## ھاشىم ھاجى

ھاشىم ھاجى ئۇيغۇر، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان جـۇمـھـۇرىـيىتى دۆلەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئەمەلدارى (ھاشىم ھاجىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىسمى ھەسەن). 1935 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەيگە

ياردەمگە ئەۋەتكەن يوي شيوسوڭ (ئەسلى ئىسمى ۋاڭ شوچىڭ) باشچىلىقىدىكى 25 نەپەر خەنزۇ، ئۇيغۇر بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئەزالىرى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ. 1935 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. 1937 - يىلى ئەتىيازدا خىزمىتىدىن دوكلات بېرىش ئۈچۈن ئۆز دۆلىتىگە قايتىدۇ. شۇ يىلى سىمنوف (رۇس) بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، شېڭ شىسەي تەسىس قىلغان مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. 1938 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن سىمنوف، ياقۇپ (قازاق) لار بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا شىنجاڭدىكى ئاساسلىق مەھبۇسلارنىڭ ئىقرارنامىسىنى ئېلىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي شۇ يىلى قىشتا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ جاڭ شىڭ، يىڭ لياڭ، خوجىنىياز ھاجىم، خۇاڭ خەنجاڭ، شېرىپخان تۆرە، ماشاۋۋۇ، مەيۇز ۋاڭ، ئابدۇللا داموللا، سوپا شەنجاڭ قاتارلىق 108 نەپەر كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بەرسە بولىدۇ، دېگەن تەستىقنى ئېلىپ كېلىپ شېڭ شىسەيگە يەتكۈزىدۇ. شېڭ شىسەي تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن شۇ يىلى 12 - ئايدا مەخپىي سوت ھەيئىتى ھاشىم ھاجىنىڭ نازارەت قىلىشى ئاستىدا ئىككىنچى تۈرمە (ھازىرقى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئورۇنلاشقان ئورۇن) دە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئارغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ھاشىم ھاجى ئۆز دۆلىتىگە قايتىدۇ.

ھاشىم ھاجى 1939 - يىلى ئەتىيازدا موسكۋادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك سابىق ساقچى باشقارمىسىدا 6 - بۆلۈم دېگەن ئاخبارات بۆلۈمىگە باشلىق بولىدۇ ۋە مەخپىي سوت ھەيئىتىنىڭ خىزمىتىنىمۇ ئىشلەيدۇ.

1939 — يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى

ھەرىكەت باشلايدۇ. سوۋېتپەرەس خادىملارنى قولغا ئالىدۇ. مەسىلەن، ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قۇربان نىياز (سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن)، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى قۇربان سەئىدى، تەمىنات نازىرى ئابدۇللا داموللا ۋە مىللىيلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ كەلگەنلەرنىڭ زور كۆپچىلىكىنى قولغا ئالىدۇ، ئۇلارغا «تۇرپان، پىچان، توقسۇندىكى دېھقانلار توپىلىڭىنى پىلانلىغان» دېگەن گۇناھنى ئارتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە بۇ توپىلاڭنىڭ پىلانلىغۇچىلىرى ئۇرۇمچىدە تۇرۇۋاتقان سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن ساقچى باشقارمىسىدىكى سوۋېتلىك ئاخبارات مۇتەخەسسىسى ھاشىم ھاجىلار، دەپ مەلۇم قىلىدۇ. نەتىجىدە سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋېت كونسۇلخانا خادىملىرى بىلەن ھاشىم ھاجىنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھاشىم ھاجى شىنجاڭغا قايتا كەلمەيدۇ.

يېقىندا ئۇقۇشىمىزچە، ھاشىم ھاجى (ھەسەن) ئالمۇتادا 1972 - يىلى ئۆلگەن.

(ھاشىم ھاجىنىڭ تەرجىمىھالى «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1 - سان 111 - بەتتىكى «شىنجاڭ مەخپىي سوت ھەيئىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىدىن ۋە قۇمۇل ساقچىدا ھاشىم ھاجى بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ھوشۇر مۇسا قاتارلىقلارنىڭ سۆزىدىن ئېلىندى.)

## مەنسۇر ئەپەندى

مەنسۇر ئەپەندى (ئۇيغۇر) ئەسلى ئىسمى مەشى ئالمۇتا چېلەك رايونىدا روزى باقىيوف چوڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ

ئـائـىلـىسـىدىكـىلـەر 1905- يىلـىدىكى رۇسىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى مەزگىلىدە رۇسىيەدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار 1905- يىلى تەسىس قىلغان «كالتە چاپان»- لار، 1906 - يىلى ئۆزگەرتىپ قۇرغان «تەرەققىپەرۋەر» لەر تەشكىلاتىنى قۇرغۇچىلاردىن ئىدى.

مەنسۇر ئەپەندى لېنىن باشچىلىقىدىكى بولشېۋىكلارنىڭ 1917- 1918 — يىللىرىدا چاررۇسىيەگە قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشىگە، يەنى ئاكىسى ئابدۇللا روزى باقىيوف باشچىلىقىدا تەشكىل قىلىنغان «تارانچىلار پولكى» دا، چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتامانى دۇتوفقا قارشى كۈرەشكە قاتناشقان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولغان.

1933 - يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنى ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلىدۇ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە كادىر تەلەپ قىلىدۇ. 1935 - يىلى 5 - ئاي ئاخىرلىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا يۈي شيۇسۇڭ، چاۋشى (ۋاڭ باۋچەن) قاتارلىق 25 بولشېۋىكنى شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە، مەنسۇر ئەپەندى، قاسىم ئەپەندى، ئاباۋ، ياسىن، ھاشىم ھاجى، سىيىت ھاجى، ھەمزە بايوف نۇر ھاجى، تۇغباۋ قاتارلىق 8 ئۇيغۇر، قازاق، شىبە كادىرىمۇ بار ئىدى.

مەنسۇر شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغاندا ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى بولىدۇ. شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى مەنسۇر ئەپەندىنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ. 1945 - يىلى چۆچەك ئازاد بولغاندا، مەنسۇر ئەپەندى چۆچەككە كېلىپ، چۆچەكتە ۋالىي بولۇپ ئىشلەيدۇ.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن، دۆلىتىگە قايتىپ كېتىدۇ.

مەنسۇر ئەپەندى دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن «شەرق ھەقىقىتى»، «يېڭى ھايات» قاتارلىق ئۇيغۇرچە گېزىت - ژۇرناللاردا نۇرغۇن ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ، 1980 - يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

( بۇ ماقالە مەنسۇر ئەپەندىنىڭ يېقىن سەپدىشى، قازاقىستاننىڭ گېنېرال مايورى ئىبراھىموف ئاتىخاننىڭ ماتېرىيالىغا ئاساسەن رەتلەندى. )

## پاسار بەگ

پاسار بەگ قەيەرلىك، قاچان تۇغۇلغان؟.... دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش ئىمكانىيىتى بولمىدى، لېكىن 1936 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە يەركەندە ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى، 1950- يىلى يەركەنگە ھاكىم بولغان ھاجى ئابدۇرېشىت يۈسۈپنىڭ پاسار بەگ ھەققىدە ئەستە قالدۇرغانلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى بىلدۇق:

1945 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى يەركەن ساقچى ئىدارىسىدا پاسار بەگ دېگەن ئادەم پەيدا بولىدۇ. ساقچى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كىشى ئۈرۈمچىدىن گۇناھكار ھېسابىدا ئەۋەتىلگەنىكەن. ئۇ كېلىپ يېرىم يىلدىن كېيىن يەركەن ساقچى ئىدارىسىغا جاڭ فامىلىك بىر كىشى باشلىق بولۇپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پاسار بەگ بازارلارغا چىقىدىغان بولىدۇ. ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ساقچىدا بۆلۈم باشلىقى، كېيىن ۋالىي مەھكىمە خەلق ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پاسار بەگ دەپ نامى چىقىدۇ.

1947 ـ يىل ئاخىرلىرى ئۈرۈمچىدىن يەركەنگە ۋالىي سايلاش ھەيئىتى كېلىدۇ. ۋە سايلام ئارقىلىق ۋالىي جوفاڭگاڭ قالدۇرۇلۇپ، پاسار بەگ ۋالىي قىلىپ تەيىنلىنىدۇ.

پاسار بەگ 1950 ـ يىلى قولغا ئېلىنىپ يەركەندە تۈرمىگە قامالغان مەزگىلدە، ئۆزى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

پاسار بەگ، ئۇيغۇر، بالا ۋاقتىدا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان كېيىن خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇپ، 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشىپ، خوتەندە ساقچى ئىدارىسىغا باشلىق بولىدۇ. كېيىن ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان سىياسىي قانۇن مەكتىپى پۈتتۈرىدۇ ۋە ئىشپىيونلۇق تەشكىلاتىنىڭ يەركەندە تۇرۇشلۇق مەسئۇلى بولىدۇ. جىڭ شۇرىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان نۇربەگ، قەشقەر كونا شەھەردىن ياقۇپ لوشى، پەيزىئاۋاتتىن ئابدۇراخمان بەگ قاتارلىق 50 دەك كىشىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىدۇ. بۇ 50 كىشى جاڭجۇن يامۇلى ئىچىدە ئولتۇراقلىشىدۇ ۋە ئۇلارنى دوما دەپ ئاتايدۇ. جاڭجۇن يامۇلى ئۇلارغا يۇقىرى مۇئاش بېرىدۇ. بۇ بەگلەر ئالغان ئايلىقىغا ئەپيۇن چېكىپ بىكار يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تامغا ئويدۇرۇپ بەرگەن بولۇپ، ئۆزلىرى مەجلىسكە قاتناشمايدۇ يۇ، مەجلىسدە قىلىنغان قارارلارغا تامغىلىرىنى باسىدۇ. غەللە ـ پاراق يىغىدىغان ۋاقىتتا بۇ بەگلەر ھەر قايسى ناھىيە، ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلىدۇ. بىر يىلى پاسار بەگنى يەركەنگە ئەۋەتىدۇ. پاسار بەگ يەركەن مانجۇ كۆل بېشىدىكى ئىمىن بەگنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. ئامبال ئۇنىڭغا ھەر كۈنى بەش سەر كۆمۈش ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشتا ياشايدۇ. ھەپتىدە بىر قېتىم غەللە ـ پاراق ئالغان جايغا بېرىپ، ئايلىنىپ كېلىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئامبالنىڭ قىلمىشلىرىغا نارازى بولۇپ يۇقىرىغا خەت يازىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنى ئۈرۈمچىگە

قايتۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇلۇپ كېتىپ 3 - يىلى ھۆكۈمەت ئۇنى يەنە يەركەنگە ئەۋەتىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ قايتىش ۋاقتىدا ئامبال بىر خاڭدەن تاۋاردا تىكىلگەن تەكىيىنى تۆت كىشىگە زەمبىلدە كۆتەرتىپ، پاسار بەگ تۇرغان جايغا ئېلىپ بارىدۇ ۋە ئولتۇرمايلا «بۇ مېنىڭ ئايالىمنىڭ سىزگە ئاتاپ تىكىپ قويغان تەكىيى ئىكەن قوبۇل قىلغايسىز» دەپ چىقىپ كېتىدۇ. پاسار بەگ قارىسا تەكىيىگە 20 مىڭ سەر كۈمۈش نوكچىلاپ سېلىپ قويۇلغانىكەن. ئۇ ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، ئون مىڭ سەر كۈمۈشنى ھەر قايسى ئەمەلدارلارغا سوۋغاقىلىدۇ، بەگلەرنى مېھمان قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئۇنى ھەر يىلى يەركەنگە ئەۋەتىدىغان بولىدۇ. جىن شۇرېن ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى يىللاردا پاسار بەگ تەرجىمانلىق قىلىدۇ. كېيىن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. بىر يىل بولغاندا، ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ قولغا ئېلىنىدۇ. كېيىن گۇناھكار تەرىقىسىدە يەركەنگە ئەۋەتىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە بىللە بولغان جاڭ فامىلىك كىشى يەركەن ساقچى ئىدارىسىغا باشلىق بولىدۇ ۋە پاسار بەگنى ساقچى ئىدارىسىغا بۆلۈم باشلىقى قىلىدۇ. كېيىن ئاستا - ئاستا ۋالىي بولىدۇ.

پاسار بەگكە 1951 - يىلى 3 - 18 - كۈنى ئىشپىيونلۇق جىنايىتى بىلەن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

## نۇربەگ (خودىڭباڭ)

نۇربەگ قاسىم مىرزا ئوغلى (خەنزۇچە ئىسمى خودىڭباڭ) خوتەن ئىلچى يېڭى ئاۋاتتا تەخمىنەن 1890 - يىللاردا تۇغۇلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە يېڭى ئاۋاتتا دىنىي مەكتەپتە، كېيىن قەشقەردە خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن،

خوتەنىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىيسى چىڭ دارىنغا تەرجىمان بولىدۇ. كېيىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ، دۇبەن مەھكىمىسىدە تەرجىمان بولىدۇ. 1933 - يىللاردا شېڭ شىسەينىڭ قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بولغان سۆھبىتىدە تەرجىمان بولىدۇ. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا، نۇربەگ ئۇلۇغچاتقا ھاكىم بولىدۇ. كېيىن ھەيئەت دېگەن نام بىلەن شېڭ شىسەينىڭ دۇبەن مەھكىمىسىدە ئىشلەيدۇ. 1936 - يىلى يەركەنگە ھاكىم بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ئۆلكىگە مۇئاۋىن رەئىس بولغاندا ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ خوجىنىياز ھاجىغا كاتىپ بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن خودىڭباۋمۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. 1944 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ، ئۈرۈمچىدە خەنزۇ قىزلار گىمنازىيىسىگە مۇئەللىم بولىدۇ. 1945- يىلى ئۆلكىلىك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق باشقارمىسىغا مەسئۇل بولىدۇ. 1946 - يىلى 5 - ئايدا خوتەنگە ۋالىي بولىدۇ. 1951- يىلى قان قەرزى بار ئىشپىيون دېيىلىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

(نۇر بەگ توغرىسىدىكى بۇ ماتېرىيال ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرېھىم نۇرنىڭ 1989 - يىلى بەرگەن ماتېرىيالىغا ئاساسەن رەتلەندى.)

## سېيىت ھاجى

سېيىت ھاجى قەشقەر يېڭىسارلىق بولۇپ، 1890 - يىللاردا ئوتتۇرا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. كېيىن ئۇ ئاتا - ئانىسىنى رەنجىتكەنلىكى ئۈچۈن ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، تەخمىنەن 1924 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا چىقىپ ئىشلەمچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن موسكۋا شەرق ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تاشكەنتتىكى شۆبىسى بولغان ئىشچىلار تېز

يېتىشتۈرۈش سىنىپىدە ئوقۇيدۇ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن تاشكەنتتە ساقچى ئىدارىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. 1935 - يىلى 5 - ئايدا 3 - ئىنتېرناتسىئونالنىڭ شىڭ شىسەيگە ياردەمگە ئەۋەتكەن ئەزالىرى تەركىبىدە شىنجاڭغا كېلىپ، شىڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىدا پولكوۋنىك دەرىجىسى بىلەن مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ يىللاردا ئۈرۈمچىدە ئۆيلىنىپ، هازىرقى غالىبىيەت يولى (هازىرقى ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئۇدۇلى) دا ئولتۇرىدۇ. ئۇ يەنە ساقچى گارنىزون قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئىشلەيدۇ ۋە شۇ كۈنلەردە جايلاردا قولغا ئېلىنىشقا هۆكۈم قىلىنغانلار ۋە مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىشلەيدۇ. 1939 - يىل ئاخىرىدا سوۋېت خادىملىرى بىلەن بىرگە سوۋېتكە چىقىپ (چىقىپ كېتىش ۋاقتىدا ئائىلىسىنى سوۋېتكە ئېلىپ كېتىش ۋەدىسى بىلەن ئائىلىسىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىنى ئېلىپ) كېتىپ ئالمۇتادا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئىز- دېرەكسىز يوقايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان چوڭ تازىلاشتا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

## ئابدۇقادىر هاجى

ئابدۇقادىر هاجى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەشقەر قازىرىق كەنتىدىكى هاشىم هاجى ئىسىملىك، ئاۋۋال قەشقەر خانلىق «مەدرىسە» دە، كېيىن بۇخارادا ئوقۇغان موللا ئائىلىسىدە 1900 - يىللار ئەتراپىدا تۇغۇلىدۇ. 1920 - يىللىرى هاشىم هاجى قادىر، زاهىر ئىسىملىك ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ هەجگە بارىدۇ. هەج تاۋابىتىن قايتىشىدا كىچىك ئوغلى زاهىر هاجىنى تۈركىيىدە، چوڭ ئوغلى قادىر هاجىنى موسكۋادا ئوقۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. قادىر هاجى موسكۋا شەرق

ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى جۇمھۇرىيەتلىرىدە ساقچى ئىدارىلىرىدە ئىشلەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ يىللاردا ئۇ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، باي، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كۆپ قېتىم كېلىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن ھەر ساھە مۆتىۋەرلىرى ئۈستىدە ئاخبارات توپلايدۇ. كېيىن ئۇ سوۋېت بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ. زەينەپ ئىسىملىك سوۋېت ئىتتىپاقلىق، تەربىيە كۆرگەن ئۆزبېك ئايالغا ئۆيلىنىدۇ.

1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ياردەمگە ئەۋەتكەن يۈي شيۇسۇڭ (ئەسلي ئىسمى ۋاڭ شۇچىڭ)، مەنسۇر ئەپەندى (ئەسلي ئىسمى مەشۇر، تەخەللۇسى ۋەتەن ئوغلى) قاتارلىق 25 كىشىنىڭ تەركىبىدە شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ساقچى باشلىقى بولىدۇ. ئۇنىڭغا قىرغىزىستان ئەۋەتكەن ساقچى مۇتەخەسسىسى داتقىباي دېگەن قىرغىز، مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولىدۇ.

قادىر ھاجى ساقچى باشلىقى بولغان 1935 - يىلى 7 - ئايدىن 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر ساقچى باشقارمىسى ئىچى، ئاخۇنۇمنىڭ يالىقى، دۆڭباغ، قۇمدەرۋازا، تۆشۈك دەرۋازا، ساقچا قورۇقى، قۇم دەرۋازا ئىچىدىكى گۇڭگاڭ دېگەن تۈرمە قاتارلىق جايلارغا يۈزدىن ئارتۇق ئون مېتىردىن چوڭقۇر ئۆرەك كولىتىدۇ. بۇ يەرگە ئۆزى ئىشلەتكەن ۋە رولى قالمىغان ئاخباراتچىلارنى تۇتۇپ تاشلاپ، ئۈستىگە ھاك تۆكۈپ ئۆلتۈرىدۇ.

ئابدۇقادىر ھاجى خەلقنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن «دولىسىغا ئۇرۇپ، يۈرىكىنى مۇجۇش» سىياسىتىنى قوللىنىدۇ. ئۇ قاماققا ئالغان بىگۇناھ خەلقنىڭ مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ بايلىق توپلايدۇ. لېكىن كۆرۈنۈشتە يۇرتىغا ياخشى ئىش قىلغان بولۇپ، «قارىخان پادىشاھىم» (قاراخانىيلار پادىشاھلىقى

قەبرىستانلىقى) ، «ئوسمان بۇغراخان» قاتارلىق مازارلارنى چۇۋۇپ، مازارلارنىڭ خىشلىرىنى ئېلىپ، بۇلاپ ـ تالىغان پۇللىرىدىن ئاز ـ تولا سەرپ قىلىپ مەكتەپ سالدۇ.

قادىر هاجى، داتقىبايلار ماخوسەن قىسىملىرى تۇيۇقسىز قەشقەر شەھرىگە بېسىپ كىرگەندە ئالمان ـ تالمان قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى قاماقخانىسىدا قامالغان مەمتىلى تەۋپىق قاتارلىق مەھبۇسلار ياتقان كامېرلارغا بېنزىن چېچىپ، ئوت قويۇۋېتىپ، ئاتۇش ئارقىلىق سوۋېتكە چىقىپ كېتىدۇ.

## ھەمزابايوف نۇراجى

ھەمزابايوف نۇراجى ئۆزبېك، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان دۆلەت خەۋپسىزلىك كومىتېتىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئاخباراتچىسى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، 1924 ـ يىللاردا شىنجاڭغا كېلىپ خوتەن، قاغىلىق، يەركەن قاتارلىق جايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن «خەتەرلىك كىشىلەر» نى ئىنقىلاش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. كېيىن قاسىم ئەپەندى (قاسىم قازاق) ، ھاشىم هاجى ۋە ھوشۇر مۇسا قاتارلىقلار بىلەن قۇمۇلدا تۇرىدۇ. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن بىر مەزگىل غايىپ بولىدۇ.

ھەمزابايوف نۇراجى 1934 ـ يىللاردا، قەشقەر ساقچى ئىدارىسىدا ئىش باشقۇرغۇچى، كېيىن بىر مەزگىل ۋەكىل نامىدا ساقچى ئىدارىسىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەپ، 1935 ـ يىلىغىچە سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەنلەر ۋە يەرلىك كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىدۇ. ئابدۇقادىر هاجى قەشقەر ساقچى ئىدارىسىغا باشلىق بولغاندىن كېيىن غايىپ بولىدۇ.

1944 ـ يىلى تاشقورغان تاغلىرىدا پەيدا بولۇپ پارتىزانلارغا مەسئۇل بولىدۇ.

1954 - يىلى 8 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقورغانغا ئەۋەتكەن غولامخان تۆرە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قىسىم بىلەن بىللە يەركەن، قاغىلىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ يۈرىدۇ. 1945 — يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى خادىملىرى بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىدۇ.

## ئوبۇلقاسىم ياقۇپ

ئوبۇلقاسىم ياقۇپ قەشقەر شەھەر بەشئېرىق مەھەللىسىدە 1902 - يىلى تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. 1910 - يىلىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ 1911 - يىلىدىن 1917 - يىلىغىچە قەشقەردە دىنىي مەكتەپ ئوقۇيدۇ. 1918 - يىلىدىن 1923 - يىلىغىچە دادىسىغا ئەگىشىپ، ئىچكىرى ئۆلكە (ئاساسەن لەنجۇ، شىئەن) لەردە ۋە كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قانچە جۇمھۇرىيەتلىرىدە تىجارەت قىلىدۇ. شۇ يىللاردا بىر مەزگىل قازان دارىلفۇنۇنىنىڭ سودا بوغالتىرلىق سىنىپىدا ئوقۇيدۇ. كېيىن 1924 - يىلىدىن 1927 - يىلىغىچە پېتىربۇرگتا بىر ئالىي مەكتەپتە رۇس تىلى، رۇس ئەدەبىياتى ئۆگىنىدۇ. شۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى ئىلغار تەشكىلاتلارغا قاتنىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. كېيىن ئۇ لەنجۇغا بېرىپ، 1928 - ۋە 1929 - يىللىرى ئىككى يىل مەخسۇس خەنزۇتىلى ئۆگىنىدۇ. 1929 - يىلىدىن 1931 - يىلىغىچە قەشقەردىكى چەت ئەل پېرېۋوت ئىدارىسىغا بوغالتىر بولىدۇ. 1934 - يىلى قەشقەردە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندا ئۇنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەپ، قەشقەر ئۇيغۇر سانايىنەپىسە (تىياتىر ئۆمىكى) قۇرۇلۇشىغا كۈچ سەرپ قىلىدۇ، سەھنە ئويۇنلىرىدا باشلامچى بولۇپ يېڭىلىقنى تەرغىب قىلىدۇ.

1935 - يىلىدىن 1936 - يىلىغىچە قەشقەر ۋالىيسى شۈي لەنگە

(جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەزاسى) تەرجىمان بولىدۇ. شۇي لەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخىدىن بەرگەن ئالاھىدە دەرسىنى تەرجىمە قىلىدۇ ۋە ۋالىيىنىڭ شەخسىي كاتىپى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1937 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا مەسئۇل بولىدۇ. كېيىن شىڭ شىسەي ساقچى ئىدارىسى 2 - رازۋېدكا بۆلۈمىگە بۆلۈم باشلىقى بولىدۇ. 1937- يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا باشلىق بولىدۇ. 1939 - يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## نەبىجان

نەبىجان ئۆزبېك، دادىسى تاشكەنتلىك بولۇپ، 1850 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قانداقتۇر سەۋەبلەر بىلەن ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ نارىن شەھىرىگە كېلىپ، شۇ يەردە تىجارەت قىلىۋاتقان ئاتۇش مەشەتلىك مۇھەممەت ئىمىن (ئۇيغۇر، ئۆزبېكىستاندا كۆپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن تىل - ئادەتلىرى ئۆزبېكلەشكەن) دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ. مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئوغلى شاھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئېلىلار بىلەن بىرگە مۇھەممەت ئىمىننىڭ چاررۇسىيە سانائەت كاپىتالىستلىرى بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىدۇ. كېيىن ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدۇ. نەبىجان نارىندا 1910 - يىلى تۇغۇلىدۇ. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى نارىندا، ئوتتۇرا مەكتەپنى موسكۋادا پۈتتۈرىدۇ، كېيىن تاشكەنتتىكى شەرق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1935 - يىلى نارىندىن ئۈچتۇرپانغا كېلىپ، ئۈچتۇرپاندىكى كاتتا باي شاھاجىم (مەرھۇم مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەت ئىمىن - ئىمىنوفنىڭ چوڭ دادىسى) نىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي شاھاجىمنىڭ قىزى خالبۇۋىگە ئۆيلىنىدۇ. 1936 - يىلىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ شىڭ

شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ. 1939- يىلىنىڭ بېشىدا سېيىت هاجى قاتارلىق موسكۋا ئەۋەتكەن كىشىلەر سوۋېتكە قايتقاندىن كېيىن نەبجان قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ. (ئېيتىشلارغا قارىغاندا يەركەن، خوتەن ۋىلايەتلىرىدىمۇ ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكى مەلۇم) 1943 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپى (ئورنى هازىرقى سەنئەت ئىنستىتۇتى) دە ئوقۇيدۇ. 1944- يىلى غۇلجىغا كېتىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ مەزگىلدە 1946 - يىلى غۇلجىدىن گومىنداڭ هۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. 1947 - يىلى بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى هۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتقاندا نەبجان ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق هەدىسى لەتىپە خانىم (ئالدىنقى بەتلەردە توختاپ ئۆتۈلگەن سېيىت هاجىنىڭ ئايالى) ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى ئۈرۈش بولۇپ قىلىش ئېتھمالى بار دەپ غۇلجىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن نەبجان 1950 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە خوتەندە باش ۋالىي، 1953 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئۆلكىلىك تەپتىش باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1955- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ فورۇنزىدا ماگىزىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، 1978 - يىلى ۋاپات بولىدۇ.

## قۇربان نىياز شاھىدى

قۇربان نىياز شاھىدى 1892- يىلى تۇرپاندا دېھقان- سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە تۇرپان ئاستانىدە مولla خەلپەتتە، كېيىن ئاستانىدە ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا قۇربان نىياز، ئەمەت ۋاجىدىنىڭ دادىسى توختى هاجىم بىلەن بولغان تۇغقانچىلىقى ئاساسىدا، توختى

ھاجىمنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان سودىسىغا قاتنىشىپ، جۇچۇەن، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردا سودا قىلىدۇ.

قۇمۇل دېھقانلىرى قوزغىلىڭى باشلىنىپ، تۇرپان، توقسۇن، پىچانلارغا كېڭەيگەندە تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا قوشۇلىدۇ. 1932- يىلى 6 - ئايدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا مەھمۇت مۇھىتى قىسىمىدا 2- تۇەننىڭ باشلىقى بولىدۇ.

1934 - يىلى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى قۇربان سەئىدى، سايىم ئاخۇن، ئابدۇللا ئەپەندى، مۇئاۋىن تۇەنجاڭ ئەمەت مەسۇملار بىلەن بىرلىكتە 1 - قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىپ، 1935 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە 4 - تۇەننىڭ باشلىقى بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ شېڭ شىسەيگە بەرگەن ۋەدىسى بويىچە مەھمۇت مۇھىتىغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر پۇتى ناكا بولىدۇ.

كېيىن قۇربانىنىياز شاھىدى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ، شېڭ شىسەي ساقچى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىغا رەئىس بولىدۇ. 1939 - يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈپ سوۋېتپەرەسلەرنى قولغا ئېلىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا قۇربان نىياز شاھىدى، قۇربان سەئىدى، ئابدۇللا داموللا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە تۇرپان، پىچان، توقسۇندا دېھقانلار توپىلىڭىنى پىلانلىغۇچىلار دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## قۇربان سەئىدى

قۇربان سەئىدى تۇرپان ئاستانىلىق، ئۇ دېھقان - سودىگەر ئائىلىسىدە 1896 - يىلى تۇغۇلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە تۇرپان ئاستانىدە دىنىي مەكتەپ ئوقۇيدۇ. 1914 - يىلى تۇرپان ئاستانىدە تاغىسى مەخسۇت مۇھىتى ئاچقان پەننىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

1925 — يىللاردىن باشلاپ تاغىسى مەخسۇت مۇھىتى قۇرغان «مۇھىتىلار شىركىتى» دە خام ئەشيا سېتىۋالغۇچى ۋە سانائەت ماللىرىنى توپ، پارچە ساتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1931 — يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلاپ، 1932 - يىلى ئىنقىلاب تۇرپان، پىچان، توقسۇنغا كېڭەيگەندە قۇربان سەئىدى تاغىلىرى موسۇلباي، مەخسۇت مۇھىتى، مەھمۇت مۇھىتلارغا قوشۇلۇپ تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى سېپىدە بولىدۇ. 1933 - يىلى 6 - ئايدا تاغىسى مەھمۇت مۇھىتى بىلەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا قوشۇن بىلەن قەشقەرگە بارىدۇ.

1934 — يىلى مەھمۇت مۇھىتى تەرىپىدىن قۇربان نىياز شاھىدى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىلىدۇ، 1935 - يىلى تاشكەنت ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كېلىپ، 6 - دىۋىزىيىدە شتاب باشلىقى بولىدۇ. بۇ مەزگىلدە تاغىسى مەھمۇت مۇھىتىغا قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى 1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن 6 - دىۋىزىيىگە ۋاقىتلىق باشلىق بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىپ مالىيە نازىرى بولىدۇ. 1939 — يىلى شېڭ شىسەي قۇربان سەئىدى، ئابدۇللا داموللا قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۇرپان، پىچان، توقسۇندا دېھقانلار توپىلىڭىنى پىلانلىغان دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## ئابدۇرېھىم ئىمىنوف

ئابدۇرېھىم 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ چاررۇسىيە بىلەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن سودا ئالاقە قىلغان قەشقەرنىڭ كاتتا بايلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىمىن باي (پېتەك) ئائىلىسىدە 1913 - يىلى تۇغۇلىدۇ. ئوقۇش يېشىغا

يەتكەندە، دەسلەپ موللا خەلپەتتە، 1921 ـ يىلدىن باشلاپ ئابدۇرېھىم بايۋەتچە ئاچقان پەننىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ئۆز بايانىغا ئاساسلانغاندا، ئۇ دادىسىغا ئالاقچى بولۇپ، سوۋېت كونسۇلى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىدۇ، ۋە كۆپ قېتىم ئۈلۈغچات، ئوش، ئەنجان، تاشكەنتتىكى سوۋېت خادىملىرىگە ماتېرىيال يەتكۈزىدۇ ۋە ئىنتېرناتسىئونالغا ئەزا بولىدۇ.

1934 ــ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ماجۇڭيىڭ قوشۇنى قەشقەردە چوڭ قىرغىن قىلغاندا، ئابدۇرېھىمنىڭ دادىسى ئىمىن ئاخۇن باي ماجۇڭيىڭ تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلىدۇ. دادىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن ئابدۇرېھىم سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، سوۋېت ئارمىيىسىنى باشلاپ كېلىدۇ. سوۋېت ئارمىيىسى مارالبېشى ئەتراپىدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىدۇ. ئابدۇرېھىم قەشقەر تىنچىغاندىن كېيىن، يەنى 1934 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە رازۋېدچىك ۋە جىنايى جازا بۆلۈمىدە سوراقچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1937 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى 6 ـ دىۋىزىيىنىڭ قالدۇق قىسىملىرى بىلەن ماخوسەن قىسىملىرى بىرلىشىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئاتالمىش سىجاڭ ئابدۇنىياز كامال باشچىلىقىدىكى قوشۇن قەشقەر كونا شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ، قەشقەردە تۇرۇۋاتقان قۇربان نىياز شاھىدى باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت قوشۇنىغا ئوت ئاچىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇرېھىم ئىمىن بۇيرۇق بىلەن ئۈلۈغچاتقا بېرىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئارقىلىق ئوشتا تۇرۇۋاتقان مەۋلانوف پولكىنى قەشقەرگە باشلاپ كېلىدۇ. بۇ قوشۇن ئىسيانچىلارنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ، قەشقەرنى تىنچىتىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئىمىن 1938 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدا خارجى ئىشلار بۆلۈم باشلىقى ۋە قىزىلبويى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، چېگرا

ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. 1940 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، 1942 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ. 1942 - يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەندىن كېيىن، ئابدۇرېھىم ئىمىنى ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىپ، 1945 - يىلى قويۇپ بېرىدۇ. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، قەشقەرگە كېلىپ، بىتىم مەزگىلىدە يەنىلا قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا مەسئۇل بولىدۇ. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قولغا ئېلىنىپ، 1949 — يىلنىڭ باشلىرىدا تۈرمىدىن چىقىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارە باشلىقى، ساقچى قوراللىق ئەترەت باشلىقى، قەشقەر پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، 1956 - يىلدىن 1958 - يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئۇزاق مەزگىل خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىدۇ. 1994 - يىلى ۋاپات بولىدۇ.

## ئابدۇللا تۆەنجاڭ

ئابدۇللا تۆەنجاڭ ئەسلىي كۈچارلىق، ئۇ سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، كۈچاردا دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئابدۇللا داموللا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا قاتناپ سودا قىلىۋاتقان دادىسى (ئىسمى ئۇنتۇلغان) ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئابدۇللانى تاشكەنتتىكە ئېلىپ چىقىپ يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ، ئۇ قوشۇمچە رۇسچە ئۆگىنىدۇ. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلانغان 1931 - يىللىرى كۈچارغا قايتىپ كېلىدۇ. ئابدۇللا داموللام كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن

كىشىلەر «ئابدۇللا ئەپەندىم» دەپ ئاتىشىدۇ. شۇ يىللاردا دادىسىنىڭ سودىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئاز مەزگىل تۇرىدۇ. رۇسچە بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىكى قاچاق ئاق ئورۇسلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى تۇرپان، توقسۇنغا كېڭەيگەندە، ئۇ كۇچارغا قايتىپ كېلىپ، بەزى ئاق ئورۇسلار بىلەن بىللە تۆمۈر ئېلى قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تۆمۈر ئېلى ئۆزىنى سىلىڭ دەپ ئاتاپ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغاندا ئابدۇللا ئەپەندى تۆمۈر ئېلىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى قاتارىدا قەشقەرگە بارىدۇ ۋە ئۇ يەردە تۆمۈر ئېلىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

تۆمۈر ئېلى ئۆلتۈرۈلۈپ، خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتى قىسىملىرى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن تۆمۈر ئېلىنىڭ قىسىملىرى مەھمۇت مۇھىتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن 6 - دىۋىزىيە قىلىپ تەشكىللىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇللا ئەپەندى 1934 - يىلى مەھمۇت مۇھىتى تەرىپىدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىقىرىلىدۇ. ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل باش مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىدا ئىشلەپ، 1936 - يىلى يىل بېشىدا 2 - تۇەنگە تۇەنجاڭ قىلىپ بەلگىلىنىدۇ ۋە ئۆز تۇەنى بىلەن يەركەندە تۇرىدۇ. ئۇ يەركەندىكى ۋاقتىدا مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ سۇيىقەست پىلانلاپ، مەھمۇت مۇھىتىنى ئاغدۇرماق بولىدۇ. بۇنى بىلگەن مەھمۇت مۇھىتى ئابدۇللا تۇەنجاڭنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ. ئابدۇللا تۇەنجاڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ شايكىلىرى بىلەن باندىت ماخوسەندىن پاناھلىق تىلەيدۇ. شېڭ شىسەي ئابدۇللا تۇەنجاڭنى ماخوسەندىن قايتۇرۇپ كېتىپ، تۇەنجاڭ دەرىجىسى بىلەن ئاقسۇ، كۇچاردا تۇرغۇزىدۇ. ئابدۇللا تۇەنجاڭ ئاقسۇدا بولغان مەزگىلدە، ئايپۇۋى ئىسىملىك بىر ئايالغا ئۆيلىنىدۇ.

1936 ــ يىلى قىرغىزىستاندىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىتىگە نارازى بولغان دىندار مەنسۇر (شاھ مەنسۇرمۇ دەپ ئاتىلىدۇ) دېگەن قىرغىز كىشى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قەبىلىسىدىن بولۇپ 150 دەك ئادەم، بىر قانچە ئون تال توققۇز ئاتار مىلتىق بىلەن قاراقول چېگراسىدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ ئۇچتۇرپانغا كېلىدۇ، بۇ يەرنى ئەپسىز بىلىپ ئاقسۇ كونا شەھەرنىڭ بوزدۆڭ تەۋەسىدىكى چوڭ تېرەككە، كېيىن باي ناھىيىسىنىڭ تېرەك دېگەن چارۋىچىلىق رايونىغا، كېيىن ئاقتاش دېگەن يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. 1937 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ تىنچىغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مەنسۇرنى تۇتۇش ئۈچۈن كورولوف دېگەن رۇس باشچىلىقىدا بىر ئىزۋوت قىرغىز ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. شېڭ شىسەي ئابدۇللا تۇەنجاڭ باشچىلىقىدا بىر تۇەن چىقىرىدۇ. بۇ كۈنلەردە ماخوسەننىڭ قاچاق ئەسكەرلىرىدىن خۇيزۇ، ئۇيغۇر بولۇپ بىر لىيەنچە ئەسكەر مەنسۇرغا كېلىپ قوشۇلىدۇ.

ئابدۇللا تۇەنجاڭ مەنسۇرنى تەسلىم بولۇشقا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئابلىز خان قاتارلىق 15 كىشىنى خەلققە ۋەكىل قىلىپ، مەنسۇرنى تەسلىم بولۇشقا نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. مەنسۇر: «ئون كۈندە بېرىپ سۆھبەتلىشىمەن» دەپ خەت يازىدۇ، خەتچى «ئون كۈندە كەلمەيمەن» دەپ يېزىپ قويىدۇ. ئابدۇللا تۇەنجاڭ ئون كۈن بولغاندا، ئابلىزخان، مۇسا خەلپە، ئابدۇكېرىم ئەلەم، زىياۋىدىن شەنجاڭ قاتارلىق 15 ۋەكىلنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا 16 پۇقرانىمۇ ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئارقىدىن مەنسۇرغا ھۇجۇم قىلىدۇ. مەنسۇر 16 يېرىگە ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ. مەنسۇرنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى، ھەتتا كىچىك بالىلارنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ. مەنسۇرنىڭ گۆرىنى ئېچىپ كاللىسىنى كەتمەن بىلەن كېسىپ ئېلىپ، تېنىنى پارچىلاپ تاشلايدۇ. بىر خۇيزۇ لىيەنجاڭنىڭمۇ بېشىنى كېسىپ ئېلىپ، ئىككى

باشنى ئۈچ كۈن باي ناھىيىسىدە سازايى قىلىدۇ. بۇ ئىش ئاقسۇ ۋىلايىتى، بولۇپمۇ باي ناھىيىسى دائىرىسىدە «ئاقتاش ۋەقەسى» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شىلڭ شىسەي ئابدۇللا تۇەنجاڭنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرىدۇ.

## مۇختەر

مۇختەر ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئوغلى. ئۇ 1917 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە بىر مەزگىل دىنىي تەلىم ئالىدۇ. كېيىن مەخسۇس تەربىيىچى قولىدا ئۇيغۇر ۋە رۇس يېزىقلىرىنى ئۆگىنىدۇ. 1935 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوقۇشقا چىقىپ، تاشكەنتتە سىياسىي قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل قەشقەر ساقچى ئىدارىسىدا، 1940- يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىدا پولكوۋنىك دەرىجىلىك خادىم بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1940 - يىلىدىن باشلاپ قولغا ئېلىنغان مەھبۇسلارنى سوراق قىلىش، جازالاش، ھۆكۈم ئېلان قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ. 1944 - يىلى كۈزدە قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ، 1945 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قەشقەر شەھەر نوبېشى ساقچى ئىدارىسىدا ساقچى باشلىقى بولىدۇ. شۇ يىللاردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنىدۇ. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن قەشقەر شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. 1947 - يىلى 7- ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىتىمنى بۇزۇپ، ئۆزى ئۈچۈن خەتەرلىك دەپ قارىغان كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلغان ۋاقىتتا مۇناسىۋەتلىك سوۋېت خادىملىرىنىڭ ياردىمىدە ئاتۇش ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ ئۆتىدۇ. 1948 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۈچ ۋىلايەتكە ئۆتۈپ، مىللىي ئارمىيىدە پودپولكوۋنىك

دەرىجىلىك ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1950 - يىلىدىن 1954-يىلىغىچە قەشقەردىكى 13 - دىۋىزىيەدە سەنوجاڭ بولىدۇ. 1954-يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە دېھقانچىلىق نازارىتىدە باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1945 - يىلى 6 - ئايدا قەشقەر شەھەر گۇڭگاڭدىكى تۈرمىدە ياتقان 280 دىن ئارتۇق سىياسىي مەھبۇسنى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ دەرھال دادىسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئارقىلىق سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇللىرىدىن بولغان باتىروفقا مەلۇم قىلىپ، سوۋېت كونسۇلىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن مەزكۇر ئادەملەرنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى توسۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ چوڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

مۇختەر 1959 - يىلى 7 - ئايدا قەشقەردە كېسەل بولۇپ ساقىيالماي ئۆلىدۇ.

## موللا باقى بوتى ھاجىيوف

موللا باقى بوتى ھاجىيوف 1897 - يىلى ئاتۇش قايراقتا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. 1920 - يىللارغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولىدۇ ۋە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇش بىلەن بىرگە ئائىلىنىڭ دېھقانچىلىقىغا قارىشىدۇ. 1920 - يىلى دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن توي قىلىپ مۇستەقىل تىرىكچىلىك قىلىدۇ. 1921 - يىلىدىن 1930 - يىللارغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ تىجارەت ۋە ئاتا كەسپى موزدۇزلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تاشكەنتتىكى چەت ئەل مۇھاجىرلار كومىتېتى قارىمىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا قاتنىشىدۇ. شۇ مەزگىلدە بىر تەرەپتىن تىجارەت قىلىپ، بىر تەرەپتىن ساگو ئىنستىتۇتىدا ئىشتىن سىرت ئوقۇيدۇ. 1930 - يىلىنىڭ ئاخىرى قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر شەھىرىدە دۇكان ئاچىدۇ. 1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى قوزغالغاندا

ئەسكەر بولىدۇ. 1934 — يىلى قەشقەر ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا خىزمەتكە كىرىدۇ. شۇ مەزگىلدە دوغىبەك كۆلبېشى ۋە قوناق بازىرىدىكى مەدرىسەلەرنى يېڭى مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىشكە قاتنىشىدۇ. 1936 - 1937 - يىللىرى قەشقەر ساقچى ئىدارىسىدا بۆلۈم باشلىقى، 1937 - يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە مەكىت ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئىدارە باشلىقى بولىدۇ. 1939 - يىلى شېڭ شىسەي هۆكۈمىتى ئۇنى مەكىتتىن قولغا ئېلىپ قەشقەرگە قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، تاشقورغانغا پالىنىدۇ. 1940 - يىلى يەنە قولغا ئېلىنىدۇ. 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرى تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىدۇ. 1947 - يىلى قەشقەر ساقچى ئىدارىسىغا ئىدارە باشلىقى بولىدۇ. 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ ئەلغار كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلغاندا ئاتۇش ئارقىلىق بىر بۆلۈم كىشىلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىدۇ. 1955 - يىلى تاشكەنتتە ۋاپات بولىدۇ.

## ئۆمەر داموللا

ئۆمەر داموللا 1896 - يىلى قەشقەر ئوپالدا دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئىپتىدائىي دىنىي بىلىمنى قەشقەر ۋە ئوپالدا ئالىدۇ. 1913 - يىلى دادىسىغا قېيىداپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ ئۆتۈپ، بۇخارادىكى دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئون يىل ئوقۇيدۇ. شۇ جەرياندا 1919 - يىلى تاشكەنتتە تەسىس قىلىنغان چەت ئەل مۇهاجىرلار كومىتېتى قارمىقىدىكى ئۇيغۇرلا رئىتتىپاقىغاقاتنىشىدۇ ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ. كۆپ قېتىم قەشقەر شەھىرى ۋە ئوپال يېزىلىرىغا يوشۇرۇن كېلىپ مەخپىي خىزمەت ئىشلەيدۇ.

1931 - يىلى قۇمۇلدا دېهقانلار ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە 1933 - يىلى يۇرتىنىڭ ئامانلىقىنى

ساقلاش ئۈچۈن 300 دەك كىشىنى قوراللاندۇرىدۇ. ئۇ ئوپالدىكى دىنىي مەكتەپلەردە تۇنجى بولۇپ پەننىي بىلىملەرنى قوشۇپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويىدۇ. كېيىن يەرلىك تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا مەخسۇس پەننىي مەكتەپ سېلىش، كۆلۈپ سېلىشقا ئوخشاش ئىشلارنى ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا مەكتەپ مۇدىرى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باش يېتەكچىسى بولىدۇ. 1937 - يىلىنىڭ ئالدى - ئاخىرىدا گۇما ناھىيىسىگە ھاكىم بولىدۇ. بۇ جەرياندا گۇما ناھىيىسىنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۆچ چىقىرىدۇ. كېيىن شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ.

1944 - يىلى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە باش قازى، كېيىن ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە ئۆلكىلىك ساقچى نازارىتىدە سىياسىي باشقارما باشلىقى بولىدۇ. بۇ يىللاردا ئۇ مەخپىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرىدۇ. 1947 - يىلى 7- ئايدا قەشقەرگە ۋالىي بولىدۇ. ئازادلىق ھارپىسىدا ۋالىيلىقتىن قېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى بولىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆلكە ئازاد بولىدۇ ۋە ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچىدە قولغا ئېلىنىپ بىر قانچە ئاي تۈرمىدە تۇرغاندىن كېيىن، كېسەل سەۋەبى بىلەن كېپىللىككە قويۇپ بېرىلىدۇ. ئىگىسىز - ھىمايىسىز قېلىپ، دەسلەپ ياڭخاڭ مەسچىتتە، كېيىن نەنمېن مەسچىت (ھازىرقى «خانتەڭرى جامەسى») دە يېتىپ، جامائەتنىڭ ياردىمى بىلەن جان بېقىپ، 56 يېشىدا قازا قىلىدۇ.

## گېنېرال لېيتنانت جاۋ جيەنفېڭ

گېنېرال لېيتنانت جاۋ جيەنفېڭ 1898 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 24 - يىلى) خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇچاۋ ناھىيىسىدە تۇغۇلىدۇ.

كېيىن دادىسى بىلەن خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇلەن ناھىيىسىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. جاۋ جيەنفېڭ مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە يېزىلىق مەكتەپتە، 12 يېشىدىن باشلاپ خۇلەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە، كېيىن خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. 1918 - يىلى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك ئوفىتسېرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، 1920 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خېيلۇڭجياڭ 1 - بىرلەشمە بىرگادا قوغداش ئەترىتىنىڭ لېيتېنانت دەرىجىلىك پەيجاڭى بولىدۇ. شۇ يىلى لىيەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاتلىق قىسىم زاپاس ئەسكەرلەر يىڭىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. 1921 - يىلى قىشتا جاۋ جيەنفېڭ شىنياڭدىكى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنى، 1922 - يىلى شەرقىي شىمالدىكى بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئوفىتسېرلار مەكتىپى ئاتلىق قىسىمىغا ئەۋەتىلىدۇ. 1923 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ خاربىن دۇڭشىڭ تۆمۈر يول ئاسراش ھەربىي باش شتابىدا كاپىتان دەرىجىلىك سەنمو ۋە يېڭى ئەسكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي پىيادىلەر زاپاس تۇەنىگە مايور دەرىجىلىك مۇئاۋىن تۇەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلىدۇ. كېيىن خېيلۇڭجياڭ ئاتلىق قىسىم 38 - تۇەنىگە مايور دەرىجىلىك مۇئاۋىن تۇەنجاڭ بولىدۇ. 1927 - يىلى خېيلۇڭجياڭ يۈەنخې بازىرىنى ساقلاش ئەترىتىنىڭ سەنمولىقىغا تەيىنلىنىدۇ. كېيىن مۇدەنجاڭ پىيادىلەر زاپاس تۇەنى 2 - يىڭىنىڭ باشلىقى، 1928 - يىلى خاربىن مانجۇرىيە ئالدىنقى سەپ پىيادىلەر 1 - بىرىگادا قوغداش ئەترىتىدە پودپولكوۋنىك دەرىجىلىك لىيەنجاڭ بولىدۇ. «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدە جاۋجيەنفېڭ مانجۇرىيە تۆمۈر يول ئاسراش ئارمىيىسى قارىمىقىدىكى سۇبىڭنىڭ دۆلەت قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىدە بولىدۇ. 1931 - يىلى جاۋ جيەنفېڭ سۇبىڭنىڭ ئاتلىق قىسىمىدا پولكوۋنىك دەرىجىلىك ئەترەت باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇ

چىچىخاردىن مانجۇرىيەگىچە بولغان تۆمۈر يولنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

1932 - يىلى 8 - ئايدا سۇبىڭنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ، 12 - ئايدا مانجۇرىيەدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە رايونىغا چېكىنىدۇ. 1933 - يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، شەرقىي شىمالدىن روسىيەگە چېكىنگەن شەرقىي شىمال پىدائىيلار ئارمىيىسىنى شىنجاڭغا چىقىرىشنى بېكىتىدۇ. شەرقىي شىمالدىن روسىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا چېكىنگەن 40 مىڭدىن ئارتۇق قوشۇننىڭ بىر قىسمى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈندىكى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىش» گە قاتنىشىدۇ. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن جاۋ جيەنفېڭنى شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە ئىدارىسى مەمۇرىي باشقارمىسىنىڭ گېنېرال دەرىجىلىك مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ. 1935 - يىلى جاۋ جيەنفېڭ شىنجاڭ ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە تەلىم - تەربىيە باشلىقى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1936 — يىلى گېنېرال لېيتېنانت بولۇپ ئۆستۈرۈلىدۇ. 1937 - يىلى ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسىدا باشقارما باشلىقى بولىدۇ. شۇ يىلى 11 - ئايدا تارباغاتاي مەمۇرىي مەھكىمە ۋالىيسى، قوشۇمچە گارنىزون قوماندانى، چېگرا قوغداش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 1942 - يىلى 4 - ئايدا شېڭ شىسەينىڭ تېلېگراممىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، «12 - ئاپرېل» نى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. شۇ كۈنلەردە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭغا رەئىس بولغاندا، يەنى 1944 - يىلى 10 - ئايدا قويۇپ بېرىلىدۇ. ۋۇجۇڭشىن جاۋ جيەنفېڭنى ئۆلكىلىك تەشۋىقات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. 1946 - يىلى 7 - ئايدا جاڭ جىجۇڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. جاۋ جيەنفېڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ

ھەيئىتى، قوشۇمچە ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارما باشلىقى بولىدۇ. 1946 - يىلى 11 - ئايدا نەنجىڭدا گومىنداڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندا جاۋجىيەنفېڭ شىنجاڭ ۋەكىلى بولۇپ قۇرۇلتايغا قاتنىشىدۇ. قۇرۇلتاي ئاياغلاشقاندىن كېيىن جاۋ جيەنفېڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئىجتىمائىي ئىشلار باشقارما باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، گېنېرال لېيتنانت دەرىجىسىدە يۇقىرى دەرىجىلىك سەنمو بولىدۇ. 1949 - يىلى بۇرھان شەھىدى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولغاندا جاۋ جيەنفېڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1949 - يىلى 8 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بۇرھان شەھىدى ۋە تاۋسىيۇغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن جاۋ جيەنفېڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولىدۇ.

## ئابدۇراخمان ئەپەندى

ئابدۇراخمان ئەپەندى (تولۇق ئىسمى ئابدۇراخمان مۇھەممەت رەھىمى) 1880 - يىللار ئەتراپىدا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭ بويى تۇماقچى مەھەللىسىدە تۇغۇلىدۇ. سەككىز ئايلىق ۋاقتىدىلا ئانىسى ئەزىزخان ئۇنى ئاتۇشقا ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ ئاتۇش سۇنتاغدا دىنىي مەكتەپتە 12 ياشقىچە، كېيىن ئىككى يىل قارىيلىقتا ئوقۇيدۇ. شۇ كۈنلەردە قەشقەردە تۇرغۇچى شېرىپبەگ دېگەن تاغىسى تەرىپىدىن قەشقەرگە ئېلىپ كېتىلىپ، قەشقەردە خەنزۇ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدۇ. بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىغا بەگ بولىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئائىلە ماجىراسى بىلەن تاغىسى شېرىپبەگ ئۇنى قاتتىق ئۇرىدۇ ۋە ئۇ ئاتۇشقا قايتىپ كېتىدۇ. كېيىن ئاتۇشتىكى ئانىسى رەھىم چوڭنىڭ ئاكىسى موللانىياز

ھاجىم ئۇنى قاراقولغا (ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىقكۆل ۋىلايىتى) گە يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئۇ داۋالىنىپ سالامەتلىكى بىر ئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن 1919 - يىلى تاشكەنتتىكى ئىشچىلار تېز يېتىشتۈرۈش مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. كېيىن تاشكەنتتىكى چەت ئەل مۇھاجىرلار كومىتېتى قارمىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولىدۇ. 1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلىنىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭەيگەندە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ئابدۇراخمان ئەپەندىنى يۇنۇس بەگ (يۇۋىنلىن) بىلەن بىللە قەشقەرگە بېرىپ قەشقەر ۋالىيسى ماشاۋۇ (مادوتەي) نى ئۆرۈشىز قورال تاپشۇرۇشقا ماقۇل كەلتۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ. بۇ كىشى مادوتەينىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ ۋە ئاتۇشلۇق رىشتەم مادوتەينىڭ قول ئاستىدىكى قىرغىز ئوسمان ئەلىنى ھەربىكەتلەندۈرۈپ ئۈچ تۈەن ئەسكەر تەشكىل قىلىپ، ئوسمان ئەلىنىڭ قولى بىلەن ماشاۋۇنى تەسلىم قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇراخمان ئەپەندى كەلگەن يېرىدىن خوجىنىياز ھاجىغا مەسلىھەتچى بولۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۋالىدۇ ۋە ئۈچتۇرپاندىكى نۇرھاجىم، مىرزىجان ئاقساقاللارنىڭ باشچىلىقىدا ئىككى تۈەن ئەسكەر تەشكىل قىلىپ، خوجىنىياز ھاجىمغا قوشۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ.

1934 - يىلى قەشقەرگە بېرىپ بىر مەزگىل مامۇت مۇھىتىنىڭ يېنىدا ئىشلەپ، قەشقەردە ئۇيغۇر ئۇيۇشما قۇرۇش ئىشىنى باشقۇرىدۇ. كېيىن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلىدۇ ۋە قەشقەردىن بىللە كەلگەن كېرەمخان ئەيسازادە ۋە لۈكچۈنلۈك تاھىر بەگ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۈرۈمچىدە مەركىزىي مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرىدۇ. ئابدۇراخمان ئەپەندى شۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئىشىنى ئىشلەيدۇ. مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تەشكىللەشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. كېيىن ئابدۇراخمان

ئەپەندى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇراخمان ئەپەندى ئۆرۈمچىدە ئابدۇراخمان تىڭجاڭ دەپ ئاتىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش خىزمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم مۇئاۋىن رەئىس بولغاندىن كېيىن خوجىنىياز ھاجىمغا مەسلىھەتچى بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجىم قولغا ئېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئادەممۇ غايىب بولىدۇ.

## شى يەنفۇ

شى يەنفۇ (شىبە) 1937 - يىلى 7 - ئايدا، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان بولۇپ، «ئىشچى مەھبۇس» دېيىلىپ، 1937 - يىلى كۈزدە قۇرۇلغان مەخپىي سوت ھەيئىتى قارىمىقىدا، مەزكۇر ھەيئەتنىڭ تەرجىمانى ۋە خاتىرە يازغۇچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1938 - يىلى 12 - ئايدا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ساقچى باشقارمىسىنىڭ 6 - بۆلۈمىدە پۈتۈكچى بولىدۇ. 1940 - يىلى 10 - ئايدىن 1944 - يىلى 11- ئايغىچە سوت قىلىش، خاتىرە يېزىش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. شۇ يىللاردا ئۇ يەنە مەخپىي سوت ھەيئىتى 6 - بۆلۈم (مەخپىي ئىشلار بۆلۈم) نىڭ ۋە قورچاق ساقچى باشقارمىسىنىڭ مەخپىي ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ. 1950 — يىلى ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. تۈرمىدە بولغان مەزگىلدە، شېڭ شىسەينىڭ «مەخپىي سوت ھەيئىتى» ۋە ساقچى باشقارمىسىدا كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە قىلغان ئىشلىرىنىڭ شاھىدى بولۇپ ماتېرىيال يېزىپ تاپشۇرىدۇ. شى يەنفۇ 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى تۈرمىدىن چىقىپ، 1962 - يىلى ئۆلىدۇ.

(شى يەنفۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ماتېرىيالى «شىنجاڭ مەخپىي سوت ھەيئىتى توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ماقالە قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق

سىياسىي كېڭەش «تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 1980 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ سانىغا بېسىلدى. بۇ تەرجىمىھال شۇ كىتابچىنىڭ 111 ـ، 112ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى.)

## قۇربان قوداي

قۇربان كېرىيە ناھىيە موغاللا مەھەللىسىدىكى قوداي جەمەتىدىن بولغان داڭدار يېپەك، قاشتېشى سودىگىرى شېرىپ ھاجىم قوداينىڭ ئوغلى، ئۇ 1920 ـ يىلى كېرىيە ناھىيىسىدە تۇغۇلدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە كېرىيىدىكى بىر دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1932 ـ يىلى شېرىپ ھاجى ئوغلى قۇرباننى ئېلىپ ھازىرقى پاكىستاننىڭ راۋالپىندى شەھىرىگە بارىدۇ. كېيىن ئوغلىنى تۈركىيىدىكى بىر مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىدۇ. ياش قۇربان تۈركىيىدە ئوقۇش مەزگىلىدە، تۈركچىلىك پاتقىقىغا پاتىدۇ ۋە قوداي جەمەتىدىكىلەر قوللىنىپ كېلىۋاتقان جەمەت نامى «قوداي» نى ئىسمى ئاخىرىغا قوشۇپ ئۆزىنى قۇربان قوداي دەپ ئاتايدۇ.

1944 ـ يىلى شىنجاڭغا گومىنداڭ بايرىقى ئېسىلغاندىن كېيىن شېڭ شىسەي زۇلمىدىن قېچىپ چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان خېلى كۆپ ئۇيغۇرلار ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. قۇربان قودايمۇ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە گومىنداڭ پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ، داڭبۇدا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. كېيىن «ئالتاي گېزىتى» ۋە ژۇرنىلىدا ئىشلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ماقالىلار ئېلان قىلىپ پانتۈركىزم ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلىدۇ شۇ يىللاردا «ئۇلۇسىمىز (مىللىتىمىز) نىڭ ئانا خەتلىرى» دېگەن بۆلگۈنچىلىك خاراكتېرىدىكى كىتاب (براشۇرا) ئېلان قىلىدۇ. كېيىن بىر گېزىت چىقىرىپ، تېخىمۇ ئەدەپ سوۋېت ئىتتىپاقى «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلغان تارىخشۇناسلار بىلەن ئېلىشىپ، ئاخىر «پانتۈركىزمنىڭ

ياقلىغۇچىسى» دېگەن نام بىلەن سىبىق نامى پۇر كېتىدۇ. 1949 – يىلى مەسلەكداشلىرى بىلەن چەت ئەلگە قاچماقچى بولغاندا چېگرادىن ئۆتەلمەي قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. 1952 - يىلى 32 يېشىدا ئۇرۇمچىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## قالىبەگ

قالىبەگ رايىمبەگ ئوغلى قازاقلارنىڭ ئورتا يۈزكېرەي قەبىلىسىنىڭ جەنتىكەي بارقى قەبىلىسىدىن. ئۇ 1908 - يىلى چۆچەكتىكى بارلىق تېغىدا تۇغۇلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە ساۋەن ناھىيىسىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ساۋەندە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ.

1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىدۇ ۋە ساۋەنگە ھاكىم بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ بىلەن 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز قەبىلىسىنى يېتەكلەپ باشباشتاق ھەرىكەت قىلىدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ، 1951- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن چەت ئەلگە قېچىپ كېتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزىدۇ. 1985 - يىلى 77 يېشىدا تۈركىيىدە ۋاپات بولىدۇ.

## زەمىر تۇەنجاڭ

زەمىر (تاجىك) 1898 - يىلى 1 - ئايدا ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ (ئەينى ۋاقىتىدىكى زەيباك ئەمىرلىكىنىڭ) نىستىم دېگەن يېرىدە قازى ھېكىم ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قازى ھېكىمنىڭ دادىسى ئامىر بەگ ئەينى يىللاردا زەيباكنىڭ ئەمىرى ئىكەن. ئۇنىڭ ئەمىرلىكى شۇ زاماندا يەرلىك پادىشاھ ـ كىنەز دەرىجىسىدە ئىكەن.

ئەسلىدە زەيباك ئەمىرلىكى بىلەن ۋاخان ئەمىرلىكى قوشنا بولۇپ، بۇ ئىككى ئەمىرلىكنىڭ پاسىلى بىرلا دەريا ئىكەن. كېيىنكى ۋاقىتتا چارروسىيە بىلەن بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى پامىر رايونىدا تەسىر دائىرىسىنى ئايرىغاندا، دەريانىڭ ۋاخان تەرىپى ئافغانىستانغا، دەريانىڭ زەيباك تەرىپى چارروسىيىگە تەۋە قىلىنىدۇ. زەيباك بىلەن ۋاخانلىقلارنىڭ تىلى ئىدان تىل سىستېمىسىدا بولسىمۇ، ۋاخانلار ئۆز تىلىدا، زەيباكلىقلار پارس تىلىدا سۆزلىشىدىكەن، ئەمما ئۇلار قويۇق مۇناسىۋەت قىلىدىكەن. قىز ئېلىپ قىز بېرىشىدىكەن. مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن زەيباك ئەمىرى ئامىر بەگ ئوغلى قازى ھېكىمگە ۋاخان ئەمىرىنىڭ ھاياتبېگىم ئىسىملىك قىزىنى ئېلىپ بېرىپ قۇدىلىشىدۇ. بۇنىڭدىن زەمىر تۇغۇلىدۇ. زەمىر ئون ياشقا كىرگەن چاغدا، ئافغانىستان ئەنگلىيىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن زەيباكقا بېسىپ كىرىپ تالان ـ تاراج قىلىدۇ. چارروسىيە دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇپ، زەيباكنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەمما جەڭگى ـ جېدەل بېسىقمايدۇ. بۇ چاغدا زەمىرنىڭ دادىسى قازى ھېكىم دادىسى ئامىر بەگنىڭ توسۇشىغا قارىماي ئىنىسى فەرمانبەگنى ئېلىپ، جوڭگو چېگراسىدىكى سەرىكۆل (سىرىققۇلغا) كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ.

زەمىر شۇنىڭدىن كېيىن (1908 ـ يىلدىن باشلاپ) ئاچىسى (بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئايالى) گۈلىزىبانىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئوقۇيدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن زەمىر بىر قانچە رەت ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدۇ. كېيىن ھەربىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن تاجىكىستاندا ھەربىي خىزمەت

ئىشلەيدۇ. شۇ چاغدا زەمىر بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ.

شىڭ شىسەي 1933 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يار - يۆلىكى بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ سوۋېتكە يۆلەنگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىستىتىپاقى شىڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە شىنجاڭدا ئىشلەشكە ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملارنى ئەۋەتىدۇ. زەمىرمۇ شۇ چاغدا دادىسى قازى ھېكىم سەركۆلدە بولغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ئىستىتىپاقى ئەۋەتكەن خادىملار تەركىبىدە تاشقورغانغا كېلىپ، تاشقۇرغاندا چېگرا قوغداش خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. 1938- يىلى جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى خوجيەن تاشقورغانغا چېگرا مۇداپىئە ئەترەت باشلىقى بولۇپ چىققاندا، زەمىر مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولىدۇ. شۇ كۈنلەردە زەمىر ئەسلىي يۇرتى تاجىكىستاندىكى زەيباكقا بېرىپ، ئايالى بىلەن تاجىكىستاندا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان ئوغلى شېرىنبەگ ۋە مادايوفلارنى تاشقورغانغا ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار تاشقورغانغا كەلگەندىن كېيىن زەمىر ئوغۇللىرىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ تەربىيىلەيدۇ.

زەمىر 1939 - يىلى 9 - ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەردىكى 31- تۇەنگە تۇەنجاڭ بولغاندىن كېيىن، ئوغلى مادايوف، شىرىنبەگ ۋە ئايالىنى تاجىكىستانغا ئەۋەتىۋېتىدۇ. 1942 - يىلى چىرىيە ناھىيىسىگە باش ھاكىم بولىدۇ. كېيىن ئايالىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قايتا ئۆيلىنىدۇ. 43 - يىلى قىزى ئاتىكەم زەمىرە تۇغۇلىدۇ. شۇ يىلى زەمىر قەشقەرگە چاقىرتىلىپ، ئۇرۇمچىگە يىغىنغا بېرىش ئۇقتۇرۇلىدۇ. بۇ چاغدا زەمىر قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلىدىن سوۋېتكە قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كونسۇلنىڭ ياردىمىدە ماشىنا بىلەن تورغاتقا بارغاندا، زەمىر قولغا ئېلىنىپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ ۋە تۈرمىدە كۆيدۈرگە كېسىلى بىلەن ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى

شىرىنبەگ، مادايوفلار 1945 - يىلى تاشقورغانغا كېلىپ خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىدۇ.

## سوفىبەگ ھاجى

1924 — يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەرگە ئېگىز بويلۇق، تومبال، گەۋدىلىك، سېمىز، يوغان قورساق، سېرىق ساقال، چېقىر كۆز بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئادەم جامائەت ئوتتۇرىسىدا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ «مەن ئۆزبېك، يۇرتۇم ئەنجان مەن بۇ يەرگە سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ زۇلمىغا چىدىماي قېچىپ كەلدىم» دەپ يۈرىدۇ. بۇ ئادەم تولىمۇ سۆزمەن، قىلغان سۆزلىرى كىشىنى جەلپ قىلارلىق بولۇپ، بۇ كىشى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلار ئۇنىڭغا بېرىلىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قاتتىق ئىشەنچ باغلايدۇ.

سوفىبەگ ھاجىغا شىرەم تۇغقان بولىدىغان زەينابىدىن خوجانىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا كولخوزلاشتۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغاندا بىر بۆلۈم ئۇششاق تىجارەتچىلەر كونا مال يىغىۋېلىش كوپېراتسىيىسى قۇرىدۇ. سوفىبەگ ھاجى شۇنداق كوپېراتسىيىلەردىن بىرىگە كىرىپ مال سېتىۋالغۇچى بولىدۇ. 1924 - يىلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا ئۇ كوپېراتسىيەنىڭ يېڭىدىن پاختا زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىغان پۇللىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قېچىپ كېلىدۇ. ئۇ قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قەشقەر مەمۇرلىرىدىن روسىيەدىن شىنجاڭغا، جۈملىدىن قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن ئادەملەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان سوفىبەگ ھاجى خوتەنگە

قېچىپ بېرىۋالىدۇ. 1931- يىلغىچە ئۇ خوتەن ئەتراپىدا ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چارروسىيە دەۋرىدە ئۆزبېكىستاندىن كېلىپ خوتەندە توختاپ قالغان ئۆزبېكلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدۇ. قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىي قوزغىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي خوتەندىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ چاغدا سوفىبەگ ھاجى تاشكەنتلىك ئەسقەرجان دېگەن كىشى بىلەن بىللە بىر لىيەن ئەسكەر تەييارلاپ، خوتەن قوزغىلىڭىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا قوزغىلاڭ قوماندانى مەمتىمىن بۇغرا بۇ كىشىنى «سىز چەت ئەللىك، بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشماڭ، ئەگەر سىز ئارىلاشسىڭىز، بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز چەت ئەلنىڭ قول بار دېيىلىپ زىيانغا ئۇچرايدۇ» دەپ يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. لېكىن، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى خوتەن، قارىقاش، گۇما قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ قەشقەرگە قاراپ ماڭغاندا سوفىبەگ ھاجى قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان ئاتالمىش قوماندان شاماڭسۇر (ئابدۇللابەگ) نىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سودا مالىيە مەسلىھەتچىسى بولىۋالىدۇ. شۇ كۈنلەردە خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئىقتىسادتىن قىسىلغاندا خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن نەچچە ئون مىڭ تاي يۇڭ، يىپەك، جەينىماز، گىلەم، كىگىز، تاغار، خورجۇن، ماتا قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ قەشقەرگە ئەكىلىپ ساتماق بولىدۇ. سوفىبەگە ھاجى مالنى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىپ بولغۇچە شاماڭسۇر يېڭىسار ئۇرۇشىدا ۋاپات بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سوفىبەگ ھاجى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى ئۆزى ئىگىلىۋالىدۇ. «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ ساقچى ئىدارىسى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن كىشىلەر ئۈستىدە ماتېرىيال توپلاپ بېرىش ئارقىلىق شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ

ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ قەشقەردە بولغان مەزگىلدە پەرغانىدىن قېچىپ كەلگەن بىر بۆلۈم ئەكسىيەتچى كۆچلەر بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەردە ئەكسىيەتچىل «ئىستىقلال جەمئىيىتى» نى قۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە پەرغانىلىق قاچاقلارنىڭ قەشقەردىكى ئاساسى تۈۋرۈكى بولۇۋېلىپ، ئەكسىيەتچىل «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نىڭ پەرغانىلىق غوللۇق كىشىلىرىنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشىگە ياردەم بېرىدۇ. شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى مۇقىملاشقاندىن كېيىن سوفىبەگ شېڭ شىسەينىڭ قەشقەردىكى ئۆزى ئۇچۇن خەتەرلىك دەپ قارىغان كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىشىدا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

1936 — يىللاردا ئۇ قەشقەردە توققۇز ئۆزبېك (بۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ كەلگەن پۇلدار كىشىلەر) بىر ئۇيغۇر، جەمئىي ئون كىشى بىلەن بىرلىكتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مەخسۇس پاختا سودىسى قىلىدىغان شىركەت قۇرىدۇ. 1938- يىلى شىركەت ئەزالىرى بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىنىپ، يالغۇز سوفىبەگ ھاجى قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شىركەت ۋەيران بولىدۇ.

شىنجاڭ تارىخىدا 1940 - يىللاردا تۇنجى ئاشلىق نورمىسى بېكىتىلىدۇ. سوفىبەگ ھاجى قەشقەردىكى ئاشلىق نورما ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. شۇ كۈنلەردە قەشقەر شەھىرىدە تۆت ناۋايخانا بولۇپ، ھەر كۈنى نان ئالغۇچىلار ئەتىگەن سائەت تۆتتە تۇرۇپ 200— 300 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆچىرەتتە تۇرۇپ نان ئالاتتى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن سوفىبەگ ھاجى قەشقەردە مال باھاسى (تەكسە) ئىدارىسى قۇرۇپ، مۇقىم باھالىق مال دېگەن نامدا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى نورمىلاشتۇرىدۇ. دېمەك، بىر ئادەم بىر نان ئالغاندەك، بىر ئادەممۇ مىلىچ مال دۇكىنىغا كەلسە ئۆچىرەتتە تۇرۇپ بىر سوپون ياكى بىر كىلو شىكەر دېگەنگە

ئوخشاش نەرسىلەرنى ئالدۇ.

شۇ يىللاردا قەشقەر سودىگەرلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىقتىسادى سوفىبەگ ھاجىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدۇ. (سودىگەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇنى سۈرۈشتۈرگىلى ئادەم چىقمايدۇ.) 1944 — يىلى شىڭ شىسەينىڭ ئورنىغا ۋۇجۇڭشىن ئولتۇرۇپ ئۆلكىگە رەئىس بولغاندا سوفىبەگ ھاجى گومىنداڭ پارتىيىسىگە كىردۇ ۋە گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ. 1946- يىلى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاش ئالدىدا سوفىبەگ ھاجى قەشقەردە بىر بۆلۈم ئەكسىيەتچىلەرنى تەشكىللەپ، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى نامايىش ئۇيۇشتۇردۇ. بىتىم تۈزۈلگەندە سوفىبەگ ھاجى قەشقەردە تۇرالماي يەركەنگە كېتىپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ھىمايىسىدە بولدۇ. 1948 - يىلى گومىنداڭنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل بولۇپ نەنجىڭگە باردۇ ۋە شۇ قۇرۇلتايدا «شىنجاڭنى ئۈچ ئۆلكە، يەنى شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ» قىلىپ ئىدارە قىلىش تەكلىپىنى قويدۇ. بۇ تەكلىپ قارشىلىققا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پولكوۋنىك دەرىجىسى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەمىنلىنىدۇ ۋە بىر پەي ئەسكەر بىلەن قوغدىلىدۇ. 1949 - يىلى ئۆلكە ئازاد بولۇش ئالدىدا چېگراغىچە كىچىك ماشىنا بىلەن بېرىپ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەمنىڭ ئىز - دېرىكى بولمايدۇ.

(سوفىبەگ ھاجىنىڭ تۇغۇلغان، ئۆلگەن ۋاقتى بىزگە نامەلۇم، شۇنداقلا بۇ كىشىنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكىنىمۇ ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.)

# مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم

مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم ئاتۇش مەشەتلىك تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن ھاجىمنىڭ نەۋرىسى. ئۇ 1907 - يىلى تۇغۇلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە قىرغىزىستاندىكى قارا قولغا بېرىپ، پەننىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم 1959 - يىلى ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان تەرجىمىھالىدا ئۆزى توغرۇلۇق مۇنداق يازىدۇ.

ئۇ 1923 — يىلى قاراقول شەھەرلىك كومسومول كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى مەدەنىيەتنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن «لېنىنچىل» كوممۇنىستىك ياشلار سايوزىغا قاتنىشىپ، باسمىچىلارغا قارشى كومسومول پولكى شتابىدا، شۇنىڭدىن كېيىن پرىژىۋالسكى ئوبلاستلىق پارتكومدا ئىشچىلار خىزمىتى، كېيىن تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. پرژ ۋالسكى (قاراقول) ئوبلاستى ئوتتۇرا ئاسىيا (ئۇ چاغدا تۈركىستان دېيىلەيتتى) بويىچە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ھېسابلىناتتى. مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم دەل شۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرىدۇ. 1927 - يىلى ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ ئېتىبار بېرىشى بىلەن تۈركىستاننىڭ مەمۇرى مەركىزى تاشكەنتتىكى پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى يولغا قويغاندا، مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلار قاتارىدا سەمەر قەنتتىكى كوپېراتسىيە مەكتىپىگە ئەۋەتىلىدۇ. مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئەنجان ئوبلاستىدا كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە قاتنىشىدۇ. كېيىن زاۋۇت پارتكوم سېكرېتارى بولىدۇ.

مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم تۇرمۇش قۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي

1933 ـ يىلىدىن 1935 ـ يىلىغىچە يۇرتى ئاتۇشقا كېلىپ كېتىپ تۇرىدۇ. بۇ يىللار قەشقەردىكى ھەرخىل ھەربىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. ئۇ جاھان بىر ئاز تىنچىغاندىن كېيىن، قەشقەر خەلقىنى ئويغىتىش ئۈچۈن سانايىنەپىسە قۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپقان قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلى ئىگروف 3 ـ ئىنتېرناتسىئونال نامىدىن ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ. ئىگروپ، قاتارلىقلار مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىمنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىغا مەسئۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ يىللاردا ئاساسىي خەۋپ ئافغانىستان، ھىندىستان چېگرالىرىدا يۈز بېرىدىغان بولغاچقا مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم، ئىككى يىل ئىچىدە بىر قانچە قېتىم تاشقورغاندىكى چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا بېرىپ ئىش بېجىرىدۇ. باسمىچى ئىبراھىم (ئۇرايىم) بەگنىڭ ئادەملىرىنى تۇتۇپ چېگرا قاراۋۇلخانا مەسئۇلى زەمىر تۇەنجاڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. يەنە ياڭ دارىن (ياڭ چىۋىن) ھەم خوتەن ۋالىيسى ئېلىپ ماڭغان ئالتۇن، ھېلىخان باي، نەسىردىن ھاجىلارنىڭ ئەنگلىيەگە ئېلىپ ماڭغان ئالتۇنلىرىنى قاتتىق ئېلىشىش ئارقىلىق تارتىۋالىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى شىنجاڭغا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يەنئەن ئوتتۇرىسىدا خەلقئارا قاتناش لىنىيەسى ئېچىش خىزمىتىنى باشلىغاندا، مۇھەممەتئىمىن ئىبراھىم 1935ـ يىلى ئۇرۇمچىگە رەپىقىسى بىلەن بىر ياشقا تولغان ئوغلىنى بىرگە ئېلىپ يۆتكىلىپ كېلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما تەركىبىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مالىيە مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1935 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1938 ـ 9 ـ ئايغىچە تارباغايغا يۆتكىلىپ بېرىپ باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. بۇ يىللاردا سوۋېت كونسۇلى مالىنىن ئۇنى 3ـ ئىنتېرناتسىئونال نامىدىن

تەقدىرلەيدۇ. ئۇ 1938 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، 1940 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىدە تەپتىش بولىدۇ. 1940 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۈرمىگە ئېلىنىدۇ. 1945 ـ يىلى ۋۇجۇڭشىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا تۈرمىدە قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ قەشقەرگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، يەنە قولغا ئېلىنىپ، 1945ـ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەر تۈرمىسىگە قامىلىدۇ. 1946 ـ يىلى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق بىتىم تۈزگەندە تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، 1955 ـ يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە مالىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدۇ، 1961 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ. (مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى يازمىسىدىن ئېلىندى.)

# تۆتىنچى باب

## چېن تيەنچيۇ

چېن تيەنچيۇ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ خوائگاڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1896 ــ يىلى تۇغۇلغان . ئۇ خۇبېي كوممۇنىستىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قۇرغۇچىلاردىن بىرى، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋۇخەن يەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، خۇبېي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جياڭشى ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جياڭسۇ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۈنجۈ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، مانجۇرىيە ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، فۇجيەن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشلىق خەلق كومىسسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1939 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولىدۇ. 1942 ـ يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. 1943 ـ يىل 27 ـ سېنتەبىردە شېڭ شىسەي تەرىپىدىن شىنجاڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

(بۇ ماتېرىيال 1983 ـ يىلى 4 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىنقىلابىي قۇربانلار

تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. )

## دېڭ فا

دېڭ فا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يۈنفۇ ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1906 — يىلى تۇغۇلدۇ. 1925 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردۇ. 6 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5- ئومۇمىي يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى گۇاڭجۇ شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شياڭگاڭ شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، گۇاڭدوڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، فۇجيەن - گۇاڭدۇڭ - جياڭشى چېگرا رايونلۇق ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى، جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتى دۆلەت سىياسىي قوغداش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئۇزۇن سەپەر ۋاقتىدا ھەربىي ئىشلار كومىتېتى 2 - زۇڭدۈينىڭ قوماندانى، شىمالىي شەنشىگە بارغاندىن كېيىن مەركىزىي ھۆكۈمەت غەربىي شىمال ئىش بېجىرىش ئورنى ئاشلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 1937 — يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، 1939 - يىلى يەنئەنگە يۆتكىلىپ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، مەركىزىي خەلق ترانسپورت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولىدۇ. 1946 - يىلى 4 - ئايدا چۇڭچىڭدىن يەنئەنگە قايتىۋېتىپ، ئايروپىلان ۋەقەسى بىلەن 40 يېشىدا قۇربان بولىدۇ.

## ماۋ زېمىن

ماۋزېمىن (تەخەللۇسى رۇڭ ليەن) 1896 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خۇنەن ئۆلكىسى شياڭتەن ناھىيىسىنىڭ شاۋ شەن دېگەن يېرىدە تۇغۇلدۇ. 1922 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نەشرىيات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق مەركىزىي ھۆكۈمىتى دۆلەت بانكىسىنىڭ باشلىقى، خەلق ئىگىلىكى مىنىستىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە ئۆتەيدۇ. ئۇزۇن سەپەر مەزگىلىدە جۇڭگو ئىشچى - دېھقانلا قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 1 - يۆنىلىش ئارمىيىسى 3 - زۇڭدۈينىڭ دادۈيجاڭى بولدۇ. 1938 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1942 - يىلى شېڭ شىسەي تەرپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1943 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى 46 يېشىدا شىنجاڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلدۇ.

## يۈي شيۇسۇڭ

يۈي شيۇسۇڭ (ئىسمىنى ۋاڭ شۇچېڭ دەپ ئۆزگەرتكەن) 1899 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جۇجى ناھىيىسىدە تۇغۇلدۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1916 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىلىك 1 - سىفەنگە ئىمتىھان بېرىپ كىردۇ. 1919 - يىلى «4 - ماي» ياشلار ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە خاڭجۇدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. «4 - ماي» ھەرىكىتىدىن كېيىن، «جېجياڭ يېڭى دولقۇنى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىپ، جاھانگىرلىككە قارشى

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغانلىقتىن شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيدۇ. كېيىن يەنە شاڭخەيگە بېرىپ ئىشچىلار ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەمدە چەتئەل تىلى ئىلمىي جەمئىيىتىدە كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ رۇس تىلىنى ئۆگىنىدۇ. 1920 - يىلى چېن ۋاڭداۋ قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى تەشەببۇس قىلىش شاڭخەي گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، شۇ يىلى 8 - ئايدا شاڭخەي سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىنىدۇ 1921 - يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياشلار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىنىڭ موسكۋادا چاقىرىلغان 2 - قېتىملىق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، 1- نۆۋەتلىك ئىتتىپاق مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەتلىكىگە سايلىنىدۇ. 1922 - يىلى 5 — ئايدا گۇاڭجۇدا ئېچىلغان جۇڭگو سوتسىيالىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك 1 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدۇ. شۇ يىلى 10 - ئايدا سۇڭ جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، شەرقىي يول قاراقچىلىرىغا جازا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسى باش قوماندانلىق شتاب مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. 1925 - يىلى 11 - ئايدا موسكۋا جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بارىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا ۋاڭ مىڭ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال شەرقىي بۆلۈمىدىكى بىر كاتىپنىڭ تەرجىمانى ئىدى. ۋاڭ مىڭ مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن بەك كۆرەڭلەپ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىپ قالغانلىقتىن ساۋاقداشلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. يۈي شيۇسۇڭ ۋاڭ مىڭغا سەۋرچانلىق

بىلەن ياردەم بېرىدۇ. بىراق، ۋاڭ مىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلايدۇ، 1927- يىلى يۈي شيۇسۇڭ لېنىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن، ۋاڭ مىڭ يۈي شيۇسۇڭغا جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا «جىجياڭلىق يۇرتداشلار جەمئىيىتى» نى تەشكىللەپ، پارتىيە، ئىنقىلابقا قارشى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى، دېگەن تۆھمەتنى چاپلايدۇ. 1928 - يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەپتىش كومىتېتى، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەپتىش كومىتېتى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بولۇپ ئۈچ تەرەپتىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقىدۇ. 1931 - يىلى 1 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 6 - نۆۋەتلىك 4 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندا يۈي شيۇسۇڭ ۋاڭ مىڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان سولچىل ئاغمىچىلىق لۇشيەنىگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. ۋاڭ مىڭ مەزھەپچىلىك گۇرۇھى «مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىگە قارشى تۇردى» دېگەن جىنايەت بىلەن شيۇسۇڭغا «تروتسكىچى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، 1933 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق شەرقتىكى خاباروۋسكىيغا خىزمەتكە ئەۋەتىدۇ. 1935 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يۈي شيۇسۇڭ قاتارلىق 25 نەپەر يولداشنى شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ. شېڭ شىسەي «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان دوستلۇق» نى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يۈي شيۇسۇڭنى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ يۈەنجاڭى، قوشۇمچە ئۆلكىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەيدۇ، يۈي شيۇسۇڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، نۇتۇق سۆزلەش ۋە گېزىت - ژۇرناللار

ئارقىلىق ماركسىزم ئىدىيىسىنى تارقىتىدۇ پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نىڭ شەكىللىنىشىدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ ھەمدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا شېڭ شىسەينىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن بىرلىك سەپ تۈزۈشى ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس يارىتىدۇ. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي، سىڭلىسى شېڭ شىتۇڭ بىلەن يۈي شيۇسۇڭنىڭ توي ئىشىنى ئەملگە ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇ يۈي شيۇسۇڭنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش غەرىزىدە بولىدۇ. بىراق، يۈي شيۇسۇڭنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسى مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن شېڭ شىتۇڭ ئىنقىلاب داۋلىلىرىنى تەدرىجىي چۈشىنىپ، يۈي شيۇسۇڭنىڭ خىزمەتلىرىگە پائال ياردەم بېرىدۇ ۋە قوللايدۇ. بۇ ھال شېڭ شىسەينى تەشۋىشكە سالىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەسەتخورلۇقى، ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ. شۇ يىلى 12 - ئايدا ۋاڭ مىڭ بىلەن كاڭ شىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يەنئەنگە قايتىش يولىدا ئۈرۈمچىدىن ئۆتكەندە، 2- قېتىم ئۇنىڭغا «تروتسكىچى» دەپ تۆھمەت چاپلايدۇ ھەمدە شۇئان شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. يۈي شيۇسۇڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن شېڭ شىتۇڭ ئۇنى يوقلاپ تۈرمىگە بارغاندا يۈي شيۇسۇڭ ئۇنىڭغا «ئىنقىلابچىلار ئۆز بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقمايدۇ، ئىنقىلابچىلارنى قىرىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس، ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولۇش شەرەپلىك» دەيدۇ.

1938 - يىلى 6 - ئايدا يۈي شيۇسۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يالاپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. كېيىن، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى كېڭەيتىۋېتىلگەنلىك تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. شۇ يىلى ئۇ 39 ياشلاردا ئىدى. 1959 - يىل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىراق

شەرقتىكى ھەربىي ئىشلار سوتى ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

## لىن جىلۇ

ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇنىڭ ئەسلى ئىسمى لىن ۋېيلياڭ بولۇپ، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيشەن ناھىيىسىدىن، 1916 - يىلى تۇغۇلغان. 1935 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ۋە پارتىيە مەركىزى كومىتېتى تەرىپىدىن ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن ياپونىيىگە ئەۋەتىلگەن. 1937 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان. 1938 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن. شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، كۇچارنىڭ ھاكىمى، ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1942 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ۋە 1943 - يىل 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئۇرۇمچى تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 27 ياشقا كىرگەنىدى.

## لوبىن

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى لوبىن شەرقىي شىمال پىدائىيلىرىنىڭ گېنېرال لېيتېنانت دەرىجىلىك ئەمەلدارى، ئۇ «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن قوماندان جىڭ رۈيچىڭ باشچىلىقىدا سىبىرىيە ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چېكىنگەن. 1931 — يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا پاناھلانغان.

كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوماندان جىڭ رۇيچىڭ باشچىلىقىدىكى 40 مىڭ ئەترابىدىكى شەرقىي شىمال پىدائىيلىرى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ئۇلار چۆچەك، غۇلجا چېگراسى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرىپ، ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭغا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇلار شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. 1930-يىلى 3 - ئىنتېرناتسىئونال موسكۋادا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن چېن جۇڭ قاتارلىق ئالتە نەپەر كىشىنى شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىگە خىزمەتكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار شىنجاڭ چېگراسىدىن ئۆتەلمەي ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالىدۇ. 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12- كۈنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالغان ئاشۇ كىشىلەردىن چېن جۇڭ، لى شاۋتيەن، تاۋمىڭلار «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نى قوزغىغاندا، جىن رۇيچىن باشچىلىقىدىكى شەرقىي شىمال پىدائىيلىرى ئاق ئورۇس قىسىملىرى بىلەن بۇ سىياسىي ئۆزگىرىشكە ياردەم بېرىدۇ. گېنېرال لوبىن شەھەر ئامانلىقىنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ. سىياسىي ئۆزگىرىش غەلىبە قىلىپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، گېنېرال لوبىن شېڭ شىسەينىڭ مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسىدا ئىشلەيدۇ. خوجىنىياز ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتى قىسىملىرى قەشقەرگە ئورۇنلىشىپ، مەھمۇت مۇھىتى باشچىلىقىدا ئاتلىق 6 - دىۋىزىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي لوبىننى قەشقەردىكى بۇ دىۋىزىيىنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

## يېزا ئىگىلىك ئالىمى تۇجى

دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ھازىرقى زامان يېزا ئىگىلىك ئالىمى، سادىق پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، پۈتۈن ھاياتى ۋە كۈچ -

قوۋۇتىنى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بېغىشلىغان پروفېسسور تۇجى 1903 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خۇبېي ئۆلكىسى خۇاڭبېي ناھىيىسى دۇڭشياڭ يېزىسىنىڭ تۇخاۋەن دېگەن يېرىدە ئوقۇمۇشلۇق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كېلىدۇ.

ئۇنىڭ بوۋىسى تۇداۋيۈڭ چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكى زىيالىيلاردىن بولۇپ، خۇسۇسىي مەكتەپ ئېچىشنى كەسىپ قىلغان، غەرب ئىلمىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئۆز ناھىيىسىدىكى «مۇلەن» قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان. دادىسى تۇخېڭفۇ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، بىر سودا فېرمىسىنىڭ ھېساباتىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكا - ئۇكىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەردىن ئىدى. تۇجى 1916 - يىلى 8 - ئايدا 13 ياشقا تولغاندا، ئۆز ناھىيىسىدىكى تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بېيجىڭ چىڭخۇا مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتىدۇ. چىڭخۇا مەكتىپى ئەينى ۋاقىتتا، ئامېرىكىغا چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەييارلىق مەكتىپى بولغاچقا، ئامېرىكا بۇرژۇئازىيە مائارىپىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانىدى. تۇجى 1924 - يىلى 6- ئايدا چىڭخۇا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ساۋاقدىشى جۇپېييۈەن قاتارلىقلار بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ مىننېسوتا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى بىلەن ئىلمىي تەتقىقات مەھكىمىسىدە ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرى ئىلمى ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقچىلىقى ئىلمىنى ئۆگىنىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. 1929 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، گۇاڭجۇنىڭ لىڭنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، قوشۇمچە ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇ 1931 — يىلى يازلىق تەتىلدە، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن

ئائىلىسىگە قايتقاندا، چاڭجياڭ ئېقىنىدىكى چوڭ كەلكۈننىڭ ئەھۋالىنى، كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ باش - پاناھسىز قالغان خەلقنىڭ ھەريەردە سەرگەردان بولۇپ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، يېزا ئىقتىسادىنىڭ خارابلاشقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرى «18 - سېنتەبىر» ۋەقەسىنى قوزغىغاندىن كېيىن، مىللىي مۇنقەرزلىكنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، «ئامېرىكىچە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ مەكتەپ ئاچقانىنىڭ، تەجرىبىخانىغا بېكىنىۋېلىپ تەتقىقات قىلغانىنىڭ دېھقانلارغا ھېچقانداق ياردىمى، دۆلەتكە ھېچقانداق پايدىسى يوق ئىكەن» دەپ ئويلايدۇ ۋە لىڭنەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، تەكلىپ بىلەن كەيفېڭدىكى خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا پروفېسسور، قوشۇمچە يۈەنجاڭ بولىدۇ.

1934 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ ۋە قوشۇمچە پاختىكارلىق بويىچە تەجرىبە مەيدانى ئاچىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئېلان قىلغان «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھەققىدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قېرىنداشلارغا مۇراجىئەتنامە» نى كۆرۈپ چوڭقۇر تەسىرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىشقا قەتئىي ئىرادە باغلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ غەربىي شىمالىغا كېلىپ، شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ۋۇگۇڭ دېگەن يېرىدىكى غەربىي شىمال دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق تېخنىكومىنىڭ پروفېسسورى ۋە ئىلمىي مۇدىرى بولىدۇ. ئۇ يەر بىلەن يەنئەننىڭ ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا، ئۇ يەردە بىر قىسىم ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرى ۋە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزمنى ۋە كوممۇنىستىك

پارتىيىنى، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئەمەلىي كۆرەشكە ئاتلىنىدۇ ۋە بارلىقىنى ئىنقىلابىي ئىشلارغا بېغىشلايدۇ. پروفېسسور توجى غەربىي شىمال دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق تېخنىكومىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، خېنەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىكى خىزمەتدىشى، كومپارتىيە ئەزاسى يولداش لى تەييۇنى يولۇقتۇرىدۇ. لى تەييۇ شەنشىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرىدە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، دائىم ئۇچرىشىپ ۋە سۆھبەتلىشىپ تۇرىدۇ. توجى بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھاملىنىدۇ. ئۇلار يەنە يەنئەنگە بىللە بېرىشنى مەسلىھەتلىشىدۇ. «7 - ئىيۇل» ۋەقەسى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ تېخنىكومدىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشقا پائال تەشكىللەيدۇ. ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنى يەنئەنگە بېرىپ كوممۇنىستىك پارتىيىنى تېپىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. مەكتەپنىڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئۇنىڭ بۇ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە قورقۇش ھەم ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

1938 - يىلى 1 - ئايدا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى بىلەن غەربىي شىمال دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق تېخنىكومى بىرلەشتۈرۈلۈپ، غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچىلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەكتەپكە خىزمەتكە كىرىۋالىدۇ. مەكتەپنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئامالسىزلىققا چۈشۈپ قالىدۇ. پروفېسسور توجى بۇ ئەكسىيەتچىلەر بىلەن

چىقىشالمىغانلىقتىن، غەزەپلەنگەن هالدا يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىقىدىن ئىستېپا بېرىپ، دېهقانچىلىق تەجرىبە مەيدانىنىڭ مۇدىرلىقىنىلا ئۆتەيدۇ ۋە مەيدانغا كۆچۈپ بېرىپ، پۈتۈن زېهنى بىلەن ماركسىزم - لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئوقۇيدۇ، رۇس تىلىدىن بىلىم ئاشۇرىدۇ. دەل شۇ مەزگىلدە ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن مۇدىرى دۇجۇڭيۈەن ئەپەندى مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنى شىنجاڭغا بېرىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن شەنشىگە بارىدۇ ۋە تۇجىنى شىنجاڭغا بېرىپ، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى كەلگۈسىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ قۇرۇش ئىشىغا ياردەملىشىشكە ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ دۇجۇڭيۈەننىڭ تەكلىپىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، 1938- يىلى 10 - ئايدا غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن ئايرىلىدۇ ۋە 1939 - يىلى ئەتىيازدا، ئامېرىكىدا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى، چارۋىچىلىق مۇتەخەسسىسى جۇيۈنشاۋ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن بىللە لەنجۇدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئەشيالارنى توشۇۋاتقان ئاپتوموبىلى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، دۇجۇڭيۈەننىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. كېيىن شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قىلىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش پىلانى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. شىنجاڭ تەمىنات نازارىتى تولۇق يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى قۇرغانلىقتىن، تۇجى ئۇنىڭغا ئىلمىي مۇدىر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1941- يىلى 1- ئايغا كەلگەندە، تولۇق يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىغا قوشۇۋېتىلىپ، يېزا ئىگىلىك فاكۇلتېتىغا ئۆزگەرتىلىدۇ. تۇجى ئۇنىڭ ئىلمىي مۇدىرى، قوشۇمچە فاكۇلتېت مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

1943 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي «ئىلغار» لىق نىقابىنى

يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىپ، شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر ياشلارغا رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلىدۇ؛ ئاتالمىش «توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلەش دېلوسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، «تۇجى ‹شىنجاڭ گېزىتى› دە قۇتراتقۇلۇق مەزمۇندا ماقالە ئېلان قىلغان، ئۇنىڭ ‹بوك›، ‹波克› دېگەن تەخەللۇسى (بولشېۋىك) دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى» دېگەن باھانە بىلەن ئۇنى 1944- يىلى 4 - ئايدا تۈرمىگە تاشلايدۇ. شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كىشىلەر قەلبىنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھۆددىگە ئېلىشى بىلەن تۇجىنى تۈرمىدىن بوشىتىدۇ. پروفېسسور تۇجى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭ تەمىنات نازارىتىنىڭ تېخنىكا مەسلىھەتچىسى، قوشۇمچە قان زەردابى ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى 12 - ئايدا ئۇنى تاشكەنتكە بېرىپ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 25 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتنىشىش ۋە يىغىندا ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. تۇجى شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1946 - يىلى 5 - ئايدا شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگەنگەن ۋە تۈرمىدە ئېغىر سىناقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن تۇجىنىڭ كوممۇنىزمغا بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ ئاشقاندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ مەخپىي ئىلغار تەشكىلات« كۈرەش تەشكىلاتى» نىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ يىغىنى مەزگىلىدە، ماۋجۇشى، ليۇشاۋچى، جۇئېنلەي، جۇدې قاتارلىق مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى»

قۇرۇلۇپ، تۇجى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ؛ 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يولداش تۇجى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋە پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. شىنجاڭدا «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندا يولداش ماۋزېدۇڭ تۇجىنى مۇدىرلىققا تەيىنلەيدۇ. 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا، شىنجاڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن تەتقىقاتى ئورنىمۇ قۇرۇلۇپ، تۇجى تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە مەسئۇل بولىدۇ. 1965 - يىلى 10 - ئايدا ئىلگىرىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق پەن تەتقىقاتى ئورنى ئاساسىدا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ئاكادېمىيىسى قۇرۇلۇپ، تۇجى ئاكادېمىيىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شۇ مەزگىللەردە تۇجى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلىرى ئاكادېمىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پەن- تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى قاتارلىق 20 نەچچە ۋەزىپىنى

ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۇ 1976 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ۋاپات بولىدۇ.

## ئەخمەت ۋاجىدى

ئەخمەت ۋاجىدى 1906 - يىلى 6 - ئايدا تۇرپاندا دېھقان، سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن 1931 - يىلىغىچە تۇرپاندىكى مۇھەممەتنىياز مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «جاھانگىرلىككە قارشى ئۇيۇشما» غا ئەزا بولىدۇ. كېيىن تۇرپان، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، لەنجۇ قاتارلىق جايلاردا سودىگەرچىلىك قىلىدۇ. شۇ مەزگىلدىن باشلاپ خەلقئارا فاشىزمغا قارشى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1941 - يىلى ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، يەر ئاستى خىزمەت ئىشلەيدۇ. 1950 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ. ئۇ تىجارەتتە بېيىغاندىن كېيىن، شاڭخەيدىكى «تۇڭجي ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت شىركىتى» گە پاي قوشۇپ، مەزكۇر شىركەتنىڭ باش مۇدىرى، قوشۇمچە لەنجۇدىكى باش شىركەتنىڭ دېرېكتورى بولىدۇ.

1949 - يىلى لەنجۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن پىڭ دېخوەي، ۋاڭ جېنلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شىنجاڭ خىزمەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ ئۆمەك باشلىقى بولىدۇ. 1951 - يىلى شىنجاڭ شۆبە بيۇروكادىرلار كۇرسىدا ئوقۇيدۇ. گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ، لەنجۇ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭنىڭ لەنجۇدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، 1955- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلقئارا ئالاقە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سودا - سانائەتچىلەر

بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1981 - يىلى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ.

ئەخمەت ۋاجىدى پارتىيە تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرى. ئۇ لەنجۇدا يەر ئاستى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم تۈرمىگە ئېلىنىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يۇقىرى قاتلام زاتلار ئىچىدە ئۇنۇملۇك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، كومپارتىيىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا غەلىبىلىك كىرىشى ۋە خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

مەرھۇم ئەخمەت ۋاجىدى ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە كامىل بولۇپ، ھەر ساھەدىكى كىشىلەر بىلەن ئاسانلا ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كېتىدىغان چىقىشقاق كىشى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىچكى ئۆلكىلەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلدە سودىدا ئاسانلا بېيىپ، «ئىدىقۇت سودا شىركىتى» ۋە ماي زاۋۇتى قۇرىدۇ. كېيىن تىجارەت دائىرىسىنى تيەنجىن، نەنجىن، ۋە شاڭخەيلەرگە كېڭەيتىپ، ئىچكى ئۆلكىدىكى سودىگەرلەرگە تونۇلىدۇ.

ئەخمەت ۋاجىدىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى پارتىيە رەھبەرلىكىدە پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلققە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرى بەدىلىگە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا مۇئاۋىن مىنىستىر دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇش ئىمتىيازىنى بەرگەن. ئۇ ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ 3-، 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 6 - ، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولىدۇ. ئۇ 1999 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچىدە 93 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

# بەشىنچى باب

## غېنى باتۇر

غېنى باتۇرنىڭ دادىسى مەھەممەت باقىر ئاكىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ئەسلىدە خوتەن قارىقاشلىق، ئۇنىڭ ئىككىنچى بوۋىسى ئىمىننىياز مىراب چىڭ سۇلالىسى 1760 ـ يىلىدىن 1767 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۇچتۇرپان، خوتەن، يەركەن قاتارلىق جايلىرىدىن ئىلىغا ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك ئادەم كۆچۈرگەندە كۆچۈپ كەلگەنلەردىن بولۇپ، ھازىرقى غۇلجا ناھىيە قاش يېزىسىنىڭ تۇردىيۈزى مەھەللىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. غېنى ئەشۇ تۇردىيۈزى مەھەللىسىدە، كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ.

غېنى مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە دادىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىدۇ. لېكىن، ئۇ ئوقۇيالماي مەكتەپتىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە ئون ياشلارغا كىرگەندە، مەھەللىسىنىڭ قويلىرىنى باقىدۇ. 15 ياشقا كىرگەندە دادىسى بىلەن دېھقانچىلىق قىلىدۇ. غېنى كىچىكىدىنلا ئىشچان ۋە كۈچلۈك، غەيرەتلىك بالا بولۇپ، بالا ۋاقتىدا چېلىشىشتا داڭ چىقىرىدۇ. غېنى ئېگىز بوي، گەۋدىلىك، يوغان باش، كەڭ ۋە سوزۇق يۈزى قىپقىزىل، قوي كۆز، كەم سۆز ئادەم بولۇپ يېتىلىدۇ.

1918 ـ يىلى كەچ كۈزدە مەھەممەت باقىر ئاكا ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن خامانغا ماڭاي دەپ تۇرغاندا، ھويلىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بولىدۇ. مەھەممەت ئاكا ھويلىغا چىقىش بىلەن «غېنى قايسىڭ؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. غېنى مەن دەپ ئالدىغا چىقىدۇ.

غېنىنى چاقىرغان بىر چېرىك بولۇپ، چېرىك غېنىنى باغلىماقچى بولىدۇ. غېنى باغلاتماي «ئېلىپ بارىدىغا يېرىڭگە ئېلىپ بار، ئەمما باغلىمايسەن» دەيدۇ. غېنىنىڭ ئاتا - ئانىسى چېرىكلەرگە يالۋۇرىدۇ. غېنى «مەن گۇناھسىز، بۇلارغا يالۋۇرماڭلار، مەن قايتىپ كېلىمەن» دەيدۇ. غېنى ئون ئاي توققۇز تارا يامۇلىغا قامىلىدۇ. بۇ 10 ئايلىق تۇرمىدە غېنى كۆرمىگەننى كۆرىدۇ، بىلمىگەننى بىلىپ، ياشاش يولىنى ئۆگىنىدۇ ھەم كۆپ كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ.

غېنى تۇرمىدىن چىقىپ كۆپ ئۆتمەي بىر كۈنى توققۇز تارادا باتۇرلۇق ھەققىدە سۆز قىلىنىۋاتقان ئاتلىق بىر قازاق يىگىتكە «مۇشۇ ئالا ئېتىڭنى ئاشۇ قارا ياغاچ تۇرىگە كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ كەلسەم نېمە دەيسەن؟» دەپ 150 مېتىر ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ. قازاق يىگىت « ئەگەر دېگىنىڭدەك قىلساڭ، ئاتنى ساڭا بەردىم، قىلالمىساڭ، تورۇق ئېتىڭنى ماڭا بېرىسەن» دەپ غېنىغا قول ئۇزىتىدۇ. غېنى بارغان پېتى ئاتنى يەلكىسىگە ئېلىپ ماڭىدۇ. قىيىقاس كۆتۈرۈلىدۇ. غېنى ئاتنى كۆتۈرۈپ قاراياغاچتىن 100 مېتىر نېرى يەرگە ئېلىپ بېرىپ، قايتۇرۇپ كېلىدۇ. خەلق ھەيران قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن غېنىنىڭ گاڭگۇڭ (نوچى) دېگەن نامى ئىلى رايونىغا تارىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن زۇلۇمغا، جازانىخورغا قارشى ھەرىكەت قىلىدىغان نوچىلار غېنىنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىدۇ. ئۇلار زالىم بەگلەر، جازانىخور بايلار، ئەمەلدارلارنى تىللايدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ، ئېپى كەلسە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاپ، يېتىم - يېسىرلارغا بېرىدۇ. شۇڭا، غېنى 1944 - يىلىغىچە كۆپ قېتىم تۇرمىگە قامىلىدۇ. ھەر قېتىم قامالغاندا كىشەننى ئۈزۈپ تاشلاپ قاچىدۇ. ساقچى باشلىقى غېنىنى بىر قېتىم ئالتە ئادەمگە باستۇرۇپ ئۇردۇرىدۇ، بىرقانچە قېتىم 100 - 200، ھەتتا 300 دىن تاياق ئۇرىدۇ.

غېنى 1941 - يىلى توققۇز تارا يامۇلىدىن نۇراخۇن دېگەن

دوستى بىلەن قېچىپ چىقىدۇ. ئۇلار شۇ قاچقان پېتى شىخۇنىڭ جۇجيەنلۇ دېگەن يېرىگە بېرىپ، داۋۇر، هاشىم توكۇر دېگەن كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ بىر ئۆيگە كىرىپ، تۆت يامبۇ، بەش سەر ئالتۇن ئوغرىلاپ چىقىدۇ ۋە ئۈرۈمچىگە بېرىپ بۆلۈشىمىز، دەپ ماڭىدۇ. زاڭ مالنى هاشىم توكۇر، داۋۇرلار ئېلىپ ماڭىدۇ. ئۇ ئىككىسى ئالتۇنلارنى ئېلىپ ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ، نۇراخۇن بىلەن غېنىنى تۇتۇپ بېرىدۇ. هاشىم توكۇر بىلەن داۋۇرلار كۆرسەتكەن بۇ خىزمىتى ئۈچۈن توققۇز تارادا لوزۇڭ مەنسىپىگە ئېرىشىدۇ.

نۇراخۇن بىلەن غېنى 12 كۈندىن كېيىن تۈرمىدىن قېچىپ ئاتلىق يەنسخەيگە كېلىپ، بىر قازاق ئۆيىدە تۇرغاندا، قوغلاپ كەلگەن چېرىكلەرگە ئۇچرايدۇ. غېنى ئۇلارنى ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىپ قاچىدۇ. شۇ چاغدا چېرىكلەرنىڭ ئاتقان بىر ئوقى غېنىنىڭ يانپىشىغا تېگىپ، ماڭالماي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غېنى تۇتۇلۇپ، ساۋەنگە ئەۋەتىلىدۇ. ساۋەندە توققۇز كۈن قاماقتا ياتقاندىن كېيىن چېرىكلەرنىڭ ئىككى ئېتىنى ئېلىپ قېچىپ، نۇراخۇن بىلەن تېپىشىپ، بىر موڭغۇل تونۇشىنىڭ ئۆيىدە قونىدۇ. كېيىن، ئۇلار هاشىم توكۇر بىلەن داۋۇردىن ئۆچ ئالماق ئۈچۈن توققۇزتاراغا بارىدۇ. غېنى توققۇزتارادا تۇتۇلۇپ، ناھىيە تۈرمىسىگە قامىلىدۇ. غېنىنى غۇلجا ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا دەرياغا ئۆزىنى تاشلاپ قاچىدۇ. ئەتىسى غۇلجىغا كېرىپ، سوت مەهكىمىسىگە بېرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ. غېنىنى غۇلجىدا 32 كۈن سوراقسىز قاماپ، «سەن بەش يىلدىن بۇيان ئون سەر ئالتۇن، 20 يامبۇ ئوغرىلاپسەن» دەپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ، ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەينىڭ ساقچى باشقارمىسىنىڭ 4 ـ تۈرمىسىگە قاماپ قويىدۇ، كېيىن 2 ـ تۈرمىگە يۆتكەيدۇ. غېنى 1944 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، يەنى دۈشەنبە كۈنى 2 ـ تۈرمە (هازىرقى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق سوت مەهكىمىسى ئورنىدا ئىدى) دىن قېچىپ،

غۇلجىغا بېرىپ ھاشىم توكۇر، داۋۇرلاردىن ئۈچ ئېلىش ئۇچۇن ئۇلارنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار يوشۇرۇنۇپ قېچىپ يۈرىدۇ. غېنى ئىز بېسىپ ئۇلارنى قوغلايدۇ.

شۇ كۈنلەردە، نىلقا ئولاستايدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان، گومىنداڭ ئالتە ئوغرى دەپ ئاتىغان پاتىخ مۇسلۇمۇپ، ئەكبەر باتۇر، قۇربان بۇرھانىدوف، ئوسما ئىبرايىموف، سېيىت ئاۋان (ئەكبەرنىڭ ئىنىسى)، نۇرئوبۇلۇپ، ھوشۇر مامىتوف، مۇساقان قۇربان، خەمىت مۇسلىموف، رەپىق بايچۇرىن قاتارلىق پارتىزانلار گۇرۇپپىسى غېنى باتۇر ئۇرۇمچىدە تۇرمىدىن قاچقاندىن كېيىن نىلقا ئەتراپىدا يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئىزدەپ تاپىدۇ - دە، غېنى پارتىزانلارغا قوشۇلىدۇ. پارتىزانلىق شتابى قۇرۇلغاندا، پارتىزانلارنى ئۈچكە بۆلۈپ، 1 - بۆلۈمگە ئەكبەر، 2 - بۆلۈمگە غېنى، 3 - بۆلۈمگە تۇگمەنچى رۇس ئىنۋان مەسئۇل بولىدۇ. ھەر بىرىنىڭ قىسمىدا 200 دىن پارتىزان بولۇپ، نىلقىغا يۈرۈش قىلىدۇ ۋە پارتىزانلار نىلقىغا باستۇرۇپ كىلىپ نىلقىنى ئازاد قىلىدۇ.

غېنى شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر قايسى ئۇرۇشلاردا باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن غېنى باتۇر دەپ ئاتىلىدۇ. پارتىزانلار گومىنداڭنىڭ غۇلجا تەرەپتىن ئون ماشىنىدا كەلگەن ئەسكەرلىرىنى توسۇپ زەربە بېرىپ، مازار رايونىغا كىرگۈزمەي يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قورال - ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئالىدۇ. سۇلتان ئوۋەيس مازىرىغا يوشۇرۇن كىرىپ، ساقچى ئىدارىسىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ. ھەر مىللەت خەلقىدىن قامالغان 30 نەچچە كىشىنى قۇتۇلدۇرىدۇ. قورال - ياراغ غەنىيمەت ئالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ گومىنداڭ كېچىسى ئوخلىيالمايدۇ.

غېنى قاراسۇ، سوپىتاي، مازار رايونىدىكى ئۇرۇشتا ئاتلىق ئىككى قولىدا ئىككى ماۋزور بىلەن يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي دۇشمەن سېپىنى يېرىپ ئۆتىدۇ. دۇشمەن توپىغا ئاتلىق

بېسىپ كىرىپ، دۈشمەن قولىدىكى قورالنى تارتىپ ئېلىپ چىققىدۇ. غېنىنىڭ مۇنداق باتۇرلىقى خەلق ئىچىدە ھەر خىل ئەپسانىلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. غېنى ئارىشاڭدىكى ئۇرۇشتا ئېغىر يارىلىنىپ ئالمۇتادا داۋالىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن ھەربىي سوت باشلىقى بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. كېيىن پاتىخ باتۇر بىللە بىلەن لەنجۇدا 1953 - يىلىغىچە دەم ئالىدۇ. 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ئەزاسى بولىدۇ. 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىغا كېتىدۇ ۋە 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ 1990 - يىللاردا ئالمۇتادا ۋاپات بولىدۇ.

## ئەكبەر باتۇر

ئەكبەر قازاق، 1917 - يىلى 1 - ئايدا نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي دېگەن يېرىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى قابانباي يۇرت ئىچىدە نامدار كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ كۆزى چۈشۈپ، 1928 - يىلى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەكبەرنىڭ تاغىسى قاسىم ئاكىسى قابانباي ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش كويىدا بولغاندا، سېزىلىپ قىلىپ بەختكە قارشى قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە قىيىن - قىستاق ئاستىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەدىن يۈرىكى ئازابلانغان ئەكبەرنىڭ قەلبىدە قىساس ئېلىش ئوتى يانىدۇ.

1943 - يىلى شىبەڭ شىسەي پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە ئون مىڭ ھەربىي ئات تاپشۇرۇش سېلىقى سالىدۇ. بۇ ئىش ئەكبەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەي، نىلقا ناھىيىلىك سودا شىركەت باشلىقى فاتىق بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەپ، شىبەڭ

شىمەي ۋە گومىنداڭغا قارشى قورallıق قوزغىلاڭ قىلىشنى پىلانلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1944 - يىلى باھاردا، ئەكبەر، سادىق، جاھانباي، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئوزارخان، ئەكبەرنىڭ ئىنىسى سېيىت قاتارلىقلار بىرلىكتە يىغىن ئېچىپ، پارتىزان ئەترىتى تەشكىللەش توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئىشنى سېزىپ قالغان قاناتبەك دېگەن ئادەم بۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى پاش قىلىدۇ. نەتىجىدە ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى قولغا ئالىدۇ. ئەكبەر ئىنىسى سېيىت بىلەن قېچىپ، ناۋان دېگەن كىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇۋاتقان، فاتىق، خەمىت، رەفىقلار بىلەن سۆزلىشىپ، سوۋېت چېگرا مۇداپىئە 40 - پولكىنىڭ پولكوۋنىكى چۇماكىندىن قورال ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۇماكىن: «بىز ئوچۇق - ئاشكارا قوللىمايمىز. سىلەر ئات ئۆتكۈزۈپ، قورال ئالساڭلار بولىدۇ» دەيدۇ. ئەكبەر سېيىت، ناۋانلار بىللە قايتىپ كېلىپ، ھۆكۈمەت مۇسادىرە قىلغان ئون ئاتنى يوشۇرۇن ئېلىپ كېلىپ، سوۋېتنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى كېلىلىنكا ئارقىلىق ئۈچ دانە تاپانچا، 600 تال ئوقىقا تېگىشىپ، ئولاستايغا قايتىپ كېلىپ، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى قۇرىدۇ. شتابقا فاتىق بىلەن ئەكبەر باشلىق بولىدۇ. ئارىدىن يېرىم ئاي ئۆتمەي، پارتىزانلار سانى 34 كە يېتىدۇ. بۇلار گومىنداڭنى ئاغدۇرۇپ، ئېزىلگەن خەلقنى ئازاد قىلىش شوئارى ئاستىدا ھەرىكەت باشلاپ، تەشۋىقات ۋارىقى تەييارلاپ، ئۇنى ھەر قايسى ئائىلە، مەكتەپ، مەسچىت، ۋە كوچىلارغا تارقىتىدۇ. نەتىجىدە 300 دىن ئارتۇق ئادەم پارتىزانلارغا قوشۇلىدۇ. قورال - ياراغمۇ كۆپىيىدۇ. شۇ كۈنلەردە پارتىزانلاردىن سېيىت بىلەن خەمىت چارلاش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، گومىنداڭنىڭ ئىككى نەپەر ئاخباراتچىسىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇلار گومىنداڭنىڭ 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى 50 نەپەردەك ئەسكەر چىقىرىپ، ئەكبەر قاتارلىق ئالتە

«ئوغرى» نى تۇتماقچى بولغانلىقىنى پاش قىلىدۇ. پارتىزانلار بۇلارغا قارشى تەدبىر قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ پىلانىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەرجىمان رىندۇسەيىنى تۇتىدۇ ۋە ئات، قورال ئولجا ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەر 25 پارتىزانغا قورالغا تېگىشىپ كېلىش ئۈچۈن 100 ئات بېرىدۇ. ئۇلار ئاتنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسمىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، 25 دانە قورال، 7500 تال ئوق، 60 دانە گراناتت ۋە بىر قىسىم تۇرمۇش بۇيۇملىرى تېگىشىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پارتىزانلار سۇبۇتاي، شاسۇر دېگەن جايغا كېلىپ، بۇ يەردىكى ئىشەنچلىك ئادەملەرنى توپلاپ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مازاردىكى گومىنداڭنىڭ قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىدۇ. 15 ئات ۋە قورال - ياراغ، ئوق - دورا ئولجا ئېلىپ، مازارنىڭ داۋان دېگەن يېرىگە كەلگەندە، ئىلىدىن كېلىۋاتقان 3 ماشىنىدىكى گومىنداڭ دۈچ كېلىپ قالىدۇ، بۇ قېتىمقى جەڭدە پارتىزانلار ئۈچ ماشىنا نۇرغۇن قورال - ياراغ ئولجا ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، توققۇز تارا ئۇرۇشى، تاشداۋان ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلاردا ئەكبەر فاتىق، سىيىت، غېنى، خەمىت، رەفىق، ئىۋان قاتارلىق دوستلىرى بىلەن بىللە دۈشمەنگە قارشى جان تېكىپ كۈرەش قىلىدۇ. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قاراسۇدىكى 7 - قېتىملىق ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ ئىككى ئايروپىلاننىڭ ئوققا تۇتىشىدا، كۆكسىگە ئوق تەگكەن ئەكبەر داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ۋاپات بولىدۇ.

## مۇھەممەتجان مەخسۇم

مۇھەممەتجان مەخسۇم 1902 - يىلى ياركەنتتە تۇغۇلىدۇ. 1916 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە غۇلجىغا كۆچۈپ كېلىدۇ. ئىلىدا بولغان مەزگىلدە نوقۇل ھالدا سىياسىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن

«ئىلى ئازادلىق تەشكىلاتى» غا قاتنىشىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئالىي سوت باشلىقى بولىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1962 - يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولىدۇ.

## شومۇتۇن

شومۇتۇن (ئۇجالا) شىبە، 1915 - يىلى 10 - ئايدا غۇلجا شەھىرىنىڭ ناغىرچى دېگەن يېرىدە تۇغۇلىدۇ. 1922 - يىلىدىن 1926 - يىلىغىچە سۈيدۇڭ كۈرەدىكى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1926 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئىپتىدائىي مەكتەپتە، 1931 - يىلىدىن 1933 - يىلىغىچە غۇلجا خەنزۇ — رۇس مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. 1934 - يىلىدىن 1937- يىلىغىچە تاشكەنت ئوتتۇرا ئاسىيا گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ. 1937 - يىلى مەكتەپ پۈتتۈرمەي قايتىپ كېلىپ، 1938 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە غۇلجا بىلىم يۇرتىدا رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئارمىيە باش شتاب رازۋېدكا بۆلۈمىدە رۇس تىلى تەرجىمانى، رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1946 - يىلى 11 - ئايدا چاپچال ناھىيىسىگە ھاكىم بولىدۇ، ھەربىي ئۇنۋانى ساقلىنىپ قالىدۇ، 1949 - يىلى 5 - ئايدا غۇلجىغا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، مىللىي ئارمىيە باش شتاب رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆپ قېتىم ئالتۇن، كۈمۈش، مىس مېداللار بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.

شومۇتۇنگە 1949 - يىلىدىن كېيىن، غەربىي شىمال ھەربىي

مەھكىمە تەرىپىدىن غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش مىدالى بېرىلىدۇ. ئۇ 1949 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قوشۇمچە ساقچى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، 1960 - يىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1978 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولىدۇ. 1984 — يىلى دەم ئېلىشقا چىقىدۇ. دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، شىبە تىلىدا جىڭ ئۇرۇشىنى مەزمۇن قىلغان «جىڭ دەرياسى»، «خان يايلاق ئۇرۇشى»، «لىيەنخوا»، «جاھانگىر خوجىنى تۇتۇش»، «چاڭغارنىڭ ئۆزۈكى» «سولۇنلارنىڭ ئۇرۇش تارىخى»، «جۇڭگودىكى رۇسلارنىڭ تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازىدۇ.

## ئەنۋەر مۇسابايوف

ئەنۋەر مۇسابايوف مۇسا ھاجىمىنىڭ ئالتىنچى ئوغلى ئابدۇللا ھاجىمىنىڭ ئوغلى، ئۇ 1916 - يىلى ئاتۇش ئىكساقتا تۇغۇلۇپ، ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. 1928 - يىلى تۈركىيىگە بېرىپ، ئىستامبول شەھىرىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «گالاتا ساراي» دا ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىدە ئوقۇيدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن تۈركىيىنىڭ كارخانا ۋە بانكا ئورۇنلىرىدا ئۈچ يىل ئىشلەپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش كاسسىرلىق كەسپى بويىچە چېنىقىدۇ. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن بىر مەزگىل ئىلى تېرە زاۋۇتىدا تېرە بوياش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق سېخلاردا ئىشلەيدۇ. كېيىن ئىلى تېرە زاۋۇتىدا كاسسىر، ياردەمچى بوغالتىر ۋە بوغالتىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىدۇ. 1945 - يىلى 1 - ئايدىن 1946 - يىلى 6 - ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت ئەزاسى ۋە مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى، 1947 - يىلى 11 - ئايغىچە

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، 1949 - يىلى 10 - ئايغىچە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتاي ۋىلايىتىدىكى مالىيە ۋەكىلى، ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 1949 - يىلى 12 - ئايدىن 1950 - يىلى 9 - ئايغىچە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن (مۇۋەققەت) نازىرى بولىدۇ. 1950 - يىلى 9 - ئايدىن 1955 - يىلى 4 - ئايغىچە، شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئىشلىرىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئالتۇن مېدال بىلەن، ئازادلىقتىن كېيىن غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش خاتىرە ئىزنىكى بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولىدۇ.

ئەنۋەر مۇسابايوف سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى بولغاچقا 1955-يىلى ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ ۋە 1955 - يىلىدىن 1977 - يىلىغىچە تاشكەنتتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تىرە زاۋۇتىدا ماستىر ۋە يېمەك ماللار شىركىتىدە كاسسىر، تاشكەنت بانكىسىدا كاسسىر مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1977 - يىلى پېنسىيەگە چىقىدۇ. 1995 - يىلى تاشكەنتتە 79 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

## ئوبۇلخەيرى تۆرە

ئوبۇلخەيرى تۆرە (قازاق) تۆرە ئەۋلادى. ئۇ 1890 - يىلى ئىلقا ناھىيىسىنىڭ ئولاستايدىكى چونجى كەنتىدە رابات ئىسىملىك تۆرە ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، 1910 - يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدە موللا خەلپەتتە ئوقۇپ، ئىسلام دىنى بىلىمىدە ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئىگە بولىدۇ. 1932 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بايجان، بەكمۇرات قاتارلىق مۇئەللىملەرنى

يۇرتىغا ئېلىپ چىقىپ يېڭىچە مەكتەپ تەسىس قىلىپ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ ئوقۇيدۇ. كېيىن نىلقىنىڭ چونجى دېگەن يېرىگە رايون باشلىقى بولىدۇ. شۇ كۈنلەردە چونجىغا مەھەللە بىنا قىلىپ، قازاقلارنى يېرىم ئولتۇراقلاشتۇرىدۇ. كېيىن باي چارۋىچىلاردىن ئىئانە توپلاپ مەكتەپ سالدۇرۇپ، پەننىي مەكتەپ ئاچىدۇ ھەم چونجىدىكى قازاق خەلقىگە يەر بۆلۈپ بېرىپ، دېھقانچىلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم قازاق خەلقى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق قىلىدىغان بولىدۇ. 1944 - يىلى كۈزدە نىلقا پارتىزانلىرى تەشكىللەنگەندە، ئوبۇلخەيرى تۆرە ئۇلارغا قولايلىق شەرت يارىتىپ بېرىدۇ، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى غۇلجىدا باش شتاب مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. 1944 - يىلى 11- ئايدا ئىلىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ھۆكۈمەت ئەزاسى بولىدۇ. 1946 — يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزگەندە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىدۇ. 1946- يىلدىن 1950 - يىلغىچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولىدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1970 - يىلى ۋاپات بولىدۇ.

## نۇسۇپقان كۈنباي

جامائەت ئەربابى نۇسۇپقان كۈنباي 1897 - يىلى نىلقا ناھىيىسىنىڭ قاراتۆبىگە قاراشلىق ئوتتۇ كەنتىدە تۇغۇلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، يېزا موللىسىدا دىنىي بىلىم ئالىدۇ. 1912 - يىلى كۈنەس ناھىيىسىدىكى شوربۇلاقتا ئېچىلغان، ئېلى قازاق مەدەنىيەت

تارىخىدا تۇنجى پەننىي مەكتەپ بولغان 30 كىگىز ئۆيلۈك مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1916 — 1917 — يىللىرى نۇسۇپقان ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن سۇيدۇڭدىكى «قازاق - خەنزۇ مەكتەپ» گە كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئاز ئۆتمەي 21 ياشلىق نۇسۇپقان سۇيدۇڭدىكى قازاق ئۇيۇشمىسىغا سەر كاتىپلىققا ئورۇنلىشىدۇ. كېيىن هۆكۈمەتنىڭ ئالۋان - سېلىق يىغىش خىزمىتىگە ئالماشتۇرۇلىدۇ. بۇ يىللاردا ئۇ خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر ئالۋان - ياساق، سىنىپىي زۇلۇملارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، خەلقنىڭ هالىغا ئېچىنىدۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىشىدۇ.

1933 - يىل جىن شۇرېن هاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شىڭ شىسەي «ئالتە سىياسەت» نى يولغا قويغان ۋاقىتتا نۇسۇپقان يېزا باشلىقى بولىدۇ. ئۇ مۇڭلانغان قازاق دالاسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى - خەلقنى ئىلىم - پەن بىلەن ئويغىتىش دېگەن تونۇشقا كېلىپ، پەننىي مەكتەپ ئېچىشقا كۈچ چىقىرىدۇ. 1939 - يىلى «جاهانگىرلىككە قارشى ئىتتىپاق» قا قاتنىشىدۇ. 1940 - 1941 - يىللىرى ئۇ «ئالتە سىياسەت» نى تەشۋىق قىلىش، جەمئىيەتنى تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن جايلارغا ماڭغان خىزمەت ئەترىتىگە قاتنىشىپ، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىگە بارىدۇ.

نۇسۇپقان 1941 - يىلى ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، ئارال رايونىغا باشلىقى بولىدۇ. شۇ يىللاردا ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، باشلامچىلىق بىلەن هەر بىر قەبىلىدىن ئادەم كۆچۈرۈپ، تارىختىن بېرى شىۋاقلىق بولۇپ كەلگەن قارا تۆپىنى 1943 - يىلى 400 ئائىلىلىك چارۋىچى ئولتۇراقلاشقان ئاۋات يېزىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ يەردە 12 سىنىپلىق، 300 ئوقۇغۇچىسى بار مەكتەپ قۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئەينى يىللاردا بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ چىققان ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى قازاق كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئاساسىي بولۇپ قالىدۇ. شۇ چاغلاردا بۇ مەكتەپتە ئاتاقلىق دومبىرىچى ئەدىلجاننىڭ يېتەكچىلىكىدە سەنئەت ئۆمىكى

تەشكىللىنىپ، «قالىڭ مال»، «شوغا» دراممىلىرى تونجى قېتىم ئويىنىلىدۇ، شۇ يىللاردا يەنە قاش دەرياسىدىن ۋادىلارغا سۇ چىقىرىلىپ، قازاقلارنىڭ سولۇق دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بارلىققا كېلىدۇ. كۆچەت تىكىش، يول ياساش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، ئىنجاردىن قاراتۆپىگىچە بارىدىغان تونجى تاش يول ياسىلىدۇ. نىلقىدىن چونجىغا ئۆتىدىغان كۆۋرۈك سېلىنىدۇ. «ئوتو»، «توتە»، «چەلدى» مەكتەپلىرى كېڭەيتىلىپ، «زېكتى»، «تۈرگىن»، «تۆمۈرلۈك»، «چوڭ بولاق»، «كىچىك بولاق»، «چونجى» مەكتەپلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلىدۇ ۋە مەكتەپ بار جايدا مەھەللە بەرپا بولىدۇ. بۇ ئىشلارغا نۇسۇپقان تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ.

1944 - يىلى نۇسۇپقان ئۇلاستاي پارتىزانلىرىغا ئاكتىپ ياردەم بېرىدۇ. لېكىن، نىلقىدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى ناھىيىگە يىغىنغا چاقىرتىش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ قولغا ئالىدۇ. نىلقا ئازاد قىلىنغاندا نۇسۇپقان تۈرمىدىن چىقىپ، ئىنقىلابچىلارغا ئات - ئۇلاق، ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئوتو، توتە داۋىنىدىن ئېشىپ كېلىۋاتقان گومىنداڭنىڭ ياردەمچى قوشۇنلىرىغا توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىگە قاتنىشىدۇ. 1944 - يىلى 11 - ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلىدۇ. 2 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى ئىسھاقبەك گېنېرال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، نۇسۇپقاننى مايور ئۇنۋانى بىلەن توققۇز تارا 1 - قازاق ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرلىقىغا بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ 1200 كىشىلىك پولكى 1946 - يىلى فېۋرالدا ئالدىنقى سەپ ماناسقا بېرىپ قانلىق جەڭگە قاتنىشىدۇ. ئون بىر بىتىمدىن كېيىن 1 - قازاق ئاتلىق پولكى «قوبۇق 2 - ئاتلىق پولكى» بولۇپ قۇرۇلغاندا نۇسۇپقان يەنە پولك كوماندىرى بولىدۇ. ئۇ يەنە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولىدۇ. ئوسمان ئالتايدا ئەكسىلئىنقىلابىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا

قىلغاندا، نۇسۇپقان ئۆز پولكىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، باندىتلارنى قەدەممۇ قەدەم چېكىندۈرۈپ، كۆكتوقاي، چىڭگىل ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلدى. 1947 - يىلى نۇسۇپقاننىڭ پولكى بىر قانچە كىچىك ئەترەتلەرگە بۆلۈنۈپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقاندا، ئوسمان باندىتلىرى گومىنداڭ ياردەمچى قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، نۇسۇپقاننىڭ پولكىغا ئاچ بۆرىدەك تاشلىنىپ، ئۇنى خېلى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن نۇسۇپقان تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كۈچنى توپلاپ ئۇرۇش قىلىپ، 1948 - يىلى باندىتلارنى تارمار قىلىدۇ ۋە شۇ يىلى مىللىي ئارمىيە باش شىتاب كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى (ھەربىي ئۇنۋانى پولكوۋنىڭ) بولۇپ غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا، نۇسۇپقان شىنجاڭغا غەلىبە بىلەن كىرگەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە بولىدۇ. 1950 - يىلى شىنجاڭدىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى قايتا رەتلىنىپ، ئۈچ چوڭ ھەربىي رايونغا بۆلۈنگەندە، نۇسۇپقان ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولىدۇ. شۇ يىلى دۆلەت بايرىمىدا ئۇ بېيجىڭغا بېرىپ، ماۋجۇشى، جۇدې قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. 1952 - يىلى ئۈرۈمچى ھەربىي رايونى 6 — كورپۇسقا ئۆزگەرتىلگەندە، نۇسۇپقان مۇئاۋىن كورپۇس باشلىقى بولىدۇ. شۇ يىللاردا ئۇ باندىتلارنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش، بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سوراش، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن قۇمۇل، باركۆل، مورى، جىمسار، چونچى، فۇكاڭ قاتارلىق جايلاردا بولىدۇ. مورىنىڭ بوستان دېگەن يېرىدە نۇپۇسقان ئۆز قىسمى بىلەن باندىتلارنىڭ قورشاۋدا قالغان ئەھۋالىدىمۇ دۈشمەن بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ، 100 دىن ئارتۇق ئاھالىنى قۇتقۇزىدۇ.

نۇسۇپقان شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ

مۇئاۋىن قوماندانى بولۇپ تۇرغاندا، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا تۆھپە قوشۇپ، 1954 - يىلى غەربىي شىمال ھەربىي مەمۇرىي رايوننىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ، ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىككى ئالتۇن مىدالى ۋە غەربىي - شىمالنى ئازاد قىلىش ئوردېنىغا ئېرىشىدۇ. 1958 - يىلى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە، موسكۋا، ۋارشاۋالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەككە مەدىنىنى زىيارەت قىلىدۇ.

1954 - يىلىدىن 1966 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا نۇسۇپقان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئوبلاست ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك ۋە چارۋىچىلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ.

## ئالىمجان ھاكىمبايوف

ئالىمجان ھاكىمبايوف (ئۆزبېك) 1937 - يىلى سودىگەرچىلىك قىلىپ موسكۋادىن چۆچەككە كېلىدۇ ۋە بىر مەزگىل چۆچەكتە تۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا قىلىدۇ، كېيىن قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچىدە تۈرمىگە قامىلىدۇ. 1938 - يىلى ئۇنى كېرەمجان دېگەن كىشى كېپىل بولۇپ تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىدۇ ۋە ئۈرۈمچى نەنگۇەندىكى سارايغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 1942 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىغا چەك قويۇلغاندىن كېيىن سودىدىن توختاپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى ۋە سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يەنى 1945 - يىلى چۆچەككە مۇئاۋىن ۋالىي بولىدۇ. 1949 - يىلى سەيپىدىن ئەزىزىلەر بىلەن بىرلىكتە تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىگە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە

قاتنىشىدۇ. 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 1953 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1954 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. كېيىنكى ئۆمرى موسكۋادا ئۆتىدۇ. 1991 ـ يىلى ئۇ پالەچ بولۇپ قالىدۇ ۋە موسكۋادا ۋاپات بولىدۇ.

## سوپاخۇن

سوپاخۇن سوپۇر ئوغلى 1915 ـ يىلى قۇمۇل ناھىيە ئاستانە يېزىسىدا تۇغۇلىدۇ. ئۇ ياش ۋاقتىدا دادىسىدىن يېتىم قىلىپ، ئانىسىنىڭ قولىدا تەربىيىلىنىدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. كېيىن بالا ئىشچى بولۇپ باشقىلارغا يالىنىپ ئىشلەيدۇ. 1936 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاستانە يېزىسىدا تۇنجى ئېچىلغان پەننىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان خۇاڭپۇ شۆبە ھەربىي مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. 1939 ـ يىلى مەكتەپ پۈتتۈرۈپ قەشقەردىكى 6 ـ ئاتلىق دىۋىزىيە 31 ـ تۈەنگە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇ مەزگىلدە سوپاخۇن قىسىمدا پەيجاڭ، ليەنجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. كېيىن 31 ـ تۈەن تۇرپانغا يۆتكىلىدۇ ۋە 1942 ـ يىلى 31 ـ تۈەن تۇرپاندا تەرتىپكە سېلىنىپ قىسىم قىسقارتىلىپ، 6 ـ پىيادە ئەسكەرلەر يىڭىغا ئۆزگەرتىلىدۇ، سوپاخۇننىمۇ قىسقارتىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سوپاخۇن ئۇرۇمچىگە چىقىپ ئوفىتسېرلەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇيدۇ. ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە شېڭ شىچى (شېڭ شىسەينىڭ ئىنىسى) بىلەن تونۇشىدۇ. سوپاخۇن ئۇنىڭغا تۇرپاندىكى ئىككى ئۇيغۇر ليەننى شېڭ شىچىنىڭ پەۋقۇلئاددە تۈەنگە قوشۇۋېلىشنى تەكلىپ قىلىدۇ، شېڭ شىچى تەكلىپنى قوبۇل قىلىدۇ. نەتىجىدە سوپاخۇن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن پەۋقۇلئاددە تۈەننىڭ 9 — ليەنىگە ليەنجاڭ بولىدۇ. تۇرپاندىن ئېلىپ چىقىلغان

ھېسامىددىن 8 ـ لىيەنگە لىيەنجاڭ، ھاكى قۇربان مۇئاۋىن لىيەنجاڭ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1930ـ يىللاردا دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتناشقان بىر قىسىم پىشقەدەم ئوفىتسېر، جەڭچىلەر قايتا جەم بولىدۇ. 1944 ـ يىلى ئوسمان ئالتاي، مورى، گۆچۈڭ قاتارلىق جايلاردا گومىنداڭغا تەھدىت سالىدۇ. گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرلىرى 8ـ، 9ـ لىيەندىكى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى ئوسمان بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ قىسىم گۆچۈڭ، مورىلاردا ئوسماننى مەغلۇپ قىلىدۇ. خەلق سوپاخۇننى ماختىشىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ھېسامىددىن بىلەن ھاكى سوپاخۇنغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، گومىنداڭ قوماندانلىق شتابىغا «سوپاخۇن خەلق بىلەن ئەسكەرلەرنى قۇترىتىپ گومىنداڭغا قارشى قويمۇاتىدۇ» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ مەلۇمات بىلەن سوپاخۇننى تۇرمىگە قامايدۇ، بىر قىسىم خەلق ۋە ئەسكەرلەر سوپاخۇننى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوپاخۇن تۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ 9 ـ لىيەندە گومىنداڭنىڭ قىلمىشلىرى توغرىسىدا گومىنداڭغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى 8 ـ، 9 ـ لىيەننى مايتاغقا ئايروپىلان ئىستانسىنى قوغداشقا يۆتكەيدۇ.

سوپاخۇن مايتاغدا بولغان كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنقىلاب بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر قىسىم جەڭچى ـ ئوفىتسېرلەر بىلەن مەسلىھەت قىلىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشۇلۇشنى قارار قىلىدۇ. 8ـ، 9ـ لىيەندىكى ئىلغار جەڭچى، ئوفىتسېرلەر سوپاخۇننى قوللايدۇ. ھاكى قۇربان، ھېسامىددىنلار قارشى تۇرۇپ گومىنداڭغا سوپاخۇننىڭ قوزغىلاڭ قىلماقچى بولغانلىقىنى مەلۇم قىلىدۇ ۋە ئۇلار بۇيرۇققا بىنائەن سوپاخۇننى ئېتىپ تاشلاپ قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلارنى يوقاتماقچى بولىدۇ. سوپاخۇن ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىگە تاقابىل تۇرۇپ، 1945ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى 1930 ـ يىللاردىكى

دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى بولغان 125 نەپەر جەڭچى، كوماندىرنى باشلاپ، شىخو، مايتاغ، جىڭ ئەتراپىدىكى دۈشمەن بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلىپ، گومىنداڭ قىسمىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، بورتالاغا بېرىپ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن غەلىبىلىك ئۇچرىشىپ، مىللىي ئارمىيە سېپىغا قوشۇلىدۇ. سوپاخۇن 1945 - يىلى 7 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 120 نەپەر جەڭچىنى ئاساس قىلغان ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭ پارتىزانلار ئەترىتى تەشكىل قىلىپ ئاقسۇغا بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى گومىنداڭنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىگە تاكتىكىلىق ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەننى چۇچۇتۇپ ئالاقزادە قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئۈچ ۋىلايەتكە ھۇجۇم قىلىشنى تىزگىنلەپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ شىخوغا ھۇجۇم قىلىشىغا شارائىت يارىتىش ئىدى. سوپاخۇن بۇ ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلايدۇ. ئۇ ئۈچ ۋىلايەتتە بولغان مەزگىلدە پودپولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن تېكەس ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ، كۆرسەتكەن خىزمىتىگە مۇناسىپ ھالدا ئوردېن بىلەن تارتۇقلىنىدۇ.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. پولكوۋنىك سوپاخۇن شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1951 - يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايونى تەسىس قىلغان كوماندىرلار ئىدىيە ئۆزگەرتىش سىياسى كۇرسىغا قاتنىشىپ ئىدىيە ئۆزگەرتىدۇ. كېيىن، ئۇچكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە سوپاخۇنغا مۇھاپىزەتچى بولغان ئەمەت ئەيسانىڭ «سوپاخۇن بىزنىڭ رېئاكسىئون تەشكىلاتىمىزنىڭ غوللۇق ئەزاسى» دېگەن تۆھمىتىگە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە سوپاخۇن يەتتە ئاي قاماپ قويۇلىدۇ ۋە بۇ مەسىلىدىن خۇلاسە چىقىرىلماي تۇرۇپلا ئۇنىڭ

تۆەنجاڭ دەرىجىسى يىڭجاڭ دەرىجىسىگە تۆۋەنلىتىلىپ، 1955 - يىلى ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇلۇپ، قاتناش نازارىتى تاشيول ئىدارىسىغا تەقسىم قىلىنىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن سوپاخۇن ئۈستىدىكى ناھەق دىلو تەكشۈرۈلۈپ، (79) 270 - نومۇرلۇق ھۆججەت چىقىرىلىپ سوپاخۇن گۇناھسىز، دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. 1980 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى 45 - نومۇرلۇق ھۆججەت چىقىرىپ، سوپاخۇننىڭ نامىنى، مۇئاش ۋە دەرىجىسىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. 1981 - يىلى 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 158 - نومۇرلۇق ھۆججەت بىلەن سوپاخۇننى قاتناش نازارىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭدىن بۇيان سوپاخۇن تىنچ تۇرمۇش شارائىتىدا 1930 -، 1940 - يىللاردا شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن، ئۆزى قاتناشقان، ياكى كۆرگەن ھەم ئاڭلىغان ھەربىي، سىياسىي ئىشلارغا دائىر ھەرقايسى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۇقتىلىق ئەسلىمە يېزىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

## 1946 - يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى

1907 — يىلى موللا راجى، 1912 - يىلى تۆمۈر خەلىپە، 1931- يىلى خوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدا زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغان قۇمۇلنىڭ غەربىي تاغ رايونىدا، 1946 - يىلى 8 — ئايدا، سىيىت باتۇر، ئۇنانباي باتۇر، دۆلەتخان باتۇرلار باشچىلىقىدا دېھقانلار گومىنداڭنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە باستۇرۇشىغا قارشى يەنە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بۇ قوزغىلاڭنىڭ ۋاقتى ئاز، دائىرىسى ئانچە كەڭ بولمىسىمۇ ئۇنىڭ قالدۇرغان تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ.

گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم ئىمزالاپ ئۆزاق ئۆتمەي، ئوسمان ئىسلام ئۈچ ۋىلايەتتىن يۈز ئۆرۈپ گومىنداڭ تەرەپكە ئۆتىدۇ ـ دە، كونا ئادىتىنى ئىشقا سېلىپ، باركۆلگە كېلىپ خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدۇ. قۇمۇل ۋالىيسى لى لاڭشىڭ، ناھىيە ھاكىمى چىن شۇپىڭلار تاغ رايونىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش مەقسىتىدە غەربىي تاغ رايونىدا ئۆزىنى قوغداش مەقسىتىدە مىلتىق، ئوق، دورا قاتارلىقلارنى تەييارلاپ ئىككى ئەترەت تۈزۈپ، سىدىق دېگەن كىشى بىلەن نۇرغالىلارنى بۇ ئىككى ئەترەتكە باشلىق قىلىدۇ، لېكىن قوشۇن يۆتكەش، ئۇرۇش بۇيرۇق چۈشۈرۈش قاتارلىق ئىشلارغا يىزا باشلىقلىرىدىن سېيىت باتۇر بىلەن ئونانباي باتۇرلارنى مەسئۇل قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە بۇلاڭچىلار قۇمۇلنىڭ غەربىي تاغ رايونىغا كېلىپ 800 دىن ئارتۇق قوي، 50 تۆگە، 40 ئات، 80 كالىنى بۇلاپ كېتىدۇ. ئونانباي باتۇر قىسىملىرىنى يىغىپ، بۇلاڭچىلاردىن بۇلانغان ماللارنى قايتۇرۇپ كەلسە گومىنداڭ ھەربىيلىرى ماللارنى تارتىۋالىدۇ.

1946 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇمۇلدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ساڭ فامىلىلىك ئۇيغۇر، قازاق تىلى بىلىدىغان بىر پەيجاڭنى يېزىغا ئەۋەتىدۇ، ئۇ «كۆشۈتىدا يىغىن بار، ئونانباي باتۇرنى يىغىنغا چاقىرىپ كەلدىم. باتۇر سەكسەن تۆگە ئوتۇن ئېلىپ كېلىشى كېرەك» دەيدۇ. ئونانباي بۇ پەيجاڭنى كۆرۈپ گۇمانلىنىپ، ئۇنى سوراق قىلغاندا ئۇ ئەسلىدە، ئونانباي كەلسە ئېلىپ كېلىش، كەلمىسە ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەتىسى ئونانباي يۇرت خەلقىنى تەڭرىتاغنىڭ تۆمۈرتى دېگەن كەنتىگە كۆچۈشنى ئۇقتۇرىدۇ. ساڭ پەيجاڭنىمۇ بىرگە ئېلىپ ماڭىدۇ. دەل شۇ چاغدا دۆلەتخان سېيىت باتۇرغا گومىنداڭنىڭ بىر لىيەن ئادىمى ئونانباينى يولدا توسۇپ ياتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان ئونانباي ساڭ پەيجاڭنى ئېتىۋېتىدۇ. سېيىت باتۇر ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەسكىرىنى

ئونانبايغا ياردەمگە ئەۋەتىپ، ئۆزى 40 ئەسكەر بىلەن دۈشمەننىڭ يۈرتقا كىرىش ئېغىزىنى توسۇپ تۇرىدۇ. كەچ كىرگەندە كۈشۈتىدىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىدۇ. دۈشمەن چېكىنىدۇ. كېيىن قوزغىلاڭچىلارمۇ چېكىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ قۇمۇلغا ئورۇنلاشقان 178 - لۇيى كۆپ قېتىم قوزغىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقىتىش جېڭى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاتلىق تۇەننى ئىشقا سالىدۇ. ھەر قېتىملىق جەڭدە قوزغىلاڭچىلار دۈشمەنگە بوي بەرمەيدۇ. 1946 - يىلى 8- ئاينىڭ 9 - كۈنى دۆلەتخان 20 ئاتارلىق بىر ماۋزۇر، بىر دانە تاپانچە، يېتەرلىك ئوق ئېلىپ، سىيىت ۋە ئونانباي باتۇرلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ دۈشمەنگە ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى گومىنداڭنىڭ بىر ئوفىتسېرى بىر قانچە ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ كېتىۋاتقاندا قوزغىلاڭچىلار ئوفىتسېرنى ئېتىپ تاشلايدۇ. يەنە 178 - لۇينىڭ 30 دىن ئارتۇق ئەسكىرى ئولتۇرغان ماشىنىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇ كۈنلەردە گومىنداڭنىڭ قۇمۇلدىكى ساقچى باشلىقى خالىق ۋە يۇسۇپ مۆمىنلەرنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ۋە نەسىھەت قىلىشقا چىقىرىدۇ. ئۇلار قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭچىلار 300 دىن ئاشقان بولۇپ، 150 كىشىنى سىيىت باتۇر، 150 كىشىنى ئونانباي باتۇر ئېلىپ تاغنىڭ ئىككى تەرىپىگە، ئۆتۈپ دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىدۇ. يۇسۇپ مۆمىن قورايىنى ساقلاشقا قالىدۇ. بۇ ئەھۋال قۇمۇل ۋىلايىتىنى زىلزىلىگە سالىدۇ. شۇ چاغدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، بۇرھان شەھىدى، ئابدۇكېرىم ئاباس، زاكىشىن باشچىلىقىدا ۋەكىل ئەۋەتىپ، گومىنداڭ بىلەن قوزغىلاڭچىلار ئوتتۇرىسىدا ئالتە ماددىلىق سۈلھى تۈزۈپ ۋەقەنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىيىت باتۇر، ئونانباي باتۇر ۋە دۆلەتخان باتۇرلار ئىلىغا كېتىدۇ.

## سېيىت باتۇر

سېيىت باتۇر قۇمۇل كۆشۈتىلىك بولۇپ، 1915 - يىلى تۇغۇلغان. 1931 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ خوجىنىياز ھاجىنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر لىيەنىدە مۇھاپىزەتچى بولغان. خوجىنىياز ھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن. كېيىن كۆشۈتىگە يېزا باشلىقى بولغان. 1946 - يىلى 8 - ئايدا كۆشۈتە خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلغان. 1947 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىغا بارغان. ئۇ يەردە قۇمۇل باتۇرلىرى نامىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. 1950 - يىلى قۇمۇل ناھىيىسىگە ھاكىم، كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قاماقلانغان. سىياسىتى ئەمەلىيلىشىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن 1980 - يىللاردا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

## ئونانباي باتۇر

ئونانباي باتۇر قازاق، قۇمۇل غەربىي تاغدا 1919 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1930 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1939 - يىلدىن 1943 - يىلغىچە غەربىي تاغ رايونىدا مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولغان. 1944 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە يەرلىك قوراللىق قوغدىنىش ئەترىتىنىڭ دۈيجاڭى بولغان. 1946 - يىلى 8 - ئايدا يۇرت خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلغان ۋە 1946 - يىلى 12 - ئايدا غۇلجىغا بېرىپ، قۇمۇل باتۇرلىرى نامىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. 1950 - يىلى 1 - ئايدا باركۆل ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم، 1952 - يىلى 12 - ئايدا ئۈرۈمچى پاختا توقۇلما ماللار شىركىتىنىڭ جىڭلىسى، 1954 - يىلدىن

1984 - يىلىغىچە قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى خەلق ئىشلار بۆلۈم باشلىقى ۋە ۋىلايەتلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. 1955 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىدۇ. 1990 - يىللاردا قازا قىلىدۇ.

## دۆلەتخان باتۇر

دۆلەتخان باتۇر 1910 - يىلى چۆچەكتە تۇغۇلۇپ، چۆچەكتە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. 1936 - يىلى شىڭ شىسەينىڭ ھەربى مەكتىپىنىڭ مال دوختۇرلۇق بۆلۈمىدە ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قۇمۇلدا 178 - لۇي ئاتلىق تۇەن ھەربىي دوختۇرخانىدا باشقارما باشلىقى بولىدۇ. 1946 - يىلى كۆشۈتە قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، 1947 - يىلى 12 - ئايدا غۇلجىغا بارىدۇ ۋە غۇلجىدا قۇمۇل باتۇرلىرى دېگەن نام بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1953 - يىلى قۇمۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. 1990 - يىللاردا كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

## مەرغۇپ ئىسھاقوف

مەرغۇپ ئىسھاقوف سوۋېت گىرازدانى بولۇپ، 1923 - يىلى تۇغۇلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە پولك كوماندىرى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى، قوشۇمچە باش شتاب ناچالنىكى بولىدۇ. 1955 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. 1960- يىلى تەشكىلنىڭ رۇخسىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ

كېتىپ، 1991 - يىلى ئالمۇتادا ۋاپات بولىدۇ.

## فادىي ئىۋانوۋىچ لىسكىن

فادىي ئىۋانوۋىچ لىسكىن 1913 - يىلى روسىيىدە تۇغۇلىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىلىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، كەڭساي ئەرتەي قاتناش بېكىتىنىڭ ئىنژېنېرى بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە كەڭساي پاتىزانلار ئەترىتىنى تەشكىللەپ، تەلكە ئېغىزىدا دۈشمەننى توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىدۇ. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مىللىي ئارمىيە كەڭساي ئاتلىق پولك كوماندىرى، برىگادا كوماندىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1949 - يىلى 8 - ئايدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى ئىسھاقبېك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا ماڭغاندا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت باش قوماندانى بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - كورپۇسىنىڭ كوماندىرى، ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ باش قوماندانى بولىدۇ. 1953 — يىلى 7 - ئايدا تەشكىلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، 1970- يىلى ئالمۇتىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

## مۇگونتوف

مۇگونتوف 1899 - يىلى روسىيىدە تۇغۇلۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىلىغا كۆچۈپ كېلىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، لوسگۇڭ پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ كوماندىرى بولۇپ، چىلپەنزە، سۈيدۈڭ ناھىيىلىرىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا

قوماندانلىق قىلىدۇ. برىگادا كوماندىرى، پولك كوماندىرى بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن غۇلجا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولىدۇ. 1955 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىدۇ.

## ۋارشانوف مىخايلوۋىچ ماژاروۋ

ۋارشانوف مىخايلوۋىچ ماژاروۋ 1887 - يىلى روسىيىدە تۇغۇلۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىلىغا كېلىپ ماكانلىشىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە مىللىي ئارمىيىنىڭ باش شتاب ناچالنىكى بولىدۇ. 1951 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ.

## فالىنوف

ئىۋان ياكوۋلىۋىچ فالىنوف ئەسلىدە ئاق گۋاردىيىچىلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرى بولۇپ، شەرق ئىشلىرىنى پىششىق بىلىدىغان ھەربىي مۇتەخەسسىس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1933 - يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى «12 ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» گە قاتناشقان. شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، فالىنوف ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ گېنېرال مايور دەرىجىلىك ھەربىي مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ھەربىي مەكتەپنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيە مەسئۇلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1938- يىلى تەكلىپ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدۇ ۋە 1942 ـ، 1943- يىللىرى ئەنجان، ئوش ئەتراپىدا شىنجاڭلىق مۇھاجىر ئۇيغۇر ياشلار ۋە بىر قىسىم يەرلىك ئۆزبېك ياشلىرىدىن 200 دەك ئەسكەر ئېلىپ، ھەربىي مەشىق قىلدۇرىدۇ. شۇ يىللاردا تاشقورغان تاغلىرىدا ھەربىي رازۋېدكا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1943- يىلى ئىسھاقبېك سوۋېتكە قېچىپ بارغاندىن

كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئىككى چوڭ ئەترەت قۇرۇپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزىدۇ. شۇ كۈنلەردە فالىنوف موسكۋاغا چاقىرتىلىدۇ. كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىلىغا كېلىپ، ئىلىدا كۆتۈرۈلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىدۇ ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. شۇ كۈنلەردە ھەرەمباغ، شىخۇ، چۆچەكلەرنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىدۇ. 1945 - يىلى 7 - ئايدا قاراخان نامى بىلەن تاشقورغانغا كېلىپ، 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 — 16 — كۈنلىرى قوزغالغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ تاشقورغاننى بازا قىلغان گومىنداڭغا قارشى قوزغىلىڭىغا قوماندانلىق قىلىدۇ. فالىنوف - قاراخان ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز تىللىرىنى راۋان سۆزلەيتتى.

## ئوسمانجان ناسىروف

ئوسمانجان ناسىروف 1930 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ، 1938 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك 5 - مەكتەپ (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ) تە ئوقۇيدۇ. 1946 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىدۇ. 1949 - يىلى 8 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلىدۇ.

## غېنى كېرىموف

غېنى كېرىموف 1922 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈچ دەرۋازا مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ، 1931 - يىلىدىن 1936 - يىلىغىچە ئۇمىد مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1941 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە بۇ مەكتەپتە

ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. 1944 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشتى. 1949 - يىلى 8 - ئايدا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلىدۇ.

## ئابدۇرېشىت ئىمىنوف

ئابدۇرېشىت ئىمىنوف 1922 - يىلى 9 - ئايدا چاپچال ناھىيىسىنىڭ خۇنۇقاي يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1930 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە ئۆز يېزىسىدا، 1935 - يىلدىن 1938- يىلغىچە خەنزۇچە تەييارلىق سىنىپتا، 1939 - يىلدىن 1941- يىلغىچە ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ خەنزۇ تىل سىنىپىدا ئوقۇيدۇ. ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت مەتبۇئاتلىرىدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مۇخبىر، تەھرىر، تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1949 - يىلى 8 - ئايدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رەھبەرلىرى بىلەن بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قازا قىلىدۇ.

ئابدۇرېشىت ئىمىنوف ھايات ۋاقتىدا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قىسىم شېئىر، ھېكايىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغانىدى.

## رىزۋانگۈل

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى، شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل، 1925 - يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستى چىلەك رايونىدا تىرە - يۇڭ تىجارىتى ۋە پرىيومچىلىك قىلىدىغان ھاشىم ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. 1932 - يىلى رىزۋانگۈل يەتتە ياش ۋاقتىدا ئائىلىسى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، پۇشايمان

مەھەللىسىگە ئورۇنلىشىدۇ. 1934 - يىلىدىن باشلاپ غۇلجا شەھىرىدىكى شەرق مەكتەپ ۋە ئۇمىد مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. 1940 - يىلى ئۇرۇمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپ بوغالتىرلىق كەسپى سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ. 1943 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ، ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىغا ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ.

رىزۋانگۈل مەرىپەتپەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر ئائىلىدە چوڭ بولغاچقا، ئائىلىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىنىڭ تەربىيىسىدە كىچىكىدىن تارتىپلا تىرىشچان، ئۆتكۈر پىكىرلىك، كەم سۆز، لېكىن دېگىنىنى قىلىدىغان، خورلۇق ۋە ئادالەتسىزلىككە چىداپ تۇرالمايدىغان قەيسەر قىز بولۇپ يېتىلىدۇ.

رىزۋانگۈل پوچتا ئىدارىسىدە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىدۇ. ئىنقىلاب باشلىنىپ ئالتىنچى كۈنىلا رىزۋانگۈل بىر قانچە دوستلىرى بىللە پىدائىي بولۇپ جەڭگە قاتنىشىدۇ، قىسىمنىڭ شەپقەت ھەمشىرى بولۇپ، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان دۈشمەن ئوقلىرى ئارىسىدا قەھرىمانلارچە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يارىدار جەڭچىلەرگە شەپقەت يەتكۈزىدۇ. نۇرغۇن يارىدار بولغان كوماندىر - جەڭچىلەرنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدۇ. ئۇ جەڭلەردىكى ئاجايىپ جاسارىتى ۋە يارىدار جەڭچىلەرگە بولغان كۆيۈمچانلىقى بىلەن كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ شەپقەتلىك، ئەڭ مېھرىبان ھەمشىرىگە ئايلىنىدۇ.

رىزۋانگۈل 1945 - يىلى 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بولغان ھەرەمباغ — لەڭشاڭ ئەتراپىدىكى شىددەتلىك جەڭدە ۋاژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوقلار ئارىسىدا يارىدار جەڭچىلىرىمىزنى قۇتقۇزۇۋاتقاندا بېشىغا ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. ئۇ قۇربان بولغان چاغدا ئەمدىلا 20 ياشقا قەدەم قويغان ئىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى كىشىلەرنى بەكمۇ ئېچىندۇردى. نۇرغۇن كىشىلەر قېرىنداشلىق مېھرىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى ئاققۇزدى. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق

ئىش ـ ئىزلىرى ۋەتەن، خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرى ئۈچۈن ئۈلگە ياراتتى. جەڭ مەيدانلىرىدا «رىزۋانگۈل ئۈچۈن ئالغا»، «ۋەتەن ئۈچۈن ئالغا» دېگەن شوئار ياڭرىدى.

ئۇنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان شېئىر ـ داستانلار، ھېكايە، ئوچېركلار، ناخشا، سىمفونىيىلەر ئىشلەندى. ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ ئۇنى ئۇلۇغلاپ يازغان «شەپقەت ھەمشىرىسى» دېگەن ئوچېركى ئوقۇش كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ مىلىيونلىغان ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان دەرسلىكىگە ئايلاندى. قازاقىستاندىكى مەشھۇر كومپوزىتور قۇددۇس غوجامىياروف بىلەن ئاتاقلىق شائىر قادىر ھەسەنوف بىرلىكتە ئىشلىگەن «ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل» دېگەن ناخشا كىشىلەر سۆيۈپ ئېيتىدىغان ناخشىغا ئايلاندى. قۇددۇس غوجامىياروف يەنە «رىزۋانگۈل» ناملىق سىمفونىيىمۇ ئىشلىدى.

## قەشقەردىكى بەش ئەزىمەت

شىڭ شىسەي ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال تەشكىلىي شىنجاڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ياراملىق خادىملارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىدۇ ۋە يەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. بىز مەزكۇر ماقالىدە ئېغىزغا ئالغان مۆمىن ھەمرايوف (ئالىم ئابدۇللا)، بارات مۇھەممىدى، ئابدۇشۇكۇر روزى باقىيوف، نىزامىدىن سالىيوف، ئىلگىرەك كەلگەن قاسىمجان قەمبىرى قاتارلىق كىشىلەر 1930ـ يىللاردا شىنجاڭغا كىرىپ، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا خىزمەت ئىشلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىم ئابدۇللا (ئەسلىي ئىسمى مۆمىن ھەمرايوف) 1937 ـ يىلى كۆپلىگەن ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە

شىنجاڭغا كىرىپ، خىزمەت ئىشلىگەنلەرنىڭ بىرى.
مۆمىن ھەمرايوف 1908 ـ يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر رايونىنىڭ نارىن يېزىسىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىدە تۇغۇلۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە باشلانغۇچ مەكتەپنى ئالمۇتادا ئوقۇيدۇ. 1927 ـ يىلى تاشكەنتتىكى ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش تېخنىكومىنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، سۇرخەن دەريا ئوبلاستىدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، كېيىن تاشكەنتتە ئۇيغۇرچە گېزىتكە مۇخبىر بولىدۇ. شۇ يىللاردا «ئېغىر كۈنلەردە»، «مەيداندىن ئاۋاز» قاتارلىق پوۋېستلار ۋە بىر قاتار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىدۇ. 1934 ـ يىلى ئېلان قىلغان «دولقۇنلار ئارىسىدا» ناملىق رومانى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلىدۇ. 1936 ـ يىلى ئۆزبېكىستاندا يۈز بەرگەن چوڭ تۇتقۇندا قولغا ئېلىنىدۇ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ. 1937 ـ يىلى تاشكەنتتە قۇرۇلغان چەت ئەل مۇھاجىرلار كومىتېتى مۆمىن ھەمرايوفنى ئالىم ئابدۇللا نامى بىلەن تاشقورغان ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگۈزىدۇ. ئۇ سەپداشلىرى بىلەن يەركەنگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەي سېزىلىپ قىلىپ يەركەندە قولغا ئېلىنىدۇ. بىر يىلدەك تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدۇ. 1939 ـ يىلىدىن باشلاپ ئالىم ئابدۇللا قەشقەردە ئەسلىدىكى «يېڭى ھايات گېزىتى» (كېيىن «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن) دە تەھرىر بولۇپ، ئىشلەيدۇ. بۇ يىللاردا ئالىم ئابدۇللا «ئۇستا ئالىم»، «دولانى»، دېگەن تەخەللۇسلاردا شېئىر، ماقالىلار ئېلان قىلىدۇ. 1942 ـ يىلى ئالىم ئابدۇللا تاشكەنتتە بىللە ئوقۇغان، شىنجاڭ خىزمىتىدە بىرگە بولغان 140 نەچچە ساۋاقداش، بۇرادەرلىرى بىلەن بىر ۋاقىتتا قولغا ئېلىنىپ، يەركەندە تۈرمىگە قامىلىدۇ. 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا 140 نەچچە كىشىدىن ھايات قالغان ئالىم ئابدۇللا، نىزامىدىن سالىيوف، بارات مۇھەممىدى، ئەكرەش ھاجى (ئۆزبېك)، تىلەۋباي (قىرغىز)،

مــــرزا مــەخمۇت قاتارلىق 14 كىشى يەركەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كېپىللىك قىلىشى بىلەن قويۇپ بېرىلــىدۇ. كېيىن ئۇلار يوشۇرۇن ھالدا قەشقەرگە كېتىپ، تــاشقورغاننى بازا قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ قوراللىق كۆرىشىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ تەركىبىدە يەر ئاستى خىزمەت ئىشلەيدۇ. تىلەۋباي ئوپال تاشمىلىق تەرەپلەردە پارتىزان تــەشــكىللەش ۋە قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىش ئىشىنى ئــىشــلــەيدۇ. نىزامىدىن ساليوف دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا تەشكىللەش، نامايىش ئــۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. بارات مۇھەممىدى ئاشخانىلاردا تاماق توشۇغۇچى، نان ساتقۇچى بولۇپ تۇرۇپ، يەر ئــاســتــى خىزمەت ئىشلەيدۇ. ئالىم ئابدۇللا ئىلگىرى ئىشلىگەن «قەشقەر شىنجاڭ» گېزىتىگە تەھرىر بولۇپ ئورۇنلىشىدۇ. بىتىم مــەزگــىلــىــدە «قــەشقەر شىنجاڭ» گېزىتىنى «ئاڭ» گېزىتىگە ئۆزگەرتىپ، ئالىم ئابدۇللا گېزىتخانا باشلىقى ۋە باش مۇھەررىر بولىدۇ. 1946 ـ يىلى 10 ـ ئايدا خەلقچىل سايلام باشلىنىپ، جاڭ جىجۇڭ ۋە قەشقەرگە كەلگەن مەزگىلدە، بىز بەش ئەزنىمەت دەپ ئاتىغان نىزامىدىن ساليوف، ئالىم ئابدۇللا، بارات مۇھەممىدى، قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدىلار جاي ـ جايلاردىكى ئىلغار كــىــشــىــلــەرنــى ئــۇيــۇشــتــۇرۇپ، گــومــىنداڭغا قارشى نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، گومىنداڭنى 11 بىتىمنى ئىجرا قىلىشقا قىستاشقا تەلەپ قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. شۇ كۈنلەردە بۇ بەش كىشى قەشقەردە «خئىپ» (خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى) نــى قــۇرىــدۇ. هــەر قايسى مەكتەپ ۋە ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىدا شــاپــىــگــراف بــىلەن گېزىت، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىپ تارقىتىپ، گومىنداڭغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قــەشــقەردە 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنى بۇزۇپ، ئىلغارلارنى

تۇتقۇن قىلىندۇ. بۇ تۇتقۇن قىلىشنىڭ نىشانى يوقىرىدا ئېيتىلغان بەش ئەزىمەت بولۇپ، ئۇلار قولغا ئېلىنىپ، قەشقەر يېڭىشەھەر تۈرمىسىگە قامىلىدۇ. 1949- يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تۈرمىدىن بوشايدۇ. شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۆلكە رەئىسى بۇرهان شەھىدى قاسىمجان قەمبىرى، ئالىم ئابدۇللا، بارات مۇھەممىدى، نىزامىدىن سالىيوف، ئابلىز مۇھەممىدىلەرگە تېلېگرامما يوللاپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە چاقىرىدۇ. 6- ئاينىڭ 22- كۈنى بۇلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئالىم ئابدۇللا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەپتىشى، بارات مۇھەممىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئابلىز مۇھەممىدى ئۆلكىلىك بانكا باشلىقى، قاسىمجان قەمبىرى ئۆلكىلىك مەركىزي ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشما رەئىسى، نىزامىدىن سالىيوف شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كېلىپلا ئۈرۈمچىدە «ھەقىقەت گېزىتى» تەسىس قىلىپ، گېزىت ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ مەغلۇبىيىتى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ. 1950 — يىلى ئالىم ئابدۇللا قاراماي نېفىت باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 1951 - يىلى ئۆلكىلىك كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك كادىرلار كۇرسىدا ئوقۇيدۇ. كېيىن مەدەنىيەت نازارىتىگە مۇئاۋىن نازىر بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي، 1955 - يىلى 5 - ئايداقۇربان ھېيتىنىڭ ھارپا كۈنى ئاخشامدا تۇرپانغا كېتىۋېتىپ، سەيئوپودا ماشىنا ئاغدۇرۇلۇپ ۋاپات بولىدۇ. نىزامىدىن سالىيوف، بارات مۇھەممىدىلار ئۆز ۋەتىنىگە قايتىدۇ. قالغان ئىككى كىشى شىنجاڭدا ۋاپات بولىدۇ.

## هاشىم خوجاڭ

هاشىم خوجاڭ سودا - تىجارەتكە پىششىق، خوش چاقچاق، قولى ئوچۇق كىشى بولۇپ، 1907 - يىلى قاغىلىقنىڭ سايباغ

يېزىسىدا تۇغۇلىدۇ. ئۇ 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابىغا قاتنىشىدۇ. قاغىلىق ناھىيىسىدىكى قاسىم بەگ ئىسىملىك تەشكىلاتچى كىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۇردى قارىي بەگ، ئىسھاقجان ۋە بىر بۆلۈم دىنىي زاتلارنى يىغىپ، تەشكىلاتنى كۈچەيتىدۇ. قوزغىلاڭچىلار بىلەن مەخپىي ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. قوزغىلاڭچىلار 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاغىلىقنى ئىشغال قىلغاندا، ھاشىم خۇيجاڭ ئۆز ئەزالىرى بىلەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قاغىلىقنى ئېلىشىغا زور ياردەمدە بولىدۇ. كېيىن قاغىلىقتا قۇرۇلغان ئۇيغۇر پولكىغا باشلىق (پولكوۋنىك) بولىدۇ. بىتىم مەزگىلىدە سايلام خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. كېيىن بۇرھان شەھىدى ھاشىم خۇيجاڭنى ئېلىپ قەشقەرگە ئاپىرىپ، قەشقەردە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يېنىدا پاناھلىنىشقا قالدۇرۇپ قويىدۇ. گومىنداڭ تۇتماقچى بولغاندا، قەلەندەرچە ياسىنىپ، قاغىلىق سايىباغدىكى ئۆيدە ئۈچ ئايدەك يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. 1947- يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بۇرۇن ھاشىم خۇيجاڭغا كاتىپ بولغان ھېزىم ئىسلام دېگەن كىشى ئۇنى ئۇچرىتىپ قىلىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە مەلۇمات بەرگەچكە قولغا ئېلىنىدۇ. تۈرمىدە تۇردى قارىي بەگ بىلەن بىرگە زەھەرلىك ئوكۇل بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ھاشىم خۇيجاڭ 45 يىلدىن ئارتۇق سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە رەئىس بولغاچقا، ھاشىم خۇيجاڭ دەپ ئاتالغان.

## ئەنجانباي

ئەنجانباي 1906 - يىلى ئەنجاندا تۇغۇلۇپ، يەتتە ياشقا كىرگەندە، تاشكەنت 10 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1918- يىلى 5 - سىنىپنى پۈتتۈرۈپ، 1919 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىدۇ ۋە 1920 - يىلدىن 1923-

يىلىغىچە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. شۇ مەزگىلدە تاھىر، زاھىر دېگەن ئىككى ئاكا ـ ئۇكا قىرغىز بىلەن دوست بولۇپ، ئۇلاردىن قارىغا ئېتىش، ئات ئۇستى ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۇستا مەرگەن بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۆچىيىشى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىشى نەتىجىسىدە، ئۆمەر داموللا ئەسكەر ئالىدۇ. ئەنجانباي ئۆمەر داموللىغا فوگوەن بولۇپ ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئوپال، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق، يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. بىراق، ئۇزاققا قالماي ئەسكەرلەر تارقىتىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنجانباي ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1939 ـ يىلى ئەنجانباي ئەمەت بۆرى دېگەن بەگنىڭ ئوغلى خەلپەت بىلەن بولغان جەڭگى ـ جېدەلدە قولغا ئېلىنىپ، 1945 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جىنايەتچىلەرگە چوڭ كەچۈرۈم قىلغاندا، قويۇپ بېرىلىدۇ. 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى (دۈشەنبە) تاشقورغان قوزغىلاڭچىلىرى ئوپالغا كېلىدۇ. يۈسۈپجان، ئەينىدىن، جامالىدىن قاتارلىقلارنىڭ ئەسكەرلىككە كىشى قوبۇل قىلىش تەشۋىقاتى نەتىجىسىدە، ئەنجانباي ئەسكەرلىككە يېزىلىدۇ. شۇ كۈنى ئەنجانباينىڭ ئىنىسى قادىرخان، سىڭلىسىنىڭ ئوغلى ئېزىز، شۇنداقلا ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى بولۇپ يەتمىش نەچچە ئادەممۇ ئەسكەرلىككە يېزىلىدۇ.

1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئەنجانباي گومىنداڭغا قارشى تۇنجى جەڭنى باشلايدۇ ۋە ئوپال يېزىلىرىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. گومىنداڭ تەرەپ 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چەش تاغقا يو تۇەنجاڭ باشچىلىقىدا 700 ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەنجانباي ئون ئەسكىرى بىلەن كېچىدە چەش تاغقا ھۇجۇم قىلىپ، چەش تاغدىكى گومىنداڭنى پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ، ھەتتا ئوپال تاشمىلىق بېگى ئەمەت بەگ بېقىۋاتقان 70 مەرگەنمۇ تۇگىشىدۇ. شۇ چاغدا قوماندانلىق ئەنجانبايغا پولك قورۇش ئىجازىتى بىلەن

پودپولكوۋنىڭ ئۇنۋانى بېرىدۇ.

بۇ كۈنلەردە تاشقورغان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قوماندانلىق باش شتابى قىسىملارغا «تاغ رايونىنى ساقلاش، شەھەرگە ھۇجۇم قىلماسلىق بۇيرۇقى كۈتۈش» توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىدۇ. جۈملىدىن ئويتاغ لىنىيىسىدىكى قىسىملارمۇ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ يىللاردا ئەنجانباينىڭ قول ئاستىدا 70 دىن ئارتۇق قورallىق، 40 دەك قورالسىز كىشىلەر بار ئىدى.

زەيدىن ئەسلىدە ئەمەت بەگنىڭ ئادىمى بولۇپ، ئەنجانباينىڭ قىسىمىغا سوقۇنۇپ كىرىش ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ كېلىدۇ ۋە يالغان خەۋەر بېرىپ، ئوپال لەڭزىدە گومىنداڭ قىسىمىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنگەن ئەنجانباي يارامىلىق دېگەن 30 ئادەم بىلەن ئوپال لەڭزىگە (گومىنداڭ شتابىغا) قاراپ ماڭىدۇ. يولدا بۆكتۈرمە قىلىنغان گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قىسىمىدىن ئايرىلىدۇ، ئۆزىمۇ قۇربان بولىدۇ. گومىنداڭ جاللاتلىرى ئەنجانباينىڭ بېشىنى كېسىپ سازايى قىلىدۇ. كېيىن ئەنجانباينىڭ سىڭلىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بېشىنى ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلىدۇ. ئەنجان باي ۋاپات بولغاندىن كېيىن گومىنداڭچىلار ئۇنىڭ قالغان ئەسكەرلىرىنى قىرىپ تاشلايدۇ.

## ھەسەنبەگ

ھەسەنبەگ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بەشكەنت تاغ يېزىسىنىڭ چۆپ كەنتىدە نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىكىدىلا ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ يېتىم قالىدۇ. باللىق دەۋرىنى چۆپتىكى تاغىسىنىڭ ئائىلىسىدە ئۆتكۈزىدۇ. 15 ياشقا كىرگەندە كۈن ئېلىش ئۈچۈن يەركەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇرۇمسال ئارقىلىق تاشقورغانغا بېرىپ، شۇ جايدىكى ئەمەلدار ۋە چارۋىدارلارنىڭ ئات، كالىلىرىنى بېقىپ جان باقىدۇ. ئۇ

تـاشقورغاندا يۇرگەن چاغلىرىدا تاشقورغان ھاكىمىنىڭ ئاتلىرىنى باقاچ باللىرىغا قاراپ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىدۇ. كېيىنچە شۇ جايدىكى يەرلىك چېگرا ساقلاش ئەترىتىدە چېگرا ساقلىغۇچى ئەسكەر بولىدۇ. ئۇ ياشلىق دەۋرىدە تاشقورغان ئارقىلىق چېگرادىن ئۆتۈپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە، ئوش، ئەنجان ۋە تاشكەنت قاتارلىق جايلىرىدا 15 يىلدىن ئارتۇق مۇساپىر بولۇپ يۈرىدۇ. شۇ مەزگىللەردە ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە 1940 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭغا قارشى يەر ئاستى خىزمەت ئىشلەيدۇ.

ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەينى يىللىرى تاشقورغان چېگرا قوغداش ئەترىتىدە بىللە ئىشلىگەن تاجىك دوستى، 40- يىللاردىكى گومىنداڭ قاغىلىق ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى بوز يىگىت (بوز توختى) نىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە ياردىمى بىلەن بەشكەنت تاغ بەگلىكىنىڭ بېگى بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭغا ياخشى پۇرسەت بولۇپ، مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىلىدۇ. 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قاغىلىقتا قۇددۇسخان غوجا، ئابلەت خېلىلوف قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئىشىغا رەھبەرلىك قىلىش يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ كونكرېتنى پىلانلىرىنى تۈزۈشكە قاتنىشىدۇ ھەم بەشكەنت تاغدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاشقورغاندا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ھەسەنبەگ ئۆز يېرىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى تېخىمۇ تېزلىتىدۇ. لېكىن، ھەسەن بەگنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىۋاتقان ئىش — ھەرىكەتلىرى يەرلىك

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مەلۇم قىلىشى بىلەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا يېتىدۇ، ئۇلار ھەسەنبەگ قاتارلىقلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەسەنبەگ قاتارلىقلار دەسلەپتە تەشكىللەنگەن 60 تىن ئارتۇق ئادەمنى باشلاپ يەركەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ تاشقورغانغا كېتىدۇ. ھەسەنبەگ تاشقورغاندا تۇرغان بىر ئاي جەريانىدا ئۆزى ئېلىپ بارغان ياشلارغا مىلتىق ئېتىش، قول بومبىسى تاشلاش، پارتلىتىش قاتارلىق ئاددىي ھەربىي ساۋاتلارنى ئۆگىتىدۇ. كېيىن (1945 - يىلى 11 - ئايدا) تاشقورغانقوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئىسكادرون كوماندىرلىرىدىن بايىك، گۆھەر قاتارلىقلار بىلەن 60 تىن ئارتۇق پارتىزاننى باشلاپ چۆپكە كېلىپ، بىر پەي گومىنداڭ ئەسكىرىنى تولۇق يوقىتىپ، قورال - ياراغلىرىنى غەنىيمەت ئالىدۇ ۋە گومىنداڭنىڭ مازادار، كۆدە دېگەن جايدىكى چېگرا ساقلىغۇچى قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا 2 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار بەشكەنت تاغ تەۋەسىدىن 300 دىن ئارتۇق كىشى قوشۇنغا قاتنىشىدۇ. ھەسەنبەگ ئەينى ۋاقىتلاردا تاشقورغاندىكى قوماندانلىق شتابىغا 300 تۇياق كالا - قوتاز، 100 تۇياق خىللانغان ئات ۋە 200 تۇياقتىن ئارتۇق قوي يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

1946 - يىلى 3 - ئايدا ھەسەنبەگ مىللىي قىسىم قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، بەشكەنت تاغدىكى 300 جەڭچىدىن 150 نى كوماندىر گۆھەر، تۇرسۇنبەگ، پازىل موللا باشچىلىقىدا بەشكەنت تاغدىكى ئىستراتېگىيىلىك جايلارنى قوغداشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى 150 جەڭچىنى باشلاپ يەركەننىڭ قوشراپ، كاچۇڭ دېگەن يېرىدىكى چوڭ قوشۇنغا قاتنىشىدۇ. كاچۇڭ، قوشراپلارنى قوغداش ئۇرۇشىدا خىزمەت كۆرسىتىپ، «باتۇر تاغ ئەسكەرلىرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولىدۇ. 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىپ قوشۇن تارقىتىلغانغا قەدەر بەشكەنت تاغنى بىر يىل ئىشغال قىلىپ تۇرىدۇ. 1946 - يىلى 7 - ئايدا بىتىمنىڭ روھى بويىچە قوشۇنلارنى

تارقىتىش پەرمانى يېتىپ كەلگەندە، بۇيرۇق بويىچە بەشكەنت تاغقا قايتىپ كېلىپ، ئۇ جايدىكى 150 جەڭچىنى قولۇئاغۇنىڭ زات دېگەن يېرىگە يىغىپ قورالسىزلاندۇرۇپ تارقىتىۋېتىدۇ. قوراللارنى تاشقورغان ئارقىلىق چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كېلىدۇ.

ھەسەنبەگ خەنزۇچە، رۇسچە، تاجىكچە تىللارنى ياخشى بىلىدىغان، تەشكىللەش قابىلىيىتى يۇقىرى، ئۇرۇشتا باتۇر ئادەم بولۇپ، تاشقورغان ئىنقىلابىي قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سەركەردىلىرىدىن بىرى ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى تاشقورغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئۇنى چېگرا ساقلاش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەنىدى.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ بەشكەنت تاغقا 300 دىن ئارتۇق ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئىنقىلابقا قاتناشقانلارنى بىر - بىرلەپ تۇتقۇن قىلىدۇ. ھەسەنبەگمۇ تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭ سادىق ياردەمچىسى ياقۇپ دېگەن ياشنى كۆز ئالدىدا ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ، 12 ياشلىق ئوغلى قادىرنى كۆزىگە كۆرسىتىپ قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ. ھەسەنبەگنىڭ پۈتۈن ئۆي - جاي، چارۋا، مال - مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. ۋەھشىي گومىنداڭ ئارمىيىسى ھەسەنبەگ، تۇرسۇنبەگ، ھېكىم روزى قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق ياشلارنى باغلاپ بىر - بىرىگە چېتىپ ئۇرۇپ قىيناپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ناھىيە بازىرىدىكى تۈرمىگە قامايدۇ، ھەسەنبەگ قاتارلىقلار گومىنداڭنىڭ 4 - بىرگادا 2 - پولك 7 - باتالىيوننىڭ تۈرمىسىگە تاشلىنىدۇ، 1949 - يىلى 2 - ئايدا ناھىيىلىك قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. ھەسەنبەگ شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ تۈرمىسىدە ئۈچ يىل يېتىپ، ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۈرمۈشنى باشتىن كەچۈرىدۇ. دۆلەت ئازاد بولۇپ، ئازادلىق ئارمىيە قاغىلىقتا يېتىپ بارغاندىلا قۇياش نۇرىنى كۆرىدۇ.

## تۇردى قارىي بەگ

تۇردى قارىي بەگ 1910 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ تاتا يېزىسى (يەركەن ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى قاراسۇ يېزىسى) دا تۇغۇلدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە قارىيلىقتا ئوقۇپ، دىنىي ئىلىمدە يېتىلىپ، ئەل - يۇرتقا تونۇلدۇ. كېيىن يۇرت ئاقساقىلى ئەمەت بەگكە كاتىپ بولىدۇ. 1936 - يىلى ئەمەت بەگ بىلەن قاغىلىق ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ كېلىدۇ ۋە شۇ يەردە توي قىلىدۇ. 1936- يىلىدىن 1938 - يىلىغىچە كۆكيارلىق قۇربان قارىي ئاخۇنۇمنىڭ ھۇزۇرىدا داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. شۇ دەۋرلەردە قاغىلىق ناھىيىسى شا قومۇش، شاڭ قومۇش دەپ ئىككى چوڭ بەگلىككە بۆلۈنەتتى. تۇردى قارىي بەگ شا قومۇش دېگەن يەرگە بەگ بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تۇردى قارىي بەگ دەپ ئاتىلىدۇ.

تۇردى قارىي بەگ ھاشىم ئاخۇن خۇيجاڭ، ئىسھاقجان مۇھەممىدى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە 1945 - يىلى 8 - ئايدا تاشقورغاننى بازا قىلىپ قوزغالغان جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ گومىنداڭغا قارشى تەشكىلاتتىكىلەر بىلەن مەخپىي ئالاقىلىشىدۇ. قوزغىلاڭچىلار يېڭىساردىن ئېشىپ قاغىلىققا كەلگەندە، قاغىلىقنىڭ يەر شارائىتى، گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇلارغا ماتېرىيال بېرىپ، قاغىلىقنىڭ ئىشغال قىلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. نەتىجىدە 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى كېچىدىن 1946- يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئون سائەت ئەتراپىدا جەڭ قىلىپ، قوزغىلاڭچىلار قاغىلىقنى ئازاد قىلىدۇ. قاغىلىق ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن قاغىلىقتىن ئەسكەر ئېلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئېلىنغان ئەسكەرلەرگە ھاشىم ئاخۇن خۇيجاڭ باشلىق،

تۇردى قارىي بەگ مۇئاۋىن باشلىق، ئىسھاقجان قىسىم دوختۇرى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. كېيىن ئۇزاق ۋاقىت ھەربىي سەپتە بولغان ناسىر ئاخۇن دېگەن كىشى ھاشىم ئاخۇن پولكىدا مۇئاۋىن پولك نامىدا ئۇرۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. 1946 - يىلى 1- ئاينىڭ 3 - كۈنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ بىر قىسمى پوسكامغا ھوجۇم قىلىپ كېتىدۇ. تۇردى قارىي بەگ ھاشىم ئاخۇن خۇيجاڭلار قاغىلىقتا قېلىپ، تەشۋىقات، تەشكىلات ئىشلىرىنى ئىشلەيدۇ. شۇ قېتىم قاغىلىقتىن 4000 گە يېقىن ئەسكەر قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ 200 گە قورال تارقىتىپ بېرىلىدۇ. قالغانلىرىغا قورال يېتىشمەي، چوماق ياساپ، چوماق بىلەن جەڭدىي ھازىرلىق ئۇستىدە تۇرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي خوتەن گومىڭدىكى گومىنداڭچىلار قاغىلىققا ھۇجۇم قىلغاندا قاغىلىقتىكى قوشۇن چېكىنىدۇ. بۇ كۈنلەردە تۇردى قارىي بەگ، ئىسھاقجان قاتارلىقلار يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ، بەزىلىرى قوشۇنغا ئارىلىشىدۇ. 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تۈزگەن 11 بىتىم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلغارلار دەپ قارىغان 500 دىن ئارتۇق كىشىنى تۇتقۇن قىلىدۇ. (گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىپتارغا دېگەن باھانە بىلەن ياشلارنى چاقىرىپ، يۇقىرىقىلارنى قولغا ئالىدۇ.) ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھاشىم ئاخۇن خۇيجاڭ، تۇردى قارىي بەگ، ئىسھاقجان مۇھەممىدى، دوختۇر ئابدۇغوپۇر قاتارلىقلارنى ئايرىم ئۆيگە قامايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا ئىسھاقجان، ئابدۇغوپۇرلار دوختۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى باشقا يەرگە يۆتكەيدۇ. 1948- يىلى 9 - ئايلار مۆلچەرىدە تۇردى قارىي بەگ، ھاشىم خۇيجاڭلارنى زەھەرلىك ئوكۇل بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جەستىنى ناھىيە بازىرىدىكى قەبرىستانلىققا قويۇشقىمۇ رۇخسەت قىلماي، ھازىرقى چارباغ يېزىسىغا دەپنە قىلىدۇ.

## ئەنۋەر خانبابا

ئەنۋەر خانبابا (ئۆزبېك) 1918 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھرىدە تۇغۇلدۇ. بالا ۋاقتىدا دادىسى رەخمىسى بابا ۋاپات بولدۇ. 1927 - يىلى بوۋىسى بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تۇرسۇن بابانىڭ تەربىيىسىدە بولدۇ. ئۇ ئۈرۈمچى گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1935 - يىلى ئەسئەت ئىسھاقوۋ، ئۇيغۇر سايرانى، نۇسرەت شەھىدى قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن موسكۋاغا ئوقۇشقا باردۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە قايتىپ، 1944 - يىلى 12 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىدۇ. 1949 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدۇ. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مائارىپ نازارىتىدە بۆلۈم باشلىقى، ئىلى ۋىلايىتى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ۋە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى

بولىدۇ. ئۇ 1988 - يىلى پېنسىيىگە چىقىدۇ.

## سىدىق مۇسايوف

سىدىق مۇسايوف 1914 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلىدۇ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، موللا خەلپەتتە ئوقۇيدۇ، كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ 30 - يىللاردىكى يېڭى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشىدۇ. 1946 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تىنچلىق بىتىمى تۈزگەندە، بىتىمغا جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەكىلى بولۇپ قاتنىشىدۇ. شۇ يىلى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بولىدۇ. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن غۇلجىغا كېتىپ، توققۇزتاراغا ھاكىم بولىدۇ. 1950- يىلى 2 - ئايدا كومپارتىيىگە ئەزا بولغاندىن كېيىن قەشقەر يېڭىشەھەر، توققۇزاق ناھىيىلىرىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، قەشقەر ھەربىي ئىدارە قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، يەركەن ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئەدلىيە ۋە خەلق ئىشلار نازىرى، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق 2 -، 3 -، 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. 2000 - يىلى 86 يېشىدا ئۆرۈمچىدە ۋاپات بولىدۇ.

## داشجاپ

داشجاپ (موڭغۇل) دۆربىلجىن ناھىيىسىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە 1912 - يىلى 3 - ئايدا تۇغۇلىدۇ. 1924 - يىلى

دۆربىلجىن باشلانغۇچ موڭغۇل مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1942 ــ يىلىغىچە دۆربىلجىن موڭغۇل باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولىدۇ. 1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دۆربىلجىن مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، تارباغاتاي (چۆچەك) گېزىت ئىدارىسىنىڭ موڭغۇل تەھرىر بۆلۈم مەسئۇلى بولىدۇ. 1946 ـ يىلى چۆچەكتىن ئىلىغا يۆتكىلىپ، «ئىلى گېزىتى» نىڭ موڭغۇل تەھرىرى، قوشۇمچە موڭغۇل ئۇيۇشما باش كاتىپى بولىدۇ. 1947 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولىدۇ. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى تەركىبىدە ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. 1949 ــ يىلى 12ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرى، 1954 ـ يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 2 ـ 3 ـ قېتىملىق مۇئاۋىن رەئىسى بولىدۇ.

1965 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خىزمەت بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، ماشىنا ۋەقەسىدە ۋاپات بولىدۇ.

## ئابدۇرېھىم ئۆمەر

ئابدۇرېھىم ئۆمەر 1925 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، 1934 ـ يىلدىن 1940 ـ يىلىغىچە قەشقەر شەھىرى ۋە يېڭىسار ناھىيىسىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1940 ـ يىلدىن 1942 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىن ۋە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۈرۈمچىدىكى

مەزگىلدە ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان ئىلغار ياشلارنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، تەشكىلاتنىڭ تەشۋىقاتچىسى بولىدۇ. 1943 ـ يىلى تەشكىلاتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنىپ، 1946ـ يىلى گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىغاندا قويۇپ بېرىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار تۈرمىدىن بوشانغان تەشكىلات ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىتىم شەرتلىرىگە ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدا مىللىي ئارمىيە قۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ ۋە ئابدۇرېھىم ئۆمەر قاتارلىق بىر بۆلۈم كىشىلەرنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قەشقەرنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان قاسىمجان قەمبىرى بىلەن بىرگە قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ. ئابدۇرېھىم ئۆمەر قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولىدۇ ھەمدە قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلغار ياشلارنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئەھۋالنى قاسىمجان قەمبىرى ئارقىلىق يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، يۇقىرىدىن بېرىلگەن يوليورۇقلارنى جايلارغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. 1947 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى قەشقەردە بىتىمنى بۇزۇپ، ئىلغار ياشلارنى تۇتقۇن قىلغاندا، ئابدۇرېھىم ئۆمەرمۇ قولغا ئېلىنىدۇ. 1949 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ ۋە 6 ـ ئاي ئاخىرىدا سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلغان قەشقەر ئىلغارلىرى قاتارىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. 1950ـ يىلى 8 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ ۋە 1950 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 1954 ـ يىلىغىچە يەركەن ۋىلايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، 1956 ـ يىلى 9 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ماي شىركىتىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق

مالىيە سودا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1956 - يىلى 9 - ئايدىن 1982 — يىلى 5 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1982 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 57 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

## ئابدۇرېھىم لېتىپ

ئابدۇرېھىم لېتىپ 1921 - يىلى قەشقەردە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن قەشقەر نۇربېشى مەھەللىسىدىكى يېڭىچە مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خوتەن، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا مەدەنىي ئاقارتىش ئويۇشمىلىرىدا ئىشلەيدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىم تۈزگەندىن كېيىن، كېڭەش ئەزاسى بولۇپ سايلىنىپ، ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن غۇلجىغا بېرىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدە بۆلۈم باشلىقى، ئىلىقىدا مۇئاۋىن ھاكىم بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىدۇ ۋە مارالبېشىنىڭ ھاكىمى، قەشقەر شەھەر باشلىقى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ۋە پارتكوم شۇجىسى، يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

ئۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن 2000 - يىلى 6 - ئايدا ئۈرۈمچىدە 78 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

## نۇسرەت شەھىدى

نۇسرەت شەھىدى 1921 - يىلى 3 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە

تۇغۇلۇپ، 1929 - يىلى 9 - ئايدىن 1935 - يىلى 1 - ئايغىچە ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1935 - يىلى 1 - ئايدىن 1938 - يىلى 7 - ئايغىچە موسكۋادا ئوقۇيدۇ. 1938 - يىلى 9 - ئايدىن 1939 - يىلى 1 - ئايغىچە ئۈرۈمچى تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1939 - يىلى 3 - ئايدىن 1943 - يىلى 11 - ئايغىچە، ئالتاي قاباناھىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 1943 - يىلى 11 - ئايدىن 1944 - يىلى 5 - ئايغىچە ئۈرۈمچىدە خىزمەت كۈتۈپ تۇرىدۇ. 1944 - يىلى 5 - ئايدىن 1944 - يىلى 11 - ئايغىچە قارا شەھەر ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىدە ئەزاسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1944 - يىلى 12 - ئايدىن 1945 - يىلى 8 - ئايغىچە ئۈرۈمچى قىزلار شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى، 1945 - يىلى 9 - ئايدىن 1946 - يىلى 10 - ئايغىچە ئۈرۈمچى تەمىنات ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1946 - يىلى 11 - ئايدىن 1958 - يىلى 8 - ئايغىچە جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ كاتىپى، مەسئۇلى بولىدۇ ۋە «جۇڭگو — سوۋېت دوستلۇقى» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، 1951 - يىلى 7 - ئايدىن 1955 - يىلى 6 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. 1955- يىلى 6 - ئايدىن 1960 - يىلى 9 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1960- يىلىدىن 1964 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 1964 - يىلى 1979 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، 1979- يىلى 9 — ئايدىن 1983 - يىلى 11 - ئايغىچە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى ۋە مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتا، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ

سىنىپىدا ئوقۇيدۇ. كېيىن شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولدۇ. 1986 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مۇدىرى بولدۇ.

نۇسرەت شەھىدى، 1950 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن بولۇپ، ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق 1 -، 2 -، 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 5 -، 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتلىرى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدۇ ئۇ 1997 - يىلى 5 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن 76 يېشىدا ۋاپات بولدۇ.

## مۇھەممەت ئىسمائىل

مۇھەممەت ئىسمائىل 1922 - يىلى 1 - ئايدا كورلىدا تۇغۇلدۇ. 1949 - يىلى 9 - ئايدا ئىنقىلابىي خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1950 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدۇ. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن كورلا ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كورلا ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ھاكىم، قارا شەھەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، قوشۇمچە بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بايىنغولىن يەرلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئىشلەيدۇ. 1954 — يىلى 9 - ئايدىن تارتىپ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئىككى يىل ئوقۇيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق 2 -، 3- قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 1 -،

2 ـــ نوّۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نوّۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. 1988 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جوڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نوّۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ، 1993 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىقىدۇ. 1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە 77 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

## ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى تەسىس قىلغان ھەربىي كۇرس ۋە مەكتەپلەر

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشىپ، غۇلجا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار ئالدىدا، ئۈچ ۋىلايەتنى، جۈملىدىن پۈتۈن شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتەك مۇقەددەس ۋەزىپە تۇراتتى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۆزىدىن سان جەھەتتە كۆپ، زامانىۋى قورالغا ئىگە كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرالايدىغان، مۇنتىزىم ھەربىي ـ سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە ئالغان، ھەر دەرىجىلىك قابىل ئوفىتسېرلارنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى. مۇشۇنداق نۇقتىلىق پەيتتە، ئۈچ ۋىلايەت ھەربىي كومىتېتى (ئۇ چاغدا قوماندانلىق شتاب قۇرۇلمىغان) مۇنتىزىم ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە كۆرمىگەن، ئاددىي قوراللار بىلەن قوراللانغان قوزغىلاڭچى قوشۇننى تەربىيىلەش، ھەر دەرىجىلىك ھەربىي ئوفىتسېرلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۇرس ۋە مەكتەپلەر تەسىس قىلىش قارارىغا كېلىپ، 1945 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چىلپەنزە ھەربىي كۇرسىنى ئاچىدۇ. بۇ بىر باشلىنىش بولۇپ، شۇنىڭدىن باشلاپ، چىلپەنزە، موڭغۇلكۈرە، بايانداي، شىخۇ قاتارلىق جايلاردا ئوفىتسېرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسى ۋە مەكتەپلەر تەسىس قىلىنىپ، بىر قانچە قاراردىن ئوفىتسېرلار يېتىشتۈرۈلىدۇ.

## چىلپەنزە ھەربىي كۇرسى

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ھەربىي، سىياسىي تەلىم - تەربىيە تارىخىدا تۇنجى قارارلىق ھەربىي مەكتەپ ھېسابلىنىدىغان بۇ قېتىمقى ھەربىي كۇرس 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چىلپەنزە (كونا قورغاس ناھىيىسى) دە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۇرستا قىسىملاردىكى جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن ياش، ساۋاتلىق، قەيسەر، ئىقتىدارلىق ۋە ئىنتىزامچان جەڭچىلەر نۇقتا قىلىنىپ، سالاھىدىن سىدىق، نىزاموۋ تۇرسۇن، مەرغۇپ ئىسھاقوف، ھاپىزوف رۇستەم، ئابدۇقادىر ئابدۇكېرىم، داۋۇتوف ئابدۇرېشىت، خۇسەي (خۇيزۇ)، پالتىيوف قاتارلىق 160 جەڭچى تۆت ئىزۋوتقا (پەيگە) بۆلۈنۈپ تەربىيىلىنىدۇ. بۇ كۇرستا رۇس ھەربىي ئوقۇتقۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي تەلىم - تەربىيىسى بويىچە دەرس ئۆتىدۇ. كۇرسانتلار كۇرسنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۆز قىسمىغا ياكى ئېھتىياجلىق قىسىم ئەترەتلەرگە تەقسىم قىلىنىدۇ.

1 - قارارلىق بۇ كۇرسنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولغاندىن كېيىن، چىلپەنزە ھاكىم ئىدارە قورۇسىدا 2 - قارارلىق ھەربىي كۇرس ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۇرسقا ئابدۇللايوف مۇزەپپەر قاتارلىق 160 چە كۇرسانت قاتنىشىدۇ. كۇرس ئىككى ئاي داۋام قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى كۇرسقا كۇرسانت قوبۇل قىلىش، كۇرس تاماملانغاندىن كېيىن خىزمەتكە تەقسىم قىلىشنى مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى بەلگىلەيدۇ.

## موڭغۇلكۈرە ھەربىي كۇرسى

1945 — يىلى 10 - ئايدىن 1946 - يىلى 4 - ئاينىڭ

ئاخىرىغىچە موڭغۇلكۈرە ناھىيىسىدە جەنۇبىي يۆنىلىش بويىچە ئالتە ئايلىق ھەربىي كۇرس ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ كۇرسنى جەنۇبىي يۆنىلىش قوماندانلىق شتابى باشقۇرىدۇ. كۇرستا پراپورشىك (جۇڭخۇېي) دەرىجىلىك ئوفىتسېر يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. كۇرسقا شوتىدا تۇرۇشلۇق پولكۇنىك (شاڭشياۋ) مەۋلانوف پولكى (تۇەنى)، قۇشتايدا تۇرۇشلۇق كاپىتان (داۋېي) ناسىروف مىرزىگۇل ئاتلىق دىۋىزىئونى (يىڭى)، يۇلتۇزدا تۇرۇشلۇق پولكوۋنىك نوغايبايوف بىرىگادىسى (لۈيى)، كاپىتان سوپاخۇن دىۋىزىئونىدىن بولۇپ بەختىيوف تاشمەھەممەت، ئەخمەت نۇرھاجى بولۇش، غوجامبەدىيوۋ ئايسا (قىرغىز)، لوزۇڭ دۇلا (موڭغۇل)، قانايوف (قازاق)، سادىقوۋ مەھەممەت، مۆمىن تالىپ قاتارلىق 80 ئەتراپىدا مۇئاۋىن ئەدىلىيە (بەن)، ئىززۋوت (پەي) كوماندىرلىرى قاتنىشىدۇ. ئۇلار ئىككى ئىززۋوتقا بۆلۈنۈپ تەربىيىلىنىدۇ. بۇ كۇرسقا دىۋىزىيە شتاب باشلىقى پودپولكوۋنىك (جۇڭشياۋ) يۇنۇس غوجايوف ئىمىر باقى يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مەكتەپ ئورنى موڭغۇلكۈرە ئۈيغۇر مەكتەپ ئىچىدە بولۇپ، بۇ قېتىمقى كۇرس مىللىي ئارمىيىگە يارامىلىق كوماندىرلارنى تەربىيىلەپ بېرىدۇ.

## باياندايى ھەربىي مەكتەپ

1946 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى 40 مىڭدىن ئېشىپ، مىللىي ئارمىيە پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلىشتىن مۇنتىزىم ئۇرۇش قىلىشقا ئۆتىدۇ. قىسىملاردا پولك، دىۋىزىئون، بىرىگادا، دىۋىزىيە قاتارلىق تۈزۈلمىلەر بارلىققا كېلىپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېر، كوماندىرلارغا بولغان ئېھتىياج ئاشىدۇ. ئەنە شۇ ئېھتىياج بىلەن مىللىي ئارمىيە 1 - نۆۋەتلىك ئوتتۇرا دەرىجىلىك

ئوفىتسېر، كوماندىرلارنى تەربىيىلەيدىغان ھەربىي مەكتەپ ـ باياندىكى ھەربىي مەكتەپنى تەسىس قىلىدۇ. بۇ ھەربىي مەكتەپ باياندىكى سېپىلنىڭ غەربىدىكى ئايروپىلان ئىستانسىسى قورۇسىغا جايلاشقان بولۇپ، 1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا دەرس باشلايدۇ. مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا، 1 ـ، 2 ـ قارارلىق كۇرسلارغا قارىغاندا يۇقىرى تەلەپ قويۇلىدۇ. كۇرسقا تارباغاتاي پولكىدىن ماخمۇتوف ئابدۇكېرىم، مەۋلانوف پولكىدىن نۇرىيوف ئەنۋەر، ھاشىموف قاسىمجان، باشقا پولكلاردىن مەھەممەتربھىم ئىمىن، روزىيوف ھادى، غوجەخمەتوف ياقۇپ، ئىمىنوف ھامۇت، كېرىموف ئوبۇلقاسىم قاتارلىق جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەن قابىلىيەتلىك، بىلىملىك ياش كوماندىرلار، ساقچىلىقتىن ھەربىي سەپكە ئېلىنغان بولۇس، ئابلىمىت پازىل قاتارلىق كىشىلەر ھەم بىر قىسىم جەمئىيەت ياشلىرى قاتنىشىدۇ.

ھەربىي مەكتەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالىي ھەربىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ئاساس قىلىنىپ، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل قىلىپ بېكىتىلىدۇ، ئەمما شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۈچ يىللىق پروگراممىا بىر يىلدا تاماملىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئاتلىق قىسىم، پىيادىلەر قىسىم دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مايور تۇردىيوف سىدىقھاجى قىسىم مەسئۇلى بولغان ئاتلىق قىسىمدا 60 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلار ئىككى ئىنزۋوتقا بۆلۈنىدۇ. 1 ـ ئىنزۋوت كوماندىرى پورۇچىك (جۇڭگۇي) قادىروف يۇنۇس، 2 ـ ئىنزۋوت كوماندىرى پودپورۇچىك سەيدەخمەتوف تۇرسۇن، كېيىن پودپورۇچىك ناسىروف ئابابەكرى بولىدۇ. مايۇر سۇلايوف (قازاق)، كېيىن ئەخمەت قىسىم مەسئۇلى بولغان پىيادىلەر قىسىمدا 70 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلارمۇ ئىككى ئىنزۋوتقا بۆلۈنىدۇ. 1 ـ ئىنزۋوت كوماندىرى پودپورۇچىك قۇربان ياقۇپ بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش ۋاقتىدا نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە

تەتبىقلانغان ھالدا ئەمەلىي مەشىق ئاساسلىرى ئۆلچەم قىلىنىپ ئىمتىھان ئېلىنىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرگە پراپورشىكتىن كاپىتانغىچە ھەربىي ئۇنۋان، ئىنژۇت كوماندىرىدىن روتا، باتالىيون كوماندىرلىقىغىچە ۋەزىپە بېرىلىدۇ. ئۇلار ئۆز قىسمىغا ياكى ئېھتىياجلىق قىسىملارغا تەقسىم قىلىنىدۇ. خىزمەتكە قويۇش، تەقسىم قىلىش مىللىي ئارمىيە ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن بىر تۇتاش بەلگىلىنىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبېك مونونوف مەكتەپنىڭ پەخرىي مۇدىرى، مىللىي ئارمىيە ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى پودپولكوۋنىك نۇردىيوف ئابدۇرېشىت مەكتەپ مۇدىرى، مايور ۋاللىنوف مۇئاۋىن مۇدىرى، ئارىپوۋا ئەمىر مەكتەپ ئىش باشقۇرغۇچىسى، پورۇچىك باقى كامال (كېيىن توختى ئىبراھىم) سىياسىي بۆلۈم باشلىقى، پورۇچىك ئەسپەروف غوپۇر، پودپورۇچىك نۇرسادىروف بۆلۈم ئەزاسى، پورۇچىك باستوف ئابدۇقادىر خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى بولىدۇ. مەكتەپتە گېنېرال مازاروف، پولكوۋنىك ئىمىنوف مەھەممەتئىمىن، پودپولكوۋنىك نۇردىيوف ئابدۇرېشىت، كاپىتان پورخوۋ، نۇرسادىروف قاتارلىق كىشىلەر دەرس ئۆتىدۇ. بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 1947 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئوقۇشنى تاماملايدۇ.

## شىخو ھەربىي كۇرسى

1948 ـــ يىلى 10 ـ ئايدا شىخودىكى ئوتتۇرا ـ شىمالىي يۈنىلىش قوماندانلىق شتابى ئوفىتسېرلارنىڭ ئۈچ يىللىق پروگرامما ئاساسىدىكى سىياسىي نەزەرىيە كۇرسىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. كۇرستا ھەر قايسى قىسىملاردىكى روتىدىن تۆۋەن سىياسىي رەھبەرلەردىن 80 ئەتراپىدا ئادەم تاللىنىپ، ئىككى ئىنژۇتقا بۆلۈنۈپ تەربىيىلىنىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى كۇرسىنىڭ پەخرىي باشلىقى، پولكوۋنىك لېسكىن (رۇس) كۇرس باشلىقى بولىدۇ. كۇرستا

شتاب، تەلىم - تەربىيە بۆلۈمى، سىياسىي نەزەرىيە بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، تەشكىلات بۆلۈمى تەسىس قىلىنىدۇ. مايور ساۋدانوف زاھىر، نۇرسادىروف، جاغدا بابالىكوف قاتارلىق ئوفىتسېرلار دەرس ئۆتىدۇ.

شىخو ھەربىي كۇرسىدا جۇغراپىيە، تارىخ، ماتېماتىكا، تاكتىكا، ئىستراتېگىيە، پىيادە تۈزۈش، ھەربىي ئىنتىزام، ھەربىي تەلىم - تەربىيە، سىياسەت، ئىچكى خىزمەت نىزامى، ئېتىش ھازىرلىقى، ئاخباراتچىلىق، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر ۋە ساۋاتلار ئۆتۈلىدۇ. ئېغىر - يېنىك تېپىتكى زەمبىرەك، مىناميوت، ستانكىۋوي پىلىموت، ئاپتومات، ھەر خىل يان قوراللارنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى، دۈشمەن بازىلىرىنى توك ياكى باتارىيە ئارقىلىق پارتلىتىش، خىمىيۋى قائىدە بويىچە پارتلىتىش، مېخانىكىلىق قائىدە ئارقىلىق پارتلىتىش ئۇسۇللىرى ئۆگىتىلىدۇ. تىلغا ئېرىشىش (دۈشمەن ئادىمىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش)، دۈشمەننىڭ جايلىشىشى، يۈرۈش قىلىش يوللىرىنى بىلىش، دۈشمەننى توساش، ئىسكەنجىگە ئېلىش، قورشاپ يوقىتىش قائىدىلىرى سۆزلىنىدۇ. ئاخىرىدا ئەمەلىي مەشىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## 2 - نۆۋەتلىك باياندايى ھەربىي مەكتىپى

1 — نۆۋەتلىك باياندايى ھەربىي مەكتىپىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولغاندىن كېيىن، 1949 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك باياندايى ھەربىي مەكتىپى ئېچىلىدۇ. مەكتەپ ئورنى سىپىل تەرەپتىن باياندايى ئىچىگە (ئىسھاقبېك مونونوف قورۇسىغا) يۆتكىلىدۇ. 2 - نۆۋەتلىك مەكتەپكە پودپولكوۋنىك تۇردىيوف ئابدۇرېشىت مەكتەپ مۇدىرى (قوشۇمچە شتاب باشلىقى) بولىدۇ. 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، تۆت ئىنزۋوتقا بۆلۈنىدۇ. كاپىتان قادىروف يۇنۇس ئاتلىق

ئىنزۋوت كوماندىرى، پودپورۇچىك بادىشغازى (قازاق) پىيادىلەر ئىــنزۋوت كـومـانـدىرى، پودپورۇچىك پەخرىدىن زەمبىرەكچىلەر ئىــنزۋوت كوماندىرى، يەنە بىرەيلەن سىياسىي نەزەرىيە ئىنزۋوت كوماندىرى بولىدۇ. مەكتەپنىڭ كەسپىي نەزەرىيە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش، ئوقۇتۇش ئىشىغا مىللىي ئارمىيە ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمى مەسئۇل بولىدۇ.

1950 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇ مەكتەپ زاپاس پولك ئىــختىيارىدىكى ئوقۇش روتىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، غۇلجا شەھەر ھــەرەمــباغ گازارمىسىغا يۆتكىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ھەربىي كۇرس، مەكتەپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۇيۇشتۇرغان ھەربىي كۇرس، مــەكــتــەپــلەردىن سىياسىي نەزەرىيە، ھەربىي ئىنتىزام، ھەربىي بــىــلــىــمــنى ئۆزلەشتۈرگەن، يىراقنى كۆرەر قابىل كوماندىرلار يېــتــىــشــىــپ چــىــقــتــى. ئـۇلار ئـۈچ ۋىـلايـەتـنـى گـومـىنداڭ ئــەكسىيەتچىلىرىدىن ئازاد قىلىش، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئــازاد قــىــلــىــنــىــشــىــنى قولغا كەلتۈرۈش، ئازادلىقتىن كېيىن شــىــنــجــاڭــنــىــڭ ســوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش داۋامىدا ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئــۇلاردىــن بــەزىــلىرى مۇشۇ يولدىكى قانلىق جەڭلەردە خىزمەت كۆرسىتىپ قۇربان بولدى. سالاھىدىن سىدىق، نىزاموف تۇرسۇن، سەيدەخمەتوف تۇرسۇن، ئابدۇللايوف مۇزەپپەر، ھاپىزوف رۇستەم، لوزۇڭ دۇلا، نۇرىيوف ئەنۋەرلەر ئەنە شۇ قابىل كوماندىرلاردىن بــىــر قىسمى. ئــۇلارغا مــىــلــلــىي ئــارمــىــيىنىڭ «پــىدائــىــي»، «بــاتــۇرلــۇق»، 1 — 2 - دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن» مــېدالــلــىرى، ئازادلىقتىن كېيىن 2 - دەرىجىلىك «ئازادلىق» ئوردېنى بېرىلدى. نۇرىيوف ئەنۋەر ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئىمىنوف ھامۇت شىنجاڭ ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئابدۇللا مۇزەپپەر شەرقىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، سەيدەخمەتوف تۇرسۇن سانجى ئوبلاستلىق شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، سالاھىدىن سىدىق بورتالا ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، نىزاموف تۇرسۇن ئىلى ئوبلاستلىق تاشيول باش ئۆچاستىكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئابدۇللايوف ئۆمەر قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، زۇلال ياقۇپ (تاجىك) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، ھارىن (قىرغىز) قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

بۇ يەردە باياندايى ھەربىي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى پودپولكوۋنىك تۇردىيوف ئابدۇرېشىتنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. باياندايى ھەربىي مەكتىپىنىڭ ھازىر ھايات ئوقۇغۇچىلىرى بۇ ھەربىي تالانت ئىگىسى، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ھەربىي تەييارلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى «ھەربىي تالانت، ھەربىي بىلىمگە باي ھەربىي رەھبەر ۋە قابىل ئوفىتسېر ئىدى» دەپ پەخىرلىنىپ تىلغا ئېلىشىدۇ. تۇردىيوف ئابدۇرېشىت ئىنتىزامچان، تەشكىلاتچان، جەڭگىۋار قوراللارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى پىششىق بىلىدىغان، ھەربىي تاكتىكا، ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئالاھىدە قابىلىيەتكە ئىگە ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكەن نەزەرىيە دەرسلىرىنى ئاڭلىغان ۋە قىلغان ئەمەلىي مەشقلىرىنى كۆرگەن ئوفىتسېرلار ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا چىن دىلىدىن قايىل بولاتتى. ئازادلىقتىن كېيىن تۇردىيوف ئابدۇرېشىت ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى، سودا نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى.

**قوشۇمچە:**

مىللىي ئارمىيە ماناس دەريا بويىدا تۇرغاندا، مۇنتىزىم ئەسكەر

سانى 19000 ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا سوۋېتنىڭ قولى بار» دېگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەمگە كەلگەن قىسىملار چىقىپ كەتكەن، بىتىم مەزگىلىدە مىللىي ئارمىيىدە 14840 نەپەر ئەسكەر بار ئىدى. بۇلاردىن:

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇرلار 5567 | قازاقلار 6866 |
| خۇيزۇلار 229 | قىرغىزلار 206 |
| سۇلۇن (داغۇر) لار 21 | موڭغۇللار 731 |
| تاجىك 8 | شىبەلەر 151 |
| خەنزۇ 92 | ئۆزبېك 183 |

(بۇ ماتېرىيال مىللىي ئارمىيە 5 - كورپۇس بولۇپ تەشكىللەنگەندە، مۇئاۋىن شتاب باشلىقى پولكوۋنىك ئىسھاقوف مەرغوف، 5 - كورپۇس قۇرۇلۇش بۆلۈم باشلىقى پودپولكوۋنىك سىدىقوف سەلەيلەرنىڭ 1950 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قول قويۇپ يوللىغان مەلۇماتىدىن ئېلىندى. مەلۇمات ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى 1950 - يىلى 1 - ئارخىپ 1 - بەتتە)

# ئالتىنچى باب

## ئابدۇمۇتالى خەلپەم

ئابدۇمۇتالى خەلپەم غۇلجا شەھىرىدىكى مەشھۇر تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ بىرسى. ئۇ 1867 ـ يىلى قورغاس مازار يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. دەسلەپ موللا ئېلى، كېيىن نىزامىدىن ئاخۇنۇمدىن دىنىي تەلىم، ئابدۇراخمان داموللامدىن دىنىي ھەم پەننىي بىلىم ئالىدۇ. 1895 ـ يىلىدىن 1938ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ، پەننىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ بىلىم ئېلىشىغا تۆھپە قوشىدۇ. 1930 ـ يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ قورۇ ـ جايىنى مەكتەپكە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ مەكتەپ «ئابدۇمۇتالى مەكتىپى» (ھازىرقى غۇلجا شەھىرىدىكى 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ)، كېيىنچە «تائالىيە مەكتىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئابدۇمۇتالى خەلپەم 1920 ـ يىلى «ئىلىم ھال» نى (ئىككى كىتاب) يېزىپ، شۇ يىلى ھۆسۈيۈنبەگ يۇنۇسوپ مەتبەسىدە باستۇرۇپ تارقىتىدۇ. ئۇ مىللىي مىراسلارنى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات، تارىخ ۋە مائارىپقا ئالاقىدار مىراسلارنى يىغىپ ساقلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن»، «نۇزۇگۇم»، «چاڭمۇزا»، «غەزەلىيات» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى، موللا ئىلىنىڭ «مەھزۇن ـ گۇلنىسا» داستانى بىلەن بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ساقلايدۇ.

ئابدۇمۇتالى خەلپەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە

ھۆكۈمەت ئەزاسى، دىن نازارىتىنىڭ نازىرى، ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ، مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ.
ئۇ 1960 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## زىرىپ قارىي ھاجى

زىرىپ قارىي ھاجى ئۆزبېك بولۇپ، 1858 - يىلى تاشكەنتتە تۇغۇلىدۇ. 1890 - يىللىرى شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە ياشايدۇ. زىرىپ قارىي ھاجى دىنىي مەكتەپلەردە كۆپ ئوقۇغان كىشى، 16 يېشىدىن باشلاپ «تاشكەندى» تەخەللۇسىدا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن شائىر، تارىخچى، پەيلاسوپ زىرىپ قارىي ھاجى شىنجاڭدا ئۆتكۈزگەن 60 يىلدىن كۆپرەك ھاياتىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتە زور تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇ ھەر قايسى دەۋرلەردە ئىسلام دىنىنى ئاساسى قىلغان ئەركىنلىك تەربىغاتچىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەر قايسى مەدرىسەلەردە مۇدەررىس بولغاندا ئىسلام ئەھكاملىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، «ۋەتەن سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىن» دېگەن ئىسلام پەلسەپىسى بويىچە ئەمىر - مەرۇپ قىلىپ، خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىرى بىلەن تەڭ ئورۇندا ھۆرمەتلىنىدۇ. زىرىپ قارىي ھاجى قۇرئاننى تەرجىمە قىلىپ بومبايدا باستۇرغاندىن كېيىن «پەرغانە ۋە قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسەر يازىدۇ (بۇ ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ).
قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىشكە باشلىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن ۋە قەشقەر تاغلىرىنى ئىگىلەپ ياتقان قوراللىق باسمىچىلار

سوتسىيالىزىمغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كىشىلەرنى چۆرىسىگە يىغىپ، 14 كىشىلىك مەخپىي تەشكىلات «ئىستىقلال جەمئىيىتى»نى قۇرىدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ ئورنى قەشقەر يارباغ دەرۋازىسى ئىچىدا «غەيرىي مۆمىنلەر» مېھمانخانىسىدا بولۇپ، كېيىنچە بۇ جاينىڭ نامى «ھىلالى ئەھمەر» دوختۇرخانىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلىدۇ. كېيىن، قەشقەردە سوۋېتتىن قېچىپ كەلگەن باسمىچىلارنىڭ ھىمايىسىدا، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» ھۆكۈمىتى قۇرۇلىدۇ. زىرىپ قارىي ھاجى بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرى بولىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، زىرىپ قارىي ھاجى سابىت داموللا بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىلىدۇ ۋە تۈرمىگە قامىلىدۇ. زىرىپ قارىي ھاجى ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى مەسچىت ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا يەنىلا ئەركىنلىك تەشۋىقاتچىسى بولۇپ، تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. 1944 - يىلى غۇلجىغا بېرىپ، كونا تونۇشى ئېلىخان تۆرە بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئېلىخان تۆرە باشچىلىقىدىكى «ئازاد شەرقىي تۈركىستان» ھۆكۈمىتىدە دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ئەزاسى بولىدۇ. 1958 - يىلى غۇلجىدا ۋاپات بولىدۇ.

## ئابدۇغوپۇر داموللا

ئابدۇغوپۇر داموللا (شاپتۇل) قەشقەر پەيزىۋات ناھىيىسىنىڭ شاپتۇل يېزىسىدىن، ئۇ 1865 - يىلى چارۋىدار باي دېھقان ئابدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا دىنىي بىلىملەرنى شاپتۇل يېزىسىدا، پەيزىۋات ناھىيىسىدە ئالغاندىن كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسەدە بىلىم ئاشۇرىدۇ، ئابدۇغوپۇر داموللا 1903 -

يىلى ئائىلىسى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ، دادىسىنىڭ تىجارىتىگە ياردەملىشىدۇ ۋە كېيەك بازىرى مەسچىتىگە ئىمام بولىدۇ. كېيىن دادىسى بىلەن ھەج تاۋاپقا بېرىپ قايتىپ كېلىش ۋاقتىدا بۇخارا مەدرىسەلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. شۇ يىللاردا ئۆكتەبىر ئىنقىلابى بولۇپ، ئابدۇغوپۇر داموللا قولغا ئېلىنىدۇ. 1919 - يىلى 3 - ئىنتېرناتسىئونال تەشكىل قىلغان چەت ئەل مۇھاجىرلار كومىتېتى چەتئەل مۇھاجىرلىرىنى تىزىمغا ئالغاندا تىزىملىنىپ تۈرمىدىن بوشىنىپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ.

1920 - يىلى قەشقەر دوماسى (مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ رەئىسى) كېرىم ھاجى ئاخۇنبايوف ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئۆمەر باي ئاخۇنبايوف ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۆمەر ئاخۇنبايوف دوما بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا يىغىلىشتا ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى تەييارلىغان تەبرىك سۆزىنى ئۆزى ئوقۇيدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى ئالىم - ئۆلىما، ھۆكۈمەت ئەربابلىرى، قەشقەردە تۇرۇشلۇق چەت ئەل كونسۇللىرىغا تونۇلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى ئۆمەر باينىڭ يېنىدا بولۇپ، مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ، قەشقەردە تۇرۇشلۇق سوۋېت، ئەنگلىيە، شېۋىتسىيە كونسۇللىرى، ئەنگلىيە ھامىيلىقىدىكى پاكىستان، ئافغانىستان ۋە ھىندىستان ۋاكالەتخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ دىققەت - نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. كېيىنچە مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ، بەزىدە ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىغا بېرىپ كېلىپ يۈرىدۇ.

قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىنقىلاب جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىدۇ. 1934 - يىلى تۆمۈر ئېلى قەشقەرگە كېلىپ ھاكىمىيەت قۇرغان كۈنلەردە قەشقەر خەلقى تۆمۈر ئېلىنىڭ ئىشرەتۋازلىقى ۋە ئەخلاقسىزلىقىدىن نارازى بولىدۇ. تۆمۈر ئېلىنىڭ قىلمىشىدىن خورلۇق ھىس قىلغان ئۆمەر باي ئاخۇنبايوف «قەشقەر ئەمدى ھارۋىكەشكە قاپتۇمۇ؟» دەيدۇ ۋە جاھان تىنچىغىچە

ھەج قىلىپ كېلىش ئۈچۈن ھەجگە ماڭىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئابدۇغوپۇر داموللا تۆمۈر ئېلىنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدۇ. تۆمۈر ئېلى ئابدۇغوپۇر داموللىنى قەشقەر شەھىرىنىڭ باش قازىسى ۋە مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى، ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى قىلىپ تەيىنلەش بىلەن بىرگە خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن بولىدىغان سۆھبەتكە تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. شۇ سۆھبەتتە ئىككى تەرەپ ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇش مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلىپ، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئابدۇغوپۇر داموللىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ. تۆمۈر ئېلى بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، قانلىق ۋەقە سادىر قىلىدۇ.

شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەن ئابدۇغوپۇر داموللا قەشقەر مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ. ئۇ مىللەتلەر مەجلىسىنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى قەشقەر ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەيدۇ (شۇ چاغلاردا ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجىنىڭ ئورنى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمدەك ئالاھىدە كىشىدىنمۇ ئۈستۈن ئىدى). 1934 - يىلى مەھمۇت مۇھىتى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئابدۇغوپۇر داموللا ھاجى مەھمۇت سىجاڭنىڭ يېنىدا بولىدۇ. بەزىدە مەھمۇت سىجاڭ بىلەن بىللە بولسا، ئۇ يەردىن چىقىپلا ليۇ سىلىڭ، ياۋ سىلىڭ (بۇلار شەرقى شىمال پىدائىيلىرى ئىچىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى)، ۋالىي شۇي لەن، رۇس گېنېرال رابالكىنلەر بىلەن بىللە بولىدۇ، بەزىدە سوۋېت كونسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. 1935 - يىلى ئابدۇغوپۇر داموللا خەلق ۋەكىلى نامىدا ئۈرۈمچىگە قۇرۇلتايغا بارىدۇ ۋە شېڭ شىسەينىڭ ھۇزۇرىدا بولىدۇ. ئۇ قۇرۇلتايدا سۆزلىگەن سۆزىدە شېڭ شىسەينى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاپ، «پەيغەمبەر بولۇشقا مۇناسىپ» دەيدۇ.

قۇرۇلتايدىن قايتقاندىن كېيىن «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ۋە

شىڭ شىسەينى يۇقىرىقى ئىبارىلەر بىلەن تەشۋىق قىلىدۇ. مەھمۇت مۇھىتى بەيتۇل مۇقەددەستىن ئۆمەر باي ھاجىم ئاخۇنبايوفنى تەكلىپ قىلىپ قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن ئابدۇغوپۇر داموللا ئۆمەر باي ھاجىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ.

كېيىن شىڭ شىسەي ئابدۇغوپۇر داموللىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىگە مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن كەچتە ئاتلىق ئۆيگە كېتىۋېتىپ، ھازىرقى قەشقەر تۇمەن بويىدىكى بېلىقچىلىق كۆلىنىڭ ئەتراپىدا (ئۇ چاغدا بۇ يەرنى كۆنچى مەھەللىسى دەيتتى) نامەلۇم كىشى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئىزاھات: ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا كۆپ كىشىلەر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن كۆزى ئويۇلۇپ، تىلى كېسىلگەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ. 1986 - يىلى مەن ئابدۇغوپۇر داموللا ئۆلگەن كۈنى ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ جەسىتىنى ساقلىغان ئابدۇرېھىم ئىمىنوف (پېتەك) بىلەن سۆزلەشكەندىم، ئابدۇرېھىم ئىمىنوف شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال ئۈستىدە توختىلىپ، يۇقىرىقىدەك سۆزلەر يالغان، قاتىل ئۇنى ئېتىپلا كەتكەن. شۇ كۈنى ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن قەشقەرنىڭ ھەربىي، مەمۇرلىرى ۋە ئالىم - ئۆلىمالارغا ئوبۇلقاسىم جۇجاڭ بىلەن ئىككىمىز كۆپ قېتىم جەسەتنىڭ يۈزىنى كۆرسەتكەن، يۈزى ساق ئىدى، دەيدۇ. ئابدۇغوپۇر داموللا ۋاپاتىدىن كېيىن شىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دەپنە خىراجىتى ئۈچۈن 400 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلى ئەۋەتىدۇ. ئابدۇغوپۇر داموللىنىڭ قورۇلتايدا سۆزلىگەن سۆزىنى 5000 نۇسخا بېسىپ تارقىتىدۇ. شىڭ شىسەي، خوجىنىياز ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەزىيە سۆزلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ.

## ھاشىم ئاخۇن داموللا

ھاشىم ئاخۇن داموللام 1884 - يىلى (ھىجرىيە 1303 - يىلى) قەشقەردە تۇغۇلىدۇ. ئۇ مەكتەپ يېشىغا يەتكەندىن تارتىپ 18 يېشىغىچە قەشقەردىكى دىنىي مەكتەپلەردە باھاۋۇدىن مەخسۇم، ئىسلام داموللام، ماموت ئاخۇن داموللام، ياقۇپئاخۇن خەلپىتىم،

سەلىماخۇن ھاجىم، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق ئالىم مۇدەررىسلەردە ئوقۇيدۇ. ھاشىم ئاخۇن داموللام كىچىكىدىن زىرەك، ئاددىي ـ ساددا، كىچىك پېئىل، راستچىل، خۇش چاقچاق كىشى بولۇپ يېتىلىدۇ.

ئۇ 18 يېشىدا بۇخاراغا بېرىپ «مەدرىسە كۆك ئاداش» تا بىر يىل ئوقۇيدۇ. كېيىن تاماقتىن قىينىلىنىپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇ يىلى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆزىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن قايتا تاشكەنتكە بېرىپ، باھادىرخان تاشكەندى دېگەن كىشىدە ئوقۇپ داموللا ئۇنۋانىنى ئالىدۇ. ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلمى خەتمە قىلىپ (ئوقۇشىدىن دىسسېرتاتسىيە يېزىپ) مەدرىسە تاجى، مەدرىسە ھېكىمبەگ، كېيىن قازان مەدرىسەسى ۋە خانلىق مەدرىسەلەردە مۇدەررىس، 16 يىل قەشقەرنىڭ باش قازىسى بولىدۇ. غوجا گۈزەل ۋە ھېيتگاھ مەسچىتلىرىدە قىرىق يىلچە ئىمام ۋە خاتىپلىق قىلىدۇ. شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ دەۋرلىرىدە خەلق ۋەكىلى بولۇپ ئۇرۇمچىدە يىغىنلارغا قاتنىشىدۇ. 1947 - يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن كەشمىر بىلەن ھەجگە ماڭىدۇ، ئەمما ھەجگە ئۈلگۈرەلمەي پاكىستان ۋە ئەرەبىستانلاردا تۇرۇپ قالىدۇ. 1948 - يىلى 64 يېشىدا سەئۇدى ئەرەبىستاندا ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتى مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى «جەننەتۇل بەقى» غا دەپنە قىلىنىدۇ. مۇدەررىسلىك ۋە قازىلىق بىلەن ئۆتكەن ھاياتىدا ئىلىم تەتقىقات ۋە شاگىرت تەربىيەلەشتىن باش تارتمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ خۇسۇسىي كىتابخانىسى، بولۇپ ھەر كۈنى تۈن يېرىمىغىچە كىتاب كۆرۈش، تەتقىقات قىلىش بىلەن ئۆتەتتىكەن.

## ماليانجۇن

چوڭ ئاخۇن ماليانجۇن يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان شىنجاڭدا ياشىغان خۇيزۇلار ئىچىدىكى ئەڭ سادىق، پەزىلەتلىك، ئىخلاسمەن ئىسلام دىنى مۇرىتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە

خۇيزۇ ئاخۇنلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ مەرتىۋىلىك دىنىي زاتتۇر.

مالىياڭجۇن 1867 - يىلى گەنسۇنىڭ چىڭشۇي ناھىيىسى جياڭجىيا چۈەن يېزىسى (ھازىر بۇ ناھىيە خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى) شاڭمۇجۇاڭ كەنتىدە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ئىسلام قائىدىلىرىگە ئىنتايىن قاتتىق رىئايە قىلىدىغان، ئېتقادى قاتتىق دىنىي زاتلاردىن ئىدى. مالىياڭجۇنمۇ ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئىخلاس قويۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا دىن - تەرىقەت يولىغا قەدەم قويغاچقا، كىچىك ۋاقتىدىلا كىچىك مائاخۇن دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىن شىنجاڭنىڭ گۇچۇڭ ناھىيىسىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مۇھەممەت يۇسۇپ دەپ ئات قويىدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىسلام دىنى مۇرتلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ، «شەيخ» دەپ چاقىرىدىغان بولىدۇ.

ھەزرىتى مالىياڭجۇن مىنگونىڭ 2 - يىلى، يەنى 1913 - يىلى شىنجاڭغا قەدەم قويغاندا ئۇنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى، چوقۇنغۇچىلىرى پىيادە ھالدا ئۇنى قومۇلغىچە ئۇزىتىپ كېلىدۇ. قومۇلدىكى مۇسۇلمانلار كوچىدا قاتار سەپ تارتىپ، ھەر خىل نازۇ — نېمەتلەر بىلەن ئۇنى داغدۇغىلىق كۈتىۋالىدۇ. مالىياڭجۇن تەنتەنە بىلەن مەسچىتكە كىرگەندە قارشى ئېلىش مۇراسىمىدىلا قومۇل شەنشى چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلىنىدۇ.

مالىياڭجۇن شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نۇرغۇن جايلاردىكى مەسچىتلەردە ئىماملىق قىلىپ يۈرىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى خۇيزۇ دۇڭخاڭ مەسچىت جامائىتى ئۇنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىمام بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشىمۇ كاتتا زىلزىلە قوزغايدۇ. ئۇ كېيىن سانجىغا كۆچىدۇ، قارا شەھەر ناھىيىلىرىدە بولىدۇ. مىنگونىڭ 8 - يىلى يەنە 1919 - يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى خۇيزۇ ئۆلىمالارنىڭ تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى، ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ ئارىلىشىپ تەسىر

كۆرسىتىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى دىنىي ئەرباپلار نائىلاج مالىياڭجۈننىڭ غۇلجىغا بېرىشىغا قوشۇلىدۇ. مالىياڭجۈن خېلى ئۇزۇن مەزگىل غۇلجىدا تۇرۇپ قالىدۇ. ۋە دىنىي پائالىيەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. 1938- يىلى (مىنگونىڭ 27 - يىلى) شۇ ۋاقىتتىكى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ماشياۋۇ، مۇئاۋىن نازىرى لىن يەنشۇ قاتارلىقلارنىڭ دىنىي زاتلارغا ماسلىشىپ نەسىھەت قىلىشى بىلەن ھەزرىتى مالىياڭجۈن غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، دىنىي ساھەنى قايتىدىن جانلاندۇرىدۇ. مىنگونىڭ 29 - يىلى يەنى 1940- يىلى قىشتا شېڭ شىسەي ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرماقچى، دېگەن بەتنام بىلەن ھەزرىتى مالىياڭجۈن ۋە بىر قىسىم مۇرىتلىرىنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ قېتىم نۇرغۇن موللىلار تۈرمىدىكى قىيىن - قىستاق جەريانىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھەزرىتى مالىياڭجۈننىڭ چوڭ ئوغلى مادېشىنمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. مالىياڭجۈن تۈرمىدىمۇ بەش ۋاخ نامازنى تاشلىمايدۇ ۋە «ئىسلام دىنى تارىخى»، «ھالاللىق بىلەن يېزىلغان شېئىرلار» ناملىق نادىر، ئىسلام دىنى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ. 1943 - يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن مالىياڭجۈنمۇ تۈرمىدىن چىقىدۇ. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن مالىياڭجۈن پارتىيە - ھۆكۈمەتنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، يەر ئىسلاھاتى، ئىجارە كېمەيتىش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش قاتارلىق بىر قاتار سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقانلىقى ئۈچۈن شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي مەسلىھەتچىسى، غەربىي - شىمال مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

1957 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، يەنى قۇربان ھېيتىنىڭ 4 - كۈنى ھەزرىتى مالىياڭجۈن چوڭ ئاخۇن كېسەلى ئېغىرلىشىپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۈرۈمچىدىكى خۇيزۇ شەنشى چوڭ مەسچىتىدە

ۋاپات بولدۇ. مېيىتى سانجى ناھىيىسىنىڭ لېۇگۇڭ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. 18 - كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، ھۆكۈمەت دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقان كىشىلەرنى بىر كۈنلۈك دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىدۇ. غەربىي- شىمال مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش، ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار تەزيە تېلېگراممىسى، تەزيە خەتلىرى ئەۋەتىدۇ.

## ئابلىز ھوشۇر - «چىڭگىزخان» داموللا

1912 - يىلى 1 - ئايدا بۈگۈر ناھىيە يېڭىسار يېزىسىدا موللا ھوشۇر دامولла ھاجى دېگەن دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئابلىز ھوشۇر ئۇيغۇر، خەنزۇ، ئەرەب، ئىنگلىز، پارس، تۈرۈك تىلى قاتارلىق تىل بىلىدىغان يۇقىرى مەلۇماتلىق تەرجىمان ئىدى.

ئۇ 16 ياشقىچە (1928- يىلىغىچە) ئائىلە تەربىيىسىدە بولىدۇ ۋە ئاتىسى موللا ھوشۇر دامولла ھاجىدا ئوقۇيدۇ. 1928- يىلىدىن 1931 - يىلىغىچە كۇچا ناھىيىسىدىكى مۇسەننىپ دامولامدا ئوقۇيدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوقۇشى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەندىرىپ دېگەن نام بېرىلىدۇ. (بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «بۇلبۇل» دېگەن بولىدۇ.) 1932 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە ئۈچ يىل قەشقەر خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇپ دامولла ئۇنۋانىنى ئالىدۇ. 1936 - يىلىغىچە ھىندىستانغا بېرىپ، ئىككى يىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1937 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە ئالتە يىل مەككىدە ئوقۇيدۇ ھەم ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. 1942 يىلىدىن 1946- يىلىغىچە مىسىردا تۆت يىل ئوقۇيدۇ ھەم جامىل ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. ئۇ 35 ياشقا كىرگەن ۋاقىتتا مىسىرنىڭ ئەزھەر دېگەن ئاتاقلىق مەكتىپىدە ھەر قايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ باشلىقى، پادىشاھلىرى ھەم دىنىي ئۆلىمالىرىنىڭ بىر قېتىملىق چوڭ يىغىنىدا ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن چۈشكەن

سوئاللارغا بەرگەن جاۋابى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ قېتىملىق چوڭ يىغىندىلا مىسىرنىڭ پادىشاھى پاراخ ئۇنى ماختاپ، «بۈگۈندىن باشلاپ سىنىڭ ئىسمىڭ چىڭگىزخان بولسۇن، چۈنكى بۇرۇندا جۇڭگودا چىڭگىزخان دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن. سەن جۇڭگودىن 2 - قېتىم چىققان چىڭگىزخان» دەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئىسمى «چىڭگىزخان» دەپ ئاتىلىدۇ. (چىڭگىزخان دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «ئاتاقلىق»، «مەشھۇر»، «ناھايىتى كۈچلۈك»، «بويسۇندۇرغۇچى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ) ئۇ مىسىردىن ئەرەبىستانغا بېرىپ مەھمۇت مۇھىتى (سىجاڭ) بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياپونىيىگە بارىدۇ. كېيىن مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىللە بېيجىڭغا كېلىدۇ. ئەينى چاغدا شىڭ شىسەي شىنجاڭدا كوممۇنىستلارنى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنى، زىيالىيلارنى تۇتقۇن قىلىۋاتقان ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلمەي نەنجىڭ داشۆ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ. مەھمۇت مۇھىتى ۋاپات بولغاندا نامىزىنى چىڭگىزخان چۈشۈرۈپ يەرلىكىدە قويىدۇ.

چىڭگىزخان بىر مەزگىل جۇڭگونىڭ مىسىردىكى باش ئەلچىخانىسىدا ئىشلەپ، 1947 - يىلى 1 - ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ. تۇغقانلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن بۈگۈر يېڭىسارغا بېرىپ ئۈچ ئايدەك تۇرغاندا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجوڭ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىملار ماشىنا ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىدۇ ۋە ئۇ ئىچكى ئىشلار نازارىتىدە بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە، سەنمىنجۇيى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ كۈنلەردە ئۇ يەنە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىدۇ. بۈگۈر ۋەكىلى بولۇپ شۇ يىلى 1 - ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن گومىنداخۇي (مىللىي قۇرۇلتاي) غا قاتنىشىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولىدۇ.

چىڭگىزخان قىسقىلا ھاياتىدا «سەر پۇل ۋىجدان»، «ئۇيغۇر شەرفى»، «قەلبى ئاسىيا»، «تۈركىستان ھودۇتلىرى» قاتالىق بىر

قانچە پارچە ئەسەر يازدۇ ۋە كۆپلىگەن دىنىي كىتاپلارنى تەرجىمە قىلدۇ.

1949 — يىلى 7 - ئايلاردا چىڭگىزخان يۇرتى بۇگۇردە تۇرۇۋاتقاندا، 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۇرۇمچىدىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا بەگ قاتارلىق كىشىلەر بۇگۇرگە كېلىپ، چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىدۇ. چىڭگىزخان چېگرىدىن ئۆتەلمەي يەركەنگە كېلىپ تۇرۇپ قالىدۇ. كېيىن قەشقەرگە چاقىرتىلىپ، ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرغان قەشقەر، ئاقسۇ دىنىي زاتلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن قەشقەردە قولغا ئېلىنىپ، 1950 - يىلى 7 - ئايدا ئۇرۇمچى تۈرمىسىگە يۆتكىلىدۇ ۋە 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

## سىدىقجان خوجا

سىدىقجان خوجا (ئۆزبېك) كونا ئەنجاندا 1890 - يىللاردا تۇغۇلىدۇ. 1920 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەھەممەت ئىمىن ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن (سىدىقجان ئۇنى ئاكام دەيتتى) قەشقەرگە كېلىدۇ. كېيىن قاغىلىقتىكى چارروسىيە دەۋرىدە كەلگەن خالمەت ئىشان دېگەن كىشىنى پىر - ئۇستاز تۇتۇپ، تەرىقەت يولىغا ماڭىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇستازىدىن دۇئا ئېلىپ تاشقورغانغا بېرىپ، ئۆزىنى سەيىد (پەيغەمبەر ئەۋلادى) دەپ ئېلان قىلىپ، سوپىزم - ئىشانلىقنى تەرغىب قىلىدۇ.

سىدىقجان خوجىنىڭ ئاكىسى مەھەممەت ئىمىن شامەڭسۇر باشچىلىقىدىكى خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى قاغىلىققا كەلگەندە، 20 دەك ئەسكەر بىلەن شامەڭسۇرغا قوشۇلىدۇ ۋە شامەڭسۇر بىلەن بىللە قەشقەرگە بارىدۇ، يېڭىسار ئۇرۇشىدا شامەڭسۇر بىلەن بىللە ئۆلىدۇ.

سىدىقجان خوجا بىر قانچە يىل ئىچىدىلا يەركەن، قاغىلىق، تاشقورغاندىن يەر - زېمىن، مال - چارۋا قىلىپ باي بولىدۇ. يەرلىك خەلق، بولۇپمۇ تاشقورغان ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئۇلۇغ كىشىگە ئايلىنىدۇ. سىدىقجان خوجا ئايدا بىر - ئىككى قېتىم تاشقورغاننىڭ چەت ئەل بىلەن بولغان چېگرا رايونلىرىنى ئايلىنىپ، چېگرا رايونىدىكى مۇرىتلىرىنى يوقلاپ تۇرىدۇ.

1935 - يىلى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۇنى قولغا ئالىدۇ. 1939 — يىلى تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقىپ تاشقورغانغا بېرىپ ئىشانلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، بۇ يىللاردا مۇرىت - مۇخلىسلىرىغا «ئازاتلىق، ئەركىنلىك» ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى سىڭدۈرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كىرگۈزگەن غۇلامخان تۆرە باشچىلىقىدىكى تولۇق قوراللانغان قوشۇن 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تاشقورغاننى ئىشغال قىلغاندا، سىدىقجان خوجا مۇرىت - مۇخلىسلىرى ئارقىلىق ئىنقىلابچىلارنى دەسلەپ يوشۇرۇن ھالدا يېمەك - ئىچمەك، ياتاق، بېدە - سامان بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىنقىلابچىلار ئويتاغ (قەشقەر) لىنىيە، قىزىل تاغ (يېڭىسار، يەركەننى ئاساس قىلغان) لىنىيىگە ئايرىلىپ، يۈرۈش قىلغاندىن تارتىپ تا 1946 - يىلى 7 - ئايغىچە تاشقورغاننى بازى قىلغان پارتىزانلارنىڭ تاشقورغاندىن يەركەن، قاغىلىققا بارغۇچە بولغان ئارقا سەپ تەمىناتى سىدىقجان خوجىنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن ھەل قىلىنىدۇ.

تاشقورغان ئازاد قىلىنىپ، يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، سىدىقجان خوجا ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. كېيىن خەلق سايلىغان مىللىي ھۆكۈمەت باشلىقى كارۋانشاھ بەگ (تاجىك) نىڭ ۋەزىپىسى سىدىقجان خوجامنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ، يەنى سىدىقجان خوجا شۇ چاغدىلا ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ ۋە 1947 - يىلى ئۆلكىلىك كېڭەش ۋەكىلى بولۇپ ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. كېيىن ئىلىغا بارىدۇ.

1948 - يىلى 26 - ئاۋغۇست ئىلىدا ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ئەخمەتجان قاسىمى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ تەزىيە نۇتقى سۆزلەيدۇ.

## ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجىم

ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجىم 1900 - يىلى توقسۇن ناھىيە يىلانلىق يېزا خېتىپ كارىزدا ھەسەن ئىسىملىك بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن يىلانلىقتىكى بوستان مەدرىسىدە دىنىي بىلىم ئالىدۇ. 1924 - يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسەگە بېرىپ بىر مەزگىل ئوقۇغاندىن كېيىن ھىندىستانغا بېرىپ، «دىئوبەن» دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1925 - يىلى ھەج تاۋاپ قىلىدۇ. ھەج تاۋاپتىن كېيىن 1929 — يىلىغىچە دىئوبەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا داۋاملىق ئوقۇپ، مەۋلۇۋى ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ.

ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجىم 1929 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن خوتەن كېرىيەدە قىلىپ، كېرىيە جامەسىدە ئۈچ يىل مۇدەررىس بولىدۇ. شۇ مەزگىلدە كېرىيىلىك ئىززەتخان ھاجى ئىسىملىك ئايال بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن ئايالىنىڭ ئىقتىسادى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كېتىپ، 15 يىللىق ھاياتىنى مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئېلىش ۋە ھەر قايسى، مەدرىسەلەردە دەرس ئۆتۈش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. شۇ مەزگىلدە «قازى قۇزات» لىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئولۇم شەھىرىدىكى بىر مەدرىسەدە مۇدەررىس بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھەر قايسى سورۇنلاردا قىلغان تەبلىغلىرى بىلەن كەڭ دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىززەت ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىكەن. كېيىنكى ۋاقىتتا ئەرەبىستاننىڭ پادشاھى ھەسەن Ⅲ

نىڭ كۆرسىتىشى بىلەن باش مۇدەررىس ۋە پادىشاھ ھەسەننىڭ دىنىي مەسلىھەتچىسى بولىدۇ.

ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجىم سەئۇدى ئەرەبىستاندا بولغان مەزگىلدە ئىسلام ئالىملىرى ئىچىدە يېشىلمىگەن مۇرەككەپ دىنىي مەسىلىلەرگە يەشمە بېرىپ، ئىسلام ئەھلى ۋە ئالىملىرى ئىچىدە شۆھرەت قازىنىدۇ. ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆتكۈزگەن 15 يىللىق ھاياتىدا ئون قېتىم ھەج قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ ۋە 1949 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇپ قالغان بىر قىسىم جۇڭگولۇق ھاجىلار بىلەن بىرگە، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋەتەنگە قايتىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنىدۇ. 1949- يىلى 3 - ئايدا سەپەرداشلىرى بىلەن بىللە سىنگاپور، شياڭگاڭ ئارقىلىق شاڭخەيگە كېلىپ، شىنجاڭغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا سابىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەتەنگە قايتقان بۇ كىشىلەرگە زور ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ. ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجىنى ماشىنا بىلەن يۇرتى توقسۇنغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجى تۇغۇلغان يۇرتى يىلانلىق خېتىپ كارىزغا كەلگەندە خەلق زور داقا دۇمباق بىلەن قارشى ئېلىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان تۇرالغۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

1949 - يىلى 10 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيە قۇمۇلغا يېتىپ كەلگەندە، توقسۇن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەيدۇ ۋە ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجىم مەزكۇر ئۆمەك تەركىبىدە قۇمۇلغا بېرىپ، ئازادلىق ئارمىيىدىن ھال سوراش پائالىيىتىگە قاتنىشىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجىم يېڭى ھۆكۈمەتنى قىزغىن قوللايدۇ. شۇڭا، توقسۇن خەلقى ئۇنى 1951- يىلى 3 — ئايدا ناھىيە بويىچە ئېچىلغان خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل قىلىپ سايلايدۇ. 1957 - يىلى توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ 1 - نۆۋەتلىك يىغىنىدا، ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجىم مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىنىدۇ. يەنە شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ

ھەيئىتى 3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ يىغىنغا قاتنىشىدۇ ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئابدۇخېۋىر داموللا ھاجىم «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قولغا ئېلىنىپ، 1971 - يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى توقسۇندا تۈرمىدە 71 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. 1980 - يىلى 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۇنىڭغا چاپلانغان بەتناملار بىكار قىلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

## ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ھىجرىيىنىڭ 1313 - يىلى (مىلادىيە 1896 - يىلى) خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىدە دىنىي ئالىم ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. 16 يېشىغىچە گۇمىدىكى ئۆلۇماالاردا ئوقۇيدۇ. شۇ چاغدا تەجەللى ئابدۇللا مۇپتى ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ مەلۇم ۋاقىت مېھمان سۈپىتىدە تۇرۇش جەريانىدا، ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنى شاگىرت قىلىپ تەربىيىلەشنى خالايدىغانلىقىنى ئىزھارقىلىدۇ. ئابدۇللا مۇپتى ھاجىم ۋە ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىملار بۇ ياخشى نىيەتكە رەھمەت ئېيتىپ خۇرسەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. نەتىجىدە ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم تەجەللىنىڭ خىزمىتى ۋە تەربىيىسىدە بولۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىدۇ. كېيىن ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم تېخىمۇ كۆپ بىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن قەشقەرگە، ئابدۇقادىر داموللام ھوزۇرىغا بارىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىمنى سەممىي قوبۇل قىلىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ ۋە نەتىجىدە ئۇ ئالىي مەلۇمات بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، داموللا ئۇنۋانىنى ئالىدۇ.

ئابدۇجېلىل داموللا ھاجىم ئوقۇش پۈتتۈرۈپ گۇمىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قابىلىيەتلىك ئوقۇغۇچى - تالىپلارغا

ئىلىم ئۆگىتىدۇ ۋە كىشىلەرنى تەرەققىياتتا ئارقىدا قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان خۇراپاتلىققا، مۇتەئەسسىپلىككە قارشى كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ 1934 - يىلى ھەج قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا بارىدۇ. 1934 - يىلى ھەج قىلىش سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپلا، باندىت شېڭ شىسەي تەرىپىدىن بىگۇناھ قولغا ئېلىنىپ، 43 يېشىدا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## مەخمۇت ئاخۇن داموللام

مەخمۇت ئاخۇن داموللام ئاتۇشلۇق بولۇپ، 1934 - يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان. ئۇ قەشقەر، بۇخارالاردا ئەرەب تىلى گراماتىكىسى، تىل - ئەدەبىيات، لوگىكا، ئىسلام دىنى، ئاسترونومىيە، تەبىئەت، ھېساب قاتارلىقلار بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان. قەشقەردە 30 يىلدىن كۆپرەك مۇددەرس بولۇپ تۇرۇش جەريانىدا، سانسىز تالىپلارنى ئوقۇتۇپ، دىلىنى يورۇتقان.

## ئوسمان قارىي ھاجىم

ئوسمان قارىي ھاجىم 1915 - يىلى بورتالادا تۇغۇلىدۇ. 1924— يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە ئاتۇش، قەشقەرلەردە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1934 - يىلىدىن 1935 - يىلىغىچە قەشقەر ۋالىيسى يۇنۇسبەگنىڭ تەربىيىسىدە بولۇپ، يۇنۇسبەگنىڭ بۇيرۇشى بىلەن 1935 - يىلىدىن 1937 - يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ تاشكەنتتىكى قورغاس كادىرلار تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇيدۇ. 1939- يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە قورغاس ناھىيىسىدە قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە دۆلەت مەھەللە ئۇيغۇر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى ۋە مۇدىر بولىدۇ. 1944 - يىلى 11 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، 1945 - يىلى 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە ئىلى

ۋىلايەتلىك، قورغاس ناھىيىلىك تەپتىش ئىدارىلىرىدە خىزمەت قىلىدۇ. 1946- يىلىدىن 1953- يىلىغىچە قورغاس ناھىيە ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1953 — يىلىدىن 1953 - يىلىغىچە بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ. 1955 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق چاي شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، 1962 - يىلىدىن 1981 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات سودا كوپىراتىپ يەرلىك ماللار مېۋە - چېۋە شىركىتىنىڭ مەسئۇلى، 1981 - يىلىدىن 1987 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولىدۇ. 1987 - يىلى 3 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىقىدۇ.

ئوسمان قارىي ھاجىم 1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى 82 - يېشىدا يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

## شېرىپجان داموللا ھاجى

شېرىپجان داموللا ھاجى 1917 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ۋە دىنىي زات ئابدۇغوپۇر داموللاھاجى مەۋلۇۋى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن 1932- يىلغىچە توقسۇندا باشلانغۇچ دىنىي مەكتەپتە، 1932 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە توقسۇن بازىرىدىكى مەدرىسەدە ئوقۇيدۇ. 1942- يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىسە ۋە ساقىيە مەدرىسەدە ئوقۇيدۇ. 1947 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە توقسۇن ناھىيە بازىرىدىكى مەدرىسەدە مۇدەررىس بولۇپ، قوشۇمچە دېھقانچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1958 - يىلىدىن 1983 - يىلىغىچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

شېرىپجان داموللا ھاجى ئازادلىقتىن كېيىن سىياسىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، 1956 - يىلى توقسۇن

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، 1979 - يىلىدىن 1980 - يىلىغىچە توقسۇن ناھىيە قىزىل بايراق گۇڭشىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، 1981 - يىلى توقسۇن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىس بولدۇ ۋە شۇ يىلى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بەش كىشىلىك ئۆمەك تەركىبىدە مىسىر، نىگېرىيە دۆلەتلىرىدە زىيارەتتە بولدۇ.

1983 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ياڭخاڭ جامەسىگە ئىمام، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، تىيانشان رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، 1984 - يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ خۇيجىڭى بولدۇ. شۇ يىلى مەركەز تەشكىللىگەن دۆلەتلىك ھەج قىلىش تەركىبىدە ھەج قىلدۇ.

1985 — يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 1986 - يىلى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولدۇ. 1991 - يىلى 12 - ئايدىن 1992 - يىلى 1 - ئايغىچە مەملىكەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۈپىتىدە، سەئۇدى ئەرەبىستاندا زىيارەتتە ۋە ئۆمۈر ھەج پائالىيىتىدە بولدۇ.

1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى، مىللەتلەر، دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن خۇيجاڭى، 1994 — يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدۇ.

# يەتتىنچى باب

## سەلەي چاقچاق[①]

سەلەي چاقچاقنىڭ ئەسلىي ئىسمى مۇھەممەد سالىھ، قىسقىچە ئىبتىقاندا مەتسەلەي، ئۇنىڭ «ئەپچىلەم»، «گەپچىلەم»، «موللا»، «چاقچاق» دېگەندەك لەقەملىرى كۆپ بولغان، كېيىنرەك ئەسلىي ئىسمىغا «چاقچاق» سۆزى قوشۇلۇپ، «سەلەي چاقچاق» ئاتىلىپ كەتكەن.

سەلەي چاقچاق تەخمىنەن مىلادىيە 1790 - يىللىرى قەشقەر ۋىلايىتى توققۇزاق ناھىيىسى ئوپال يېزىسىدا ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ئاخۇن مال بېقىپ، موزدۇزلۇق، ناۋايلىق قىلىپ كۈن كەچۈرگەن بولۇپ، كېيىن مالدىنمۇ ئايرىلىپ، كۆپ ئۆمرى ناۋايلىقتا ئۆتىدۇ.

سەلەي چاقچاق مالنى ياخشى تونۇيدىغان سىنچى، چېۋەر ئوغلاقچى، راۋابچى، مۇئامىلىدە مۇلايىم، خۇش چاقچاق دادىسىنىڭ تەسىرىدە زېھنى ئۆتكۈر، قولى ئەپچىل، كۈلۈپ تۇرىدىغان ئوچۇق بالا بولۇپ يېتىلىپ، كىچىكىدىلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. بالىلارنىڭ كوچا ئويۇنلىرى، توي - تۆكۈنلەردە، بارات كېچىلىرىنىڭ تۈنەك ئويۇنلىرىدا بالىلارنىڭ باشلامچىسى بولىدۇ.

---

① سەلەي چاقچاق توغرىسىدا يېزىلغان بۇ يازما داۋۇت تۆرەخمەتنىڭ 1955 —، 1956 - يىللىرى قەشقەرگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاشقا بارغاندا توپلىغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن يازغان «سەلەي چاقچاق لەتىپلىرى» دېگەن كىتابىدىن «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى قىسقارتىپ ئېلىپ، شۇ ژۇرنالنىڭ 1998 - يىلى 4 - سانىغا باسقان ماقالىدىن ئېلىندى.

لېكىن، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ «يامان كۆزدىن خالىي» بولۇشى ۋە ياش زېھنىنى بىلىمگە سەرپ قىلىشى ئۈچۈن ئۇنى مەكتەپتە ئوقۇشقا زورلايدۇ. ئۇ دىنىي مەكتەپتە ياخشى ئوقۇپ، ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە ئەرەبچە، پارسچە كىتابلارنى سۇدەك ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ. كېيىن قەشقەر شەھىرىدىكى تاغىسى زېرىپ زەرگەرنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر شەھىرىدىكى خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇيدۇ ئەمما، ئۇ بۇ بىلىم دەرگاھىدا ئۇزاق ئوقۇيالمايدۇ، ئاتىسى ۋاپات بولۇشى بىلەن شەھەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئائىلىسىگە ئۆزى قاراشقا مەجبۇر بولىدۇ. سەلەي ئاتىسىنىڭ قەرزلىرىنى تۆلەپ، ئۆينى ئۆزى باقىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، ئانىسىغا تەسەللى بېرىدۇ، ئاتا كەسپى ناۋايچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، تىرىكچىلىك كويىغا كىرىپ كېتىدۇ. سەلەي ئاتىسىنىڭ يالغۇز ھۈنىرىنىلا ئەمەس، باشلانغۇچ ھالدا سەنئەتنىمۇ - ناخشا ئېيتىش، راۋاب چېلىش، چاقچاقنىمۇ ئۆگىنىدۇ. قەشقەر شەھىرىدىكى تۈرلۈك تاماشا، توي - تۆكۈن، باراۋەت، مەشرەپ، تاۋاپ — سەيلىلەرگە قاتنىشىپ، خەلق ئارىسىدىكى خىلمۇ خىل سازەندە، شائىر، قوشاقچى، ئۇسسۇلچى، ئويۇنچى — دورامچى، مەسخىرىۋاز، سۆزمەن قىزىقچىلارغا ئارىلىشىپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ چاقچاقلىشىش جەھەتتىكى تالانتىمۇ چاپسان ئۆسىدۇ. ئۇ شۇ چاغلاردا 20 ياشلاردا بولسىمۇ، سۆز ئويۇنلىرىدا تەڭتۇشلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۈندىن - كۈنگە نامى يېزا، شەھەرلەرگە تارىلىشقا باشلايدۇ. كىچىكىدىن خەلقنىڭ جەبىر - كۈلپەتلىرىنى ئۆزكۆزى بىلەن كۆرۈپ ئۆسكەن سەلەي ئەمدى بولسا، يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى يېقىندىن كۆرۈپ سېلىشتۇرۇپ، ئاڭ - سېزىم جەھەتتە بارا - بارا ئويغىنىپ، كەمبەغەللەرگە يان بېسىشقا باشلايدۇ.

سەلەي چاققان ئاتا كەسپى - موزدوزلۇق، ناۋايلىقتىن باشقا، تۆمۈرچىلىك، باپكارلىق، ياغاچچىلىقتا ئوخشاش نۇرغۇن ھۈنەرلەرنى بىلىمۇ، ئۇ ئاساسەن ناۋايچىلىق بىلەن كۈن

كەچۇرىدۇ. ئۇ شۇ ئارىدا بىر مەزگىل قەشقەر ھاكىمى زوھۇرىدىن بەگ ھۇزۇرىدا ئوردا قىزىقچىسى ۋە باش ئاشپەز سۈپىتىدە ئىشلەيدۇ. لېكىن، ئوردا ھاياتى بۇ ئەركىن، خۇش كۆڭۈل ۋە تېتىك سەلەي ئۈچۈن بەكمۇ خورلۇق ۋە زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭغىچە ھاكىمدارلار جانغا زىق بىلەن مىخ بولۇپ تۇرىدىغان سەلەينىڭ «كۈلكە - قىزىقچىلىقلىرى» دىن جانلىرى جاق تويۇپ، سەلەينى كۆزدىن نېرى قىلىشنى كۆزلەيدۇ.

سەلەي چاققان باشقا جايلاردىمۇ - يەركەن، خوتەن، ئاقسۇغا ئوخشاش شەھەرلەردىمۇ بولىدۇ، ئاتۇشتىمۇ كۆپ تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بىلىم، ھۈنەر ۋە قىزىقچىلىق ماھارىتى بېيىپ، ناخشا، ساز، ئۇسسۇل، قوشاقچىلىق ۋە دورامچىلىق - تەقلىدچى، مەسخىرىۋازلىققا ئوخشاش قىزىقچىلىق ئويۇنلىرىدىن ئىبارەت خەلق سەنئىتىدە، بولۇپمۇ قىزىقچى - سۆزمەنلىكتە تارىختا ئۆچمەس داغ قالدۇرىدۇ. ئۇ مىلادىيە 1850 - يىلى 60 ياشتىن ئېشىپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

سەلەينىڭ قىزىقچىلىقى ئۇنىڭ يۇمۇرىستىك ئاجايىپ سۆز ئويۇنلىرى ساھىبى ئىكەنلىكىدە نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتى ئۇنىڭ لەتىپە، ھەجۋىي ھېكايە ۋە ھەجۋىي ناخشا - قوشاقلىرىدىن ئايدىڭ - ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

سەلەي - سىلىق ۋە ئۆتكۈر لەتىپە ماھىرى، ئۇ يالىڭاچ، قوپال كۈلكە سۆزلەرنى ئەمەس، ئەكسىچە ناھايىتى سىلىق - سىپايە، ياپتا گەپلەر قىلىشنىڭ ئۇستىسى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن دۈشمەن ياكى قارشى تەرەپلەرمۇ سېھىرلىنىپ، تويماي قىلىپ، كۈلۈپ كېتىدۇ.

سەلەينىڭ قايسى دائىرىدىكى لەتىپىلىرى، شاخو، چاقچاقلىرى بولسۇن، يات سىنىپ، يات تىپنى تەنقىدلەشكە، ئۆزىنى - دوستىنى بولسا ئۇلۇغلاشقا، نۇقسانى بولسا ئۈچۈقداشقا قارىتىلىدۇ. سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ناھەقچىلىققا قارشى

تۇرسۇنغان ئادالەتپەرۋەرلىكنى، خۇراپىي، مەۋھۇم پىكىرلەرگە قارشى روشەن ھۆر پىكىرلىكنى، نادانلىقنىڭ قۇلى بولماي، پاراسەتنىڭ پىدائىيسى بولۇشنى تەرغىب قىلىپ، چىرايلىق ۋە ئەڭ تەسىرچان كۆلكە دەستۇرلىرى سۈپىتىدە جاراڭلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستۇن تەبىقىلەر ياكى شۇنىڭغا مەنسۇپ شەخسلەر سەلەينىڭ كۆلكىسىنى بوغۇپ ياكى ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنى ئەخلاقسىز، بىھايا لەتىپىلەرگە ۋە ئۇنى لەت قىلىش قورالى سۆز ـ چۆچەكلەرگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن. ھاكىمدار، روھانىي ۋە ئازغۇنلار سەلەي لەتىپىلىرىنى يېزىقچا ـ كىتابلارغا ئېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تىلغا ئېلىشمۇ قويمايدۇ، پۇتۇن كۈچ ۋە ئىلاجىنى ئىشلىتىپ، باشقىلارنىمۇ تىلغا ئالمايدىغان قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. تىلغا ئالغان ھالەتتىمۇ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خۇنۇك بوياقلىرى بىلەن ياساپ بۇزىدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ.

سەلەي چاققان دائىم ئۇمىدۋارلىق روھى بىلەن سۇغىرىلغان لەتىپە، قوشاق ۋە پاراڭلىرىدا قارنى توق جانابلارنىڭ سىياقى سۆلەتلىك، سۇمباتلىق كۆرۈنگەن بىلەن قەلبى كاۋاك ياكى ئىچى پۇتۇنلەي پىسىق ـ پاسات، ئەيىب ـ نۇقسانلار بىلەن تولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ تاشلايدۇ.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇ ئۆز سۆز قىزىقچىلىقىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆلكە پەيدا قىلغۇچى جىمىكى سۆز، ماقال ۋە ئىبارىلەردىن پايدىلىنىشقا ئۇستا. بۇنىڭغا مىسال قىلىپ، «تېتىقسىزلىقتا قېتىقسىزلىق»، «دېھقان ئۇلۇغ»، «كۈچۈك»، «كىچىك» لەتىپىلىرىنى ئاتاشقا بولىدۇ. ئۇ خەلق ئېغىز ئىجادىنىڭ جىمىكى ساتىرىك، يۇمۇرىستىلىق نەمۇنىلىرىدىن، قىزىق بېيىت، قوشاق، ھەجۋىي چۆچەك، لەتىپە، چاقچاق شاخچو ۋە باشقىلاردىن كەڭ پايدىلىنىدۇ.

سەلەي — دانا قىزىقچى، ئۇنىڭ دانالىقى ھەدېسىلا كۆلكە پارتلىتىدىغان لەتىپىلىرىدىلا ئەمەس، قارشى تەرەپنىڭ

پاراسەتسىزلىكىنى ئايىماي پاش قىلىپ، ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان، شاھىتلار ۋە ئاڭلىغۇچىلار ئىشىنىڭ تېگىگە تەپەككۇر بىلەن كېيىن يېتىپ، ئاندىن مەغرۇرانە كۈلىدىغان لەتىپىلىرى بىلەن ئەمگەك ئەھلىنىڭ قايغۇسىغا شادلىق بېغىشلايدىغان ئاقىلانە مەسلىھەت تېپىدىكى لەتىپىلىرىدە نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق دانالىقىغا ـ سۆزدە چېچەنلىكىگە «كۈن ياخشى»، «ئېتىقاد»، «دوزاخ نەدە»، «قازاننىڭ دۇم كۆرۈنۈشى يامان»، «ئۈجمە سايىسىدا» دېگەن لەتىپىلەر دەلىل بولالايدۇ.

سەلەي ھازىر جاۋاب قىزىقچى، ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى قىزىق بولۇش بىلەن بىللە قىرلىق، مەزمۇنلۇق ۋە يۇقىرى ھارارەتلىك، بۇنىڭغا ئۇنىڭ كۆپ ھۈنەرلىك ئىكەنلىكى، سەنئەتكارلىقى، كۆرگەننى ئەينەن دورايدىغان تەقلىدۋازلىقى ۋە كۈلكە ھەرىكىتىدە ئىجادىي تېز كارلىقى مىسال بولىدۇ.

مەلۇمكى، تارىخنى خەلق يارىتىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ قەھرىمانلىرىنىمۇ خەلق يېتىشتۈرىدۇ. دېمەك، فولكلور قەھرىمانى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەڭ تەسىرچان، ئەڭ تارقىلىشچان، ئىخچام ۋە ئۆتكۈر ژانىرى ـ لەتىپە قەھرىمانىنىمۇ خەلق يارىتىدۇ. قىزىقچىلىق قەھرىمانلىرىمۇ خەلقتىن ئۆگىنىپ يېتىشىدۇ. سەلەي چاققانىنىڭ تەرجىمىھالىدىن مەلۇمكى، ئۇ كىچىكىدىنلا ئۇستا راۋابچى، ماھىر غەزەلخان بولغان ئاتىسىدىن نۇرغۇنلىغان قوشاق، بېيىت ۋە ھەر خىل لەتىپىلەرنى ئۆگىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ھاياتىدا ئەزەلدىن مۇزدۇزخانىلارمۇ سەنئەت ئوچىقى بولۇپ كەلگەن. سەلەيىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەتنىڭ ھويلىسىدىكى مۇزدۇزخانىدىن ھېچقاچان ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ يەرگە يىغىلغانلار تۈرلۈك جەڭنامىلەر، چۆچەكلەرنى ئېيتىشىپ ياكى دۇتار، راۋاب، تەمبۇر چېلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى. مۇزدۇزخانىدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى ياش سەلەيىنىڭ دىلىغا ئۆچمەس بولۇپ ئورناپ قالىدۇ. سەلەي مەدرىسەدە ئوقۇغان چاغلىرىدا شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن يېقىندىن تونۇشىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك

شائىرلىرىنىڭ، ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى زوقمەنلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ. ناھايىتى نۇرغۇن ھېكايە، غەزەل، نەقىل ۋە ھېكمەتلەرنى بىلىۋالىدۇ. تۇغما تالانت ئىگىسى بولغان سەلەي چاققان ئۇچۇن مۇنداق قولايلىق شارائىتلار ئۇنىڭ قوشاقچىلىقتىمۇ قابىلىيىتىنىڭ پەرۋاز قىلىشىغا مۇمكىنلىك بېرىدۇ. سەلەي ھەقىقەتەن ماھىر ۋە قايناق ئىلھاملىق، ھۇزۇر بەخش قوشاقچى. ئۇنىڭ قوشاقلىرى ئەمگەكچىگە روھ، ئاشىققا ئارام، دەردمەنگە داۋا، زالىمغا زاۋال، جاھىلغا جۇۋالدۇرۇزدۇر، ئۇنىڭ قوشاقلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، بايلارغا قارشى كۈرەش قىلىش روھى يالقۇنلاپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ قوشاقلىرى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن، مەزمۇن ـ ئىدىيە جەھەتتىن بولسۇن، ئاددىي خەلقنىڭ كۆڭلىگە ناھايىتى يېقىن.

## قىزىقچى موللا زەيدىن

داڭلىق خەلق قىزىقچىسى موللا زەيدىن 1815 ـ يىللار ئەتراپىدا لۈكچۈننىڭ باغرا يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ كىچىكىدە بىر خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىپ، 11 يېشىدا لۈكچۈن ۋاڭلىق «مەدرىسە» گە كىرىپ ئوقۇيدۇ ۋە بۇ مەدرىسەدە 17 ياشقىچە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىلىنى ئۆگىنىپ، نەۋائى، سوپى ئاللايار، قول خوجا ئەخمەت، شامەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئېلىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن مولللاردىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ زەيدىن دېگەن ئىسمىنىڭ ئالدىغا «موللا» دېگەن نام قوشۇلۇپ، موللا زەيدىن دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ.

موللازەيدىن ياشىغان دەۋردە زالىم ۋاڭلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ خەلققە سىلىۋاتقان زۇلمى ھەددىدىن ئاشقان، مۇتەئەسسىپ مولللار ۋاڭ، گوڭلارغا قول چوماق بولۇپ خەلققە زۇلۇم سىلىۋاتقان يىللار ئىدى. موللا زەيدىننىڭ قەلبىدە زالىملارغا قارشى كۈچلۈك

نەپرەت، خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن چەكسىز ھېسداشلىق تۇيغۇ بولغاچقا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر، يۇمۇرىستىك چاقچاقلىرى ئارقىلىق زالىم ۋاڭلار، ئاچ كۆز، پارىخور ئەمەلدارلار، ئالدامچى، ساختىپەز موللىلارنى مەسخىرە قىلىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرىگە ئېچىنىپ، ئۇلارنىڭ ھەققانىي تەلەپ، ئارزۇلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ.

ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، قۇرۇلۇشى ئىخچام، تىلى راۋان قىزىقارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ باي خوجاملارغا قاراتقان ئۆتكۈر، ئاچچىق مەسخىرىلىرى زالىم زومىگەرلەرگە كۈچلۈك زەربە بېرىدۇ، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان يېقىملىق چاقچاقلىرى خەلقنىڭ قەلبىگە يورۇقلۇق ۋە راھەت بېغىشلايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ لەتىپىلىرى دەۋردىن ـ دەۋرگە، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا كۆچۈپ، نامى نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققان قاتارلىقلارنىڭ نامى بىلەن بىرگە ھازىرغىچە خەلق قەلبىدە ساقلىنىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

موللا زەيدىن تەخمىنەن 1880 ـ يىللار ئەتراپىدا ئۆز يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىككە ئىگە لەتىپىلىرى خەلق ئارىسىدا تېخىمۇ كەڭ يىلتىز تارتىپ ھەمدە پورەكلەپ ئېچىلىپ، دەرسلىك قوللانمىلارغا كىرگۈزۈلۈپ، ئەۋلادلار قەلبىگە سىڭدۈرۈلمەكتە. موللا زەيدىن توغرىسىدىمۇ تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلىنىپ، خەلقنى تەربىيىلەش رولىنى ئوينىماقتا.

## موللا مۇسا سايرامى

مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە ئەدىبى موللا مۇسا بىننى ئەيسا سايرامى مىلادىيە 1826 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونىنىڭ ئاناقىر يېزىسىدا دۇنياغا

كېلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى موللا ئەيسا بىننى موللا ئەزىزخان خوجا ئەينى ۋاقىتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن دىنىي زاتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئوغلىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ناھايىتىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى يەتتە يېشىدىلا ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان سايرام مەدرىسەدە ئوقۇتۇپ باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقىرىدۇ. 1847 - يىلى 9 - ئايدا ئۇنى ئەينى زاماندا جەنۇبىي شىنجاڭدا داڭلىق بولغان كۇچادىكى ساقساق مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىدۇ. بۇ مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى شۇ زاماندىكى داڭلىق ئۇيغۇر ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولغان موللا ئوسمان ئاخۇن خەلپەت دېگەن كىشى ئىدى. موللا مۇسا ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئۇستازىنىڭ غەمخورلۇقىدا، قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، (تەقۋىم كالىندار شۇناسلىق)، ئاسترونومىيە ئىلىملىرى ھەمدە ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، «بالا موللا»، «موللا مۇسا» دېگەن ناملار بىلەن تونۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇستازى موللا ئوسمان ئاخۇننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك روھىنىڭ تەسىرىدە ئىدىيە جەھەتتىمۇ يېتىلىشكە باشلايدۇ. ئۇ 1854 - يىلى مەدرىسەنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئانا مەكتىپى سايرام مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

1864 - يىلى كۇچار قوزغىلىڭى پارتلىغاندىن كېيىن، موللا مۇسا سايرامى تالىپلىرىنى باشلاپ قوزغىلاڭغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق سەركەدىسى ماخمۇددىن خوجىنىڭ مۆھۈرچىسى ئومۇمىي ئىشلار باشلىقى بولىدۇ. بۇ جەرياندا خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭ، چوڭقۇرلۇقى، كەمتەر، كىچىك پېئىللىقى بىلەن قوزغىلاڭچىلار ۋە خەلق ئارىسىدا زور ئابرۇيغا ئىگە بولىدۇ. 1867 - يىلى ياقۇپبەگ ئۇچتۇرپاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇ ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى مىرزا بابابېك ھىسارنىڭ كاتىپى بولىدۇ. 1877 - يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن موللا

مۇسا سايرامى ئاقسۇدا قىلىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 40 يىلغا يېقىن ۋاقىتنى يېزىقچىلىق ۋە تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بىر مۇنچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازىدۇ. بۇلاردىن مەشھۇرراق بولغانلىرى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، «دەريايان ئەسھابۇل كەھف»، «تارىخىي ئەمىنىيە»، «دىۋان مەسنەۋى»، «تارىخىي ھەمىدى»، «سالامنامە» قاتارلىقلاردۇر.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ كېيىنكى ئۆمرى ناھايىتى ئېغىر چىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، بۇ ئېغىر تۇرمۇش ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرىدۇ. 1917 - يىلى 81 ياشقا كىرگەن موللا مۇسا سايرامى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يۇرتى سايرامغا قايتىدۇ. شۇ يىلى 4 - ئايدا ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ بىرى، تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ ۋە ئانا يۇرتى ئاناقىر يېزىسىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

«تارىخىي ھەمىدى»، «تارىخىي ئەمىنىيە»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1985 - يىللىق سانىدا ئەنۋەر بايتۇرنىڭ «موللا مۇسا شېئىرلىرى» غا يازغان «كىرىش سۆزى».

## يۇسۇپ تەيجى

شائىر يۇسۇپ تەيجى ئىبنى جۇبەير ئىبنى پەتەنوش غىربى 1864 - يىلى قۇمۇل شەھرىدە سۇنغان بەگ ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى جۇبەير بەگ مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ دەۋرىدىكى پەتەنوش تەيجىنىڭ چوڭ ئوغلى. پەتەنوش تەيجى، مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ «پۇقرالارنى ۋاڭغا قارشى قوزغىتىپ ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى قوللىدى» دەپ خانغا سۇنغان مەلۇماتقا ئاساسەن خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئايالى، ئوتتۇرانچى ئوغلى بىلەن

بىللە باركۆلدە قەتل قىلىنغان. بۇ ئىش ئۆسمۈر يۈسۈپكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ قۇمۇل مەدرىسەلىرىدە ئوقۇغان مەزگىلدە غۇربەتچىلىكتە ياشايدۇ. لېكىن، ئۇ بىلىمگە زور ئىشتىياق باغلاپ، چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى پۇختا ئۆگىنىش بىلەن بىرگە، ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ پۇختا ئۆگىنىدۇ. نەتىجىدە ئىلىم ساھەسىدە يېتىلىپ، خەلقپەرۋەر كىشى بولۇپ، كۆزگە كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شامەخسۇت ۋاڭ ئوردىسىدا يوسۇل، مىراقۇل، مەلۇمچى (بۇلار ئوردا ئەمەل ناملىرى)، 49 يېشىدا تەيجى بولىدۇ. تەيجى بولغان مەزگىلدە ئوردىغا ئىلىم ئەھلىنى يىغىپ، ئوردىدا خەتتاتلىق كۇرسى ئېچىش بىلەن بىرگە، ئوردا زىيالىيلىرىنى ھەر جەھەتتىن تەربىيىلەيدۇ. ئۆزىمۇ ئۇستا خەتتات بولۇپ يېتىلىدۇ. ھەم تېببىي بىلىمنى ئۆگىنىپ، تېبابەتچىلىكتە كۆزگە كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئوقۇش ۋە خىزمەت جەريانلىرىدا غېرىبى تەخەللۇسىدا ئادالەت، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان كۆپلىگەن، شېئىر، نەزمە، نەسىھەتنامىلەرنى يازىدۇ. يۈسۈپ تەيجى غېرىبى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، جامائەت خىزمىتىدە بولۇپ، 1937 - يىلى ھەج تاۋاپ قىلىپ، قايتىپ كەلگەندە، تۇرپان قارا غوجا كارىزىدا تۇرىدۇ، يەنى ئۇ بۇ يىللار شېڭ شىسەينىڭ تۇتقۇن قىلىش دەۋرى بولغاچقا، ئۆزىنى تۇتقۇن بولۇشتىن قاچۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ 1938 - يىلى ئۇنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى مەۋرۇپبەگ شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ تەيجى غېرىبى قۇمۇلغا قايتمايدۇ. ئۇ 1940 - يىلى 76 يېشىدا تۇرپان قاراغوجا كارىزىدا ئالەمدىن ئۆتۈپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدى.

## ئابدۇلئەزىز مەخسۇم

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پىشقەدەملىرىدىن بىرى بولغان ئابلىز مەخسۇم (ئەزىزى) 1899 - يىلى ئاتۇش مەشھەتنىڭ

ئازاق يېزىسىدا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى ۋە يېتەكچىسى ئابدۇقادىر ئابدۇۋارىس قەشقىرى (1862 - 1924) ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە دىنىي تەلىم ئېلىپ، پارس، ئەرەب ۋە تۇرك تىللىرىنى خېلى پۇختا ئىگىلەيدۇ. تارىخىي، كلاسسىك ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇيدۇ. كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسەگە بېرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا ھىندىستانغا چىقىپ، ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇش جەريانىدا ھىندىستان خەلقىنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۆرىشىنى قوللاپ نامايىشقا قاتنىشىپ، ئەنگلىيە تۈرمىسىگە ئالتە ئاي قامىلىدۇ. 1924 - يىلى دادىسى ئەكسىيەتچىل ئىستىبداتلار تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ھەرخىل سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ ۋە شېڭ شىسەي، گومىنداڭ دەۋرىدە ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار زات، دەپ قارىلىپ، كۆپ قېتىم تۈرمىگە قامىلىدۇ. ئابلىز مەخسۇم 1946 - يىلى خەلقچىل سايلامدا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ سايلىنىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن لىچۈن شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. 1951 - يىلى چاۋشەنگە ياردەم بېرىشتە نۇرغۇن مال - مۈلكىنى ھەدىيە قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1920 - يىللاردا باشلانغان بولۇپ، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى كۆپ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنمايدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى يازغان خەلقنى غەپلەت ئۇيقۇدىن ئويغىتىپ، تەرەققىياتقا، مىللىي باراۋەرلىككە، ئازادلىق ۋە ھۆرلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن كۈرەشكە يېتەكلەيدىغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئابلىز مەخسۇم 1982 - يىلى تۇيۇقسىز ۋاپات بولىدۇ.

## مۇھەممەت فەيزى

مۇھەممەت فەيزى 1909 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ

خانئېرىق يېزىسىدا ئۆلىما ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدۇ. ئاتىسى موللا ئاخۇن ھاجىم ئۆز زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسلىرىدىن بولۇپ، پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. مۇھەممەت فەيزى ئىنىسى ئەھمەد زىيائى بىلەن بىرلىكتە ئاتىسىنىڭ قولىدا بىلىم ئالدۇ. 1920 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قەشقەر شەھىرىدە چاھارسۇ مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرىپ، مامۇت ئاخۇن داموللام، شەمشىدىن داموللام، زىرىپ قارىي ھاجىم قاتارلىق شۇ دەۋرنىڭ نوپۇزلۇق مۇدەررىس، ئالىملىرىدىن دەرس ئېلىپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدۇ ۋە تۈركىي، خەلقلەر ئارىسىدا نامى مەشھۇر بولغان ئالىم مۇسا جارۇللانى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالدۇ. ئۇ شۇ يىللاردا شەرىئەت ئىلمى، تىل - ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە قاتارلىق ئىلىمنىڭ ھەر قايسى تۈرلىرى بويىچە يۇقىرى مەلۇماتقا ئېرىشىدۇ. ئىلىم ساھەسىدىكى مۆتىۋەر ئۇستازلار ئۇنى «ئىقتىدارلىق ياش ئالىم» دەپ ئاتىشىدۇ.

مۇھەممەت فەيزى تۈركىي تىللاردا ۋە ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان ئەدەبىي، ئىلمىي ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇش بىلەن بىرگە، چوڭقۇر مۇتالىئە قىلىپ، ئەرەب، پارس تىللىرى ۋە بۇ تىللارنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى بىلىمدە كامالەتكە يېتىدۇ. ئۇ بىر ئەرەب تىلى مۇتالىئە سورۇنىدا: «ئەرەب تىلىنىڭ سەرپ، نەھۋىسى (گراماتىكا ۋە سىنتاكسىسى) دۇنيادىن پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى قايتىدىن ئەينەن تۇرغۇزۇپ چىقالايمەن» دەيدۇ. ئۇ چاھارسۇدىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ساقىيە مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلىپ، تالىپلارنى ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1937 - يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، بىر قانچە يىل تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، قەشقەردە مائارىپ ئىدارىسى، ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا كاتىپلىق خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. مۇھەممەت فەيزى 50 - يىللاردا

كېيىنكى ھاياتىنى ئاساسەن ئائىلە شارائىتىدا ئەدەبىي - ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا كىشىلەرگە ئارىلىششنى خالىماي، مەدرىسە ھۇجرىسىدا ئىستىقامەت بىلەن يەككە - يېگانە ھايات كەچۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

مۇھەممەت فەيزى ھايات پائالىيىتىدە «ئەقىدىلەر گۆھىرى»، «شېرىن سۆزلەر» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ۋە ھەر خىل ژانىردىكى كۆپلىگەن نادىر شېئىرلارنى يازىدۇ. ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى يۇسۇپ سەككاكىنىڭ «مۇھتاھۇل ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق ئەسىرىنى تۇنجى قېتىم ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىدۇ.

مۇھەممەت فەيزىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە ئەرەب تىلىدا يېزىلغانلىرى چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شائىرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا يازغان شېئىرلىرى بەدىئىيلىك جەھەتتە ئەرەب تىلىدا يازغان شېئىرلىرىدىن خېلىلا تۆۋەن تۇرسىمۇ، دۇنيا قارىشىدىكى ئىلغارلىقىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇھەممەت فەيزى شائىر، تەرجىمان بولۇپلا قالماستىن، ئاتاقلىق خەتتات. ئۇ تەرجىمە قىلغان «مۇھتاھۇل ئۇلۇم» ئەينى يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىنغان. مۇھەممەت فەيزىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈلگەن «مۇھتاھۇل ئۇلۇم» خەت نۇسخىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەرجىمىسىنىڭ كامالىتى بىلەن تارىخىي قولىيازما سۈپىتىدە ھازىرغا قەدەر ساقلانماقتا.

## شائىر، تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائى

ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى بولغان ئەھمەد زىيائى 1913 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ خانئېرىق يېزىسىدا ئۆلىما موللا ئاخۇن ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا

كېلىدۇ. ئۇ دادىسى موللا ئاخۇن ھاجىمدىن ئىپتىدائىي دىنىي بىلىمنى ئالىدۇ. دادىسى قەشقەر شەھىرىدىكى چاھارسۇ «مەدرىسە» دە مۇدەررىسلىك قىلغاندا، مەدرىسە دادىسىدىن بىلىم ئالىدۇ. ئۇ ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن ئەرەب، پارس تىلىنى ناھايىتى تېزلا ئىگىلىۋالىدۇ. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلاپ، تىرىشچانلىقى، زېرەكلىكى، ئىشچانلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ئۇ بىر مۇشائىرە سورۇنىدا تۇنجى قار باسقان پامىر تاغ مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ پارسچە بىر مەسنەۋى ئوقۇپ، سورۇن ئەھلىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. دادىسى ئۇنىڭغا شۇ سورۇندىلا زىيائى (نۇر چاچقۇچى) تەخەللۇسىنى بېرىدۇ.

ئەھمەت زىيائى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە خېلى بۇرۇنلا قەدەم تاشلىغان بولۇپ، ئۇ «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستاننى پارس تىلىدا يازىدۇ (بۇ ئەسەرنىڭ قول يازمىسى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يوقالغان).

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ ئۆزگىرىشلەر شائىرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھاياتىغا زور ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ 1935 - يىلىدىن باشلاپ قەشقەردە ئۇيغۇر يېڭى زامان مەتبۇئاتچىلىقىغا ئاساس سالغۇچى، مەرىپەتپەرۋەر قۇتلۇق شەۋقى تەسىس قىلغان«يېڭى ھايات» گېزىتى (كېيىنچە «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن) دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. قۇتلۇق شەۋقى 1938 - يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن زىيائى گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئەھمەد زىيائى شۇ يىللاردا «خائىن ۋاڭ جىڭۋېي»، «قارا

كۇنلەر، نۇرلۇق هايات» ، «قەنت پاجىئەسى» ، «تۇرمۇش سازىنىڭ بۇزۇق پەدىسى» ، «پىداكارلىق مېدالى» قاتارلىق ساتىرىك ئەسەرلەرنى، داستانلارنى يېزىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا نەپرەت ياغدۇرىدۇ، ئەركىنلىككە، دېموكراتىيىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. 1943 ــ يىللىرى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئەھمەد زىيائىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرتىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىگە مۇھەررىر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شائىر بۇ گېزىتتە ئىشلىگەن بىر يىل جەريانىدا كلاسسىك شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىنى ئۆزگەرتىپ، ئوپېرا قىلىپ يېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «مۇھەببەت ۋە هايات» قاتارلىق ماقالىلار، كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازىدۇ. ئەھمەت زىيائى 1944 - يىلى 3 - ئايدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ئۇ 1944 - يىلى 6 - ئايدا ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېتىپ، سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ، پاكىستانغا چىقىدۇ ۋە بۇ سەپىرى توغرىسىدا «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق ئەدەبىي خاتىرە يازىدۇ. شائىر پاكىستاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «شىنجاڭ قەشقەر گېزىتى» نىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ ۋە «قەشقەر گېزىتى» دە ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە «رابىئە ـ سەئىدىن» ئوپېراسىنى تولۇقلاپ يېزىپ نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ مەزگىلدە يەنە «توزۇماس چېچەكلەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» ناملىق پوپلىستىك ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىدۇ. «لاداخ يولىدا كارۋان» ئەدەبىي خاتىرىسى خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ۋە ئوردۇچە تەرجىمە قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەل جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇلىدۇ. شائىر ئازادلىق هارپىسىدا قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولىدۇ.

ئەھمەد زىيائى ئازادلىقتىن كېيىن «قەشقەر گېزىتى» ،

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىدۇ.

ئەھمەد زىيائى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋالىيسى سەيپۇللايوفنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئاكىسى مۇھەممەت فەيزىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن مەشھۇر تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەپ چىقىدۇ. (ئەپسۇسكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ بۇ تەرجىمىسىنى 1953 ـ يىلى باشقىلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلاتى بۆلۈمىگە بېرىمىزدە ئېلىپ كېتىپ يوقىلىدۇ).

ئەھمەد زىيائى 1957 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شائىر بۇ جەرياندا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلىدۇ. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىئە ـ سەئىدىن» ناملىق داستانىنى نەشرگە تەييارلايدۇ (بۇ ئەسەر «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان). شائىر ئۇزاق ئۆتمەي «سولچىل» خاتا لۇشيەن تۈپەيلىدىن 20 يىل ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەھمەد زىيائى ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ ۋە 1980 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىغا ئورۇنلىشىدۇ، ئۇ ئۇيەردە مول نەتىجىلەر يارىتىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى پارلاق نامايەندە «قۇتاد غۇبىلىگ»

نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەزمە شەكلىدە نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى باشلانغاندا ئەھمەد زىيائى باشقا ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ ۋە «تارىخىي مىراس قۇتاد غۇبىلىگ توغرىسىدا»، «(قۇتاد غۇبىلىگ) كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل؟»، «كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تەسىرگە ئۇچراش جەريانى» قاتارلىق ماقالىلارنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ماقالىلارنىڭ بەزىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بەزىلىرى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىندى.

ئەھمەد زىيائى يەنە جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان تىلشۇناس ۋە تەرجىمان، ئۇ ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرى مۇتەخەسسىسى بولۇپ، «تارىخىي رەشىدى»، «ئىسلام پەلسەپىسى تارىخى»، «قۇتاد غۇبىلىگ ئىنجۇمەلىرى»، «بۈيۈك ھون ئىمپېراتورلۇقى تارىخى»، «قۇتاد غۇبىلىگ ئېندېكسى» قاتارلىق تارىخىي ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. شائىر بىلال نازىمنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» ناملىق ئەسىرىنى مەرھۇم جۇنەيد بەكرى بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان. 1983 - يىلىدىن باشلاپ ئەھمەد زىيائى شېئىر ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، «كۆرۈپ ئىلمىي چېچەكلەرنى»، «بۇلبۇلغا خىتاب»، «نەي ساداسى» قاتارلىق شېئىرلارنى ۋە بىر تۈركۈم قىتئە، رۇبائىيلارنى ئېلان قىلىدۇ.

ئەھمەد زىيائى ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ئىجادىيەت يولىدا جاپا چېكىپ، چوڭ ھەجىملىك داستان «رابىئە - سەئىدىن» نى يېزىپ پۈتتۈرىدۇ. داستان 1985 - يىلى نەشر قىلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى يېرىم ئەسىرلىك ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان زور ھەجىملىك تارىخىي بىئوگرافىك رومان يېزىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە دەسلەپكى قەدەمنى باسقان بولسىمۇ، كېسەل ئۇنىڭ بۇ

ئـارزۇسـىـنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ. ئەمما، شائىر يىشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاغرىقچان بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قـەشـقـىرىنىڭ ھاياتى، پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن يىرىك ئەسەر «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىز ئىجادچىلىرى - يۇسۇپ ۋە مەھمۇد» ناملىق تارىخىي داستاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ تاماملايدۇ.

بـىـر ئـۆمۈر مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ساھەسىدە مـول ئـەجـىـر سـىـڭدۇرگەن، 1980 - يىلىدىن باشلاپ جۇڭگو يـازغـۇچـىـلار جـەمـئـىـيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شـۆبـىـسـىـنىڭ ئـەزاسـى، شـىـنجاڭ غەربىي ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى بولغان 1989 - يىلى 3 - ئايدا تەتقىقاتچى ئۇنۋانىغا ئېرىشكـەن ئـەھمەد زىيـائـى ئـەپەنـدى ئـۆپكە راكـى كېسەللىكىـگە گىرىپـتار بولۇپ، 1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى (جۈمە) ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## يازغۇچى، دراماتورگ زۇنۇن قادىر

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىغا، بولۇپمـۇ ھـېكايىـچىلىقىغا ئـاساس سالغۇچـىلارنىڭ بىرى بـولغـان زۇنـۇن قادىر 1912 - يىلى 6 — ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە شەھەر كەمبەغىلى ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. كېيىن ئاتا - ئانىسى بىلەن بىللە غۇلجا شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ، 1919 - يىلى غۇلجىدىكى دىنىي مـەكـتـەپـكـە ئـوقـۇشقا كىرىدۇ ۋە دىنىي مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، پەننىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. زۇنۇن قادىر13 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ چارىسىز قىلىپ ئوقۇيالمايدۇ. 1935 - يىلىغىچە دادىسىدىن مىراس قالغان ئازغىنە يەردە دېھقانچىلىق قىلىدۇ. 1935 - يىلى

ئۇ غۇلجىدا ئېچىلغان ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىدا بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن غۇلجا شەھىرىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 1937 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىل، ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئۈچ يىل بىلىم ئالىدۇ.

زۇنۇن قادىر ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىلدە جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ئۇ 1941 - يىلى غۇلجىغا قايتىپ بېرىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى سەنئەت ئۆمىكى (سانايىنەپىسە) دە ئارتىس، ئىجادىيەتچى، رېژىسسور، دېكوراتور، چىراغچى بولۇپ ئىشلەپ، ئۆز تالانتىنى ھەر تەرەپلىمە جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىنى يېڭىلاش، گۈللەندۈرۈش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىدۇ.

غەيرەت - شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرغان تالانتلىق ياش سەنئەتكار زۇنۇن قادىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغان كۈنلەردە ھەربىي مۇخبىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قايتىدىن تەشكىللىگەن سەنئەت ئۆمىكىدە ئىجادىيەت بۆلۈم باشلىقى، قوشۇمچە مائارىپ بۆلۈم باشلىقى، ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «كۈرەش»، شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «ئىتتىپاق» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا مۇھەررىر ۋە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ، مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا سەركەردىلىك رول ئوينايدۇ.

زۇنۇن قادىر ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىي - مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. ئۇ 1951 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە غۇلجا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە ئىلىم - مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. 1954 - يىلدىن ئېتىبارەن مەدەنىيەت

نازارىتىنىڭ ئىجادىيەت بۆلۈمىدە ئىشلەپ، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىدۇ. 1957 - يىلىدىن 1963 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ «مەدەنىيەت زورئىنقىلابى» مەزگىلىدە «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، ئۇزۇن يىل رىيازەت چېكىدۇ. مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپى يازغۇچىسى بولىدۇ.

ھاياتىنى خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىگە بېغىشلىغان زۇنۇن قادىر سەنئەت ئىجادىيىتىگە 1936- يىلى كىرىشكەن بولۇپ، ئۈچ پەردىلىك «جاھالەتنىڭ جاپاسى»، «ئۇچراشقاندا»، «پارتىزان يولى» ناملىق درامىلارنى يازىدۇ. 1942 - يىلى «گۈلنىسا»، «غۇنچەم» درامىلىرىنى يېزىپ، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىدۇ. 1943 - يىلى غۇلجىدا سەھنە ئەسىرى «غېرىب - سەنەم» ئوينالغاندا، زۇنۇن قادىر ئۇنىڭغا «شىكار ئۈستىدە»، «مەكتەپ» ناملىق ئىككى پەردە قوشىدۇ. يەنە «ھەر ئىشنىڭ يولى بار»، «خۇش خەۋەر» قاتارلىق درامىلارنى يازىدۇ. 1945 - يىلىدىن باشلاپ، ھېكايە، مەسەل، شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە نۇرغۇنلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى - چۆچەك، قوشاق، بېيىت، ماقال - تەمسىللەرنى توپلاپ، «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاشقا باشلامچىلىق قىلىدۇ. شۇ يىللاردا «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «شەپقەت ھەمشىرىسى»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق ھېكايىلەرنى يازىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، «چېنىقىش» قاتارلىق ھېكايىلەرنى، «توي» ناملىق درامىنى يازىدۇ. «توي» ناملىق درامىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. 1981- يىلى تېيىپجان ئېلىيوف، ئېلى ئېزىزى

قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە «غېرىپ ـ سەنەم»ناملىق كىنو سىنارىيىسىنى يازدۇ ۋە «غۇنچەم» دىرامىسىنى رېژىسسور ئابدۇللا بىلەن بىرلىشىپ سىنارىيىلەشتۇرىدۇ. 1984 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 17 بابلىق «خاتىرىلەر»نى نەشر قىلدۇرىدۇ. «غۇنچەم» دىرامىسى زۇنۇن قادىرنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر دراماتورگىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا بىزگە «غۇنچەم»، «چېنىقىش»، «خاتىرىلەر»، «مەسەل ۋە چۆچەكلەر» دىن ئىبارەت تۆت پارچە كىتاب قالدۇردى.

زۇنۇن قادىر تۇرمۇشتا ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان، چېقىشقاق، خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى. ئۇ يۇقىرىقىدەك ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن خەلق ئاممىسى بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ ياشىغان، شۇڭا كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ئەپسۇس، بۇ خەلق بىلەن قەلبداش يازغۇچى 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

## نىم شېھىت ئەرمىيە ئېلى سايرامى

شائىر نىم شېھىت ئەرمىيە ئېلى سايرامى 1906 ـ يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىغا قاراشلىق تىزەك قاغا كەنتىدە، ئېلى ئاخۇن ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ ئېلى ئاخۇننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىكى ئابدۇقادىر ئېلى ئىدى. شائىرنىڭ بۇ ئىنىسىمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن مائارىپچى بولۇپ، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئوت يۈرەك ئىنقىلابچى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىر قاتاردا گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئەرمىيە ئېلى خەت ساۋاتىنى ئۆز يېزىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە

چىقىرىدۇ. 1922 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇ بىلىم ئىزلەپ باي ۋە كۇچار ناھىيىلىرىنىڭ مەدرىسەلىرىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. 1930 ـ يىلى ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى رىتىمى ۋە شەكلى بىلەن يېزىلغان «بازار ۋە مازار» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى دوستلىرى ھەم خەلق ئىچىدە يازما ھالدا كەڭ تارقىلىدۇ.

كېيىن شائىر بىلىم ئىزلەپ قەشقەرگە بېرىپ، خانلىق مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە تىرىشىپ ئوقۇيدۇ ۋە پەلسەپىۋى پىكىرگە باي «مادارا ئەئزەم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ توپلامدا شۇ چاغدىكى مىللىي زۇلۇم ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بەزى تەرەپلىرى (ئاساسەن بايلىق بىلەن كەمبەغەللىكنىڭ پەرقى ھەم مەنبەلىرى) خېلى گەۋدىلىك ئېچىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شائىر «ئەنۋارۇلھۇدا» (ھەقىقەت نۇرلىرى) ناملىق ئىشقى قەسىدىنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۇرىدۇ. توپلام 100 بەت ئەتراپىدا بولۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە شائىرنىڭ قولىدىكىلىرى گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىدۇ.

1933 ـ يىلى قەشقەردە خەق قوزغىلاڭچىلىرى سېپىدە بولغان شائىر ئۇرۇشتا يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالىدۇ. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن نىم شېھىت (يېرىم جان) دېگەن ئاتالغۇنى ئەدەبىي تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىدۇ. بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ تېنى ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكتىن قەشقەردىن بايغا قايتىپ كېلىپ، باي ناھىيىسىنىڭ قىرىيە دېگەن تاغلىق كەنتىدە، يېڭىدىن قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىمچىلىك قىلىدۇ.

1936 — يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق گېزىت چىقارغاندا نىم شېھىت شۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ. ئۇ 1945 — يىلىغىچە بولغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە شۇ گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرىدىن بىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1943 - يىلى 9 - ئايدا شائىر ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن سۈرگۈن ھېسابىدا يۆتكىلىپ بارغان ئوت يۈرەك ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇلار بۇرۇن گېزىت يۈزىدىلا بىر - بىرى بىلەن تونۇشقان بولسا، ئەمدى خىزمەتداش، سەپداش بولۇپ ئاكا - ئۇكىلاردەك چىقىشىپ، قېرىنداشلاردەك ھەمكارلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ بىللە ئىشلەيدۇ.

شېئىرلىرىدا يېڭى - يېڭى پىكىر، ئىلغار مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ كەلگەن شائىر ئەرمىيە ئېلى سايرامى بۇ مەزگىللەردە رىۋايەت تەرىقىسىدە كەڭ تۈردە تارقىلىپ يۈرگەن «مىڭ ئۆي ۋە پەرھات- شېرىن» توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى توپلاپ ئۆگىنىپ تەتقىق قىلىپ، «مىڭ ئۆي ۋە پەرھات - شېرىن» داستانىنى يېزىپ ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. بۇ داستان ئۆزىگە ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ داستانچىلىق شەكىل ۋە ئۇسلۇبلىرىنى ئۈلگە قىلغان. جانلىق خەلق تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ داستانغا يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى «نادىر ئەسەر» دەپ ئاتايدۇ.

شائىر نىم شېھىت بۇ داستاندىن كېيىن، خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرنى يىغىپ ئۆگىنىپ يۇغۇرۇپ، «لەيلى - مەجنۇن» نى ئوپېرا قىلىپ يېزىپ سەھنىلەشتۈرىدۇ. بۇ ئەسەر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» ئوپېرالىرى بىلەن بىر قاتاردا ئاۋۋال ئاقسۇدا، كېيىن شۇ ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بەزى ناھىيىلەرنىڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپلا «مىڭ ئۆي ۋە پەرھات — شېرىن» داستانىنى سەھنىلەشتۈرۈشكە كىرىشىدۇ. بىراق، شائىر ئېغىر ئۆپكە ۋە مېڭە ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. دوستلىرى ئۇنى شۇ چاغدىكى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرۈتكەندە، باش دوختۇر داۋالاشتىن باش تارتىپ، «بۇ ئادەمنىڭ كېسىلى ئېغىر، قىرىق كۈنگە يەتمەي ئۆلىدۇ، بۇنى دەرھال ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا

تاپشۇرۇپ بېرىڭلار! » دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئاقسۇ گېزىتخانىسى داۋالىنىشتىكى چىقىمدىن قېچىپ، شائىر نىم شېھىتنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىر قولىدا بار مال - مۈلكىنى سېتىپ، ئۇنىڭ پۇلىغا ھارۋا كىرا قىلىپ، 1945 - يىلىنىڭ ماي كۈنلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى تىزەك قاغاغا قايتىپ كېلىدۇ.

1945 - يىلى 8 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوراللىق قىسىملىرى قېرىيە ئارقىلىق بايغا چۈشۈپ، 17 - ئاۋغۇست كۈنى باي ناھىيىسىنى گومىنداڭچىلاردىن ئازاد قىلىدۇ. شائىر نىم شېھىت ئەرمىيە ئېلى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ قوشۇنغا قاتنىشىپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ تەشۇىقات ۋە مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇغا چۈشكەن قوراللىق قىسىملىرى بۇيرۇقىقا بىنائەن ئىلىغا قايتقاندا، شائىرمۇ قولىغا ئالغان مىلتىقى بىلەن قەلىمىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ غۇلجىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ غۇلجىدا مىللى قوشۇن باش قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلغان تارىخ يېزىش ئىشخانىسىدا ئىشلەيدۇ. ئىلى، چۆچەك ئەتراپىدا ئۇرۇش بولغان يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، خەلق قەھرىمانلىرى ۋە باشقا ۋەقەشۇناس كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىپ، شۇ يەرلەردە بولغان خەلق ئۇرۇشى ھەققىدە ناھايىتى نۇرغۇن خام ماتېرىياللارنى توپلايدۇ ۋە رەتلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا داۋاملىق شېئىر ۋە ماقالىلار يېزىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى كەڭ تۈردە تەشۇىق قىلىدۇ.

1948 - يىلى ئىلىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا شائىر بۇ ئىتتىپاقنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئۇنىڭ نەشرى ئەپكارى بولغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلەيدۇ ۋە «پەرھات — شىرىن» داستانىنى قايتىدىن تولۇقلاپ يېزىپ چىقىپ، «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىدۇ. كېيىن ئۇنى يازغۇچى

زۇنۇن قادىرنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۆزىنىڭ خىراجىتى بىلەن ئايرىم كىتابچە قىلىپ، 3 مىڭ نۇسخا باستۇرۇپ تارقىتىدۇ. ئارقىدىنلا «لەيلى — مەجنۇن» ۋە «پەرھات - شىرىن» نى قايتىدىن ئۇيۇپىرالاشتۇرۇپ ئىشلەپ، ئىلى سەھنىسىدە ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. «يىلان مۇڭگۈزى»، «رەممال» قاتارلىق خەلق چۆچەكلىرىنى توپلاپ ئېلان قىلىدۇ.

شائىر 1952 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ خەلق ۋەكىللەر كونفېرېنسىيىسىگە ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۇردە ئۆلكىلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. 1957- يىلى مايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان يىللاردىمۇ مەشھۇر شائىر قەلىمىنى تاشلىمايدۇ، بەلكى زور غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، «يۈسۈپ - زۇلەيخا» داستانى «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» دېگەن شېئىرىي رومان ۋە كۆپلىگەن رۇبائىيلارنى يازىدۇ. لېكىن، « 4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، 1972 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ۋاپات بولىدۇ.

1979 — يىلى 3 - ئايدا شائىر ئاقلىنىپ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

## ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ھاجىم

مەشھۇر مۇئەررىخ، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى) نىڭ ئوغلى ئۆمەر ھۈسەيىن قازى ھاجىم مىلادىيە 1900- يىلى (ھىجرىيە 1318 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر شەھەر ئىچى قازانچى كوچا مەھەللىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. يەتتە ياشقا

كىرگۈچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنجان كوچىسىدىكى ناتىۋان خەلپىتىم ھاجىم، ناسىرئاخۇن خەلپىتىملەر ئاچقان مەھەللىلىۋى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت ساۋاتىنى چىقىرىدۇ. مىلادىيە 1914 - يىلى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىدىكى مەدرىسەگە ئوقۇشقا كىرىپ، بىر تەرەپتىن سابىر ئاخۇن مەخدۇمدىن پىقىھ ئىلمىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتىسى قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى) دىن تارىخ ۋە ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە مەخسۇس تەربىيە ئالىدۇ.

مىلادىيە 1922 - يىلى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ئائىلىسى قەشقەر يېڭىشەھەر ئارا باغ مەھەللىسىگە كۆچۈپ چىقىدۇ. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ئارا باغدىكى مەشھۇر مۇدەررىس ئەمەت ئاخۇن خەلىپەمنىڭ ھۇزۇرىدا 14 يىل ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. 1933 - يىلى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسىگە قازى بولىدۇ. بۇ قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتۈن ئۆلكىدە تىنچلىق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ئۈچۈن بولغان كۈرەش سادالىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن چاغ ئىدى. بۇ چاغدا ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ئاتىسى قۇتلۇق ھاجىمنىڭ گېزىتچىلىك پائالىيىتىگە يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قۇتلۇق ھاجىمنى قولغا ئالغاندا، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىمۇ بىللە قولغا ئالىدۇ. قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى) شۇ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا تۈرمىدە ۋاپات بولىدۇ. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنى تۈرمىدىن بوشىتىدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن 1946 - يىلىغىچە داۋاملىق قازىلىقنى قىلىدۇ.

1947 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىدىن جاڭ جىجوڭ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار خەلقچىللىق، دېموكراتىيىنىڭ ئىزچىللىشىش ئەھۋالىنى

تەكشۈرۈش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەندە، قەشقەر خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، زور كۆلەمدە نامايىش ئۆتكۈزىدۇ. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىممۇ نامايىشقا قاتنىشىپ، جاڭ جىجوڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ ئىنقىلابىي زىيالىيلارغا قىلغان زىيانكەشلىكى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى ھەربىي، مەمۇرىيلىرى جاڭ جىجوڭ كېتىشى ھامان ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ قازىلىق مۆھۈرىنى تارتىۋېلىپ، قازىلىقتىن مەھرۇم قىلىدۇ ھەمدە بىتىم بۇزۇلۇشى بىلەن ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنى «ئۈچ ۋىلايەت تەرەپدارلىرىغا يان باسقان» دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئالىدۇ. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم گومىنداڭ تۈرمىسىدە بىر يېرىم يىل ياتقاندىن كېيىن تۈرمىدىن بوشىنىپ، 1952 - يىلغىچە قازىلىقىنى قىلىدۇ. 1952 - يىلى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ قازىخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدا پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىمۇ تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرايدۇ. 1966 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ قولغا ئېلىنىپ، 14 يىل تۈرمىدە ياتىدۇ. 1978 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىممۇ ئاقلىنىپ، سىياسىي ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سۈپىتىدە پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

1930 ـ يىللاردىن تارتىپ باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئاساسەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ھايات ۋاقتىدا ھەر خىل تېمىدا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە «قەمەرسىما»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «مېھرى سەھرا بىلەن چىغاندا باتۇر»، «نۇرئەبزا خېنىم ۋە بەختىيار باتۇر» ناملىق 20000 مىسرادىن ئارتۇق بەش داستان يازىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا تارتىۋېلىنىپ يوقىلىدۇ.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىمنىڭ چوڭراق ھەجىمدىكى يىرىك ئەسەرلىرىدىن بىرى «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئاتى كاشغەر» دۇر (بۇ ئەسەرنى قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى باشلىغان بولۇپ، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم ئاتىسىنىڭ يازمىشىنى داۋاملاشتۇرغان). 600 بەتكە يېقىن ھەجىملىك بۇ تارىخىي ئەسەردە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدىن تارتىپ تاكى20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شىنجاڭ ھەم قەشقەر رايونىدا قۇرۇلغان خانلىق ۋە ھاكىمىيەتلەر، بۇ خانلىق ۋە ھاكىمىيەتلەر دەۋرىدە بولۇپ ئۆتكەن زور سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر، قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرى، ھەر قايسى خانلىق ۋە ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان ھۆكۈمدارلارنىڭ نەسەبنامىلىرى، ئاتاقلىق شەخسلەر ھەم ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى، خەلقنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، مەدەنىيەت، ھۈنەر ـ سەنئەت ئەھۋالى، غەللە ـ پاراق، ئالۋان ـ ياساق، باج تۈزۈملىرى، جاي ئىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەسچىت، مەدرىسە، مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ بىنا بولۇش، كۆل ـ ئۆستەڭلەرنىڭ چېپىلىش تارىخى، چەت ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى، چەت ئەل كونسۇلخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئىنتايىن تەپسىلىي، كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە بايان قىلىنغان.

ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىم موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ـ موللا مۇھەممەت سادىق قەشقەرى تەرىپىدىن ھەزرىتى موللام مازىرىغا ۋەخپە قىلىنغان «مەسنەۋى شېرىپ» كىتابىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە قوشۇپ جەملەنگەن ۋەخپە قىلىش ھەققىدىكى ھۆججەتنى تېپىپ چىقىپ، مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنىڭ ئېنىقلىنىشىدا زور خىزمەت كۆرسەتكەندىن باشقا، يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات پائالىيىتىگە ئائىت «قەلىمى قۇرئان»، «بەھرىل ئەنساپ» قاتارلىق ماتېرىياللارنى تېپىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇردۇ.

ئىمىر ھۇسەيىن قازى ھاجىم 1985 ـ يىلى ھەج تاۋاپقا بارغاندا ئىسسىق ئۆتۈش كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، مەككە مۇكەررەمەدىكى پايسال دوختۇرخانىسى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغان بولسىمۇ ئۇنۇم بەرمەي، شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ۋاپات بولدۇ. 7 ـ چېسلا شۇ يەردە دەپنە قىلىندۇ.

## ئۇستا خەتتات پاشا غوجا

پاشا غوجا ھاكىمبەگ غوجىنىڭ ئوغلى، ئۇ 1893 ـ يىلى غۇلجىدا تۇغۇلدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە دىنىي مەكتەپتە، كېيىن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. پاشا غوجا كىچىكىدىن كەم سۆز، مۇلايىم، زېرەك، تىرىشچان ۋە ئەستايىدىل بالا بولۇپ، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقى قاتارلىق تارىخىي يېزىقلارنىڭ ھۆسنىخەت نۇسخىسىنى ئۆزلۈكىدىن يېزىپ مەشىق قىلىپ، خەت ئۇسلۇبلىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىدۇ. ئۇ ھۆسنىخەت مەشىقىدە يېتىلگەندىن كېيىن ھەرخىل يېزىقتىكى بېغىشلىما مەزمۇنىدىكى ھۆسنىخەت، كلاسسىك قولىيازمىلار، دىيارىمىزدىكى قەدىمكى مەسچىت، مازار، ئىمارەتلەرنىڭ ۋاسا، كاھىش، مېھراب ۋە تاملىرىغا ئويۇپ ھەل

بىرىلگەن ھۆسنخەتلەرنى يېزىش، ھەل بېرىش قاتارلىقلاردا يېتىلىپ، ئۇيغۇرلار قوللىنىپ كېلىۋاتقان تۇز خەت نۇسخىسى، رۇقئى خەت نۇسخىسى، تەئلىق خەت نۇسخىسى، ئەسلىيە خەت نۇسخىسى، سۇلۇس خەت نۇسخىسى، يەنە ئايرىم ھەرىپ شەكلىگە ئىگە نەسخ خەت نۇسخىسى، شەترەنجى كۇفى خەت نۇسخىسى، رەيھانى خەت نۇسخىسى، ئىجازەت خەت نۇسخىسى، دىۋانى خەت نۇسخىسى ۋە جەللى دىۋانى خەت نۇسخىسى قاتارلىق بىر قاتار خەت نۇسخىلىرىدا كۆپلىگەن ھۆسنخەت ئەسەرلىرىنى يازدۇ. ئۇ يەنە رۇسچە يېزىق - تىل جەھەتتىمۇ ئۆز ھاجىتىدىن چىقالايدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە ۋىۋىسكىلارنى يېزىشتىمۇ كۆزگە كۆرۈندۇ. 1936- يىلى غۇلجا ياردەم مەكتىپىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، رۇسچە ئۈچ يېزىقتا يازدۇ.

پاشا غوجا ھەر قايسى خەت نۇسخىلىرىنى يېزىش، ئوقۇش جەريانىدا نۇرغۇن ئەدەبىي، تارىخىي مىراسلار بىلەن ئۇچرىشىپ، تىل - ئەدەبىيات، تارىخ بىلىملىرى جەھەتتىمۇ يېتىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئەدەبىي ۋە تارىخىي بىلىمى بىلەن ھۆسنخەت بىلىمىنى بىرلەشتۈرۈپ باياۋچىلىقا كىرىشىدۇ. ھەر قايسى خەت نۇسخىلارنى ئۆرنەك قىلىپ، موللا بىلال نازىم، نىزامىدىن ئاخۇنۇم، نەسۇھا داموللا قاتارلىق شائىرلارنىڭ نەزمىلىرىدىن باياز تۈزەيدۇ ۋە قىزىقچى ئىمىرخان غوجىنىڭ لەتىپىلىرىدىن نۇسخا كۆچۈرۈپ، غۇلجىدىكى مۆتىۋەرلەرگە تەقدىم قىلىدۇ. پاشا غوجا ئۆرۈمچىدە بولغان مەزگىلدە باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشىچە، كۆپلىگەن كىتابلارنى ئۆزىنىڭ ھۆسنخەتتى بىلەن كۆچۈرگەن، بەزى چۈۋۇلغان كىتابلارنى شىرازىلاپ، نەقىشلىك مۇقاۋا ياساپ ساقلىغان، بەزى ئالاھىدە ھۆسنخەتلەردىن ئۆرنەك قالدۇرغان. ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ ئەجرى 1951 - يىلى باشلانغان ئىجارەت ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا يەر ئىسلاھاتى كادىرلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىپ قايتۇرۇلمىغان.

پاشا غوجا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى پىششىق ئۆگەنگەن ۋە بەزى مۇھىم ئەسەرلەرنى يادا ئالغان بولۇپ، 1948 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» دېگەن توپلامغا توپلاناسلىق سەۋەبى بىلەن كىرگۈزۈلمىگەن بىر بۆلۈم قوشاق، بېيىتلارنى پاشا غوجا مەزكۇر توپلامغا كىرگۈزگەن. ئېيىتىشلارغا قارىغاندا پاشا غوجا غۇلجا دىياردا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، ماقال ـ تەمسىل، بېيىتلارنى ئەڭ ئالدى بىلەن توپلاشقا كىرىشكەن ۋە توپلىغان قوشاق، ماقال ـ تەمسىل، بېيىتلارنى تۇرگە ئايرىپ خۇش خەت بىلەن كۆچۈرۈپ، شىرازىلاپ تەييارلاپ ساقلىغان. پاشا غوجا خەلق ئىچىدە زور ئىناۋەتكە ئىگە، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى بولۇپ، ئۆمۈر بويى ئۆزىدە غوجىلىق كىبىرىسى ساقلىمىغان. ئۇ كىشىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك، باي ـ كەمبەغەل، ھاكىم ـ ئەمەلدار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىگە تەڭ، سىلىق سىپايى مۇئامىلە قىلغان، ھەتتا ئۇنىڭ ئائىلىسىدە قاتناش قوراللىرى تولۇق بولسىمۇ، ھەر ۋاقىت پىيادە مېڭىشنى ئادەت قىلغان. باشقىلار ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن ئات ـ ئۇلاغ تۇرۇپ پىيادە يول يۈرىسىز دېگەندە، ئۇ «باشقىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىشنى باشقىلارنىڭ سالام تەۋرازۇلىرىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىشنى خالىمايمەن» دېگەن.

شۇ كۈنلەردە پىشقەدەملەر ئارا ئىلى ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ۋە چالغۇچىلار توغرىسىدا سۆز بولغاندا ھەممە كىشى بىر ئېغىزدىن پاشا غوجىدەك قولى يۇمشاق، چەككەن ھەربىر تارىسى كىشىگە ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان سازەندە كەم، دەپ تەرىپ قىلىشىدۇ. دېمىسىمۇ پاشا غوجا ئىلى ناخشا ـ مۇقاملىرىنى خېلى پۇختا بىلىشىنىڭ سىرتىدا ساز چېلىشتىمۇ كامالەتكە يەتكەن، سەيلى ـ ساياھەت، بەزمە ـ باراۋەتلەرنىڭ سورۇن مۆتىۋەرلىرىدىن ئىدى. خەلق ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ ئۆتكەن پاشا غوجا 1962 ـ يىلى

12 ـ ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

## مۇھەممەتئىمىن سوپىزادە

مۇھەممەتئىمىن سوپىزادە (1890 ـ 1940) نەمەنگان شەھىرى مەھزۇپ مەھەللىسىدە ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇ ئىپتىدائىي دىنىي بىلىمنى ئاتىسى سوپىزادىدىن ئالغاندىن كېيىن قاھىرە مەدرىسەلىرىدە ئوقۇيدۇ ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ قاھىرەدە چىقىدىغان «سىراتەل مۇستەقىم» («توغرا يول») ناملىق گېزىتتە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىدۇ.

مۇھەممەتئىمىن سوپىزادە 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، قاھىرەدىن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە ئارىلىشىدۇ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن قاچاقلار، مۇھاجىر ئۆزبېكلەر ئاساسىي سالماقنى، قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىگە ئوخشاش يەرلىكلەر ئاز سانىنى ئىگىلەيدىغان «ئىستىقلال جەمئىيىتى» نى قۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. تۆمۈر سىلىڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا قەشقەردە مىللەتلەر مەجلىسى قۇرۇلىدۇ. تۆمۈر سىلىڭ پەخرىي ئەزا بولىدۇ، مۇھەممەتئىمىن سوپىزادە ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە مىللەتلەر مەجلىسىدە ئىشلەيدۇ. كېيىن مۇھەممەتئىمىن سوپىزادە ئاقسۇغا بېرىپ، مەكتەپ قۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئاقسۇدا 1939 ـ يىلى قولغا ئېلىنىدۇ. تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاقسۇدا قازا قىلىدۇ.

## تۇرغۇنجان رەھمى (تۇلۇئى)

تۇرغۇنجان رەھمى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قەشقەرگە كېلىپ ماكانلاشقان ئۆزبېك ئائىلىسىدە، 1887 ـ يىلى تۇغۇلۇپ،

1937 - يىلى ۋاپات بولغان پېداگوك ھەم شائىر.

تۇرغۇنجان شىنجاڭنىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشقان ئىلغار پىكىرلىك، مەرىپەتپەرۋەر زات. ئۇ ئەدەبىياتتىن ئىبارەت قورالدىن پايدىلىنىپ، ئۆز دەۋرىدىكى فېئوداللىق ئىللەتلەرنى، جۈملىدىن زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنى تەنقىد قىلىپ، دېموكراتىك خاھىشتىكى شېئىرلارنى يېزىپ، ئەسەرلەرنى «تۇلۇئى» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى 1929 -، 1935 - يىللاردا قەشقەردە نەشىر قىلىنغان بەزى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن باشقا، كۆپلىگەن ئەسەرلىرى يازما ھالەتتە ياكى ئېغىز ئارقىلىق خەلق ئىچىگە تارقىلىدۇ. ئۇ شېئىرىيەتتىن باشقا دراما، كومېدىيىلەرنىمۇ يېزىپ، شىنجاڭ ئۆزبېك تىياتىرچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىدا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ «كەر (گاس) باي» (1935 - يىل) نامىلىق كومېدىيىسى بىلەن «ھەلىمە» (1936 - يىل) «ئايخان» (1939 - يىل) نامىلىق درامىسىدا فېئوداللىق ئادەتلەرنى قاتتىق سۆكۈپ، ئاياللار ئەركىنلىكىنى كۈيلەيدۇ. بۇ كومېدىيە ۋە درامىلار 1936 -، 1939 - يىللاردا قەشقەر سەھنىلىرىدە ئوينىلىدۇ.

تۇلۇئىنىڭ ئاقارتىش - مەرىپەتچىلىك پائالىيەتلىرى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىكى مەدەنىي گۈللىنىش دەۋرىگە مەنسۇپتۇر. ئۇ ئەنە شۇ دەۋردە ئۇيغۇر، ئۆزبېك مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قىزغىن كۆرەش ئېلىپ بارغان ئۆزبېك زىيالىيلىرىنىڭ ۋەكىلى ئىدى①.

تۇرغۇنجان رەھىمى قەشقەردە قۇرۇلغان ئاتالمىش شەرقىي

① «ئۆزبېكلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» 110 -، 111 - بەتلەر.

تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ خادىمى، دارىلمۇئەللىمىن مۇدىرى بولۇپمۇ ئىشلىگەن.

## تاڭجارىق جولدى ئوغلى

ھازىرقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى، ئاتاقلىق قازاق شائىرى تاڭجارىق جولدى ئوغلى 1903 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كۈنەس ناھىيىسىنىڭ چاقپى دېگەن يېرىدە كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. كۈنەستە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1919 - يىلى 17 يېشىدا سۈيدۈڭ كۈرەدىكى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1923 - يىلى قازاقىستانغا چىقىپ ئىككى يىل ئوقۇيدۇ. بۇ جەرياندا رۇس تىلىنىمۇ ئۆگىنىدۇ. يېڭى ئىدىيە، يېڭى كۆز قاراشقا ئىگە بولىدۇ. 1925 — يىلى ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، سوۋېت ئىنتىپاقىدىكى يېڭىلىقلار، ماركسىزملىق كۆز قاراشنى تەشۋىق قىلىدۇ. 1935 — يىلى غۇلجىدا قازاق، قىرغىز ئۇيۇشمىسىدا خىزمەت قىلىدۇ ھەمدە «ئىلى شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ قازاق بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ بۇ گېزىتنىڭ قازاقچە تۇنجى سانىنى ئۆزى چىقىرىدۇ. گېزىتتە ئۇزلۇكسىز ئۆز شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ. شېئىرلىرىدا ياشلارنى بىلىم ئېلىشقا، خەلقنى ئويغىنىشقا چاقىرىپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى، خەلققە قىلىۋاتقان زۇلمىنى پاش قىلىپ، ئاشكارىلىغانلىقى ئۈچۈن 1940 - يىلى قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىدە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ۋە 1946 - يىلغىچە تۈرمىدە ياتىدۇ. ئۇ تۈرمىدە ياتقان مەزگىللەردىمۇ شېئىر يېزىشنى توختاتمايدۇ ۋە «ئانار — ساۋلە»، «تۈرمە ھالى»، «نازىگۈل» غا ئوخشاش داستانلارنى يازىدۇ.

1946 — يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندا

تاڭجارىق تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ كۈنەس ناھىيىسىگە قايتىپ بېرىپ، ناھىيىلىك يەر - سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. تۈرمىدە ئۇزاق ۋاقىت ياتقان تاڭجارىق 1947 - يىلى كېسەللىك سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

تاڭجارىق جولدى ئوغلىنىڭ ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا 3 توملۇق، قازاقىستاندا بىر توملۇق شېئىرلار توپلىمى ئېلان قىلىندى.

## شۈكۈر يالقىن

شۈكۈر مۆھەممەدىن ئوغلى يالقىن 1917 - يىلى تاشكەنت شەھىرىدە مەرىپەتپەرۋەر ئۆزبېك تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز شەھىرىدە، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى قازاقىستان شەھەرلىرىدە ئوقۇپ، ئاندىن موسكۋا پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ.

1930 - يىللاردا ئائىلىسى بىلەن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەر مەدرىسەلىرىدە بىلىم ئاشۇرىدۇ. 1933 - يىللىرى قەشقەردە تەسىس قىلىنغان «ھىلالى ئەھمەر» دە خىزمەتچى، كېيىن، مەسئۇل بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1934 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا چۆچەككە كۆچۈپ بېرىپ، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدۇ.

موسكۋا، تاشكەنت ۋە قەشقەردە ئوقۇغان چاغلىرىدا شەرق، غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەدەبي ئىجادىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆزىمۇ ئەدەبي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چۆچەكتە بولغان مەزگىلدە ئۇنىڭ دەۋر روھىغا باي دراممىلىرى، شىنجاڭ دراممىچىلىقىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ «ۋەتەن نومۇسى ئۈچۈن»، «ئۆلۈم»، «مۇھىم ھۆججەت»، «شاڭخەي كېچىسى»، «باھار»، «شارلاتان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ئالقىشقا ئېرىشىدۇ. ئۇ سەھنە ئەسەرلىرىدىن باشقا

شېئىر، پوۋېست، ھېكايىلەرنى يازدۇ. ئۇ يازغان سەككىز قىسىملىق «نەسىردىن ئەپەندى» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ تۆت قىسمى فىلىملەشتۈرۈلۈپ قويۇلدى ۋە كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى.

شۈكۈر يالقىن 1944 - يىلى چۆچەكتىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، باشتا مائارىپ نازارىتىدە ئىشلەيدۇ، كېيىن مەدەنىيەت كادىرلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە، 1945 - يىلىدىن 1955 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى ۋە ئوغۇللار، قىزلار تېخنىكومىلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، تىل - ئەدەبىيات، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە پەنلىرى بويىچە دەرس بېرىش بىلەن بىللە قوشۇمچە جۇڭگو سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىدە مۇھەررىر، تەرجىمان بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1957 - يىلىغىچە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا رۇسچە تەھرىر، تەرجىمان، ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە يۆتكىلىپ كەسپىي يازغۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1991 - يىلى 8 - ئايدا بىرىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەتچى دېگەن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشىدۇ.

شۈكۈر يالقىن 2002 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

## ياسىن ھاجى خۇدابەردى

ياسىن ھاجى خۇدابەردى 1917 - يىلى ئاتۇشتا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، 1919 - يىلى ئائىلىسى بىلەن ئىلىغا كۆچۈپ چىقىپ، سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ كۈرە رايونىدا چوڭ بولىدۇ. 1927 - يىلىدىن 1930 - يىلىغىچە كۈرەدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋات چىقىرىدۇ. 1932 - يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە كۈرەدىن سۈيدۈڭگە كۆچۈپ كىرىپ، 1935 -، 1936 -

يىللىرى سۈيدۈڭدە باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1936 - يىلى يازدا غۇلجىدا ئېچىلغان قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇيدۇ. كۇرسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن سۈيدۈڭ خەيرىيەت مەكتىپىدە باشتا ئوقۇتقۇچى 1937 -، 1938 - يىللىرى مەكتەپ مۇدىرى بولىدۇ. 1938 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدۇ. 1940 - يىلى مايدا ئوقۇشنى تاماملىماي تۇرۇپ، «خائىننىڭ ئەۋلادى» بەتنام دېگەن بىلەن باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئالتايغا پالىنىدۇ. 1941 - يىلى 8 ئايدا ئالتايدا قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە بىر يېرىم يىلدىن كۆپرەك ياتىدۇ. 1943 - يىلىنىڭ بېشىدا تۈرمىدىن چىقىپ، ئۆز يۇرتى سۈيدۈڭگە بېرىپ، بىر مۇددەت تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1943 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1944 - يىلى 10- ئايغىچە سۈيدۈڭ ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. 1944 - يىلى 10 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پارتىزانلار ئەترىتىدە سىياسىي رەھبەر بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1945 - يىلى 1 - ئايدا سۈيدۈڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كاتىپى ھەم ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولىدۇ. 1948 - يىلى شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى سۈيدۈڭ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.

ياسىن ھاجى خۇدابەردى 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن غۇلجىغا يۆتكىلىپ، 1953 - يىلغىچە «ئىلى گېزىتى» نىڭ باشلىقى، غۇلجا شەھەر باشلىقى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل كاتىپى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. 1953 - يىلى 1 - ئايدا خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى،

1958 - يىلى 9 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە مۇئاۋىن باش كاتىپ، قوشۇمچە خارجى ئىشلار باشقارما باشلىقى 1958 - يىلى 9 - ئايدىن 1999 - يىلغىچە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 1963 - يىلى 3 - ئايدىن 1964- يىلى 10 - ئايغىچە مەركىزى پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. 1966- يىلى 7 - ئايىدا يەنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە تارتىپ چىقىرىلىپ، 1971 — يىلى 3 - ئايغىچە ئۈرۈمچىدە نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىدۇ. 1975 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاتالمىش تۆتتۆپ تۇرۇش ئورنىدا تـۆت يىل تۆت ئاي يالغۇز قامىلىدۇ. 1975 - يىلى 7 - ئايدا ئائىلىسى بىلەن تارىمغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ.

1979 — يىلى ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە كېيىنكى يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسي مەسلىھەت كېڭەش ھەيئەت ئەزاسى، 1989 - يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخري رەئىسى بولىدۇ. 1990 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 73 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

ياسىم ھاجى خۇدابەردى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە تەشكىللەش خىزمىتىنى ئىشلەش بىلەن بىرگە، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، شېئىر، ھېكايە، ئوچېرك، خاتىرە، ئوبزور قاتارلىق كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان

1939 — يىلى «دېھقان ئاكامغا» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىغا كىرىپ كەلگەن ياسىن ھاجى خۇدابەردىنىڭ «بىز باسقان يوللار» ۋە «ھايات ساداسى» ناملىق ئىككى توپلىمى نەشر قىلىندى.

# خېۋىر تۆمۈر

خېۋىر تۆمۈر 1922 - يىلى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يېڭى مەھەللە دېگەن يېرىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. كۇچار، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا باشلانغۇچ ھەم ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. 1939 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرۈپ توقسۇن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 1944 — يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇ 1945 - يىلى توقسۇندىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، مەتبۇئات ئورۇنلىرىدا مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئازادلىقتىن بۇرۇن ئۇنىڭ «بالا»، «ئالدانغان چولپان»، «تىنچلىق»، «يولۋاس ئوخلاپ ياتتى» قاتارلىق ھېكايە، داستانلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

خېۋىر تۆمۈر پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى ۋە «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرى، «ئابدۇقادىر داموللام» ناملىق تارىخىي قىسسىسى، «بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق تەرجىمھال خاراكتېرلىك قىسسىسى، «تاڭ ئالدىدا» ناملىق پوۋېستى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە «ئابدۇقادىر داموللا» ناملىق تارىخىي ئوچېرك، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە «خىدىرخان»، «كولپەتلىك يىللار»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا «بىر مەيدان پوت مۇسابىقىسى» «ياقۇپبەگ ۋە موللا مۇھەممەتيار خەلپە» قاتارلىق ئەسەرلىرى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژورنىلىدا «موللا زەيدىن» ناملىق كىنو سىنارىيىسى، «ئىككى ئانا»، «كەلدى

باھار» ناملىق دراملىرى، «تارىم» ژۇرنىلىدا «ئالتۇن ئەقىل» ، «سۇرەت» ، «توغقان» ، «ۋاقتىم يوق» قاتارلىق ھېكايە، شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى.

بۇ پەزىلەتلىك، كەمتەر، تىرىشچان يازغۇچى 1992 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئۈرۈمچىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن 70 يېشىدا ۋاپات بولدى.

## پولات قادىر

پولات قادىر (1921 - 1980) قۇتۇبى ناھىيىسىدە تۇغۇلدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە موللا خەلپەتتە دىنىي بىلىم ئالدۇ ۋە شۇ دەۋردە كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى قوللىنىۋاتقان، چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق خېلى كۆپ تارىخىي بىلىملەرگە ئىگە بولىدۇ.

1935 — يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇتۇبىدا ئېچىلغان پەننىي مەكتەپكە، 1939 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. 1942 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ، كېيىن، ئۇيغۇرچە، قازاقچە «شىنجاڭ گېزىتى» خەنزۇچە گېزىتتىن بۆلۈنۈپ چىققاندا، ئۇيغۇر، قازاق «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە باشلىق بولىدۇ.

1947 - يىلى ئاخىرىدا ئەيسا ئالىپتېكىن مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى بولغاندا، پولات قادىر مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا مۇئاۋىن رەئىس بولىدۇ. پولات قادىر بىر ئۆمۈر گومىنداڭ ۋە پانتۈركىزمچىلار تەرپىدە تۇرۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ ئۇزۇن يىللىق خىزمەت تەجرىبىسى ۋە ئۆگەنگەن تارىخىي بىلىمگە ئاساسەن، 1947 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىككى قىسىملىق ئاتالمىش «ئۆلكە تارىخىي» نى يېزىپ نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ. 1949 - يىلى 10 - ئايلاردا چەت ئەلگە قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ.

## شائىر ئەرشىدىن تاتلىق

ئەرشىدىن تاتلىق (1927 - 1998) ئاقسۇ كونا شەھەرنىڭ موللىلار كەنتىدە تۇغۇلۇپ، 1933 - يىلىدىن 1937 - يىلىغا قەدەر دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1942 - يىلى ئاقسۇدا ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيلەش كۇرسىدا ئوقۇپ، ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئاقسۇغا چۈشكەندە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، ئىزۋوت كوماندىرى، مىللىي ئارمىيە ئىلىغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن دەسلەپ باش شتابقا، كېيىن غۇلجا شەھەر گارنىزون كومېندانتىدا كاتىپ، خوجىلىق بۆلۈم باشلىقى، سىياسىي ئىنىستىروكتور قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1947 - يىلى كۈنەس ناھىيىلىك باج ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ. 1949 - يىلىغا قەدەر شىخو پولكى ھەربىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇل كاتىپى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1953 - يىلى 9 - ئايدىن 1986 - يىلىغا قەدەر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەپ، «تارىم» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر، بۆلۈم باشلىقى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

ئەرشىدىن تاتلىق 1948 - يىلىدىن تارتىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ «سادىق بابكا»، «پۇشايمان»، «خالتا كوچىدىن يانغاندا» قاتارلىق ئون نەچچە ھېكايە، ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ھېكايىچىلىقىدىكى تۇنجى پوۋېست «سىناق» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىدۇ. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «باھار چېچەكلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. ئۇ يەنە «ۋەتەن قۇربانلىرى»، «توي كۈنى» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرىنىمۇ يازىدۇ.

ئەدىب ئەرشىدىن تاتلىق نۇرغۇنلىغان خەلق چۆچەكلىرى، خەلق قوشاقلىرى، خەلق داستانلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ

يورۇقلۇققا چىقىشىغا ئالاھىدە ئەمگەك سىڭدۈردى. «ئەمىر گور ئوغلى» ناملىق خەلق داستانلار توپلىمى ئەدىبنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە تۆھپىلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە «مىڭ بىر كېچە» نىڭ بەش تومىنى ۋە «نىم شېھىت ئەسەرلىرى» نى نەشرگە تەييارلايدۇ.

## مەھمۇتجان ئىلھامجانوف

مەھمۇتجان ئىلھامجانوف (ئۆزبېك) نىڭ ئاتا - بوۋىسى تاشكەنتلىك بولۇپ، دادىسى ئىمىنجان 1880 - يىللاردا «جۇڭگو - روسىيە ئىلى شەرتنامىسى» ئىمزالانغاننىڭ ئالدى - كەينىدە تىجارەت ئۈچۈن چۆچەككە كېلىدۇ ۋە تىجارەتتە تېزلا باي بولۇپ، «ئىمىنجان باي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدىن باشقا چۆچەك، زايسان قاتارلىق جايلاردا سودا شىركەتلەر قۇرىدۇ ۋە ئائىلىسىنى تاشكەنتتىن چۆچەككە كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. مەھمۇتجان 1908 - يىلى ئۇ 8 - ئايلاردا چۆچەكتە تۇغۇلىدۇ. ئۇ مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، چۆچەكتە تاتار باشلانغۇچى مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. 1920- يىلى ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېلىپ، خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. دادىسى ئىمىنجان ئۈرۈمچى نەنلىياڭدا «دېشىڭ ياڭخاڭ» ناملىق سودا فىرمىسى قۇرۇپ، روسىيە بىلەن سودا قىلىپ، 1928- يىلى ۋاپات بولىدۇ.

مەھمۇتجان ئىلھامجانوف خەنزۇچە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا خەنزۇچە «يى بودى» دېگەن ئىسىم قويىلىدۇ. ئۇ 1929 - يىلىدىن 1932 - يىلىغىچە ئۈرۈمچىدىكى بىردىنبىر ئالىي مەكتەپ «رۇس تىلى سىياسىي - قانۇن مەكتىپى» دە ئوقۇيدۇ. كېيىن ئۆزلۈكىدىن خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن گۇۋېن (قەدىمكى خەنزۇچە) نى خېلى مەكەممەل ئۆگىنىۋالىدۇ.

1932 ـ يىلى چۆچەككە بېرىپ ئۆيلىنىدۇ ۋە چۆچەكتە 1935 ـ يىلىغىچە دۇكان ئېچىپ سودا قىلىدۇ. كېيىن چۆچەك گارنىزون شتابىدا تەرجىمان بولىدۇ. 1936 ـ يىلىدىن 1939 ـ يىلىغىچە «چۆچەك شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. بۇ جەرياندا، ئۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن، دۆلەت شېئىرى «قوزغال» نى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تۇنجى قېتىم تەرجىمە قىلىدۇ. 1939 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، شىنجاڭ مەدەنىيەت جەمئىيىتى تەھرىر ـ تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولىدۇ. بۇ جەرياندا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ بەزى ماقالىلىرىنى رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، براشۇرا شەكلىدە نەشر قىلدۇرىدۇ. بىر مەزگىل ماۋدۇن ئەپەندىگە مەخسۇس تەرجىمان بولىدۇ. 1941 ـ يىلى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1943 ـ يىلىغىچە قاماقتا بولىدۇ. تۈرمىدە بولغان مەزگىلدە، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى تەرجىمە قىلغان ماقالىلەرنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ، بەزىدە زۆرۈر بولغاندا شىڭ شىسەيگە ئېغىز تەرجىمانى بولىدۇ. شېڭ شىسەي مەركەزگە كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى تۈرمىدىن بوشىتىپ، «جۇڭشۇنتۇەن (مەركىزىي تەلىم ـ تەربىيە ئۆمىكى) نىڭ شىنجاڭ شۆبىسى» گە پولكوۋنىك دەرىجىلىك تەرجىمە بۆلۈم باشلىقى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. بۇ يەردە 1945 ـ يىلىغىچە ئىشلەپ، يازما دەرسلىكلەرنىڭ تەرجىمە ـ تەھرىرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

مەھمۇتجان ئىلھانجانوف 1945 ـ يىلى ئايالى ئاغرىپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن چۆچەككە كېتىپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلمەيدۇ.

كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ تەيىنلىشى بىلەن، 1946 - يىلىغىچە تارباغاتاي ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ كادىرلار بۆلۈم باشلىقى بولىدۇ. 1946 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاخىرقى سۆھبەتلەردە ئەخمەتجان قاسىمىغا تەرجىمانلىق قىلىدۇ. 1946 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 1948 - يىلىغىچە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە باشلىقى، 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تارباغاتاي ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىنى ۋە باشقا مۇھىم ھۆججەتلەرنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدۇ؛ چۆچەكتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ تەلپى بويىچە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقىدىن ئاڭلىتىلغان كۈندىلىك خەۋەرلىرىنى رادىئودىن خاتىرىلىۋېلىپ، سوۋېت كونسۇلخانىسىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەمگىكى ئۈچۈن كونسۇلخانا ئۇنى كۆپ قېتىم مۇكاپاتلايدۇ.

مەھمۇتجان ئىلھامجانوف 1950 - يىلى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەدەنىيەت - مائارىپ ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە مەزكۇر ھەيئەتنىڭ تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ بۇ باشقارمىدا، بولغان ۋاقتىدا ماۋزېدۇڭ ۋە لىيۇشاۋچى ئەسەرلىرىنىڭ ئايرىم براشۇرىلىرى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت ۋە ئەمىر - پەرمانلىرى توپلىمى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي ئۇرۇشتا

تۇتقان ئورنى» ، «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ئىستراتېگىيە مەسىلىسى» ، «جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى» ، «يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» قاتارلىق 36 كىتابنى ، يەنە بەش دەرسلىك كىتابنى ئۇيغۇر، قازاق تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدۇ. بۇ كىتابلارنىڭ تەرجىملىرىنى ئۆزى تەكشۈرۈپ بېكىتتىدۇ. 1951 - يىلى 3 - ئايدا مەزكۇر تەرجىمە باشقارمىسى ئاساسىدا «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» قۇرۇلۇپ، نەشرىياتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تەرجىمە باشقارمىسىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن غوللۇق كۈچلەر ئىمىن تۇرسۇن، ئىبراھىم ئەخمىدى، پەيزۇللا راخمانى، ئەبەيدۇللا باستى، جامالىدىن مۇھەممىدى، باھار رەھىمى، خوجا قاپان قاتارلىق تالانتلىق تەھرىر - تەرجىمانلارنى تايانچ قىلىپ، خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر - قازاق تىللىرىدا كىتاب نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنداش بىلەن بىرگە، ياش تەھرىر - تەرجىمانلارنى يېتىشتۈرۈشكە تۆھپە قوشىدۇ. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلۇشتىن (1960 - يىلدىن) ئاۋۋال باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلاتتى. مەھمۇتجان بۇ دەرسلىك كىتابلارنى ۋاقتىدا نەشر قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش جەھەتتىمۇ زور رول ئوينايدۇ. ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنىڭ تۆت تومىنى نەشر قىلىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

مەھمۇتجان ئىلھامجانوف تەرجىمىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەرجىمىنى تىل قائىدىسىگە مۇۋاپىق ئىلمىي ئىزغا سېلىش ئۈچۈن، 1961 - يىلى 3 - ئايدا خەلق نەشرىياتىدا لۇغەت گۇرۇپپىسى قۇرىدۇ ۋە بۇ گۇرۇپپىغا پىشقەدەم تەھرىر - تەرجىمانلاردىن ئىمىن تۇرسۇن، پەيزۇللا راخمانى، ئابدۇباقى ئابباس، ئىبراھىم ئۆمەر، مەھەممەت رېھىم كېرىمى قاتارلىقلارنى يۆتكەپ كېلىپ،

نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە كەم بولۇۋاتقان لۇغەتچىلىك كەسپىنى بارلىققا كەلتۈردى.

مەھمۇتجان ئىلھامجانوف ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە، بولۇپمۇ تەھرىر - تەرجىمانلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشقا سەرپ قىلىپ، 1978 - يىلى 9 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن 72 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئىبراھىم مۇتىئى

ئىبراھىم مۇتىئى (ئۆتمۈشتە مۇتىلىيوف دېگەن فامىلە قوللانغان) 1920 - يىلى تۇرپاندا تۇغۇلدى. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شىنجاڭدا ئوقۇپ، 1937 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە مۇئەللىم، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا مۇئاۋىن مۇدىر، تىل مەكتىپىگە مۇدىر بولدى. ئازادلىقتىن كېيىن، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرجىمە - تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى بولدى. 1950 - يىللاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا لېكتور بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1980 - يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل ئىنستىتۇتىدا تەتقىقاتچى ۋە مۇدىر بولدى. ئۇ جۇڭگو تۈركىي تىللار جەمئىيىتىگە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئىشلەپ، تۈركىي تىللار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى بويىچە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تەرجىمىسىگە مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. ئىلگىرى تىل مەكتەپتە ئىشلىگەن ۋاقتىدا، «ئۇيغۇر تىلى سەرفى»، «ئۇيغۇر تىلى نەۋھى»، «ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىيات قائىدىلىرى» دېگەن ئۈچ توم كىتاب يېزىپ مەكتەپ مەتبۇئەسىدە باستۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلىرى «ئىبراھىم مۇتىھى ئىلمى ماقالىلىرى» دېگەن ماۋزۇدا كىتابچە قىلىنىپ ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتكە كىرگەن دەۋرى قەشقەر مەدرىسەلىرى» دېگەن ماقالىسى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «ئىسلام دىنى جۇڭگودا» ناملىق ئىلمىي يىغىنىدا ئوقۇلىدۇ ۋە شۇ يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىدا ئىنگلىزچە ئېلان قىلىنىدۇ (بۇ ماقالە تارىم ژۇرنىلىدا ئۇيغۇرچە ئېلان قىلىنغان، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» دېگەن ژۇرنالدىمۇ ئۇيغۇرچە ئېلان قىلىنغان). ئىبراھىم مۇتىھى ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا رۇسچە، خەنزۇچە 20 پارچىدەك ماقالە ئېلان قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى توغرىسىدىكى ماقالە خەلقئارا چوڭ تەسىر قوزغايدۇ. بۇ ماقالىنى «سوۋېت تۈركولوگىيە» ژۇرنىلىمۇ 1987 - يىلىدىكى 4 - سانىغا باسىدۇ.

بىر ئۆمۈر تەتقىقاتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىبراھىم مۇتىھى ياشانغىنىغا قارىماي، ھازىرمۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

## توختى باقى ئارتىشى

توختى باقى ئوغلى (تەخەللۇسى ئارتىشى) 1922 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ شىتاچى كەنتىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. دەسلەپ موللا خەلپەتتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدە دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقاندا ئوقۇش خىراجىتىدىن قىسىلىپ، مەكتەپتىن چىقىپ كېتىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» دە نابورچىك، تەھرىر بۆلۈم خادىمى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1942 - يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە ساقچى زابىتلار مەكتىپىدە ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قەشقەردە خىزمەت قىلىدۇ.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىلىغاندا، «قىزىل پاچاق» دېگەن بەتنام بىلەن تونۇلغان. 1949 ـ يىلىدىن تاكى 1986 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققانغا قەدەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى، «ھەقىقەت» گېزىتىدە، بېيجىڭ خەلق نەشرىياتىدا تەرجىمان، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا (1957ـ يىلدىن 1980 ـ يىلىغىچە) «ئوڭچى ئۇنسۇر» دېگەن بەتنام بىلەن نازارەت ئاستىدا ئىشلىگەن.

توختى باقى ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسىدە ئۆتكۈزگەن كۆپ يىللىق ھاياتىدا، سىياسىي ـ نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر، پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، گېزىت ـ ژۇرنال ماقالىلىرى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى قاتارلىق تۈرلۈك مەزمۇن ۋە ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ «يېڭى باتۇرلار»، «تۇن يانغاندا»، «كەپىگە ئۈچ قېتىم زىيارەت» قاتارلىق ئەسەرلەر بىلەن لۇشۈن ئەسەرلىرى (22 توپلام) نى تەرجىمە قىلغان. تەرجىمىدىن تاشقىرى ئىلمىي تەتقىقات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «تەرجىمە تەجرىبىلىرىمدىن تەرمىلەر»، «لۇشۈن تەرجىمە توغرىسىدا»، «تەرجىمە توغرىسىدا»، «قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ سۇباتلىقى ۋە شىجائىتىنى يوشاشتۇرماي، ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسىدە ئىزچىل تىرىشىپ، «ئادەملەردە بولىدىغان بېشارەت» ناملىق روھىي ھالەتشۇناسلىققا ئائىت ئاممىباب ئىلمىي ئەسەرنى، «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟» ناملىق ساتىرىك ئەسەرلەر توپلىمىنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان، «چۈشىنىڭ ماھىيىتى ۋە تەبىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسىرىنى نەشرگە تاپشۇرغان.

توختى باقى مول ھوسۇللۇق ئەمگەكلىرىنىڭ ئەجرى ئۈچۈن خەلقىمىز ئىچىدە مۇناسىپ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشتى. تەرجىمە

ساھەسىدە بىرىنچى بولۇپ «ئالىي تەرجىمان» ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ئەزاسى بولغان بۇ يېتۈك تەرجىمان «جۇڭگو لۇشۈن ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى»، «جۇڭگو تەرجىمانلار جەمئىيىتى» قاتارلىق ئىلمىي - تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق رەسمىي، پەخرى ناملار بىلەن ئىجتىمائىي ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، ئۇنۇملۇك تۆھپە يارىتىپ كەلمەكتە.

## ئىمىن تۇرسۇن

ئىمىن تۇرسۇن 1924 - يىلى 10 - ئۆكتەبىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە قول — ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇ. ئاتىسى ھەسىناخۇن مەرىپەت سۆيەر كىشى بولغاچقا، ئوغلىنى ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىنلا دىنىي مەكتەپكە كىرىدۇ. ئىمىن تۇرسۇن گۆدەك چېغىدىلا ئوقۇشقا بېرىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بىر يىل ئىچىدىلا ساۋاتى چىقىپ «ھەپتىيەك» نى ئوقۇپ تۈگىتىدۇ. قۇرئان ساۋاتى چىققاندىن كېيىن ئەرەب تىلى گراماتىكىسىنى ۋە «شەھرى موللا» نى ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. جۈملىدىن ھەزرىتى نەۋائىي، غوجا ھاپىز، شىرازى غەزەللىرى بويىچە دەرس ئالىدۇ. 1934 - يىلىدىن 1941 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى نىيازىيە مەكتىپىدە (ئارىلىقتا خەنزۇ ۋە رۇس مەكتەپلەردە)، بىرىنچى گىمنازىيىدە ئوقۇپ (ئائىلە ئىقتىسادى يار مەرمىگەچكە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالمايدۇ)، 1941 - يىلى مەركىزىي تەلىم - تەربىيە ئۆمىكى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مەدەنىي مائارىپ سىنىپىدە تەربىيىلىنىدۇ. 1941 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە مۇئەللىم، شىنجاڭ دارىلفۇنۇندا ئىلمىي مۇدىر بولىدۇ. قوشۇمچە

مەركىزىي ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايىنەپىسە بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. 1951 - يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا 33 يىل ئىشلەپ، يېڭى دەۋر نەشرىياتچىلىقىغا چوڭ ئەمگەك سىڭدۈرىدۇ ۋە بىر قىسىم كەسىپدارلارنى يېتىشتۈرىدۇ.

ئىمىن تۇرسۇن 1941 - يىلدىن تارتىپ مەتبۇئاتتا «دەۋرانى» تەخەللۇسى بىلەن پوبلىستىك ماقالىلار، شېئىرلار ئېلان قىلىشقا باشلايدۇ. ئەدەبىي ئوبروزچىلىق، فولكىور تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلىرى ۋە دراملىرى بىلەنمۇ ئوقۇرمەنلەرگە تونۇلىدۇ. ئۇ 60 يىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا شېئىرىيەت تەتقىقاتچىلىقى، تىلشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق ۋە تەرجىمە ساھەلىرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەر يازىدۇ. ئۇنىڭ «ھەۋەس»، «سەپەر سەزگۈلىرى»، «بالدۇرقىغا ئوخشىماس» قاتارلىق شېئىرىي توپلاملىرى، تىل - ئەدەبىيات ۋە تارىخ جەھەتلەردە «تارىمدىن تامچە»، «بۇلاقتىن بىر ئوتلام»، «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساسلار»، «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت» كلاسسىك ئەدەبىيات ساھەسىدە «زەلىلىي دىۋانى»، «تارىخ تەبەرى»، «نەۋائى ھەققىدە»، «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، «نورۇزنامە» قاتارلىق كىتابلىرى، تەرجىمە ساھەسىدە «قىزىل بايراق شەجەرىسى»، «قىزىل قوياش»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» (باشقىلار بىلەن بىرلىكتە)، «غەربكە ساياھەت» (بىر قىسمى)، قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

ئىمىن تۇرسۇن خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆز ئانا تىلىدەك بىلگەندىن باشقا، ئەرەب، پارس ۋە رۇس تىللىرىنىمۇ ئۆز كەسپى بويىچە بىلىدۇ. ھازىر ئۇ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، شېئىرىي ۋە ئىلمىي ئىجادىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھازىر ئۇ داستان، ئەسلىمىلەر، قىسسە ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنىڭ گرامماتىكىسى

قاتارلىق تېزىسلىرىنى تىزىپ چىقتى، بەزىلىرىنى يېزىشقا كىرىشتى. ئىمىن تۇرسۇن ھەر قايسى جەمئىيەتلەرنىڭ خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ ۋە ياشلارنى ئىلىم تەھسىل قىلىش، ھۈنەر - سەنئەت ئىگىلەشكە دەۋەت قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەردە، رادىئو - تېلېۋىزىيەلەردە سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئىلمى كۆپ قىرلىق بۇ ئالىمنى ياش بىلىگلەر ۋە زامانداشلىرى شائىر، تارىخشۇناس، تىلشۇناس، يازغۇچى، جامائەت ئەربابى، قەدىرلىك ئاكا، تەۋەررۈك ئۇستاز، دەپ ھۆرمەت قىلىدۇ.

## ئۇيغۇر سايرانى

ئۇيغۇر سايرانى 1918 - يىلى 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۇرپان ئاستانىدا ئوقۇتقۇچى ھەيدەر ئەپەندى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى تۇرپان، چۆچەك ۋە ئۈرۈمچىلەردە ئوقۇيدۇ. 1933 - يىلى ئۈرۈمچىدە رۇس گىمنازىيىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1934 - يىلدىن 1938 - يىلىغىچە موسكۋادا رۇسچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ ۋە شۇ يىلى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش رەسمىيىتى بېجىرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. بىراق، دادىسى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن چەتكە چىقالمايدۇ. كېيىن ئۇ ئۈرۈمچى نەنلياڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، 4 ئاي ئىشلىگەندىن كېيىن، «دادىسى قامالغان»، «سياسەتتە ئىشەنچىسىز» دەپ قارىلىپ، ساۋەنگە سۈرگۈن قىلىنىدۇ. 1938 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە سۈرگۈندە بولغان كۈنلەردە رۇسچىدىن پەلسەپە، تارىخقا ئائىت ماقالىلارنى تەرجىمە قىلىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە «يېڭى نۇر ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىدۇ. 1941 - يىلى

10 - ئايدىن باشلاپ شىڭ شىسەينىڭ ئۇقتۇرۇشى بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ.

ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئىشلەۋاتقان كۈنلەردە، 1943 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كوچىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىدىكى 1 - تۈرمىگە قامىلىدۇ. 1945 - يىلى 6 - ئايلاردا تۈرمىدىن چىقىدۇ.

بىتىم ئىمزالىنىپ، بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1946 - يىلى 1 - ئايدا ئۇيغۇر سايرانى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئىلى تەرەپ كۆرسەتكەن مەسئۇل خادىمى بولىدۇ.

گومىنداڭ 11 ماددىلىق بىتىمنى ئىجرا قىلمىغاچقا، خەلق ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى پاش قىلىش خاراكتېرىدىكى ئەرزلەرنى گېزىتتە ئېلان قىلىدۇ. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا چىدىماي، ئۇيغۇر سايرانىنى قولغا ئېلىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇيغۇر سايرانى يوشۇرۇنىۋالىدۇ ۋە 1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى ئاخىرقى تۈركۈم خادىملار بىلەن بىللە غۇلجىغا كېتىدۇ. غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن، ئەھمەتجان قاسىمى ئۇنى «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە مەسئۇل مۇھەررىر قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇ «ئىلى گېزىتى» دە 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەيدۇ. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ ۋە ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە گېزىتلەر بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە مۇئاۋىن باشلىق بولىدۇ.

1950 - يىلى 9 - ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئالمۇتادىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كونسۇلى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇ خارجى خىزمەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققاندىن كېيىن ئىككى يىل ماركسىزم

ئىنستىتوتى بىلەن قازاقىستان پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ. 1956 - يىلى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇش تەييارلىق ھەيئىتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىق بولۇپ ئىشلەيدۇ.

ئۇيغۇر سايرانىغا 50 يىللاردىكى سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ھەر خىل بۆھتانلار چاپلاندى. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قىلىپ بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 4 - نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىدى. 1983 - يىلى «تەتقىقاتچى» ئۇنۋانىنى ئالدى.

ئۇيغۇر سايرانى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كۆپلىگەن ئىلمىي جەمئىيەتلەرنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئۇ 1990 - يىلى 7 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى، ئۆزبېك، تاتارلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىشقا قاتناشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقشۇناس ئالىملىرىدىن ئا. گ. مالياۋكىن، س. گ. كىلياشتور، ناسىلوف ۋە بار تولد قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر

تارىخىغا ئالاقىدار 10 پارچىغا يېقىن كىتابىنى تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇردى.

## تېيىپجان ھادى

يازغۇچى ۋە تارىخ تەتقىقاتچىسى تېيىپچان ھادى 1922 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ بوۋىسى ھادى ھاجىم دىنىي ئۆلىما ئىدى. تېيىپچان ھادى 1933 - يىلىدىن 1939 - يىلىغىچە غۇلجىدىكى روشەن مەكتەپتە، 1939 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1942- يىلىدىن 1944 - يىلى نويابىرغىچە غۇلجىدىكى ئىلى مەكتىپىدە (ھازىرقى غۇلجا شەھەرلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپتە) ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ ۋە شۇ چاغلاردىن باشلاپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، يازما ئەدەبىيات ۋە ئىلى تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1943 - يىلى 9 - ئايدا ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى - «بىر كونلۇك ياتلىق» ناملىق ھېكايىسى ئېلان قىلىنىدۇ. تېيىپچان ھادى 1944 - يىلى نويابىردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، 1946 — يىلىغىچە ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلات بۆلۈمىدە كاتىپ، يەر - سۇ نازارىتى ۋە بانكىغا مەسئۇل كاتىپ بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1946 - يىلى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىرلىك سەپ ساھەسىدە تەشۋىقات، تەرغىبات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش مەقسىتىدە سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە كاتىپلىققا بەلگىلىنىدۇ. ئۇ بۇ خىزمەتنى 1952 - يىلى 3 - ئايغا قەدەر ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، سودا سانائەتچىلەر ۋە باشقا يۇقىرى تەبىقە زاتلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئىلىدىكى ئاتاقلىق

مەسچىت، مازار، يۇزلۇكلەر، ھەتتا ئىلىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭ، باغ قاتارلىق ساھەلەردە ئىزدىنىپ، ئىلى تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن ماتېرىيال توپلايدۇ.

بىراق، ئۇ 1952 - يىلى پېشكەللىككە ئۇچراپ، 1982 - يىلىغا قەدەر رىيازەت چېكىدۇ. 1982 - يىلى خىزمىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» مەجمۇئەسىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ئەزاسى، ئۇ يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق، ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ.

تېيىپچان ھادى 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، «پالۋان كەلدى»، «چورۇق ھېكىم»، «ئاق ئۆستىڭىم، ئاق»، «چىن مودەن»، «ئۆچكە دۆڭدە لاۋۇلدايدىغان مەشئەللەر» باتۇر كەلدى قاتارلىق تارىخىي ھېكايىلەرنى، «خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى» ۋە «ئىلى گۈلى، بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى»، «ئىلى خەلقىنىڭ بىر قانچە تارىخىي ناخشىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، «غۇلجا ناخشىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، «غۇلجا شەھىرىدىكى مەشھۇر تۆت باغ»، «سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان قوشاقلىرى ھەققىدە»، «غۇلجا ئاتالغۇسى ۋە غۇلجا شەھىرى توغرىسىدا»، «چىڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭ يۇرۇشلىرى» قاتارلىق تارىخقا ئائىت ماقالىلىرىنى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ «ئىلى تارىخىدىن ئىزلار» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىنى ئاياغلاشتۇرالماي 1989 - يىلى 21 - مارتتا بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلىشىدۇ.

## نىغمەت مىڭجان

نىغمەت مىڭجان 1922 - يىلى 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ تولى ناھىيىسىدە چارۋىچى ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تولى ۋە چۆچەكتە ئوقۇيدۇ. 1941 - يىلى ئۆلكىلىك ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ 1948 - يىلغىچە ئۆلكىلىك ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەيدۇ. 1948 - يىلدىن 1949 - يىلى 9 - ئايغىچە قانۇن پالاتىسىنىڭ ئەزاسى، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولىدۇ. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن يېڭى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، باشقارما باشلىقى، مىللەتلەر نەشرىياتى قازاق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 1979— يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل ئىنستىتۇتىدا تەتقىقات ئىشى بىلەن بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىن بۇ ئىنستىتۇتنىڭ ئورۇنباسار باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق 4 -، 5 - قېتىملىق، مەملىكەتلىك 7 - قېتىملىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولىدۇ.

نىغمەت مىڭجان قازاق خەلقىنىڭ ئالىمى، ئۇ قازاق تىلى، تارىخى، فولكلورىنى تەتقىق قىلىش، يېزىش، تەرجىمە قىلىش ساھەسىدە نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. ئۇ «قازاقنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قازاق تىلىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قازاق تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، «قازاق شەجەرىسى توپلىمى»، «قارلىغاچ» (رومان) قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرىدۇ.

ئۇ خەنزۇ، تۈرك، رۇس تىللىرىنى ياخشى بىلىدۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «غەربكە ساياھەت»، «لۇشۈن

ئەسەرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق كىتابلارنى خەنزۇچىدىن قازاقچىغا تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. ئۇ تەرجىمە، تەتقىقات ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكتىن، 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «ئىلىم - پەن خادىمى» دېگەن نام بېرىلگەن.

نىغمەت مىڭجان 1986 - يىلى تۈركىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلمىي لېكسىيە ئوقۇغان. 1989 - يىلى خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئامېرىكىدا، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىلمىي مۇھاكىمىلەردە بولغان. 1993— يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە يۈرەك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولغان.

## مامۇت سابىت

مامۇت سابىت (1929- 1998) قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1951 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، 2 — كورپۇس تەلىم - تەربىيە تۈەنىنىڭ تەرجىمانلىق كۇرسىدا ئوقۇغان. كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى ۋە شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئىشلىگەن. 1957 - يىلى 7 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تەرجىمە - تەھرىر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1984 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان. 1983 - يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك، 1985 - يىلى ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىنى ئالغان.

ماموٗت سابىت يوٗقىرى نەزەرىيە سەۋىيىسىگە، ئەتراپلىق پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىگە، يوٗقىرى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ۋە موٗھەررىرلىك قابىلىيىتىگە ئىگە، تەھرىرلىك ۋە تەرجىمانلىقتا ئاساسىي پوٗختا بولوٗپ، ئوٗيغوٗر تىلى بىلەن خەنزوٗ تىلىنى بىر - بىرىگە راۋان تەرجىمە قىلالايتتى.

ماموٗت سابىت 30 نەچچە يىللىق تەرجىمە - تەھرىرلىك ھاياتىدا قىممىتى يوٗقىرى نوٗرغوٗن كىتابلارنى تەرجىمە قىلىدۇ، تەھرىرلەيدۇ ۋە بېكىتىدۇ. ئۇ تەھرىرلىگەن «ئوٗيغوٗرچە - خەنزوٗچە لوٗغەت»، «قەدىمكى ئوٗيغوٗر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار»، «شىنجاڭ ئوٗيغوٗر ئاپتونوٗم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «فارابى ۋە ئوٗنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «قىزىل مىڭ ئۆي رەسىملىرى ھېكايىلىرى»، «قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئوٗيغوٗر تائاملىرى» قاتارلىق كىتابلار جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغايدۇ. ئۇ تەرجىمە قىلغان «رامزاننىڭ ئون يەتتىسى»، «سالاھىددىن»، «قوٗرەيش قىزى»، «چەكسىز ئورمان، قارلىق دالا» قاتارلىق كىتابلارمۇ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ تەرجىمە تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شوٗغوٗللىنىپلا قالماستىن، تەرجىمە تەھرىرلىك نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شوٗغوٗللىنىدۇ. ئۇ يازغان «تىلنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر»، «ئەدەبىي تەرجىمىدىكى بىر قانچە مەسىلىلەر» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەر ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

ماموٗت سابىت ھەممە ۋاقىت ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئادىل، پاك بولوٗپ، زادىلا شەخسىيەتچىلىك قىلمايتتى. ئۇ كەمتەر، ئىنتىياتچان بولوٗپ، باشقىلارغا ئوٗلگە بولاتتى، يولداشلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى ۋە كۆيۈنەتتى، بولوٗپمۇ ياش يولداشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلوٗپ، نوٗرغوٗن

تەرجىمان تەھرىرلەرنى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە يېتىشتۈرۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەشرىياتچىلىق تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم ھەسسە قوشقانىدى.

## سەلىمجان ئەززەم

سەلىمجان ئەززەم (ئۆزبېك) 1925 - يىلى كۇچاردا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كېلىدۇ. 1950 - يىلى 9 - ئايدا خىزمەتكە قاتنىشىپ، 1956 - يىلىغىچە كۇچار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە، 1960 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدە تەرجىمانلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ 1986 - يىلى پېنسىيىگە چىققۇچە بولغان مەزگىلدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەرجىمە - تەھرىرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1983 - يىلى كاندىدات ئالىي تەرجىمانلىق ئۇنۋانى ئالىدۇ.

سەلىمجان ئەززەم ئۆزىنىڭ 36 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا تەرجىمانلىق خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن پىشقەدەم زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى. بولۇپمۇ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە تەرجىمە تەھرىرلىك بىلەن شۇغۇللانغان 26 يىل جەريانىدا ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ۋە سىياسىي، ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت نەچچە ئونلىغان كىتابلارنى تەھرىرلەپ ۋە نەشرگە تەييارلاپ، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشىدۇ. ئۇ «جۇڭگو تارىخىدىكى سۇلالىلەرنىڭ مىلادىيە، ھىجرىيە سېلىشتۇرمىسى»، «غەربىي دىيار مەدەنىيەت تارىخى» قاتارلىق نۇقتىلىق كىتابلارنى تۈزۈپ نەشرگە تەييارلايدۇ. شۇنداقلا «ھايات مارشى»، «ئەتىكى ئىلىم - پەن» قاتارلىق كۆپلىگەن كىتابلارنى

تەرجىمە قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىگەن.

سەلىمجان خىزمەتنى ئەستايىدىل، قېتىرقىنىپ ئىشلەيتتى. كىتابلارنىڭ سۈپىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ياش تەھرىر، تەرجىمانلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ھازىرقى كۆپلىگەن ياش تەھرىرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى يولداش سەلىمجاننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

سەلىمجان ئەززەم كېسەل سەۋەبىدىن 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئالەمدىن ئۆتتى.

# سەككىزىنچى باب

## ئاتاقلىق مائارىپچى ھەيدەر سايرانى

ھەيدەر سايرانى 1886 ــ يىلى روسىيە فېدېراتسىيەسى قارىمىقىدىكى تاتارىستاننىڭ ئۇفا شەھىرىدە سايرانىلارنىڭ 6 ـ ئەۋلادى، تاتار زىيالىي ئوقۇتقۇچى مىنھاجىتتىن ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ ئۇفا شەھىرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇفادا پەقەت مەدرىسە لەرلا بولۇپ، پەننىي ئالىي بىلىم يۇرتلىرى قازانغا جايلاشقانىدى. ئۇ 1905 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ مەكتەپتە خىزمەت قىلىدۇ.

1905 ــ 1907 ــ يىللاردىكى روسىيە ئىنقىلابى ھەيدەر سايرانىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ جەرياندا قازاندا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان تۈرلۈك ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە، ئۇ تاتار خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ئابدۇللا توقاي بىلەن تونۇشىدۇ. ئۇلار ئابدۇللا توقاي ئىشلىگەن «ئەلئىسلاھ»، «يەشىن» (چاقماق)، «يالت ـ يۇلت» ژۇرناللىرىدىكى ماقالىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارىدۇ.

1909 ــ يىلى تۇرپان ئاستانىلىق مەرىپەتپەرۋەر مەخسۇت مۇھىتى قازانغا بېرىپ، ھەيدەر سايرانى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز خەلقىنىڭ جاھالەت، زۇلمەت تۇمانلىرى ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ھاياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنى شىنجاڭغا بېرىپ ئوقۇش ـ ئاقارتىش ئىشلىرىنى يولغا سېلىپ، خەلقنى جاھالەت، زۇلمەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، مەرىپەتكە باشلاش توغرىسىدا تەكلىپ

بېرىدۇ. مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلىدۇ ۋە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەيدەر سايرانى ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بىر قانچە مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن، جۈملىدىن ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئائىلىلىكلەر ئولتۇراق ئۆيىنى سېلىش قۇرۇلۇشىدا ياغاچچىلىق قىلىپ يۈرگەن تۆمۈر خەلىپە بىلەنمۇ تونۇشىدۇ. تۆمۈر خەلىپىنىڭ «تورپاق يېغىلىقى» ھەققىدىكى بايانلىرى ئۇنى بەك قىزىقتۇرىدۇ. ئۇ تۆمۈر خەلىپىگە 1905- يىلى روسىيىنىڭ پېتىرگرات شەھىرىدە يۈز بەرگەن «قانلىق يەكشەنبە» ۋەقەسىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆز سەرگۈشتىلىرىنى سۆزلىشىپ، يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

ئۈرۈمچىدىكى مەرىپەتپەرۋەرلەر ھەيدەر سايرانىنى ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قېلىشقا دەۋەت قىلىدۇ، لېكىن مەخسۇت مۇھىتى يەنىلا ئۇنىڭ تۇرپان ئاستانىغا بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئۇ 1909 - يىلى ئاستانىغا بارىدۇ، ئۇ زاماندا ئاستانىدا بىر ەرمۇ يېڭىچە مەكتەپ يوق بولۇپ، ھەممەيلەن دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ئاغزىغا قاراتتى. شۇڭلاشقا خەلقنى ئاقارتىش ۋە مەدەنىيەتكە باشلاش - يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش ھە دېگەندە ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ. ھەيدەر سايرانى دەسلەپ مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتىدۇ.

ئۇ ياز كۈنلىرى ئۈرۈمچىگە چىقىپ دەم ئالىدۇ. 1913- يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگىنىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان پەرزەنتى، ئۆزىنىڭ سىرداش دوستى تۆمۈر خەلىپە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلىدۇ. ھەيدەر سايرانى بۇ شېھىتنىڭ نامىزىغا قاتنىشىپ، ئۆز قولى بىلەن يەرلەپ ئاستانىغا قايتىدۇ.

سەۋرچانلىق بىلەن زېرىكمەي، تېرىكمەي ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىق، تەربىيە نەتىجىسىدە، مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئائىلىسىدە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغۇچى بالىلار تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلايدۇ.

ئاخىر ئۇرۇمچى ۋە تۇرپاندىكى ئىلغار زاتلارنىڭ بولۇپمۇ مەخسۇس مۇھىتىننىڭ قوللىشى ۋە ئىقتىسادىي تەرەپتىن يۆلىشى بىلەن 1913-يىلى ئاستانە مەدرىسە يېنىغا كۆنگەيگە قارىتىپ ئەينەك دېرىزىلىك، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق بىر سىنىپلىق مەكتەپ سېلىنىدۇ.

مەكتەپنىڭ دەرس پروگراممىلىرى ئاساسەن قازان مەكتەپلىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئانا تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ئەسىرى سائادەت (پەيغەمبەرلەر تارىخى)، تەنتەربىيە ۋە شېئىر قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ. گەرچە مەكتەپ ئېچىلىپ ئوقۇش رەسمىي يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقى توختىمايدۇ. چۈنكى، ئىجتىمائىي ۋە تەبئىي پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى ئىلىم، شىنجاڭنىڭ فېئودال كونا مەدەنىيىتى ۋە كونا ئىلىمگە قارشى ئىدى. ھەيدەر سايرانى زور تىرىشچانلىقلار بىلەن ئوقۇتۇشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

1914 - يىلى ھەيدەر سايرانى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، ئۇرۇق-تۇغقان، يارۇ - بۇرادەر ۋە بەزى ساۋاقداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلەشكە دەۋەت قىلىدۇ.

1971 — يىلى ئاستانىغا مەخسۇت مۇھىتىننىڭ موسكۋادىكى نۇرغۇن پۇللىرىنى ئۆتكۈزمەيۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كېلىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، موسكۋاغا ھەيدەر سايرانىنى بىللە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار بۇ نۆۋەت موسكۋا، قازان، ئۇفا، تاشكەنت، سېمپالاتىنسك قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ، يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىدۇ، شۇنداقلا شىنجاڭغا ئەكىلىشكە ئادەم ئىزدەيدۇ ۋە ئۇ يەرلەردىن مۇھىببۇللا ئەپەندى، گۈلەندەم ئابىستاي، خىسام باۋىن، خەسەن فەھىمى، ئەلى ئىبراھىم، شاھى شەرەپ قاتارلىق ئالتە نەپەر مۇنەۋۋەر تاتار ئوقۇتقۇچىسىنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇلار 9171 - يىلىدىن 1919- يىلىغىچە شىنجاڭغا كېلىپ بولىدۇ. ئالدىن

ئويلىشىلغان پىلان بويىچە، مۇھەببۇللا ئەپەندى بىلەن ئايالى گۇلەندەم ئابستاي ئاستانىغا، ئەلى ئەپەندى تۇرپانغا، خەسەن فەھمى بىلەن شاھى شەرەپ لۇكچۇنگە، خىسام گۇچۇڭجۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەيدەر سايرانىنىڭ يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىپ خەلقنى مەدەنىيەت يولىغا باشلىغىنىدىن خەلق ئاممىسى سۆيۈنىدۇ ۋە ئۇ يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنى يەنە يۇرتىغا قايتسا كەلمەي قالارمۇ؟ دېگەن ئەندىشە بىلەن ئۇنى ئۆيلەپ قويماقچى بولىدۇ، جامائەت ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلەپ، 1917 - يىلى ئاستانىلىق باھاۋۇدۇن ئاكىنىڭ قىزى ئايخانغا ئۆيلەپ قويىدۇ.

ئاستانە مەكتىپىنىڭ 1 - قارار ئوقۇغۇچىلىرى 1917 - يىلى ئوقۇشنى تاماملايدۇ. بۇ قاراردا ئابدۇرۇسۇل ئابدۇقەيۇمى، مۆمىن ئەخمەت، شاۋۇدۇن ئەپەندى، مۆمىن ئىمىنھاجى، دۇگامەت خۇدىيارى، قۇربان سەئىدى، ھەۋەيدۇل توختىھاجى، ئابدۇللا پەرسا، ئاباس نەجىبى، ئەخمەت نەزەرى قاتارلىق 40 نەچچە ئوقۇغۇچى ئوقۇغانىدى. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلقنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشتە چوڭ تۆھپىلەرنى يارىتىپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردى.

1917 — يىلىغا كەلگەندە ئاستانىدىكى مەكتەپ كىچىكلىك قىلىپ قالىدۇ. يېڭىچە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلار كۆپەيگەچكە، مەكتەپنى كېڭەيتىپ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەخسۇت مۇھىتىنىڭ قورۇسىنىڭ قارشىسىدىكى بوش يەرگە دېرىزىلىرىنى كۇنگەيگە قارىتىپ، ئاستى - ئۈستى تاختايلىق سىنىپلار سېلىنىدۇ، سىنىپ ئىچى دوسكا، پارتا ۋە ئوقۇتۇش قوراللىرى بىلەن جاھازلىنىدۇ. يەنە بىر مەكتەپ سالىدۇ. بۇ مەكتەپ قورۇسىدا كۆل بولۇپ، ئەتراپى دەرەخ بىلەن ئورالغان.

مۇھەببۇللا ئەپەندى بىلەن ئايالى گۈلەندەم ئابستاي 1918 - يىلىدىن ئېتىبارەن بۇ مەكتەپتە ھەيدەر ئەپەندى بىلەن بىرگە دەرس ئۆتۈشكە باشلايدۇ.

1919 — يىلى 18 - دېكابىردا ھەيدەر سايرانى بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇر قويىدۇ. بالا تۇغۇلۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن بەختكە قارشى ئانىسى ئايخان ئايلا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇيغۇرنى چوڭ ئانىسى مەخلىك قىز بىلەن ھەيدەر سايرانى ئۆزى باقىدۇ. ھەيدەر ئەپەندى ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇللا پەرسا قارايدۇ. ھەيدەر سايرانى 1920 - يىلى ئۇرۇمچىگە كېلىپ، ياڭخاڭغا سېلىنغان يېڭى مەكتەپنىڭ ئاساسلىق ھەيئەتى بولىدۇ شۇ يىلى ئۇرۇمچىدە ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى قۇرۇلىدۇ ۋە ھەيدەر سايرانى ئىنسپېكتورلۇق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ.

1922 - يىلى ھەيدەر سايرانى ئۇرۇمچىدە مەخپىي تەشكىللىگەن ئىلغار ياشلار تەشكىلاتىغا قاتنىشىدۇ. بۇ تەشكىلاتتا بۇرھان شەھىدى، لۇكچۇنلۇك تاھىر بەگ، تۇرپان ئاستانىلىق مەخسۇت مۇھىتى، قەشقەرلىك كېرەم چوڭ ھاجى، بايلىق ئايۇپ، تۇرپانلىق يۇنۇسبەگ، ئالتايلىق شەرىپقانلار بار ئىدى.

1925 - يىلى ھەيدەر سايرانى ئۇرۇمچىدە بۇرھان شەھىدىنىڭ سىڭلىسى زەينەپ بانۇ بىلەن توي قىلىدۇ. ۋە ئاستانىدىن ئوغلى ئۇيغۇرنى يېنىغا ئالدۇرىدۇ.

1928 - يىلى ھەيدەر سايرانى خوجانىياز ھاجى بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ تونۇشىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەردە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب توغرۇلۇق سۆھبەتلىشىدۇ.

1931 - يىلى ئەتىيازدا قۇمۇلدا دېھقانلار قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ھەيدەر سايرانى بۇنى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە قارشى ئومۇمىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنىڭ ئوبدان پەيتى، دەپ ھېسابلاپ، قەشقەر، تۇرپان، لۇكچۇن، ئالتاي، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى تەشكىلات

ئەزالىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى جاۋ دېشۇ، تاۋ مىڭيۈ قاتارلىق ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ.

ھەيدەر سايرانى قۇمۇل قوزغىلىڭىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، ئۇلارنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. قۇمۇل قوزغىلاڭچىلىرىنى بېسىقتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن ئاق ئورۇس ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى مېزگىن ئۈرۈمچىدىن يولغا چىققىشىدا: «قۇمۇللۇقلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ قورسىقىدىكى بالىلىرىغىچە قىرىپ تۈگىتىمەن» دەپ ۋەدە بېرىدۇ. ھەيدەر سايرانى ئۇنىڭ يولغا چىققىنىنى قۇمۇلغا يۇقىرىقى سۆزىنى قوشۇپ خەۋەر قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان قوزغىلاڭچىلار ئۇلارغا يولدا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ. مېزگىن قۇمۇلغا يېتىپ بارمايلا يولدا ئۆلىدۇ.

1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلىدۇ. ھەيدەر سايرانى ئۇيۇشما تەركىبىدىكى نەشرىيات باشقارمىسىغا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىي ھەپتىلىك «يېڭى شىنجاڭ» گېزىتىنىڭ 1 ـ سانى 1935 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ.

ھەيدەر سايرانى 1938 ـ يىلى ئاپرېلدا قولغا ئېلىنىپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىر قىلىنىدۇ ۋە 1943 ـ يىلى 57 يېشىدا چېن تيەنچۇ، ماۋ زېمىن قاتارلىق كوممۇنىستلار، ئىلغار زاتلار بىلەن بىر قاتاردا ئۈرۈمچىدە ئىككىنچى تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## تېيىپ ھاجى سابىتوف

تېيىپ ھاجى سابىتوف 1891 ـ يىلى يەركەنتنىڭ قورام

يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپنى يەركەنتتە ئوقۇيدۇ. كېيىن قازاندا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردۇ. 1905 - يىلى يەتتىسۇ ئوبلاستىدا تەسىس قىلىنغان «كالتا چاپانلار①» (بۇ تەشكىلاتنىڭ نامى، 1906 — يىلى «تەرەققىيپەرۋەرلەر تەشكىلاتى» غا ئۆزگەرتىلگەن) غا ئەزا بولىدۇ. 1917 - يىلى بىشكەكتە قىزىل گۋاردىيىگە قاتنىشىدۇ 1918 -يىلى 2 - يانۋاردا ئالمۇتىدا ئېچىلغان يەتتىسۇ ئوبلاستلىق دېھقانلار قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىپ يەتتىسۇ ئوبلاستىدا سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندا يېزىلىق سوۋېت رايونىنىڭ رەئىسى بولىدۇ. (ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى پائالىيىتى رۇس يازغۇچىسى پادىيوفنىڭ «تارمار» رومانىغا ئۆز نامى بىلەن كىرگۈزۈلگەن). يەتتىسۇدا «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» غا ئەزا بولىدۇ. كېيىن بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرىدۇ. شۇ مەزگىلدە شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ، 3 - ئىنتېرناتسىئونالنىڭ يەتتىسۇ ئوبلاستلىق «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ، شىمالىي شىنجاڭ گۇرۇپپىلىرىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن 1930 - يىللارغىچە كۆپ قېتىم ئىلىغا كېلىپ، تەشۋىق - تەرغىب خىزمىتى ئىشلەيدۇ.

1930 — يىلى ئائىلىسى بىلەن ئىلىغا كۆچۈپ كېلىپ، قاسىمجان قەمبىرى باشلىق سەپداشلىرى بىلەن بىللە ئىلىدا مەھەللىۋى تىياتىر، كونسېرت، ئولتۇرۇش، بەزمە - مەشرەپلەردە دوراش سەنئىتى ئارقىلىق ئىلى تىياتىرچىلىقىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى قۇرىدۇ. 1934 - يىلى 9 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى قۇرىدۇ ۋە ئۇيۇشمىغا رەئىس بولىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلدە پولكوۋنىك دەرىجىسى بىلەن ئىلى باش ساقچىدا ئىشلەيدۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي

---

① 1905 - يىلىدىكى روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن روسىيىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار 1905 - يىلى «كالتا چاپانلار» تەشكىلاتىنى قۇرغانىدى.

مەسلىھەت كېڭەشتە ئىشخانا مۇدىرى بولىدۇ. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىپ، 1963 ـ يىلى ۋاپات بولىدۇ.

## سابىت ئەپەندىم

سابىت ئىبراھىم 1898 ـ يىلى ئۈستىن ئاتۇش ئىكساق يېزىسىدا قول ھۈنەرۋەن ئىبراھىم ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، ئىكساقتىكى ھۈسەينىيە مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. كېيىن دادىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ ئەنجاندا ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىدۇ.

1 — دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنجاندا تەسىس قىلىنغان مۇھاجىرلار مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپ، ئاز كۈن ئوقۇغاندىن كېيىن ئىكساقتا ساۋاتىنى چىقارغانلىقى ئۈچۈن تاشكەنتتىكى ئىشچىلار مەكتىپىگە قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە باشقا ئىلغار تەشكىلاتلارغا قاتنىشىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، موسكۋادىكى شەرق ئىنستىتۇتىنىڭ مائارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كۆپ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ كېتىپ تۇرىدۇ. 1928 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، ئىكساقتىكى ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ـ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالاپ، سوۋېتكە ئوقۇغۇچى چىقارماق بولىدۇ، مىللىي مەكتەپ قۇرۇشقا كىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1929 — يىلى ئىكساق ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش مەكتىپىنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۈرۈمچىگە ئالدۇرۇپ، مائارىپ نازارىتى ئارقىلىق ئۇلارنى جايلارغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتىدۇ. سابىت ئىبراھىم شۇ قاتاردا دەسلەپ

تۇرپانغا تەقسىم قىلىنىپ، ئېلى ئەپەندى دېگەن تاتار بىلەن بىللە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. كېيىن گۇچۇڭ، مورى، ئالتايدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. شۇ يىللاردا قۇتۇبىدىن ئۆيلىنىدۇ.

1933 — يىلىنىڭ ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەنسۇر ئەپەندى بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەردە تۇنجى قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەتى ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەن مەدرىسەلەرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا قەشقەر ساقچى مەسئۇلى ئابدۇقادىر ھاجى، ھەمزەبايوپ نۇرھاجى، مائارىپ خادىملىرىدىن ئابدۇقادىر سىدىقى، ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەردىن مامۇتخان ئولاي، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈمچى 7 - باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر، قوشۇمچە مائارىپ نازارىتىدە ئىشخانا مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بالا چىقىرىش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان نازىر ئابدۇللا داموللىغا ياردەملىشىدۇ. 1936 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە باشلىق، قەشقەردە تۇنجى قۇرۇلغان قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىگە مۇدىر بولىدۇ. بۇ يىللاردا قەشقەر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ قەشقەردە ئاياللار مائارىپىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدۇ. شۇ يىللاردا قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە قاسىم ئەپەندى (قاسىم قازاق)، بەي ۋىنيۇ (خۇيزۇ)، ئەمەت تۇەنجاڭ، ئابدۇقادىر سىدىقى، مامۇتخان ئولاي قاتارلىق يەتتە كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، بۇ گۇرۇپپىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. (بۇ گۇرۇپپىنىڭ كاتىپى ئابدۇرىشىت يۇسۇپ ھازىر ئۈرۈمچىدە) 1938 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدا مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1939 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، بىلىم ئاشۇرۇپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1942 -

يىلى قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، 1943 - يىلى قۇتۇبىگە ئائىلىسىگە كېتىپ، باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولىدۇ. شۇ يىللاردا ئاتالمىش خائىنلارنىڭ سۈرگۈن قىلىنغان بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولىدۇ. 1944 - يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1945 - يىلى تۈرمىدىن بوشىنىپ، مائارىپ نازارىتى ۋە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئىشلەيدۇ. 1948 - يىلى قۇتۇبىغا قايتىپ، يەنىلا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن قۇتۇبى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتە ئىشلەيدۇ. 1963 - يىلى قۇتۇبىدا ۋاپات بولىدۇ.

## ئابدۇرېھىم ئەيسا

ئابدۇرېھىم ئەيسا 1909 - يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق ئۇيغۇر رايونىنىڭ غالجات يېزىسىدا تۇغۇلىدۇ. ئۇ غالجات يېزىسىدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، كېيىن ئالمۇتىغا بېرىپ زارۋات ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. 1928- يىلى ئائىلىسى بىلەن ئىلى ۋىلايەت چاپچال ناھىيىسىدىكى يۇقىرى جاغىستاي يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە خەلقنى ئويغىتىش، يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1933- يىلى جاغىستايدىكى ھېزىرنەم ئاخۇن ئوقۇتقان 32 ئوقۇغۇچىدىن بىر سىنىپ تەشكىل قىلىپ، مەخسۇس يېڭىچە دەرس ئۆتىدۇ. 1934 - يىلى جاغىستايدا قۇرۇلغان ئالتە سىنىپلىق بىرلىك مەكتەپكە مۇدىر بولىدۇ.

ئابدۇرېھىم ئەيسا 1935 - يىلى غۇلجا شەھىرىگە يۆتكىلىپ كىرىپ ئۈمىد مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، 1936 - يىلدىن 1937 - يىلىغىچە ئىلمىي مۇدىر، 1973 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە

مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ئۇممد مەكتەپتە خىزمەت قىلغان مەزگىللەردە مەكتەپ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش، يارامىلىق شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈش جەھەتلەردە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. ئابدۇرېھىم ئەيسا ئەينى چاغدا مەرىپەتپەرۋەر زات، مەكتەپ ئاتىلار كومىتېت ئەزاسى ئابدۇللا خەمىدىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1941 ـ يىلى ئۇممد مەكتەپىنىڭ نوۋگورودتىكى 2 ـ شۆبە مەكتىپىنىڭ ئورنىدا خانىم ـ قىزلار ھۈنەر مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە بۇ مەكتەپكە ئابدۇرېھىم ئەيسانىڭ ئايالى مۇنجىيە خانىم مەسئۇل بولىدۇ. ئابدۇرېھىم ئەيسا 1942 ـ يىلى ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ، قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە خىزمەت قىلىدۇ. 1943 ـ يىلىدىن 1945 ـ يىلىغىچە ئۇرۇمچىدىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ ۋە شىڭ شىسەي، گومىنداڭ تۈرمىلىرىگە قامىلىدۇ. 1946 ـ يىلى 11 بىتىمگە ئاساسەن تۈرمىدىن چىقىپ، ئاقسۇدىكى سايلام ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئىلىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» نىڭ باش كاتىپى بولغان ئابدۇرېھىم ئەيسا ئىنقىلاب جەريانىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن 1 ـ دەرىجىلىك ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولىدۇ.

1958 ـ يىلى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئوڭچىلار ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا، ئابدۇرېھىم ئەيسا جاھىللىق قىلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

# توختى هاجىم

توختى هاجىم قەشقەردىكى نوپۇزلۇق بايلارنىڭ بىرى بولغان تۇردى هاجىنىڭ ئوغلى. ئۇ 1908 - يىلى قەشقەر شەھەر قىزىل دۆۋە مەھەللىسىدە تۇغۇلدۇ. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، موللا خەلپەتتە دىنىي بىلىم ئالدۇ، كېيىن پەننى مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. 1924- يىلى دادىسىنىڭ سودا خادىملىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ سودا قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. ئاشۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا كەچ كۇرسىدائوقۇيدۇ.

توختى هاجى تۇردى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغان مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ. ئۇ مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. شۇڭا، قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، قەشقەر قىزىل دۆۋىدىكى ئۆز زېمىنىدىن 30 مودىن ئارتۇق يەر ئاجرىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى مەكتەپلەر پاسونىدا ئاستى - ئۈستى تاختايلىق قىلىپ ئالتە سىنىپ، ئىككى ئىشخانىلىق مەكتەپ سالدۇ، مەكتەپكە 200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىپ، مەكتەپنىڭ پۈتۈن چىقىمىنى ئۈستىگە ئالدۇ. كېيىن سىنىپ سانىنى كۆپەيتىپ، ئۈچ قىزلار سىنىپى تەسىس قىلدۇ. تەنتەربىيە مەيدانى ياسىتىپ، ھەرخىل چېنىقىش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ قەشقەردىكى نوپۇزلۇق ئائىلىدە چوڭ بولغاچقا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ زامانغا نىسبەتەن ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلاردىن بولغاچقا سىياسىي قايناملغا كىرىپ قالىدۇ ۋە 1937- يىلى 4- ئاينىڭ 2- كۈنى (جۈمە بىلەن شەنبە ئارىلىقىدا) مەھمۇت مۇھىتى (مەھمۇت سىجاڭ) بىلەن بىللە چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار ھىندىستان، تۈركىيە قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ ياپونىيەگە بارىدۇ. كېيىن بېيجىڭگە قايتىپ كېلىدۇ. توختى هاجى 1944 - يىلى مەھمۇت مۇھىتى بېيجىڭدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ياپونىيەگە كېتىدۇ. ئۇ ياپون ئايالغا ئۆيلىنىپ، باللىق بولىدۇ. 1965 - يىلى 57 يېشىدا ياپونىيىدە ۋاپات بولىدۇ.

# توققۇزىنچى باب

## مەشھۇر تېۋىپ ۋە شائىر قۇتبىدىنشاھ

قۇتبىدىنشاھ (1760 ـ 1866 ـ يىللار) مەشھۇر شائىر ۋە ئۇستا تېۋىپ ـ ھۆكۈما بولۇپ، يەركەندە تۇغۇلۇپ، دەسلەپ ئۆز مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ۋە شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرىدۇ. قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن مىسىرغا بېرىپ، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە ئىلمىدە) دا ئوقۇيدۇ. كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، دىنىي ئىلىملەرنى ھەمدە ئىجتىھات بىلەن ئىلمىي تېبابەتچىلىكنى، ئەدەبىياتنى، بولۇپمۇ شېئىرىيەتنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ناھايىتى چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، تېۋىپلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا، شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ يەنە ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران ۋە ئىراق قاتارلىق مەملىكەتلەرگە بېرىپ، تېۋىپلىق بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇرتىدا ئاۋۋالقىدەكلا تېۋىپلىقنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

قۇتبىدىنشاھ ئۆمرىدە تەخمىنەن 777 پارچە ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم، ئەمما كۆپ قىسمى غايىب بولۇپ كەتكەن. زامانىمىزغىچە تارقىلىپ كەلگەنلىرىدىن ھازىر پەقەت ئىككى پارچىسى بايقالغان بولۇپ، بىر پارچىسى «رىسالىئە»، يەنە بىر پارچىسى «ساقىنامە» دىن ئىبارەت. بۇ شېئىرىي ئەسەرلەر جەمئىي 218 بەتلىك بولۇپ،

قولىيازمىسى ھازىر نەۋرىسىنىڭ ئائىلىسىدە ساقلانماقتا.

(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2001 - يىلى 24 - ئۆكتەبىر سانىدىن ئېلىندى)

## باي ئېزىزى

باي ئېزىزى 1888 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە تازغۇن يېزا قاراساقال كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە يېزىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، دىنىي تەلىم ئالىدۇ. 1918 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ ئەمەت قارىم دېگەن كىشىدىن دورىگەرلىك ئىلمىنى ئۆگىنىدۇ. يىگىرمە نەچچە ياشلىرىدا ئاقسۇ ۋە كۇچا قاتارلىق يۇرتلاردا جاھان كېزىپ يۈرۈۋاتقان مەزگىللەردە دورا ئىلمىدىن خەۋىرى بار بولغانلىقى ئۈچۈن تۇرپانلىق ھىمىت ئاخۇنۇم دېگەن مەشھۇر تېۋىپقا ياراپ قالىدۇ ۋە ھىمىت ئاخۇنۇم باي ئېزىزنى ئۆزى بىلەن بىرگە تۇرپانغا ئېلىپ كېتىپ، تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگىتىدۇ. باي ئېزىزى تەخمىنەن 1925- يىللىرىدىن كېيىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل كېسەل داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، ھەربىي دوختۇر، 1934 — يىلى يەركەنگە ھاكىم، 36 - دىۋىزىيىدە مەسلىھەتچى بولىدۇ. 1937 - يىلى مەخمۇت مۇھىتى قاتارلىقلار بىلەن بىللە تۈركىيە، ھىندىستان ئارقىلىق ياپونىيىگە بارىدۇ، كېيىن بېيجىڭغا، بېيجىڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىپ خەنزۇچە ئۆگىنىدۇ ۋە جۇڭيى كىتابلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تېبابەتچىلىك بىلىمىنى بېيىتىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرلەشمە داۋالاش ئامبۇلاتورىيىگە مەسئۇل بولىدۇ. باي ئاخۇن ئېزىزى تېبابەتچىلىكتە ئىچكى كېسەللىكلەر، ئاياللار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ماھىر بولۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا

ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق ئەمەلىي داۋالاش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىي ساۋاتلىرى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك ئەسىرىنى يېزىپ، 1978 - يىلى نەشر قىلدۇردى. باي ئېزىزى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. باي ئاخۇن ئېزىزى تېبابەتچىلىك ساھەسىدە بىلىمى چوڭقۇر، كلىنىكا تەجرىبىسىنىڭ مولىلىقى ۋە ئېسىل كەسپىي ئەخلاقى ئىگە بولغاچقا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك جۇڭيى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ ۋە 1978 - يىلى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىچكى كېسەللىكلەر مۇدىرى ۋىراچى ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. باي ئېزىزى 1981 - يىلى ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولىدۇ.

## مۇسا ئەپەندى

مۇسا ئەپەندى (ئۆزبېك) 1904 - يىلى ئەنجان شەھىرىدە دىندار ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە ئائىلىسىدە دىنىي بىلىم ئالىدۇ. كېيىن رۇس مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ، جۈملىدىن ئەرەب، پارس، تۈرك تىللىرىنىمۇ پۇختا ئۆگىنىدۇ. 1926 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە قەشقەر شەھىرىگە كېلىپ، ئۇ يەردە ئۆيلىنىپ ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىن، 1928 - يىلى ئافغانىستانغا بارىدۇ. 1929 - يىلى مۇسا ئەپەندى ھەجگە بېرىپ ئەرەبىستاندا ئىككى يىل تۇرۇپ، ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئەرەب دۇنياسىنى چۈشىنىدۇ. 1931 — يىلى يەنە قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆرەشكە قاتنىشىدۇ. بۇ

جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن خەلق تەرىپىدىن مۇسا ئەپەندىم دەپ ئاتىلىدۇ. قەشقەردە ئىنقىلاب بولۇش ئالدىدا مۇسا ئەپەندى يەنە بىر شېرىكى بىلەن يېنىدىن پۇل چىقىرىپ، «ھىلالى ئەھمەر» شىپاخانىسى قۇرىدۇ. خوتەندە قوزغىلاڭ بولغان كۈنلەردە، پەرغانىلىق مۇھاجىرلار بىلەن يەرلىكلەر بىرلىكتە تەشكىللىگەن ئىستىقلال جەمئىيىتىنى قوللايدۇ. قەشقەردە ئۇرۇش بولغاندا، قۇرغان دوختۇرخانىسىنى ئىشقا سېلىپ يارىدارلارنى داۋالايدۇ. ماجەنساڭ قىسمى كېسىپ كەتكەن تۆمۈر ئېلىنىڭ بېشىنى ماجەنساڭدىن ئېلىپ كېلىپ دەپنە قىلىدۇ. ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغاندا مالىيە نازىرىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ.

ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە بېسىپ كىرىپ قىرغىن قىلغاندا، يەنى 1934 ــ يىلى 8 ـ ئايدا مۇسا ئەپەندى ئائىلىسىدىكىلەرنى ئېلىپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا چىقىپ كېتىدۇ ۋە مەدىنىدە مۇقىم ئورۇنلىشىپ، 30 يىللىق ھاياتىنى ئىلمىي ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، يازغان ئەسەرلىرىنى ئەرەب مەتبەلىرىدە ئېلان قىلىدۇ. 1986 ـ يىلى 82 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

## تېغىقچى سامساق ئۇستام

1901 ـ يىلى ئاتۇش سۇنتاغ يېزا تۆركۈل كەنتىدە تېغىقچى توختى ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان سامساق ئۇستام مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە موللا خەلپەتتە ئوقۇپ دىنىي ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن دادىسى بىللە بىلەن يۈرۈپ، تېغىقچىلىقنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇ ئۆز ئائىلىسىدە مۇستەقىل تېغىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كېيىنچە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ، تېغىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ داڭقى چىقىدۇ. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ تېغىقچىلىق تېخنىكىسى ئۇستۇن بولۇپ، 10 ـ

20 يىل ئىلگىرى سۇنغان، خاتا تېڭىلىپ ئىزىغا چۈشمەي تۇتۇپ قالغان سۇنۇقلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىزىغا چۈشۈرۈپ داۋالاپ، ئورغۇنلىغان بىمارلارنىڭ كېسىلىنى دۋالايدۇ. كېسەللەر بۇنىڭدىن تولىمۇ رازى بولىدۇ. ئۇ ئۇزۇن يىل تېڭىقچىلىق قىلىپ، شىنجاڭ دائىرىسىدە شۆھرەت قازىنىدۇ ۋە داۋالىغان كېسەل نەچچە ئون مىڭغا يېتىدۇ. ئۇ كېسەل داۋالاشتا پۇل باردىن ھەق ئالىدۇ. يوقسۇللار ئۈچۈن ھەقسىز مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ساماساق ئۇستىنىڭ تېڭىقچىلىق ماھارىتىنى كۆرگەن ئاتۇشتىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئۇنى 1970 - يىلى سۇنتاغ يېزىلىق دوختۇرخانىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇ بۇ دوختۇرخانىغا كەلگەندىن كېيىن جاي - جايلاردىن كەلگەن داۋالانغۇچىلار كۈندىن- كۈنگە كۆپىيىدۇ. 1975 - يىلى ساماساق ئۇستا سەھىيە نازارىتى تەشكىللىگەن ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە ئىچكى موڭغۇل، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى تېببىي ئورۇنلار، بولۇپمۇ تېڭىقچىلىققا ئائىت كەسىپي جايلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرىدۇ ۋە ئۆزى بۇ كەسىپنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، بىرىنچىدىن، كېسەلنىڭ ئاھىغا يېتىش، ئىككىنچىدىن، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ، بۇ كەسىپنى ئەۋلاتتىن- ئەۋلادقا قالدۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ- دە، ئالدى بىلەن ئۆز ئوغلى ئېلىجان بىلەن ئابلەيىنى سۇنۇقچىلىق كەسپىدە تەربىيىلەپ يېتىلدۈرىدۇ. خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىدىن كەلگەن ئابدۇللا يولۋاس ساماساق ئۇستامنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن ئۇستا تېڭىقچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەۋلاد تەربىيىلەش ئىشىغا چىن كۆڭلىدىن بېرىلىپ شاگىرت تەربىيىلەيدۇ.

1980 - يىلى سەھىيە نازارىتى ساماساق ئۇستامغا «سۆڭەك كېسەللىكلىرى بويىچە مۇدىرى تېۋىپ» ئۇنۋانى بېرىدۇ. ئۇ تۆھپىلىرى بەدىلىگە ئاتۇش ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت

كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ئەزاسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولىدۇ. 1985 - يىلى 11- ئايدا 85 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## تىۋىپ مۇتىئۇللا قارىي ھاجى

مۇتىئۇللا قارىي ھاجى 1903 - يىلى 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تۇرپان شەھرىنىڭ تۇرپانقىر كەنتىدە تۇغۇلۇپ، 1909 - يىلدىن 1915 — يىلىغىچە باشلانغۇچ دىنى مەكتەپتە، 1915 - يىلدىن 1919 - يىلىغىچە ئاستانە، قاراغوجالاردا ئوتتۇرا دەرىجىلىك دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ، قارىي ئۇنۋانىنى ئالىدۇ. 1924 - يىلىغىچە باغىر «مەدرىسە» دە پارسچە، ئەرەبچە ئۆگىنىدۇ. 1924 - يىلدىن 1928 - يىلىغىچە پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىندىكى سۇ بېشى كەنتىدە ئاتاقلىق تېۋىپ مەخسۇت ئاخۇننىڭ 6 - ئەۋلادى ئابلىمىت ئاخۇننىڭ يېنىدا تۆت يىل تۇرۇپ تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىدۇ.

تېبابەت ئىلمىنى خەتمە قىلغان (ئىمتىھان بەرگەن) دىن كېيىن تۇرپان بازار ئىچىدە شەخسىي تېۋىپلىق قىلىدۇ. 1957 - يىلى تۇرپان يېڭى شەھەردىكى ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك بىرلەشمە ئامبۇلاتورىيىسىدە 1958 - يىلدىن 1962 - يىلىغىچە تۇرپان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ يېڭى شەھەر تېبابەتچىلىك ئامبۇلاتورىيىسىدە 1980 - يىلىغىچە يار رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى ئۇيغۇر تېبابەت بۆلۈمىدە، 1981 - يىلدىن كېيىن تۇرپان شەھەرلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدۇ. 1983 - يىلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن مۇدىر ۋىراچ ئۇنۋانىنى ئالىدۇ. مۇتىئۇللا قارىي ھاجىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن

ئۆمرىنى ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى ئىشلىرى ئۇچۇن بېغىشلاپ، ئۇيغۇر تېبابەت بىلەن شۇغۇللانغان 64 يىللىق ھاياتىدا ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى تېبابەتكە دائىر كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى نەزەرىيىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەيدۇ، بولۇپمۇ ئاشقازان، قان تومۇر، نەپەس يولى كېسەللىكلىرى، ئاياللار كېسەللىكى، نېرۋا كېسەللىكى، رېماتىزم، سۈيدۈك يولى سىستېمىسى كېسەللىكىدە ئاز بولمىغان كىلىنىكىلىق داۋالاش تەجرىبىلىرىنى توپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش، رەتلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولماقتا ۋە شاگىرت يېتىشتۈرمەكتە.

## ئىنايىتۇللا ھەلىمى

1922 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە زىيالى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئىنايىتۇللا ھەلىمى 1924 - يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە قىرغىزىستاننىڭ ئوش ئوبلاستىغا كۆچۈپ چىقىدۇ. ئۇ شۇ يەردە لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى ئۆزبېك يېڭى يېزىقىدا ئوقۇپ ساۋات چىقىرىدۇ. 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، قەشقەر ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرغان نوربېشىدىكى يېڭىچە مەكتەپتە، 1935 - 1936 - يىللىرى قەشقەر ئوردا ئىشىكىدە ئېچىلغان دارىلمۇئەللىمىندە، ئۇنىڭدىن كېيىن دورىگەرلىك كەچ كۇرسىدا ئوقۇيدۇ. كېيىن دوختۇر يېتىشمىگەچكە ئۇنى تۆت ساۋاقدىشى بىلەن بىللە ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ياردەملىشىشكە ئېلىپ قالىدۇ. كېيىن ئىنايىتۇللا ھەلىمى مۇتەخەسسىسلىرىگە رۇسچە تەرجىمان بولىدۇ. 1941 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا باش بوغالتىر، دورىخانىغا مۇدىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ يىللاردا قەشقەر، خوتەن، يەركەن، ئاقسۇ

قاتارلىق جايلارغا تىببىي دورىگەرلەرنى يېتىشتۈرۈشكە مەسئۇل بولۇپ، كۆپلىگەن دورىگەرلەرنى تەربىيىلەيدۇ. 1950 ـ يىلى 9 ـ ئايدا سەھىيە نازارىتىگە يۆتكىلىپ، ئۇ يەردە 34 يىل ئىشلەپ، 1984 ـ يىلى ئائىلىسى قەشقەردە بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر شىپاخانىسىگە يۆتكىلىدۇ. 1989 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پېنسىيىگە چىقىدۇ.

ئىنايىتۇللا ھەلىمى 54 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا تىرىشىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، رۇس، خەنزۇ، ئەرەب ۋە قىسمەن پارس تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆگەنگەن بىلىمىنى ئۆزى قىزىققان تىببىي ساھەدە ئىشلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ساقلىق ساقلاش، تىببىي دورىگەرلىك خىزمىتىگە تۆھپە قوشىدۇ، بولۇپمۇ تىببىي ئىلىم، تەرجىمە، تەھرىرلىك، لۇغەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە تىببىي ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ھەسسە قوشىدۇ.

ئۇنىڭ دوختۇرلۇق ساھەسىدىكى تۆھپىسى يەنە تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

1. ئۆزى دەرس ئۆتۈش، رۇس ئوقۇتقۇچىلارغا تەرجىمانلىق قىلىش ئارقىلىق 700 دىن ئارتۇق تىببىي خادىمنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ھەسسە قوشتى.

2. تىببىي ئاتالغۇلارنى رەتلەش، قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، 49 مىڭ تىببىي ئاتالغۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ھەجىملىك، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، ئۇيغۇرچە تىببىي لۇغەت تۈزۈپ، 1983 ـ يىلى سەھىيە نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇردى. يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتى ئەسەرلىرىنى تەتقىق، تەرجىمە قىلىشتا قوللىنىشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەرەبچە، پارسچە، ئىنگلىزچە، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە قەدىمكى تېبابەت سېلىشتۇرما لۇغىتىنى ئىشلىدى.

3. ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە دائىر 17 كىتابنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىدى.

4. مېدىتسىنا دەرسلىكلىرى، «يېزا دوختۇرلار قوللانمىسى» قاتارلىق 12 كىتابنىڭ قىسمەن تەرجىمىسىنى ۋە تەھرىرلىكىنى ئىشلىدى. ئۇ ھەر قايسى گېزىت- ژۇرناللاردا 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

ئىنايىتۇللا ھەلىمى يالغۇزلا تېببىي خادىم بولۇپ قالماستىن، ئۇ تەتقىقاتچى ۋە 40 - يىللاردا كۆپلىگەن شېئىرلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرى ئىدى.

ئىنايىتۇللا ھەلىمى 54 يىللىق خىزمەت ھاياتىدا، ئاپتونوم رايونلۇق دورىگەرلىك جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تېبابەت ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مۇئاۋىن باش كاتىپى، قەشقەر ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەنىدى.

## تېۋىپ ئابلىمىت يۈسۈپھاجى[①]

مەن ئۆتكەن يىلى 9 - ئايدا، خوتەن ۋىلايىتىگە ھەر تەرەپلىمە ئۆگىنىش ئۈچۈن بارغانىدىم. خوتەن ۋىلايىتى ۋە شەھەرنىڭ سودا- سانائەت، ئەدەبىيات - سەنئەت، تارىخ ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ئەھۋالى ھەم مەشھۇر شەخسلەر ئۈستىدە ئىزدەنگىنىمدە، كۆپلىگەن كىشىلەر ئابلىمىت يۈسۈپ بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ دېگەن سوئالنى قويۇشتى. شۇنداق قىلىپ مەن بۇ كىشىنى ئىزدىدىم. خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ قوروسىغا كىرگىنىمدە، ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئىككى تېۋىپقا

---

① بۇ ماقالىنى بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى شېرىپ خۇشتار يېزىپ، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 30 - ساندا (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى 10 - ئاي نەشرى) ئېلان قىلغانىدى، بۇ كىتابقا «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 30 - ساندىن ئەينەن ئېلىندى.

ئۇچراشتىم. ئۇلار مېنى ئۇزۇملۇك تال بارىڭى ئاستىدىن باشلاپ ئاددىيغىنا سېلىنغان بىر ئىمارەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ كىشى بىلەن سۆھبەتتە بولۇۋاتقان كىشىلەر قايتقۇچە ساقلاپ تۇردۇق.

بىز ئۆيگە قەدەم باسقاندا، ئابلىمىت داموللام ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى. مەن سۆھبەت نۆۋىتىنى ھېلىقى تېۋۋىپلارغا بەردىم ـ دە، كىتاب جازىسىنىڭ يېنىغا كەلدىم. مېنى قىزىقتۇرغىنى پارس، ئەرەب، ئوردۇ، تۈرك، خەنزۇ تىللىرىدىكى كىتابلار ئەمەس، بەلكى ئىنگلىز تىلىدىكى كىتابلار ۋە لۇغەتلەر بولدى. بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تېببىي كىتابلاردىن باشقا تارىخ، ئەدەبىيات، تىل ساھەسىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەر ئىدى.

مەن ئابلىمىت يۈسۈپ بىلەن سۆھبەتلىشىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاقىلانە پىكىر قىلىشى، كەمتەرلىكى، سۆزىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە سۆزىدىكى ھەر بىر جۈملىنىڭ ۋەزنى ـ قىممىتىگە قاراپ ئاپرىن ئوقۇدۇم ھەمدە ئۇ كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى بىلگىم كەلدى.

ئابلىمىت يۈسۈپ 1925 ـ يىلى خوتەن ناھىيىسىدە تېۋىپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، بىر تەرەپتىن، مەكتەپتە ئوقۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسىدىن تېببىي دورىلارنى ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تونۇش، دورىگەرلىك ۋە دورىلارنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدا بىلىم ئالدۇ. كېيىن ئۇ خوتەن قەشقەردىكى مەدرىسەلەردە ئوقۇپ، پارس، ئەرەب تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ پارس، ئەرەب تىللىرىنى ئۆگىنىشى ئۇنىڭ تېبابەتچىلىك كىتابلىرىدىن پايدىلىنىشىغا زور ياردەم بولىدۇ، ئۇ ئەمەلىي ئۆگىنىش بىلەن نەزەرىيىنى بىرلەشتۈرۈپ، 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ مۇستەقىل كېسەل كۆرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەم تېببىي كىتابلارنى ۋە تارىخ،

ئـەدەبـىيـاتـقا ئائىت كىتابلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ماڭىدۇ. تىـبـابـەتـچىلىككە ئائىت ھەر قايسى ئاتالمىلارنى بىلىش ئۈچۈن خەنزۇچە، ئىنگلىزچە دورا ئىسىملىرى لۇغىتىدىن خەنزۇچە يېزىقنى ئۆگىنىدۇ.

1955 ـ يىلىدىن كېيىن ئابلىمىت يۇسۇپ خوتەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئـۇ مـۇشۇ جەرياندا يىگىرمە نەپەر ياشقا ئەرەب، پارس تىلى ۋە تېبابەتچىلىك ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ، تايانچ تېۋىپلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. ئۇ شاگىرت يېتىشتۈرۈش بىلەنلا قالماي يەنە ئىلمىي ئەمگەك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

ئابلىمىت يۇسۇپ ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە، ئىنگلىزچە، خـەنـزۇچـە «تېببىي ئاتالغۇلار لۇغىتى» نى تۈزەپ چىقىدۇ. بۇ لۇغەتنىڭ بىر قىسمى 1957 ـ يىلى «ساقلىق ساقلاش» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

تىنىم تاپماي ئۆگىنىپ، بالداقمۇ بالداق ئۆرلەۋاتقان ئۇيغۇر تـېبابىتى ئىلمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۆھپە قوشۇۋاتقان بۇ تالانت ئىگىسى 1958 ـ يىلى «سول» لۇشيەنىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىدۇ.

بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئىلمىگە قىزغىن مۇھەببەت باغلىغان ئابلىمىت يۇسۇپ ئەڭ قىيىن شـارائـىـتـتـىـمـۇ تـېـببىي ئىلمىگە بولغان مۇھەببىتىنى قىلچە سۇسلاشتۇرمايدۇ، بەلكى بىر تەرەپتىن جاپالىق ئەمگەك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەنزۇچە ئۆگىنىش بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى تېببىي كـىـتابلاردىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. ئۇ يەنە ئـۇزۇن يىـلـلـىـق مـول تـەجـرىـبـىـلىرىگە ئاساسەن «ئۇيغۇر

تېبابەتچىلىكىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان مۇرەككەپ دورا رېتسېپى» ۋە «يۇنان تېبابەتچىلىكىدىن كىرگەن دورا رېتسېپى» نى توپلاپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك ئىلمى توغرىسىدىكى قوللانمىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئىلمىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى بىر قەدەر مۇكەممەل بايان قىلىنغان بۇ قوللانما 1978 - يىلى سەھىيە نازارىتى تەرىپىدىن باشقا ماقالىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ نەشر قىلىنىپ، كەڭ تېببىي خادىملارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلىدۇ.

1979 — يىلى ئابلىمىت يۇسۇپ خوتەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك شىپاخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە شۇ يىلى تەكلىپ بىلەن ئۇرۇمچىگە كېلىپ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلىشقا قاتنىشىدۇ. ئابلىمىت يۇسۇپ 1981 - يىلىدىن كېيىن ۋەتەن تېبابەتچىلىكى «تېببىي قامۇسى» نىڭ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تومىنى ۋە دەرسلىك ماتېرىياللارنى تۈزەش خىزمىتىگە قاتنىشىدۇ. 1980 - يىلىدىن باشلاپ خوتەن ۋىلايەتلىك تېببىي تېخنىكوم مىللىي تېبابەتچىلىك سىنىپىغا دەرس ئۆتۈپ، ئۈچ قاراردا 120 نەپەر ئوقۇغۇچى بەربىيىلەپ چىقىدۇ.

ئابلىمىت يۇسۇپ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش بىلەن بىرگە، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق يۈرەك قان تومۇرلىرى قېتىشىش، قان سىيىش ۋە نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ئىجادىي رېتسېپلارنى تۈزۈپ چىقىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق جاپالىق ئەمگىكى بىلەن 1983 - يىلى مۇدىر ۋىراچ ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ.

ئابلىمىت يۇسۇپ ئىلمىي، تېببىي خادىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ چوڭ ئابرۇيغا ئىگە جامائەت ئەرباپلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ۋە مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللىي تىبابەت پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتىدۇ.

## ئىسھاقجان مەھمۇدى

ئىسھاقجان مەھمۇدى 1922 - يىلى 5 - ئايدا يەركەن ناھىيىسىدە تۇغۇلۇپ، 1938 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننى، 1943 - يىلى ئۈرۈمچى دورىگەرلىك مەكتىپىنى، 1955- يىلى تىيەنجىن تېرە تاناسىل سىنىپىنى پۈتتۈردى. 1946 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تاشقورغان مىللىي ئارمىيە قىسمىدا مايور (شاۋشاۋ) دەرىجە بىلەن ھەربىي دوختۇر ۋە باش شتاب داۋالاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1947 - يىلى گومىنداڭ تەرىپىدىن قاملىپ، 1949 - يىلى قويۇپ بېرىلدى. 1950 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولدى ۋە شۇ يىلدىن باشلاپ يەركەن ۋالىي مەھكىمە سەھىيە بۆلۈم باشلىقى، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا باشلىقى، 1954 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە سەھىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، مۇئاۋىن نازىر، نازىر، نازارەت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قوشۇمچە يەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق

تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەم ئىشخانا مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق 3 -، 5 -، 7 - قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى كەسپى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، جۇڭخۇا تىببىي جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، پەخرىي مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر تېبابەت جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، جۇڭگو تېبابەت قامۇسىنىڭ تەھرىرى، ئۇيغۇر تىبابەت جەمئىيىتىنىڭ مۇھەررىرلەر باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. ئۇ ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە بولۇپ، سەھىيە تېخنىكا باشقۇرۇش مۇدىر ۋىراچ ئۇنۋانىنى ئالدۇ.

## ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى

1922 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇپ، 1940 - يىلى قەشقەردە ئېچىلغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىببى مەكتەپنى ياخشى نەتىجە بىلەن پۈتتۈرىدۇ ۋە شۇ چاغدىكى كېرەمباغ دوختۇرخانىسىدا خىزمەتكە كىرىدۇ. خىزمەت جەريانىدا ئۆزىنىڭ دوختۇرلۇق كەسپىگە بولغان قىزىقىشى بىلەن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، تاشقى كېسەللىكلەر، ئاياللار كېسەللىكى، كۆز كېسەللىكى بويىچە داۋالاش تېخنىكىسىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە ئاشقازان، چىقۇق، گېمورروي، سوقۇر ئۇچەي، سۈيدۈك خالتىسىدىن تاش ئېلىش قاتارلىق ئوپېراتسىيەلەرگە قاتنىشىپ، ئەشۇ خىل كېسەللىكلەرنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى پىششىق

ئۆگىنىدۇ. سوۋېتلىك مۇتەخەسسىسلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ قەشقەردىكى ئاساسلىق دوختۇر بولۇپ قالىدۇ. ئۇ داۋالاش ئۈسكىنىسى يېتەرسىز، شارائىت ناچار بولغان ئەھۋال ئاستىدا كۆپلىگەن بىمارلارنى خەتەرسىز ئوپېراتسىيە قىلىپ، شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلاردىن چىققان تۇنجى ئەۋلاد خىرورگ بولۇپ يېتىشىپ، تېزلا تونۇلىدۇ.

ئۇ يىللاردا دوختۇرلار مەخسۇس كەسىپتە ئوقۇش، بىرلا كەسىپتە ئىشلەش شارائىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، دوختۇرلۇق كەسپىگە ئىشتىياق باغلىغان ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى دوختۇرلۇق ساھەسىدىكى ھەر قايسى كەسپى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، بىر قانچە كەسپى بۆلۈمدە كېسەل كۆرۈپ، بىر قانچە خىل ئوپېراتسىيەلەرنى قىلىدۇ. 50 يىلدىن بۇيان نەچچە ئون مىڭ بىمارلارنى خەتەرسىز داۋالاپ، خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

ئابدۇرېشىت قارىي ھاجى 1940 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆزلۈكىدىن رۇسچە ئۆگىنىپ ۋە رۇسچە تېببى كىتابلاردىن پايدىلىنىپ، داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرىدۇ. 1970 ـ يىلدىن باشلاپ خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىپ، كەسپى كىتاب، ژۇرناللاردىن پايدىلىنالايدىغان سەۋىيەگە يېتىدۇ. 50 ـ يىللاردا سېسترالار يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن 400 بەتلىك دەرسلىك تۈزەيدۇ. «قىزىل كېسەللىكىنى داۋالاش» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىدۇ. ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن قەشقەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا كەلگەن كەسپى خادىملارنى تەربىيىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، كۆپلىگەن شاگىرت يېتىشتۈرىدۇ. 1980 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى بولىدۇ، كاندىدات باش دوختۇر ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى 1988 ـ يىلى

مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولىدۇ. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ ئۆز ئۆيىدە 20 نەچچە كارىۋاتلىق شىپاخانا قۇرۇپ، داۋالاش كەسپىنى توختاتمىدى.

## مۆھىددىن مەخدۇم ھاجى

مۆھىددىن مەخدۇم ھاجى تاشكەنتلىك، ئۆزبېك. كەسپى تېۋىپ بولۇپ، يىگىتلىك ۋاقىتلىرىدا تۈركىيە، گىرىتسىيە، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان تەرەپلەردە زىيارەت ۋە ساياھەتتە بولۇپ، كېيىن ھىندىستاننىڭ بومباي، دېھلى شەھەرلىرىدە يەتتە يىل ئىستىقامەت قىلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىدۇ. ئۇ ئەرەب، پارس ۋە ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق بىلگەندىن سىرت، رۇس، ئىنگلىز تىللىرى جەھەتتىمۇ خېلى مەلۇماتقا ئىگە بولىدۇ. موھىددىن مەخدۇم ھاجى شەرىق كلاسسىك ئەدەبىياتىنى قىزىقىپ ئۆگىنىدۇ. مۆھىددىن 1930 ـ يىللاردا ئائىلىسىنى ئېلىپ قەشقەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي 1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان» ھۆكۈمىتىدە مەسئۇل دوختۇر ـ تېۋىپ بولىدۇ (كېيىنكى ئەھۋالى نامەلۇم).

## نامان ئەپەندى

نامان ئەپەندى ئاتۇش كۆكئېرىق كەنتىدە ھاللىق سودىگەر ئائىلىسىدە، 1890 ـ يىلى دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى ئىمىن ھاجى 1895 ـ يىلى تىجارەت بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ، كېيىن قاراقول شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ. نامان ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن قاراقولدا رۇسچە،

ئۇيغۇرچە دەرس ئوقۇتۇلىدىغان ئىپتىدائىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇش يىللىرىدا رۇس، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

نامان ئەپەندى 1917 - يىلى ئائىلىسى بىلەن ئىلىغا كۆچۈپ كېلىپ، 1918 — يىلى ئىلىدا ئېلىپ بېرىلىغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش چوڭ نامايىشىغا قاتنىشىدۇ. 1924 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىقىپ تاشكەنت تېببىي ئىنستىتۇتى ۋە شەرق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇيدۇ. ئۇ يىللاردا روسىيىدىكى ئىلغار تەشكىلاتلارغا قاتنىشىدۇ. كېيىن مەخپىي هالدا كۆپ قېتىم ئىلى، چۆچەك، ئۈچتۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا كېلىپ خىزمەت ئىشلەيدۇ.

نامان ئەپەندى 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا تاشقى موڭغۇلىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا قايتقان شەرق ئىنستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە قۇمۇلغا كېلىپ، بىر مەزگىل ئىشلەپ، قۇمۇل دېهقانلار قوزغىلىڭى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىپ (1933 - يىلى 4 - ئايدا)، تۆمۈر سىجاڭ قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ، يېڭى هاكىمىيەت قۇرغاندا قەشقەرگە كېلىپ، مائارىپچى سۈپىتىدە كۆزگە كۆرۈنىدۇ. شېڭ شىسەي هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا قەشقەردە بۇرۇن قۇرۇلغان «هىلالى ئەهمەر» دوختۇرخانىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋىلايەتلىك سەهىيە ئىدارىسىنى تەسىس قىلىدۇ ۋە نامان ئەپەندى سەهىيە ئىدارىسىگە مۇدىر بولىدۇ. بۇ چاغدا نامان ئەپەندى قەشقەردىكى سوۋېت كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى قارار دوختۇرلۇق - دورىگەرلىك كۇرسى ئېچىپ، رۇسچە ئۆتۈلگەن دەرسلەرگە ئۆزى تەرجىمان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر تېببىي خادىملارنى يېتىشتۈرىدۇ. ئاشۇ يىللاردا قەشقەردە

يۈز بەرگەن ۋابا كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا تېۋىپ يۇسۇپ ھاجىم بىلەن بىللە ئىشلەپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەرنىڭ مەدەنىي - مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك كۈچ قوشىدۇ. ئۇ «ناسىر ھاجىم» «ھېكىم هازىق نۇرۇللا» قاتارلىق خۇراپىيلىق - قاششاقلىق سۆكۈلگەن بىر قانچە دراما ۋە ئېپىزوتلارنى يازىدۇ. 1937 — يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ.

# ئونىنچى باب

## خۇسەيىن چانىشوف

خۇسەيىن چانىشوف تاتار. ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسى روسىيىنىڭ دوساي دېگەن بىر يېزىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى نىمۇتۇللا چانىشوفنىڭ خەسەن، خۇسەيىن، شېرىپ چانىشوفتىن ئىبارەت ئۈچ ئوغلى بولۇپ، نىمۇتۇللا چانىشوف ئوغۇللىرى كىچىك ۋاقتىدا ۋاپات بولىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نىمۇتۇللا ئاز يەرگە ئىگە كىشى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق قىلىپ، سېرىقتال ئۆتەتتىكەن. نىمۇتىللا چانىشوف ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ئاكىسى رامىزان چانىشوفنىڭ تەربىيىسىدە قالىدۇ.

خۇسەن چانىشوفنىڭ ئوغلى سەلىم گەرى چانىشوفنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، رامىزان چانىشوف ئىشلەمچىلىك بىلەن تۇرمۇش قامدايدىغان كىشى بولۇپ، 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روسىيىلىك ۋاگانىك ئىسىملىك بىر رۇس باي سودىگەرگە ياللىنىپ، شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە كېلىپ، بىر مەزگىل ئىشلەپ ئۇنىڭغا كۆپ پايدا يەتكۈزىدۇ. رامىزان چانىشوفنىڭ يەتكۈزگەن پايدا مەنپەئەتىدىن رازى بولغان رۇس ئۇنىڭغا خېلى نۇرغۇن پۇل بېرىپ، «مۇشۇ پۇل بىلەن شىنجاڭغا بېرىپ سودا قىل» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن رامىزان چانىشوف 1861 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ سودىگەرچىلىك قىلىدۇ، كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، چاي سودىسى ۋە باشقا مال سودىلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. كېيىن ئۇ روسىيىگە قايتىپ بېرىپ، ئائىلىسىنى كۆچۈرۈپ چۆچەككە كېلىپ

بىر مەزگىل تىجارەت قىلىدۇ. كېيىن 1903 ـ يىلى خۇسەيىن چانىشوفنى ئېلىپ نەنمىننىڭ سرتى نەنگوەن دەپ ئاتىلاتتى. ھازىرقى ئىتتىپاق يولىدىكى يېڭى گۈللۈك ئورنىدىن ئۇچتاشغىچە، ھەتتا ئولانبايغىچە چارروسىيە سودىگەرلىرىنىڭ سودا قىلىشىغا بېرىلگەن زېمىن ئىدى) بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ پاختا، قوي، تۆگە يۇڭى، بۇغا ـ بۆكەن مۈڭگۈزى، يولۋاس، ئېيىق، تۈلكە، سۇلەيسۈن تېرىسى، يەرلىك قول ھۈنەر مەھسۇلاتىدىن ماتا ـ چەكمەن، گىلەم، كىگىز، ئالتۇن زىبۇ زىننەت بويۇملىرى قاتارلىق ماللىرىنى دەسلەپ روسىيىگە چىقىرىپ، ئۇ يەردىن ھەر خىل سانائەت ماللىرى، مۇت ـ دۇراپ، سوكنا، چىپەرقۇت، شولكا، يىپەك رەختلەر، تۆمۈر، چويۈن، قازان، كىرسىن، لامپا، گازۋاي لامپا قاتارلىق ماللارنى ئېلىپ كېلىپ سېتىپ كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. بىر قانچە يىللىق سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىرىمى ياخشى بولۇپ، نەنلىياڭدىكى ھازىرقى مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورنىنى شەخسلەردىن سېتىۋېلىپ، بۇ يەرگە ئاشخانا ئىسكىلات، توپ ـ پارچە سېتىش ئورنى، بوغالتىر، كاسسى، سېتىۋالغۇچى خادىملار ئىشخانىسى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى، ياتاق، ئات ئېغىلى، ھارۋا قويۇش ئۆيى ۋە ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان ئۆي بولۇپ، چوڭ ـ كىچىك 64 ئېغىز ئەتراپىدا جاي سالىدۇ.

بۇ يىللاردا چانىشوفنىڭ مويكىسىدا ياز كۈنلىرى 200 ئەتراپىدا، قىشتا 70 ـ 80 دەك ئادەم ئىشلەيدۇ. ھازىرقى ئۆپكە كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنىدىن ياشلار باغچىسىغا قەدەر زىياھاجىنىڭ مويكىسى ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا چارروسىيىلىك باشقا سودىگەرلەرمۇ بۇ مويكىدىن پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي ياڭ مۇخۇ (چەت ئەل مويكىسى) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتتا رامزان چانىشوف قېرىلىق سەۋەبى بىلەن تىجارەتنى ئىنىسى نىمۇتۇللانىڭ ئىككى ئوغلىغا ـ خەسەن چانىشوف

بىلەن خۇسەن چانىشوفقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. خەسەن چانىشوف چۆچەكتە، خۇسەن چانىشوف ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ تىجارەت قىلىدۇ. خۇسەن چانىشوف ئۈرۈمچىگە كەلگەندە 20 ياش بولۇپ، رامىزان چانىشوفنىڭ يېنىدا تەربىيىلەنگەنلىكى ئۈچۈن سودىنى پۇختا ئۆگەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شىنجاڭدىن ئىبارەت يېرى كەڭ، بايلىقى مول، سانائەت خام ئەشياسى بېسىلىپ ياتقان بۇ ماكاندا، تىجارەت بىلەن باي بولۇش يولىنىڭ راۋانلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ. خۇسەن چانىشوف دادىسىدىن كىچىك يېتىم قىلىپ، ئۇزۇن يىل يوقسۇللۇق دەردىنى تارتقان كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشتا تولىمۇ تىجەشلىك، ئىقتىسادچان كىشى بولىدۇ. بىر سىنىت، بىر تال سەرەڭگىنى ئىسراپ قىلمايدىغان خۇسەيىن چانىشوف سودىدا ئادىل، تۇرمۇشتا تىجەشلىك بولغاچقا سودىسى كۈندىن - كۈنگە روناق تاپىدۇ ۋە سودا دائىرىسى ئۈرۈمچى، چۆچەكتىن ھالقىپ، زايسان — سىرلاۋسىكى، پېتىربۇرگ، موسكۋالاردىمۇ سودا ۋاكالەتچىلەر تۇرغۇزىدۇ. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتتا، يەنى 1913 - يىلى چۆچەكتە چوڭ سودا كانتورى (ئىشخانا) سالىدۇ. بۇ جاينىڭ نامى قىزىل ئۆي دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئورنى ناھايىتىمۇ چوڭ ئىدى (ئۇ جاي ھازىرقى چۆچەك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئورنى، 1930 - يىللاردا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتا ۋالىي مەھكىمىسى قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۇ ئىزچىل ھالدا ۋالىي مەھكىمە بولۇپ كەلمەكتە).

خۇسەن چانىشوف بىلەن ئۇزاق يىل بىرگە ئۆتكەن ۋە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 — يىللىرىدا قۇرۇلغان «يويشىن» شىركىتىدە ئىشلىگەن قادىر ئاخۇن ئاكىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، خۇسەيىن چانىشوف شۇ دەۋرلەردە يىلىغا تىجارەتتە 35 مىليون رۇبلىلىك مال ئوبوروت قىلالىتتىكەن. قادىر ئاخۇن ئاكا بۇ ئەھۋالنى خۇسەن چانىشوفنىڭ ئەسلىدىكى شېرىكى، كېيىن مەسلىھەتچىسى بولغان

ناسىر بورناشوف قاتارلىق تاتار بوغالتىرلاردىن سوراپ بىلگەنىكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا يېزىلغان بىر كىتابتا شىنجاڭدىكى باي سودىگەرلەر توغرىسىدا توختالغاندا، كۆپلىگەن ئۇيغۇر سودىگەرلەر ئۈستىدە توختىلىش بىلەن بىرگە خۇسەيىن چانىشوفنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ سودا كاپىتالى نەچچە ئون مىليون رۇبلى ئالتۇن پۇلغا يەتكەن، ئۇ روسىيىدىكى ئاتاقلىق بانكىرلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان، روسىيە - ياۋروپا ئەللىرىدىكى كۆپلىگەن بانكىلاردا پۇل ئامانەت قويغان، دەپ يازىدۇ.

خۇسەيىن چانىشوف كېيىنكى ۋاقىتتا، بولۇپمۇ شېڭ شىسەي ۋاقتىدا سىياسىي قايىنامغا كىرىپ قالىدۇ. ۋەكىل نامى بىلەن هۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. ئاخىر قولغا ئېلىنىپ، پۈتۈن مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. 1940 - يىللاردا تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## ياسىن ئارىز هاجى

ياسىن (سەتەڭ) ئارىز هاجى 1885 - يىللاردا ئاتۇش ناهىيە مەشەت يېزىسىدا قول هۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ ئانىسى جاهانبۇۋى ئاچقان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقىرىدۇ. 1897 - يىللىرىغىچە قەشقەردە ئۇششاق تىجارەت قىلىدۇ. 1910 - يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا چىقىپ، ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە ئىشلەمچىلىك قىلىدۇ. كېيىن توقماق (هازىرقى ئىسسىق كۆل ۋىلايىتى) گە بېرىپ، شۇ يەرگە يەرلەشكەن ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ باي سودىگەرلەرنىڭ دەللاللىق (ئۇلارنىڭ ماللىرىغا خېرىدار تېپىپ، ئېلىپ - سېتىش قاتارلىق) ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئىككى نەرەپتىن ئالغان شېرىنكا ۋە پايدا پىرسەنتى بىلەن پۇللۇق بولۇپ، بىۋاسىتە ئۇچتۇرپان، باي

قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، ئۇ يەردىن يەرلىك سانائەت ماللىرىنى ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاپىرىپ، ئۇ يەردىن سانائەت ماللىرىنى ئېلىپ، باي، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلارغا ئەكلىپ سېتىپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. ياسىن ئارىز ھاجى سودىدا روناق تېپىۋاتقان كۈنلەردە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلايدۇ، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر قانچە تۇرۇپ قالىدۇ ۋە ئۇ يەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرىدۇ. شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يېڭىلىقلارنى تەشۋىق قىلىدۇ. 1920 - 1930 - يىللار ئارىلىقىدا ئۇ قىلىپ، كىشىلەرگە تىجارەتتە تونۇلىدۇ. (شۇ چاغلاردا قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن كىشىلەر بۇ كىشىگە «سەتەك» دەپ لەقەم قويىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ياسىن سەتەك دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ) ھەم غۇلجىدا قۇرۇلغان «نىجات شىركىتى» گە ئەزا بولىدۇ. ئۆزى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تىجارەتنى داۋاملاشتۇرىدۇ. 1933- يىلىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان خۇسۇسىي سودا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چەكلىنىشكە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان تىجارىتىنى توختىتىپ، جەنۇبنىڭ خام ماللىرى بىلەن يەرلىك قول ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنى غۇلجا، ئالتاي، چۆچەككە ئېلىپ چىقىپ، ئۇياقتىن سوۋېتتىن ئېلىپ كىرگەن ماللارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەكىلىپ ساتىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئاقسۇدا خوجىنىياز ھاجى قوشۇنلىرىغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ ۋە خوجىنىياز ھاجىم بىلەن بىر قانچە قېتىم ھەمسۆھبەت بولىدۇ. 1934 - يىللاردا خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇدىكى نىياز دوتەي (نىياز شېرىپى) گە ياسىن ئارىز ھاجىنى مۇئاۋىن قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

خوجىنىياز ھاجى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ياسىن ئارىز ھاجى قەشقەرگە قايتىپ بېرىپ، قەشقەردە قۇرۇلغان ئىتتىپاق شىركىتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى بولىدۇ. بۇ شىركەت ئاساسەن

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن شىركەت ئىدى. بۇ شىركەت ئىلگىرى ئات، تۆگە، ئېشەك قاتارلىق ئۇلاقلار بىلەن مال يۆتكەيتتى. كېيىنكى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ شىركەتكە 40 دانە (1 يېرىم توننىلىق زىس) ماشىنا سېتىپ بېرىدۇ. شىركەت ئاشۇ 40 ماشىنا بىلەن ئۆزىنىڭ خام ماللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇياقتىن سانائەت ماللىرىنى توشۇپ ئەكىلىپ سودا قىلىدۇ ۋە كۆپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتتا ياسىن ئارىز شۇ شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولىدۇ. 1943 ـ كەلگەندە يىلىغا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شىركەتنىڭ بىر بۆلۈم شوپۇرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېڭ شىسەي شىركەت ئەزالىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن قولغا ئېلىپ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا بۇ شىركەتتە باش دىرېكتور ئىمىن ھاجى، مۇئاۋىن دىرېكتور ياسىن ئارىز ۋە خالىق ئاخۇن ئىسىملىك يەنە بىر ساقچى ئەمەلدارىنىڭ توغقىنى قېلىپ قالىدۇ ـ دە، شىركەت ۋەيران بولىدۇ. 1943 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان شىنجاڭنىڭ بارلىق چېگرالىرى ئېتىۋېتىلىدۇ. شىنجاڭ سودىسى ئەنگلىيە، ھىندىستان بىلەن بولىدۇ. پۈتۈن قەشقەرنىڭ چەتكە چىقىرىش ئېغىزى ئاساسىي جەھەتتىن قاغىلىقتا بولىدۇ ۋە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 ـ 50 مىڭ ئاتلىق يۈك ھىندىستانغا تارتىلىدۇ. بۇ يىللاردا ياسىن ئارىز ھىندىستان بىلەن سودا قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ھىندىستاندىكى سودىسىدا كۆپ پايدىغا ئېرىشىپ، گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن ئون دانە دادۇجى ماشىنا سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچى بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدا كىراكەشلىك قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مالىيە نازارىتىنىڭ مەلۇم ئەمەلدارى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا قەشقەر شەھىرىنىڭ ھاكىملىق ئەملىنى بېرىدۇ. ئۇ بىر مەزگىل

ھاكىملىق قىلىش جەريانىدا قەشقەرنىڭ ھەربىي، ساقچى، مەمۇرلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ سوپىبەگ ھاجى، ئابدۇرېھىم كوجاڭ، ياڭىسەنمو، جۇڭسەنمو، ۋاڭ خوشەن دېگەندەك گومىنداڭنىڭ جۇنتۇڭ، مەركىزىي ئاخبارات ئورگىنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىشپىيونلىرى بىلەن نامەلۇم مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ تىجارەت دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن چوڭ سودا قىلىدۇ. ئۇ 1947 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن 40 دانە دادۇجى ماشىنا سېتىۋېلىپ، قەشقەر قۇم دەرۋازا كونا پاختا بازىرىدا گاراژ ئېچىپ، بىر بۆلۈم ماشىنىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا بىر بۆلۈم ماشىنىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە قاتنىتىپ تىجارەت قىلىدۇ. شۇ كۈنلەردە مېخانىك ماموتجان بىلەن يەنە بىر رۇس مېخانىكنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، شوپۇرلۇق كۇرسى ئاچىدۇ. بۇ كۇرسقا 30 نەپەر شوپۇر، ئون نەپەر رېمونتچى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىدۇ. يەنە قۇمۇللۇق مىجىت ھاجى دېگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ياسىن ئارىز ھاجى 1949 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا لەنجۇدىن يەنە 40 دانە ماشىنا سېتىۋالىدۇ. ئۇ ئادەم ياللاپ ماشىنىنى شىنجاڭغا ئېلىپ چىقىش ئالدىدا گومىنداڭنىڭ قاچاق قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىدۇ. ياسىن ئارىز ھاجى 1949 - يىلى 10 - ئايدا پاكىستانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياسىن ئارىز ھاجى كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرىدۇ. 1953 - يىلى 68 يېشىدا پاكىستاننىڭ پىشاۋۇر شەھىرىدە ۋاپات بولىدۇ.

## قابىل كارخانىچى مىجىت مۇسابايوف

مىجىت مۇسابايوف 1914 - يىلى قەشقەر ئۇستۇن ئاتۇش (ئۇ يىللاردا ئۇستۇن ئاتۇش قەشقەرگە، ئاستىن ئاتۇش پەيزىۋات ناھىيىسىگە قارايتتى) ئىكساق كەنتىدە ھۇسەن مۇسابايوف

ئائىلىسىدە تۇغۇلدۇ. ئىكساقتا ئېچىلغان پەننىي مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن 1928 - يىلى تۈركىيىگە بېرىپ، ئىستامبول شەھىرىدىكى كۆن - خۇرۇم تېخنىك مەكتىپىدە مەخسۇس تېرە، خۇرۇم پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى ۋە زاۋۇت باشقۇرۇش ئىلمىنى ئۆگىنىدۇ.

1935 - يىلى ئىلى تېرە زاۋۇتى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە كەڭ سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى، ۋە كەسپى خادىملارنىڭ يېتەرسىزلىكى نەتىجىسىدە ۋەيران بولۇش ھالىغا چۈشۈپ قالغاندا شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، 1935 - يىلىدىن 1943 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى تېرە زاۋۇتىدا (مۇسابايوف زاۋۇتىدا) باش مېخانىك (ماستېر) ۋە زاۋۇت باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، زاۋۇتنىڭ تېخنىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنۇمدار زاۋۇتقا ئايلاندۇرىدۇ. شىمالىي شەرقىي دەۋرىدىكى شىنجاڭنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى توغرىسىدىكى ئارخىپتا، مىجىت مۇسابايوفنىڭ زاۋۇت باشقۇرۇش ئەھۋالى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىللە، 1937- يىلى ئىلىدىكى خەنزۇ خەلقى قۇرغان خەنزۇ مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇيۇشمىسى ئۈچۈن 25 مىڭ سەر كۈمۈش ئىئانە قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى «داگوڭباۋ» گېزىتى مۇخبىرى ئۇنى زىيارەت قىلىپ، «تەرەققىيپەرۋەر ياش كارخانىچى» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىدۇ.

مىجىت مۇسابايوف 1943 - يىلى ئىلى تېرە زاۋۇتىدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، نىلقا ئولاستايدا شەخسى تېرە زاۋۇتى قۇرىدۇ. ئۇنىڭ تېرە زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ماللارنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولۇپ، چوڭ شۆھرەت قازىنىدۇ. 1947 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىلى تېرە زاۋۇتىغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ 1954 - يىلىغىچە ئىلى تېرە زاۋۇتىدا ماستېر

بولدۇ. 1954 ــ يىلى ئىلى تېرە زاۋۇتى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسلار شېرىكچىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن پايچىكلار ۋەكىلى ۋە تېرە زاۋۇتىنىڭ باش مۇدىرى بولدۇ. 1963 - يىلى 8 - ئايدا خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، 1973- يىلى تاشكەنتتە 60 يېشىدا ۋاپات بولدۇ.

## ھېيت ھاجىم

ھېيت ھاجىم ئاتۇشنىڭ ئازاق يېزا مېيى كەنتىدە، 1898 - يىلى دېھقان ئۆمەر ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلدۇ. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغادىن كېيىن قەشقەر شەھىرىدە تۇردى ھاجىم دېگەن كىشىگە شاگىرت بولۇپ، 1916 - يىلىغىچە تۇماقچىلىق كەسپىنى ئۆگىنىدۇ، كېيىن دېھقانچىلىقتىن قولى بوشىغان چاغلاردا تۇماقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ھېيت ھاجىم 1930 - يىللاردا دادىسى بىلەن ھەج تاۋاپ قىلغاندا، ئەرەبىستاندا زېۋىدە ئىسمىلىك بىر ئەرەب تۇل ئايالنىڭ ئۆمىد تېغىدىن بىر قانچە كىلومېتىر ئۆستەڭ چېپىپ، بىر قاقاس چۆللۈكنى چىمەنزارغا ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەن ۋە يۇرتى ئاتۇشنىڭ ئۆزاق تارىختىن بۇيان سۇسىزلىقتىن نامراتلىنىشىپ، كىشىلىرى باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆز يۇرتىنى تۇل ئايال زېۋىدەدەك گۈللەندۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. ھېيت ھاجى ھەج تاۋاپتىن قايتىپ كېلىپ، 1937 - يىلى دادىسى ئۆمەر ھاجىم قازا قىلىدۇ. دادىسىنىڭ نەزىر كۈنى سۇ تېپىلماي، قار - مۇزلارنى ئېرىتىپ، نەزىر تامىقى ئېتىپ، مېيى، لەنگەر، تېتى، كۆكۈلدىن ئىبارەت تۆت يۇرتنىڭ جامائىتىنى ئۆزىتىشقا توغرا كىلىدۇ. شۇ نەزىر سورۇنىدا، ھېيت ھاجىم جامائەتكە ئاتۇش خەلقىنىڭ سۇ كەمچىلىكىدىن نامراتلىقتا ئۆتۈۋاتقانلىقى، يۇرتنى تاشلاپ

كېتمۇۋاتقانلىقى، مال - چارۋىلارنىڭ سۇسىزلىقتىن قىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ، قارايار دېگەن جايدىن ئۆستەڭ چېپىپ، يېزىنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، بۇ ئىشقا يېزا چوڭلىرىنىڭ باش بولۇشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. يۇرت چوڭلىرىدىن توختى ھاجىم، نىقا ھاجىم، موللا روزى چوڭ قاتارلىقلار «ھېيت ھاجىم، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ قارايار دېگەن بالايىئاپەت يارنى ئېتەلمەي كېلىۋاتساق، ئۇنى ئاچىمىز دېگەنلىرى نېمىسى؟ بۇنداق گەپنى قويسىلا...» دەپ كېتىپ قالىدۇ. ھېيت ھاجى بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، بەيساق كەنتىدىكى ئورمانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رازىق ئاخۇننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆستەڭ چېپىپ، ئورمان بىنا قىلىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇ ئۆز ئىشىنىڭ روياپقا چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلايدۇ - دە، رازىق ئاخۇنغا تەۋە يەردىن ئۇزۇنغا 1000 ماڭدام يەر سورايدۇ ھەم چامدام يەر ئۇچۇن بىر مىتىر رەخت بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھېيت ھاجى 1000 چامدام يەرنى ئالغاندىن كېيىن بۇ يەرگە بىر قانچە كۈن ئىچىدىلا ئۆستەڭ چېپىپ، ئىككى قىرغاققا لاي يانتۇزۇپ كۆچەت تىكىدۇ.

1938 - يىلى يۇرت خەلق سۇ تىلەپ زاراخەتمە ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن، سىرىق ئاتا، سۇ كېچە باجچىم دېگەن جايغا يىغىلغاندا، سېيىت ھاجىم جامائەتنىڭ ئۆستەڭ چېپىشقا ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. بىر قىسىم ياشلار بىر قانچە كۈندىن خالىس ئەمگەك قىلىپ ئۆستەڭ چېپىشىپ بېرىدۇ. بەزىلەر بۇ ئىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ.

1939 — يىلى ئادەت بويىچە يەنە زاراخەتمە ئۆتكۈزۈلىدۇ. زاراخەتمىگە چىققان كىشىلەر ھېيت ھاجىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن چېپىلغان ئۆستەڭ بويىغا قويۇلغان جىرىملارنى كۆرۈپ قايىل بولىدۇ - دە، ئۆستەڭ چېپىشقا يۇرت كاتتىلىرى باش بولۇپ، يۇرتلارغا ئۆستەڭ چېپىش ئىشىنى بۆلۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

ئاتۇشنىڭ سىدىق ئاتا دېگەن يېرىدىن باشلانغان ئۆستەڭ (ھازىرقى دۆلەت تاشيولى 314 - لىنىيىغىچە) 22 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چېپىلىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ھەر 40 مېتىر يېرىگە مۇداپىئەلىك چىقىلدىغۇچ، ھەر يۈز مېتىر يەرگە توغ (لاۋادان) ياسىلىدۇ. ئۆستەڭنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن بەيساق كەنتى ئۇدىلىغا ئۈچ تاشلىق، تاقۇت كەنتى ئۇدىلىغا ئۈچ تاشلىق تۈگمەن، ئەتراپىغا مېۋىلىك باغ ئەھيا قىلىنىدۇ. ئۈستۈن ئاتۇش، بەشكېرەملىك دېھقانلار بۇ تۈگمەندىن ھەقسىز پايدىلىنىدۇ.

1944 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن زاراخەتمە (نورۇز) دا، ھېيت ھاجىم جامەئەتكە «قارايار سىدىق ئاتىدىن ئۆستەڭ يېرىپ، سۇ باشلىغان ئىشىمىز ئۈنۈم بەردى. يۇرتىمىزدىن ياقا - يۇرتلارغا كېتىپ سەرگەردان بولىدىغانلار تۈگىدى. ئەمدى قاشقا بويىدىكى ئاپەت ئېغىر بولىدىغان جايىنى تىزگىنلىگۈدەك ياردەم بەرسەڭلار...» دەيدۇ، يۇرت خەلقى قوشۇلىدۇ.

تۆت يېزىنىڭ كۆكبېشىلىرى سۇ ياقىلاپ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، ھېيت ھاجىم ئۆستەڭنى رېمونت قىلىشنى ئۈستىگە ئېلىپ توختاملىشىدۇ - دە، ئۆستەڭ دۆلەت تاش يولىدىن باشلىنىپ سۇ بۆلگۈچ تومۇغىچە ياسىلىپ، سۇ راۋانلىشىدۇ. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقى ئورمان بىلەن قاپلىنىدۇ. ھەرقايسى يۇرتلار ئۆز تەۋەلىرىگە ئۆستەڭ چېپىپ، تۈگمەن چۆرۈپ، ئورمان بىنا قىلىدۇ. 1937 - يىلىدىن باشلاپ، ھېيت ھاجىم باشچىلىقىدا چېپىلغان ئۆستەڭ 1950 - يىلى پۈتۈن، ئاتۇش خەلقىنىڭ نامراتلىق تارىخىغا ئاساسي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلىپ، خەلق مۇقىم ماكانلىشىدۇ.

ھېيت ھاجىنىڭ ھىممىتى بىلەن 1937 - يىلىدىن باشلاپ قەدەممۇ قەدەم ياسىلىپ، 1950 - يىلى پۈتكەن بۇ ئۆستەڭ ئازادلىقتىن كېيىن بىر قانچە قېتىم رېمونت قىلىندى. 1976 - يىلى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئون مىڭدىن ئارتۇق

ئەمگەك كۆچى ئىشقا سېلىنىپ، ئۆستەڭ ئاستىغا سۇلياۋ ياتقۇزۇلدى. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلار نازارىتى ۋە ئاتۇش شەھەرلىك سۇ ئىشلار ئىدارىسى بىلەن ئالدىن بېيىغان قۇدرەت هاجىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە بۇ ئۆستەڭ سېمونتلۇق قىلىپ ياسالدى. بۇ ئۆستەڭ هازىرمۇ هاجىم ئۆستىڭى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## ئابدۇللا ئاخۇن

ئابدۇللا ئاخۇن (ئابلا قاسساپ) مەھەممەت نىياز ئوغلى 1887-يىلى قەشقەر شەھەر ئۆستەڭبويىدىكى ياغاچچى كوچىسىدا تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە قەشقەردە باشتا خەلپەتتە، كېيىن كەنجازا «مەدرىسە» دە (هازىرقى ئۆستەڭ بويى ساقچى ئورنى كەنجازا «مەدرىسە» ئىدى) ئوقۇيدۇ. كېيىن دادىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇخارا «مەدرىسە» لىرىدە ئوقۇغانلىقى مەلۇم. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئابلا ئاخۇننىڭ تىجارىتى ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا هاللىق سودىگەرلەر قاتارىدا چاررۇسىيە، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ رۇس، پارس، ئەرەب ۋە ئوردۇ تىللىرىدا راۋان سۆزلەيدىكەن. بۇ يىللاردا قەشقەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ ئادەمنىڭ ئابرۇيى ناهايىتى ئۈستۈن بولىدۇ.

ئابدۇللا ئاخۇن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا ئالاقىسىدا بولغان چاغلاردا تاشكەنتتە قۇرۇلغان چەت ئەل مۇهاجىرلار كومىتېتى قارىمىقىدىكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا كىرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يېڭىلىقلاردىن ئىلهام ئېلىپ يېڭىلىققا ئىنتىلىدۇ ۋە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئەتراپىدىكى بىر بۆلۈم سوۋېتپەرەس كىشىلەر قاتارىدا بولىدۇ. شېڭ شىسەي هاكىمىيەت بېشىغا

چىقىقاندىن كېيىن، شۇ زامانلاردا «جەدىتچىلەر» دەپ ئاتالغان تەرەققىيپەرۋەرلەر شىنجاڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىزمەتكە قويۇلىدۇ. ئابدۇللا قاسىمۇ 1936- 1937 - يىللىرى مەكىت ناھىيىسىگە ھاكىم بولىدۇ.

ئابدۇللا ئاخۇن مەكىتكە ھاكىم بولغاندىن كېيىن مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئۈستەڭ بويىدىكى خويلى مەكتەپ (خەلق باشقۇرغان مەكتەپ) نى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا (شەنلى مەكتەپ قىلىپ) ئۆتكۈزۈپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ. ئۈستەڭ بويىدىكى مەكتەپتىن ئوقۇتقۇچى ئاجرىتىپ، چامغۇرلۇق قىزلار مەكتىپىنى سالدۇرىدۇ ۋە ئىلىم- پەن ئۆگىنىش، يېڭى مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىش تەرغىباتلىرىنى ئوبدان ئىشلەيدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاتىز مچىلىقنىمۇ تەرغىب قىلىدۇ. ئۇ بىر كۈن شېرىپ ساقال ئىسىملىك 84 ياشقا كىرگەن، ئاپئاق ساقىلى كىندىكىگە چۈشىدىغان بىر مويسىپىت ئادەمنىڭ ساقىلىنى كەستۈرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ساقاللىق كىشىلەر بازارغا چىقالمايدۇ ياكى ياقا يۇرتلارغا كېتىشكە باشلايدۇ. بۇ ئىشنىڭ تەسىرى ناھايىتى يامان بولۇپ، يۇقىرىغىمۇ يېتىدۇ. كېيىن ئۇنى ھۆكۈمەت قەشقەرگە قايتۇرۇپ كېتىپ قولغا ئالىدۇ. 1944 - يىلى تۈرمىدىن چىقىپ، 1946 — يىلى بىتىم ئىمزالانغاندا، قەشقەردىكى دارىلئاجىزىنىا باشلىق بولىدۇ. 1948 - يىلى ۋەزىپىدىن قالىدۇ. 1955- يىلى 10 - ئايدا 68 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

## ئابدۇقەييۇم مۇسابايوف

ئابدۇقەييۇم مۇسابايوف باۋۇدۇنبايىنىڭ 2 - ئوغلى ئۇ، 1917- يىلى قەشقەر ئۇستۇن ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە تۇغۇلىدۇ. 1926- يىلىغىچە ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇيدۇ. 1927- يىلىدىن 1931 - يىلىغىچە تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە مەخسۇس تىل

مەكتىپىدە ئوقۇپ، تۈرك، نېمىس، فرانسۇز تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. شۇ جەرياندا مەخسۇس ئۇستا ياللاپ، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، خۇرۇچ تەڭشەش، بوياش، سىلىقلاش ۋە تېرىلەرنى پارچىلاش (بىر پارچە تېرىنى بەش - ئالتە پارچە قىلىپ نېپىز تىلىش) قاتارلىق تېخنىكىلارنى ئۆگىنىدۇ. 1931 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، شىنجاڭدىكى مۇھاجىر نېمىسلاردىن داۋاملىق نېمىس تىلى ئۆگىنىدۇ ھەم غۇلجىدا رۇس تىلى - يېزىقىنى ئۆگىنىپ ئوتتۇرا مەلۇماتلىق بولىدۇ.

1935 — يىلىدىن 1944 - يىلىغىچە ئىلى تېرە زاۋۇتىدا زاپخوز، كاسسىر، سودا بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1944- يىلى 11 - ئايدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك باج ئىشلار ئىدارىسىدا باش كاتىپ ۋە خارجى ئىشلار بويىچە باجغا مەسئۇل بولىدۇ. 1946 - يىلدىن 1954 - يىلىغىچە ئىلى تېرە زاۋۇتىغا مۇئاۋىن باشلىق ۋە باشلىق بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1954 - يىلى سابىق لى چۈن سانائەت شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى باش ئىدارىسى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. 1955 - يىلدىن 1957 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، 1957- يىلى ئاخىرىغىچە ئىلى تېرە زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىش، پىلان، سودا بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

1958 - يىلى ئوڭچىل دەپ خاتا ئەيىبلىنىپ، 1962 - يىلى 7 - ئايغىچە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدۇ. تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن 1966 - يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدە مەدىكارچىلىق قىلىپ جان باقىدۇ. 1966 - يىلى ئاساس قاتلام ئورۇنلار ئۇنى تۆۋەنگە چۈشۈرىدۇ. 1978 - يىلى يېزىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، سىياسىتى ئەمەلىيلىشىدۇ ۋە 1980 - يىلى 4 - ئايدا تېرە زاۋۇتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. 1978 - يىلدىن 1980 - يىلىغىچە ئىلى ئوبلاستلىق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش ئەزاسى،

سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمە ئەزاسى بولىدۇ. 1980 - يىلى ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كېلىدۇ ۋە 1983 - يىلىدىن 1988 - يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولىدۇ.

ئابدۇقەييۇم مۇسابايوف كەسپى تېخنىك خادىم بولۇپ قالماستىن، بىر قانچە مىللەت تىلىنى بىلىدىغان زىيالىي. ئۇ كېيىنكى بىر مەزگىل مۇناسىۋەتلىك ئىدارە، جەمئىيەتنىڭ رۇسچە، نېمىسچە ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىشتىن تاشقىرى «گور ئوغلى» دېگەن تۈركچە ئەدەبىي كىتابنى تەرجىمە قىلىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى نەشر قىلدۇرىدۇ.

ئابدۇقەييۇم مۇسابايوف 1988 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئۈرۈمچىدە 71 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ.

## ئوشۇر شەنجاڭ

ئوشۇر ئاخۇن 1880 - يىلى قەشقەر بەشكېرەم يېزا سۇزاق كەنتىدە ھاللىق دېھقان، قوشۇمچە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مولla ئاخۇن ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئىپتىدائىي دىنىي بىلىم ئالغاندىن كېيىن دادىسىغا ئەگىشىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا چىقىپ سودا قىلىدۇ. 1902 - يىلىدىن باشلاپ ئۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ مۇستەقىل سودا قىلىشقا باشلايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى ئۆلكە، ۋىلايەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار كۆپرەك جايلاشقان تاشكەنت، ئەنجان قاتارلىق جايلاردا سودا بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ ۋە يېڭىلىققا ئىنتىلىدۇ. 1919 - يىلى تاشكەنتتە تەسىس قىلىنغان چەت ئەل مۇھاجىرلار كومىتېتىغا ئەزا بولۇپ،

ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى «ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى» دا تەربىيىلىنىدۇ. 1925 ــ يىلى ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ساۋاقداشلىرىدىن توختى ھەلىموف، ئۆمەر قارىي، بەكرى ئاخۇن قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بىر تەرەپتىن سودا بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن جامائەت ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك يېڭى مەدەنىيىتىنى تەرغىب قىلىدۇ.

1930 - يىلىغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسى ئوشۇر ئاخۇنغا سوۋېت ئىتتىپاقى سوۋسىن تۇرك سودا باشقارمىسى بىلەن توختاملىق سودا قىلىشنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بىۋاستە سوۋسىن تۇرك بىلەن سودا قىلىدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى سودىدا يېڭى تەدبىر قوللىنىپ، مال سېتىش تىجارىتىگە قاسساپلىق كەسپىنى قوشۇپ، ئىشسىز قالغان كۆپلىگەن پوكانچىلارنى (مال سويغۇچى قاسساپلار) نى ئويۇشتۇرۇپ، كۈنىگە 250 - 300 دىن قوي، كەم دېگەندە 10 كالا سويۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي مەمۇرلارنى تەمىنلەشتىن باشقا، ھەر مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئىشكى ئالدىغا ھارۋا بىلەن گۆش ئاپىرىپ، نەق - نىسى سېتىشنى يولغا قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن ئىشسىز قاسساپلار ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. ئوشۇر ئاخۇن شۇ ۋاقىتتىكى سودىسىنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى ۋاقىتتا سويۇلغان مالدىن تېرە بىلەن ئۈچەيلا پايدىغا قالاتتى. كۈنىگە 300 قوي سويۇلغان ۋاقىتتا 300 تېرە، 300 ئۈچەي دېگەن گەپ. شۇ ۋاقىتتا ھەر بىر تېرە، ئۈچەيگە بېرىلىدىغان سانائەت مېلى كەم دېگەندىمۇ ئىككى قوينىڭ پۇلىغا سېتىلاتتى. مۇشۇنداق تىجارەت بىر نەچچە يىلغىچە داۋام قىلدى. شۇ كۈنلەردە ئۈرۈمچىدىن بەش ئورۇندا ئۆي - جاي ۋە بەزى ناھىيىلەردىن يەر - زېمىن سېتىۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدۇم. 1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ نەزەربەند قىلىنىپ، تۈرمىنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1945 - يىلىغىچە تۈرمىدە بولدۇم. بۇ

كۈنلەردە تۇرمىدىكى ۋەزىيەم ئات ـ ئۇلاقىا بىدە ـ سامان توشۇشتىن باشقا، كېچىلىرى ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۇرۇلگەن ھەم كېسەل بىلەن ئۆلگەن مەھبۇسلارنىڭ جەسىتىنى ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا بەلگىلەنگەن شىمىگو، لىيۇداۋان، باداۋان، سەيۋوپۇ قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ چىقىپ جىمىقتۇرۇش ئىدى. ئامالىم قانچە، دېمەك، تۇن بويى جەسەت بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆمرۇم ئۆتتى».

ئوشۇر ئاخۇن 1945 يىلى تۇرمىدىن بوشانغاندا، قولغا ئېلىنغاندا مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلۈكىنىڭ بىر قىسمى قايتۇرۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تاۋار مال سودىسىدىن باشقا يەنىلا قاسساپلىق تىجارىتىنى قىلىپ داڭ چىقىرىدۇ. بۇ يىللاردا ئۈرۈمچىنىڭ نوپۇسى بۇرۇنقىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن بولغاچقا قاسساپلىق تىجارىتى ئېخىمۇ روناق تاپىدۇ. ئاشخانىلار كۆپىيىدۇ. ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى كۆپىيىدۇ، نەتىجىدە كۈنىگە 400 ـ 500 قوي سويۇپ تۇرىدۇ. ئاۋۋالقىدەكلا تېرە، ئۈچەيلىرىنى يىغىپ ساقلايدۇ. بۇ يىللاردا شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى توختىغان بولۇپ، ئاساسىي سودا ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولاتتى. ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ سودىگەرلىرى ماشىنىلاپ مال ئېلىپ كېلىپ، نەچچە ماشىنىلاپ مال ئېلىپ كېتەتتى. ھوشۇر ئاخۇننىڭ يىلىغا سويغان قويىدىن ئېشىنغان تېرە ـ ئۈچەيلىرى ئىچكىرى ئۆلكە سودىگەرلىرىگە سېتىلغاندىن باشقا، تيەنجىن ئارقىلىق چەت ئەلگە ئېكسپورت قىلىناتتى.

ئوشۇر ئاخۇن ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابا رايونىدىن 5000 خو يەر ئېلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىپ، ئۈرۈمچىدە تۇنجى بولۇپ قوغۇن تېرىشنى يولغا قويىدۇ (ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۈرۈمچىدە قوغۇن تېرىلمايتتى، باشقا يەردىن يۆتكەپ كېلىنەتتى) ھەمدە 100 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي سېلىپ، يەرسىز، ئۆيسىز دېھقانلارنى

ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئوشۇر ئاخۇن ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىنىدۇ ۋە رەسمىيەت بويىچە گومىنداڭ پارتىيىسىگە ئەزا بولىدۇ. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، يەنە گومىنداڭ ھەربىيلىرى ۋە مابۇفاڭنىڭ شىنجاڭدىكى ماچىنشاڭ باشچىلىقىدىكى 5 - جۈن ھەربىيلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بىر مەزگىل ئۈرۈمچىدە قاسساپ لەقىمى بىلەن ئاتالغان ئوشۇر ئاخۇن ھاكىم بولغاندىن كېيىن جامائەتچىلىككە ئوشۇر شەنجاڭ نامى بىلەن تونۇلىدۇ. 1949 - يىلى 7 - ئايدا بىر تۈركۈم پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمچىلار بىلەن چەت ئەلگە قېچىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ ھىندىستان چېگراسىغا بارغاندا بۆيرۇق بىلەن قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ ۋە شۇ يىلى ئاخىرىدا قولغا ئېلىنىپ، 1950 - يىلى 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. 1956- يىلى مەسىلىسى قايتا تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن دۇكان ئېچىپ، كىچىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1962 - يىلى 82 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولىدۇ.

## مۇھەممەتخان پالتا

مۇھەممەتخان (گاچا) ماشىنچى 1876 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تىككۈچى پالتا ئاخۇن ئۇستا ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. بىر مەزگىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان كېيىن دادىسىغا ياردەملىشىپ تىككۈچىلىك ئىشىغا قارىشىپ، ماشىنچىلىقنى ئۆگىنىدۇ. 1916- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىش ئىزلەپ چىقىپ، تاشكەنت، موسكۋا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگىچە بېرىپ، ئۇيغۇرلار ۋە گورزىيۇن ئۇستىلارنىڭ دۇكىنىدا بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن كەسىپ ئۆگىنىدۇ. شۇ مەزگىلدە، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ

تەسىرىدە تاشكەنتتە قۇرۇلغان چەت ئەل مۇھاجىرلار كومىتېتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقىغا قاتنىشىدۇ.

مۇھەممەتخان پالتا 1922 ـ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ دۇكان ئېچىپ ماشىنىچىلىق قىلغاچ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭىلىقلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ماشىنىچىلىق دۇكىنى دەسلەپ چەت ئەل كونسۇلى خادىملىرىنىڭ كىيىم تىكتۈرۈش دۇكىنىغا ئايلىنىدۇ. بارغانسېرى ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرقتە سودا تىجارەت قىلغان، ئوقۇغان ۋە ساياھەت قىلىپ قايتقان ئۇيغۇرلارمۇ ئۇنىڭغا كىيىم تىكتۈرۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۇكىنى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى زامانىۋى كىيىم تىكىش كارخانىسى بولۇپ قالىدۇ. مۇھەممەتخان ئۇستام 300 دىن ئارتۇق شاگىرتنى بىر قوللۇق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ، ئۇ يېتىشتۈرگەن مۇھەممەت ئىمىن ھاجىم گېرمانىيىدە، ئابدۇراخمان ھاجىم جىددىدا، ناسىر ئاخۇن ئۇستام تۈركىيىدە، مۇھەممەت ھاجى تاشكەنتتە، مەخسۇت ئاخۇن، ھوشۇر ئاخۇن، ئەخمەتجان، قۇناخۇن ئۇستىلار ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئاقسۇ، كۇچچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇمەناپ ئۇستام ئىزىنى بېسىپ، قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق ئۇستىسى بولۇپ قالىدۇ، مۇھەممەت پالتىنىڭ شاگىرتلىرىدىن روزى ھاجى، ئابدۇقەييۇم ھاجى، ئابدۇرېشىت ئوسمان قاتارلىق ئۇستىلارمۇ ئۇرۇمچىدە ماشىنىچىلىق قىلىپ شۆھرەت قازىنىدۇ.

مۇھەممەتخان ئۇستامنىڭ كېيىنكى ھاياتى تىنچ ئۆتمەيدۇ. ئۇنىڭ قەشقەر رايونىدا ئېلىپ بارغان بىر قاتار ئىلغار پائالىيەتلىرى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنى ئەندىشىگە سالىدۇ. نەتىجىدە 1941 ـ يىلىدىن 1946 ـ يىلىغىچە تۈرمىگە قامىلىدۇ. 1947 ـ يىلى 11 ماددىلىق بىتىم بۇزۇلغاندا يەنە قولغا ئېلىنىپ، 1949 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىنلا بەختىنى

تېپىپ، 1950 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە قەشقەردە تەمىنات - سودا خەلق كوپېراتسىيىسىنىڭ قارىمىقىدا 300 كىشىلىك ماشىنىچىلىق كارخانىسى قۇرۇپ، كۆپلەپ شاگىرت يېتىشتۈرىدۇ. 1960 - يىلى 84 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

## مۇھەممەتخان ھاجى

مۇھەممەتخان ھاجى 1907 - يىلى قەشقەر يۇپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يەكشەنبە بازار يېزىسىدا بوياقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تاجى ھاجىم ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە، دىنىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ.

1917 - يىلدىن باشلاپ دادىسىدىن بوياقچىلىق، گۈل بېسىش كەسپىنى ئۆگىنىدۇ. 1925 - يىلى دۇكان ئايرىپ مۇستەقىل كەسىپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقىلارنىڭ گۈل بېسىشتىكى ئارتۇقچىلىقى - بوياقچىلىقىنىڭ گۈل بېسىشتىكى خىلمۇ خىل تۈرلىرى، رەڭ تەڭشەش قاتارلىق تېخنىكىلىق ئىشلارنى ئۆگىنىپ، يېڭىلىق يارىتىدۇ. ئۇ شۇ كۈنلەردە ئۇ بىر قانچە ئون نىمكار (كەسپىي ئىشچىلار) ئىشلىتىپ ھەرخىل بويالغان ۋە گۈل بېسىلغان، سەگەز، شاتىۋا، ھەمزەك قاتارلىق ماللاردىن ھەر ھەپتىدە نەچچە ئون مىڭنى بازارغا سالىدۇ، ئۇنىڭ تىجارەت ۋە كەسىپ دائىرىسى كېڭىيىپ، قەشقەردىكى داڭلىق كاسىپلاردىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بوياقچىلىق كەسپىگە ئىلىپ - سېتىش ۋە ماتاچىلىق كەسپىنى قوشۇپ، چوڭ سودىگەرلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

1936 - يىلى قەشقەردە خۇسۇسىي سودىگەرلەر قۇرغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىدىغان تىنچلىق شىركىتىگە پايچىك بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، سودىدىكى تەدبىرچانلىقى بىلەن شىركەتنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولىدۇ ۋە بۇ مەزگىلدە سېتىش، سېتىۋېلىش ياكى چەتكە چىقىرىش، كىرگۈزۈش

ئىشلىرىدا شىركەتنى كۆپ پايدىغا ئېرىشتۈرۈپ، شىركەتنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ شىركىتى قەشقەردىكى داڭلىق 13 شىركەتنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇ يىللاردا ئۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىگە پائال ئاۋاز قوشۇپ، ئالدىنقى سەپكە 25 مىڭ سەر پۇل ئىئانە قىلدى. ئاقىدىنلا ئۆز يۇرتىغا سېلىنغان پەننىي مەكتەپنىڭ ئاساسىي چىقىمىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە ھەر يىلى «12 - ئاپرېل» بايرىمىدا پۈتۈن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا سانائەت رەختىدىن مەكتەپ فورمىسى تىككۈزۈپ كىيدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ماشىنىسى بىلەن قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، بايرامغا قاتناشتۇرىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە ياتاق چىقىمىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇنداق ئىش ئۇزۇن يىل داۋام قىلىدۇ.

1943 - يىلى تىنچلىق شىركىتى تارقىتىۋېتىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، سودا قىلىدۇ. شۇ جەرياندا ھەج تاۋاپ قىلىپ كېلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى ھاكىمىيەتنى ھىمايە قىلىدۇ. جۈملىدىن 1951 - يىلى خەلق ۋەكىلى بولۇپ، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدۇ. 1951 - يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدە مۇھەممەتخان 1 مىليون 400 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ياردەم قىلىدۇ. پىدائىيلاردىن ھال سوراش ئۆمىكى قەشقەرگە كەلگەندە، 110 مىليون ئۆلكە پۇلى ياردەم بېرىدۇ. ۋە شۇ يىلى تۇنجى قېتىملىق تارقىتىلغان «غالىبىيەت» زايومىدىن 102 سەر ئالتۇنغا زايوم سېتىۋالىدۇ. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ۋاقتىدا ناھىيىلىك ئىسلاھات ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.

مۇھەممەتخان ھاجى 1952 - يىلىدىن كېيىن قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەزاسى، قەشقەر شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، سودا - ساناتئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ

دائىمىي ھەيئىتى ۋە ھەيئەت مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ سايلىنىدۇ. 1956 - يىلى قەشقەر شەھىرىگە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولۇپ سايلىنىدۇ. دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ جۇغلاشتا، ئۆز نامىدىن 10 مىليون يۇەنلىك، قايتا قۇرغان تىنچلىق شىركەت نامىدىن 30 مىليون يۇەنلىك قۇرۇلۇش زايومى سېتىۋالىدۇ. 1956- يىلى خۇسۇسىي سودىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندا، تىنچلىق شىركىتىگە قوشقان بارلىق كاپىتالى، بىلەن ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى شىركەتكە قوشۇلىدۇ. 1959 - يىلى مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر يىغىنىدا ئۆزى ئىشلىتىۋاتقان دەسمايىسى ۋە نەق ساقلىنىۋاتقان 107 سەر ئالتۇن، 64 دانە ئون سوملۇق تىللا قاتارلىق نەق ئالتۇنلىرىنى تەكسى باھادا بانكىغا سېتىپ بېرىش بىلەن بىللە 800 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي ـ جايىنى سودا ـ سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە تەقدىم قىلىدۇ.

مۇھەممەتخان ھاجى 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنىڭ قەشقەر گۇرۇپپىسىدا پىكىر بايان قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، دوختۇرغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، جان ئۈزىدۇ، ئۇ ۋاپات بولغاندا 55 ياشتا ئىدى.

## ماھىر سىلىسار ئابدۇقادىر ئۇستا

ئابدۇقادىر ئاخۇن ئۇستا 1901 ـ يىلى قەشقەر شەھەر غەزىنىچى بەگ كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مەشھۇر تۆمۈرچى ھوشۇر ئاخۇن ئۇستا ئائىلىسىدە تۇغۇلىدۇ. ئۇ ئەمدىلا يېشىغا يەتكەندە، سۇ ماي ياقىدىغان ساپال چىراغ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىپ، كۆيۈۋاتقان پىلىك ئۇنىڭ كانىيىغا چاپلىشىپ قېلىپ، ئۆچۈرۈۋالغۇچى بولغان ئارىلىقتا كاناي تېرىلىرىنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ. كۆپ قېتىم داۋالانغان

بولسىمۇ، كۆيگەن ئەت چىرىپ، ئاخىر ئىڭەك ئاستىدىكى تېرىسى گالغا تۇتىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بېشى قىڭغىر ۋە يارا ئىزى تاتۇق بولۇپ قىلىپ ئابدۇقادىر تاتۇق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئابدۇقادىر ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن باشلاپ دادىسىدىن ئەنئەنىۋى تۆمۈرچىلىك كەسپىنىڭ ھەممە تۈرىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئىش ئىزدەپ چىقىش دولقۇنى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇ مەزگىلدە، 22 ياشقا كىرگەن ئابدۇقادىرمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىش ئىزدەپ چىقىپ، ئەنجان شەھىرىدە تۆمۈرچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

1924 ــ يىلى روسىيىدە كوپىراتسىيەلەشتۈرۈش يولغا قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئەنجان شەھىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئۇششاق ئېلىپ ساتارلار كوپىراتسىيەلىشىپ، چارروسىيىدىن قولغان بىر كونا پاختا زاۋۇتىنى ئىشقا كىرىشتۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن، زاۋۇتنىڭ ئوقى يېرىلغان بولۇپ، زامانىۋى تېخنىكلەر كۆپ قېتىم سۇۋاركىلىغان بولسىمۇ، سۇۋاركا ئوقنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. سوتكىسىغا 500 مىڭ قاداق كىۋەزنى چىگىتىدىن ئايرىيدىغان بۇ زاۋۇتنىڭ توختاپ قېلىشى ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۇستا تەكلىپ قىلىش ئېلانى چىقىرىدۇ. جاي ـ جايلاردىن كەلگەن سىلىسارلارنىڭ ئەمگىكى بىكارغا كېتىدۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئابدۇقادىر ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ. بىر سۇ چىلەكىگە ئورناتقان لاي ئوچاق، ئۆچكە تېرىسىدىن ياسالغان كۆۋرۈك، داغمال، بىر قانچە ئېكەك، بىر كونا كۈرۈشكىغا دانىكا ئېلىپ بارىدۇ. ئابدۇقادىرنى كۈتۈپ تۇرغان ئەربابلار، مۇتەخەسسىسلەر بۇ مېيىپ كىشىگە قاراپ ھەيران بولىدۇ. بەزىلەر كۈلسە، بەزىلەر ئاچچىقلايدۇ. ئابدۇقادىر ئۈن ـ تۈنسىز ئوچاققا ئوت يېقىپ، داغمالنى قىزىتىپ، ئوقنىڭ يېرىلغان يېرىنى دانىكا بىلەن ئۈچ مىنۇت يەتتە سېكۇنتتا كەپشەرلەپ بولۇپ، سىپتا ئېكەك بىلەن

كەپشەرنىڭ دانچىلىرىنى سىلغايتىپ، ئوقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئوق زاۋۇتقا سېلىنىپ، ھەرىكەتلەندۈرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زاۋۇت ئەسلىگە كېلىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى كۆرگەن ئەربابلار ئېلاندا ئېيتىلغان ئىنئامنى ئابدۇقادىرغا بەرمەك بولىدۇ. ئەمما، ئابدۇقادىر كېسىلىنى داۋالاپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇنى موسكۋاغا ئېلىپ بېرىپ، مەلۇم دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ ئوڭ يوتىسىدىن بىر پارچە تېرىسىنى شىلىپ ئېلىپ ئۇنى گېلىنىڭ كۆيۈپ بۇزۇلغان يېرىگە چاپلاپ ساقايتىدۇ. ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئىككىنچى تەلىپى بويىچە زاۋۇتقا تېخنىك ئىشچى قىلىپ، قوبۇل قىلىدۇ. (يۇقارقى ئەھۋاللارنى ئەينى ۋاقىتتا ئەنجاندىكى ئەشۇ پاختا زاۋۇتىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى بولغان كېيىن قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن سوپىبەگ ھاجى بىلەن ئۇنىڭ يېقىن تۇغقىنى قەشقەر، يەركەندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1990 - يىللاردا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان زەينىدىن ئابىدىن خوقا تەمىنلىگەن).

شۇ يىللاردا ئابدۇقادىر ئەنجان ئوبلاستلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ۋە كېيىن تاشكەنتتە تەسىس قىلىنغان چەت ئەل مۇھاجىرلار كومىتېتىنىڭ ئەنجاندىكى شۆبىسىگە ئەزا بولىدۇ. كۆپ قېتىم خىزمەت ئىلغارى بولۇپ، تاشكەنتتە ئېچىلغان ئىشچىلار قۇرۇلتايلىرىغا قاتنىشىدۇ. 1927 - يىلى ئابدۇقادىرنىڭ قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، كەسىپ قىلىش ئىلتىماسى تەستىقلىنىدۇ ۋە ئۇنى زاۋۇت رەھبەرلىكى ئىنئام قىلغان بىر يۈرۈش ماتورلۇق ئۈسكۈنىلەر، پار ماتورى، گاز سۇۋاركا، دۈشۈك - دىنام، تاسمىلىق قىرىش ئىستانوكى، تاسمىلىق تېشىش ئىستانوكى، تاسمىلىق يونۇش ئىستانوكى، سەندەل، گىرە، بولقا، ئامبۇر، پولات، چويۈن ئېرىتىش ئوچىقى، قۇيۇش قېلىپى قاتارلىق بىر يۈرۈش سانائەت ئۈسكۈنىلىرى بىلەن قەشقەرگە يولغا سالىدۇ.

ئابدۇقادىر ئۇستا قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، قۇم دەرۋازا ئىچى (ھازىرقى ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى)

ئۇدۇلىدىكى 7000 كۋادرات مېتىرلىق بىر سارايىنى ئېلىپ، ماشىنا رېمونتخانا ئېچىپ تىجارەت باشلايدۇ. ۋە قەشقەردە كەم بولغان ياۋروپاچە پوچتا، پەيتۇن ياسايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردىكى ئىشسىز تۆمۈرچىلەردىن 50 ـ 60 دەك كىشىنى يىغىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، بوقۇسا، چالغۇ قاتارلىق زامانىۋى ئۈسكىنىلەرنى ياسايدۇ. ھەم توك سوۋاركىلاردىن پايدىلىنىپ ھەرخىل سىپتا مىتال سايمانلارنى ياسايدۇ. كېيىن دارىلئېتام مەكتەپتىن 40 نەپەر يېتىم بالىنى شاگىرتلىققا ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىپ كەلگەن ھۈنىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىدۇ. ماشىنا رېمونت قىلىش، توك سىمى تارتىش قاتارلىق زامانىۋى كەسىپلەر بىلەن بالىلارنى قوراللاندۇرىدۇ. 1935 ـ يىلى تۇنجى قېتىم «12 ـ ئاپرېل» بايرىمى ئۆتكۈزۈلگەندە، ئۆز كارخانىسىدىكى تۆمۈرچى ئۇستىلار، شاگىرتلار ۋە ئۆزىنىڭ يېقىن ئادەملىرى بولۇپ 200 دەك ئادەم بىلەن، ئورغاق، بولقا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراق ۋە لەھۋە كۆتۈرۈپ، تەبرىكلەش نامايىشىغا قاتنىشىدۇ. شۇنداقلا شۇ يىلى يارباغ دەرۋازىسىدىن قۇم دەرۋازىغا بولغان يول ياقىسىغا سىتولبا قاداپ، توك سىمى تارتىپ، ئاپرېل ئۆزگىرىشى يارباغدىن ھېيتگاھ، ھېيتگاھتىن ۋالىي مەھكىمىسى ئالدى بىلەن قۇم دەرۋازىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئېلېكتىر بىلەن يورۇتىدۇ. ئابدۇقادىر ئۇستا قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، كېرەمباغ دوختۇرخانا ئالدىدىكى ئۆمەر باينىڭ قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان پاختا زاۋۇتىنى سۇ كۈچى بىلەن ئايلاندۇرىلىدىغان پاختا زاۋۇتى قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. نەتىجىدە قەشقەردە تۇنجى بولۇپ، بىر سوتكىدا 12 مىڭ جىڭ كېۋەزنى چىگىتىدىن ئايرىيدىغان بەش ماشىنا بارلىققا كېلىدۇ. يەنە سەككىز تاشتىكى ئوبۇلھەسەن ھاجىمنىڭ پاختا ـ يۇڭ پرېسلاش ئۈسكۈنىسىنى سۇ كۈچى بىلەن ئايلىنىدىغان قىلىپ ياساپ چىقىدۇ. قەشقەر كۆۋرۈكىنى ياساش، ھېيتگاھ خەلق كۇلۇبىنىڭ ئۈستىنى ياساش، ئاپپاق خوجامازىرىنىڭ گۈمبىزى چۈشۈپ كەتكەندە، تۆمۈر قورۇلما بىلەن ياساس، خەلقئارا قاتناش كۆۋرۈكى

بولغان، سوۋېت جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى سىمخانا كۆۋرۈكى، قىزىل دەريا كۆۋرۈكىنى ياساش قاتارلىق چوڭ قۇرۇلۇشلارنى ئىشلىگەندە ئۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ پولات قۇرۇلمىلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

1950 — يىلى 1 - ئايدا ئابدۇقادىر ئۇستا پۈتۈن سانائەت ئۇسكۈنىلىرى ۋە 18 نەپەر خىزمەتچىسى بىلەن بىللە ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، 13 - دىۋىزىيە ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رېمونت زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىزچىل ھالدا قەشقەرنىڭ سۇ، توك ئىشلىرى ۋە دېھقانچىلىق زاۋۇتى قۇرۇش قاتارلىق ئىشلاردا خىزمەت كۆرسىتىدۇ. 1957 - يىلى قەشقەر ترانسپورت شىركىتى رېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، 1958 - يىلى قەشقەر دېھقانچىلىق زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1967 - يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى دولقۇنىدا ئىسيانكارلار تەرىپىدىن ھوقۇقى تارتىۋېلىنىدۇ. كېيىن مېڭىسىگە قان چۈشۈپ 1977 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

## ئوسمان ھاجىم پىلانچى

ئوسمان ھاجىم 1900 - يىلى ئاتۇش شەھەر ئۈستۈن ئاتۇش يېزا يولچىلا كەنتىدە مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات تالىپ خەلپىتىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، ئاتىسىدىن دىنىي بىلىم ئالىدۇ. ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، داڭلىق قۇرۇلۇش ئۇستىسى بەكرى ئاخۇنغا شاگىرت بولۇپ كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەربىيىسىدە 20 يېشىدا قۇرۇلۇش كەسپىنى مۇكەممەل ئىگىلەيدۇ.

1926 - يىلى ئوسمان ھاجىم تىرىكچىلىك ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغان مەزگىلدە ھەرقايسى چوڭ - كىچىك شەھەرلەردە تامچىلىق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بىر

تەرەپتىن تامچىلىق قىلسا، يەنەبىر تەرەپتىن جايلارغا قۇرۇلۇش كەسپىدىكى يېڭىلىقلارنى ئۆزلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغان تۆت يىلى ئىشلەش، ئۆگىنىش، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش بىلەن ئۆتىدۇ، ھەر قايسى مىللەتلەردىن بولغان قۇرۇلۇش تېخنىكلىرىدىن سىزىش، ئۆلچەش، ۋە لايىھەلەشتىن ئىبارەت سخېمىنچىلىق كەسپىنى مۇكەممەل ئۆگىنىدۇ.

ئۇ 1930 - يىلى ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، 1939 - يىلىغىچە ئاتۇش، قەشقەر، غۇلجا، بورتالا قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆگەنگەن سىزىش، ئۆلچەش، لايىھەلەش جەھەتتىكى ھۈنىرىنى ئىشقا سالىدۇ. بولۇپمۇ 1935 - يىلى ئاتۇش بازىرىنى ئازاقا كۆچۈرۈش ۋاقتىدا ئوسمان ھاجىم يېڭى بازار قۇرۇلۇش ئورنىنى پىلانلاش، سىزىش، لايىھەلەش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ داڭ چىقىرىدۇ.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلگىچە شىنجاڭدا تاشيول يوق ئىدى. ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى باشلانغان مەزگىلدە، قورغاستىن ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچىدىن قۇمۇلغىچە، قەشقەردىن ئۈرۈمچىگىچە تاشيول قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ. بۇ تاشيول قۇرۇلۇشىدا ھەر قايسى ناھىيىلەر ئۆز تەۋەسىنى ئۆزى ياساشنى ئۈستىگە ئالىدۇ. قەشقەردىن تومشۇقچە بولغان تاشيولنى ياساشنى قەشقەر ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئاتۇش قاشقەرگە قاراشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتۇشتىن چىققان يول ياسغۇچى ھاشاغا ئوسمان ھاجىم مەسئۇل بولىدۇ. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن تېخنىك خادىملار ئوسمان ھاجىنىڭ يولنى پىلانلاش، تانا تارتىپ لايىھەلەش ئىشىنى كۆرۈپ، بۇ كىشىنىڭ تېخنىكلىق ماھارىتىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئوسمان ھاجىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن بەش كىشىلىك تېخنىك گۇرۇپپىسىغا قاتناشتۇرىدۇ. ۋە قەشقەردىن تومشۇقچە (مارالبېشىنىڭ ئۇدۇلى) بولغان تاشيولنى لايىھەلەش، پىلانلاش، ياساشقا ئوسمان ھاجىنى مەسئۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا يەنە بىر قېتىم داڭ چىقىرىپ، ئوسمان پىلانچى دەپ ئاتىلىدۇ.

1946 - يىلى ئوسمان ھاجى ھەج تاۋاپ قىلىشقا بارىدۇ ۋە بىناكارلىق ئالىي ئىنژېنېرى ھاجى ئەكبەر دېگەن كىشى بىلەن تونۇشىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئىككى يىل تۇرۇپ، ئەرەپ، تۈرك، بىناكارلىق ئۇسلۇبى ۋە بۇ جايلاردىكى غەربنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇش شەكلى، مەشغۇلات ئۇسۇلى، زىننەتلەش قاتارلىق يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىدۇ. ھاجى ئەكبەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن دوگىرى ئىسىملىك كىشىنىڭ ئالتە قەۋەتلىك بىناسىنى سېلىشقا قاتنىشىدۇ. ئۇ مۇشۇ جەرياندا ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا كەم بولغان، قەۋەتلىك بىنا سېلىشقا ئائىت بىر قىسىم تېخنىكىنى ئىگەللەيدۇ.

ئوسمان ھاجى يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن 1950 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلاھات ئىدارىسىدا، 1963 - يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق بىناكارلىق شىركىتى ۋە ئوبلاستلىق سايمان زاۋۇتى قۇرۇلۇش لايىھىلەش باشقارمىسىدا تېخنىك بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1963 - يىلى دەم ئېلىشقا چىقىپ، 1968 - يىلغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق شۆبە ھەربىي رايون قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ كەسپىي مەسلىھەتچىسى ۋە تېخنىك يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 1968 - يىلىدىن 1972- يىلىغىچە يۇرتىدا يەر پىلانلاش ئىشلىرىغا تېخنىك مەسلىھەتچىسى بولىدۇ.

1951 — يىلى ئاتۇش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان ئاتۇش ناھىيە بازىرىنى پىلانلاپ، لايىھىلەشنى ئوسمان ھاجىمغا تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرى ئوسمان ھاجىنىڭ پىلانلاپ لايىھىلىشى، يېتەكچىلىكى ئاساسىدا قۇرۇلۇپ چىقىدۇ. يەنە قەشقەر ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمە قۇرۇلۇشى، ئاقچى، ئۇلۇغچات، ئاقتۇ ناھىيىلەرنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇشى ۋە نوقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى بىر تۇتاش لايىھىلەپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئوسمان ھاجىم قۇرۇلۇش

لايىھەلەش ۋە قۇرۇلۇش ئىلىپ بېرىشتا ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، نەققاشچىلىق، مىمارچىلىقتا بار نۇسخىلارغىلا قاراپ تۇرماي، ئۇيغۇر نەققاشچىلىقىنى ئىجابى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشىدۇ.

ئوسمان ھاجىم پىلانچى 60 يىلغا يېقىن قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۇردى. ئۇنىڭ يېتىشتۇرگەن شاگىرتلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى بىناكارلىق ساھەسىدە تۆھپە قوشتى. ئوسمان ھاجىم قەشقەر، ئاتۇش رايونلىرىنىڭ سۇ، ئېلېكتر ئىشلىرىغا ئاز بولمىغان ئەجىرلىرىنى سىڭدۈردى. ئۇ 1931 - يىلى چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى سۇ بۆلگۈچ توسما قۇرۇلۇشى، 1953 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە كاتتايلاق سۇ دامبا قۇرۇلۇشى، غول ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، ئوڭئېرىق، ئاچچىقيار سۇ چۆكۈرمە قۇرۇلۇشى، ئاتۇش چاقماق دەريا، بوغۇز دەريا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، ئاتۇش شەھىرىدە تۇنجى قۇرۇلغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى لايىھەلەش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىلىرى بەدىلىگە 1958 - يىلى ئەمگەك قەھرىمانلىرى ۋەكىلى بولۇپ، پايتەختكە بېرىپ، ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 1957 - يىلى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى

ئوسمان ھاجىم 1974 - يىلى يۇرتىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەمتىمىن شىپە
مەسئۇل كوررېكتور: ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالى

# شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر

شېرىپ نىياز خۇشتار

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.5 قىستۇرما ۋارىقى: 17
2003 - يىلى 1 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5060
ISBN 7—228—07736—9/K・1079
باھاسى: 19.70 يۈەن